

## مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى

# ئاقساق بۇغا

CHISO SINCE 1956
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇھەممەد باغراش

ئاقساق بۇغا



CHISO SINCE 1956
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد
خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى



مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى

تۆگمەس چۆشلەر
تۆتقۇلاق
ئادەملەر
ياۋا ئەترگۈل
ئاقساق بۇغا
ئاھ شوپۇر ، ئاھ قىز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-7268-2
9 787551 572682 >
باھاسى ¥ 45.00





مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى

# ئاقساق بۇغا



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
CHISO 青少社
SINCE 1956

پىلانلىغۇچى: ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇرادىل ئابىد
تېخنىكا رېداكتورى: مۇھەممەدئەلى لېتىپ

ئەدەبىيات گۈلىستانىدىن گۈلدەستە
مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى
**ئاقساق بۇغا**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 13.75
2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5515 – 7268 – 2
سانى: 2000 – 1
باھاسى: 41.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



ئەدىب دېھقانلار ئارىسىدا ( 1996 ـ يىلى )

# نەشرىياتتىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

ئىلكىگىرىدىكى ئۇشبۇ «مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى» نەشرىياتىمىز يېقىنقى يىگىرمە يىل مابەينىدە «ئەدەبىيات گۈلىستانىدىن گۈلدەستە» سەرلەۋھەسىدە ئىزچىل پىلانلاپ نەشر قىلىپ كېلىۋاتقان زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، ئەخەت تۇردى، ئالىمجان ئىسمائىل، ماخمۇت مۇھەممەت قاتارلىق ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى نامايەندە ئاپتورلارنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرى يۈرۈشلۈكلىرى قاتارىدا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان مەجمۇئە تۈرىدىكى نۇقتىلىق ئەسەرلەردۇر.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىدا زور بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك كۈچلەر سەپكە قېتىلىپ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ يېڭى باھارىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. مۇھەممەد باغراش دەل مۇشۇ چاغدا «سەبداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن سەپكە قېتىلىپ ئىزدىنىش روھىغا باي ئەسەرلىرى بىلەن نىسبەتەن ئاجىز سانالغان پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك غوللۇق ئىجادىيەت ژانىرىغا ئايلىنىشىدا يېتەكچى يازغۇچىلار سېپىدىن ئورۇن ئالدى. ئەدىبنىڭ دەۋر روھى ئۇستۇن، ئاكتىۋال تېمىدىكى ئەسەرلىرى

ئارقىمۇ ئارقىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەت ئىچىگە كەڭ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ گۈللىنىۋاتقان مەنزىرىسىنى قېرىنداش مىللەتلەرگە نامايان قىلدى. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەد باغراش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي پەللىسىنى نامايان قىلالىغان ئىپتىخارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

مەلۇمكى، مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۆزلۈك، ھايات، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋەتلىرى خۇسۇسىدا چوڭقۇر ئويلانماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەربىر پېرسوناژ ئۆز خاسلىقى بىلەن ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ۋە قايناق قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەربىر سۈژىتى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ تەرەپلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى يېڭىلىقى، كۈچلۈك تىنداسىيەگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

زامانىمىزنىڭ تالانتلىق قەلەم ساھىبى مۇھەممەد باغراش 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى كۈتكەن خەلقىمىزنى ئارماندا قويۇپ مەڭگۈلۈك خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىغا قوشقان ئەمگەكلىرىنى خاتىرىلەش، ئەسەرلىرىنى تولۇقراق جەملەپ ئەلنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇش، مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرىنىڭ سىستېمىلىق تەرجىمە ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاسانلىق

يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مەزكۇر يۈرۈشلۈكنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇق. مەرھۇم هاياتىدا 40 پارچىدىن ئوشۇق ھېكايە، ئون نەچچە پوۋېست، بىرمۇنچە نەسر، ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئېلان قىلغانلىقى مەلۇم. «مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى» دەسلەپكى قەدەمدە «توتقۇلاق»، «ئادەملەر»، «ياۋا ئەتىرگۈل»، «توگمەس چۇشلەر»، «ئاھ شوپۇر، ئاھ قىز»، «ئاقساق بۇغا» نامىدا ئالتە توپلام قىلىندى. «ئاقساق بۇغا» ئىلگىرى پوۋېست دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، نەشرىياتىمىز ئەسەرنىڭ يىرىك ھەجمىنى ئويلىشىپ رومان تەرىقىسىدە ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى.

«مۇھەممەد باغراش ئەسەرلىرى» كېيىنچە تېخىمۇ تولۇقلاپ نەشر قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەن ۋە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ ياردىمى ۋە تەنقىدىي پىكىرلىرىگە موھتاجمىز.

# ئىزدىنىش ۋە روھىيەت

## ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

مۇھەممەد باغراش 1952 - يىلى قاراشەھەر ناھىيەسىنىڭ بازار ئىچىدە ھۇنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشى ئۆز يۇرتىدا تاماملاندى. ئۇ 1965 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە خىزمەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي كورلىدىكى شىنجاڭ 4 - ترانسپورت شىركىتىگە يۆتكىلىپ شوپۇر بولۇپ ئىشلىدى. 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ 1987 - يىلىغىچە ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى.1987 - يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولدى. 2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 61 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبىدىن بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىپ ھەممىمىزنى پۈتمەس ھەسرەتكە سالدى.

يازغۇچى مۇھەممەد باغراشنىڭ ۋاپاتى چاغداش ئەدەبىياتىمىزنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى زور يوقىتىش بولدى. ئۇ 1980 - يىلى «تارىم»

ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «سەپداش» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەنلا ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتى ھېكايە ئىجادىيىتىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ بىرىنچى ھېكايىسى بىلەنلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھېكايىچىلىقىدا پەۋقۇلئاددە تەسىر قوزغاپ ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە يازغۇچىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن «ساۋاب»، «رىزىق»، «ئادەملەر»، «ئاپپاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «تۆتقۇلاق»، «يادىكار»، «جەزىرە»، «شوپۇرنىڭ چۈشى»، «ئاھ شوپۇر، ئاھ قىز»، «يېشىل ۋادا»، «تەنھا ماشىنا» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرىنى ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر چاغداش پىروزىچىلىقىدا يېپيېڭى بىر ھادىسە سۈپىتىدە نۇرلاندى. 1980 ـ يىللاردا ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتى جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتلىرىدەك ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ مۇشۇ چاغلاردىكى پىروزا ئىجادىيىتىمىز كىشىنى چەكسىز سۆيۈندۈرىدىغان يېڭىدىن ـ يېڭى ئۇتۇقلارنى نامايان قىلدى. مۇشۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئۇتۇقلارنىڭ ساھىبلىرى بولمىش يازغۇچىلار قوشۇنىمىزدا بىز زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەد باغراش قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانىدۇق. دېمەكچىمەنكى، مەرھۇم يازغۇچى مۇھەممەد باغراش بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ھەقىقىي ئېتىراپ قىلغان ئىستېداتلىق قەلەم ئىگىلىرىدىن بىرى ئىدى. داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچىمىز مۇھەممەد پولات ئەينى يىللاردىكى يازغۇچىلار قوشۇنىمىز ھەققىدە توختىلىپ، مۇھەممەد

باغراشنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىدىكى ئورنى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ هازىرقى پىروزا ئەجادىيەت قوشۇنىمىزدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاپتورلارنى مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىش مۇمكىن: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تۇرمۇش ۋە سەنئەتكە قىزغىن مۇھەببىتى بولمىغان، بەدىئىي ئەدەبىياتقا نام ۋە ئورۇن هەلەكچىلىكى بىلەن يانداشقان، ئەجادىيەتتە يارىتىش ۋە ئىختىرا قىلىشتىن كۆرە تەقلىد ۋە ئۆزلەشتۇرمىچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەجادىي ئەمگەكلىرىنى تېرىپ قۇراشتۇرۇش يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئاپتورلار. بۇنداق ئاپتورلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن كەلتۇرۇۋاتقان زىيىنى ئاز ئەمەس؛ ئىككىنچىسى، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي روهىنى بىلىدىغان، لېكىن قاتمال ئىدىيەۋى چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان، ئېڭىدا سەنئەت بىلەن سىياسىي تا هازىرغىچە بىرنەرسە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ساددا مۇھەببەت تۇيغۇسىدىكى ئاپتورلار. ئۇلار ئەجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ماهىيىتىنى هامان ئۆزىنىڭ سىياسىي چۈشەنچىلىرى دائىرىسىدە تەييار پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرى دائىرىسىدە يورۇتىدۇ. هايات پاكىتلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇر قايىنىمىدا تاۋلاپ تېپىكلەشتۇرۇشنى، تۇرمۇشنىڭ ماهىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى مۇئەييەن ئېستېتىك غايە نىگىزىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنى تىپىك ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى كۆپىنچە هالدا بەدىئىي ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇقۇم ۋە

چۈشەنچىلەر تۇسىنى ئالغان دەبدەبىلىك ۋەقەلەرنىڭ ئەندىزىلىك بايانى بولۇپ چىقىدۇ. مۇنداق ئاپتورلار پىروزا ئىجادىيەت قوشۇنىمىزدا خېلى سانىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزلەشتۈرگەن، ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش غەيرىتىگە ئىگە بولغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئايرىم ۋە ئالاھىدە ئىپادىلەپ بېرىش يولىدا تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، لېكىن تۇرمۇش بىلىمىنىڭ كەملىكى، تەپەككۇر كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، بەدىئىي ماھارەت سەۋىيەسىدە يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرەلمەيدىغان ئاپتورلار. مۇنداق ئاپتورلارنىڭ سانى بىزدە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار پىروزا ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ ئاساسى، ئىقتىدارلىق ئاپتورلارنىڭ ئۈزۈكسىز يېتىشىپ چىقىشىنىڭ ئۇنۇملۇك بەدىئىي زېمىنى. تۆتىنچىسى، ھاياتقا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە نۇقتىدىن ياندىشىدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى ھەقىقىي ھالدا ئېچىپ بېرەلەيدىغان ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللاپ تېپىكلەشتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بەدىئىي مۇھىت يارىتىپ تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئوبرازلىق ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدىغانلار، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يېتەرلىك تۇرمۇش بىلىمى بىلەن بەلگىلىك بەدىئىي ماھارەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان، ھايات قاينىمىلىرى ئىچىدىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى دەرھال سۈزۈپ چىقالايدىغان، ئۆزىدە

تۇراقلىق ئەدەبىي ئەقىدە ۋە توغرا ئىستېتىك كۆز قاراشنى يېتىلدۈرگەن، ئىجادىيەتتە ھەقىقىي ئاڭلىقلىق ۋە ئەركىنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇمىدلىك ئاپتورلار. مۇنداق ئاپتورلار بىزدە ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ تايانچ قوشۇنى، ئۇنىڭ كەلگۈسى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچ. يولداش مۇھەممەد باغراش پىروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ مۇشۇ قوشۇنىغا تەئەللۇق بولغان ئۇمىدلىك ئاپتورلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىققا ئىنتىلىش، ئۆز پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش...» (مۇھەممەد پولات، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەللىك يىل»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى،1 ـ توم97 ـ، 98 ـ بەت).

دېمەك، يازغۇچى مۇھەممەد باغراش چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تايانچ كۈچلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ھېكايىچىلىقىمىزدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى سەرخىل يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. ئۇ ھاياتىدا بەك جىق ئەدەبىي ئەسەر يازالمىدى، ھەتتا رومان يېزىش ئارزۇسىغىمۇ يېتەلمىدى. يازغۇچى ئوتتۇز يىلدىن سەل ئارتۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا قىرىق پارچىگە يېقىن ھېكايە، ئون نەچچە پارچە پوۋېست، ئون پارچىگە يېقىن ئەدەبىي ئاخبارات ۋە بىر قىسىم نەسر ۋە ماقالىلەرنى يازدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى پىروزىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئاز يازدى، لېكىن ساز يازدى. ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى ھېكايە ۋە پوۋېستنى ئاساس قىلدى. ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىنى تەنقىدچىلەر

بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلار گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق ئۇمۇمەن ئېيتقاندا مۇھەممەد باغراش ئىجادىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى ئاساسەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مېنىڭچە، مۇھەممەد باغراش پىروزا ئىجادىيىتى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى مۇنداق بىرقانچە ئىجادىيەت باسقۇچىغا بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى باسقۇچ، يازغۇچى مۇھەممەد باغراش ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچ 1980 ـ يىلىدىن تاكى 1986 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىلدىن ئارتۇقراق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە يازغۇچى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي مېۋىلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئارقا ـ ئارقىدىن تەقدىم قىلىپ ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ «سەپداش»، «ساۋاب»، «رىزىق»، «ئادەملەر»، «ئالمىچى» قاتارلىق بىر تۈركۈم زور تەسىر قوزغىغان ھېكايىلىرى مانا مۇشۇ باسقۇچتا يېزىلدى. يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىلىرى پۈتۈنلەي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا يېزىلغانىدى. بۇ ئەسەرلىرىدە ئەينى چاغدىكى رېئال ھاياتىمىزنىڭ مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قاراشلىرى، مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئىجابىي، سەلبىي تەرەپلەرنى خېلى يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئۇزاققىچە غەلىيان كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولدى. مۇھەممەد باغراشنىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرىدە شوپۇرلۇق ھاياتىدىن

بۇۋاسىتە ئېرىشكەن ھايات ھەقىقەتلىرى تولىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار خاراكتېرلىرى، قىزىقارلىق سۇژېت قۇرۇلمىلىرى، دىراماتىك توقۇنۇشلار شۇ دەرىجىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى روھىيىتى ئاجايىپ مۇرەككەپ كىشىلەرگە، تىپىك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە تامامەن ئوخشايدۇ. يازغۇچى كىشىلىك ھاياتتىن تېما تاللاش ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشتىمۇ ماھىيەتلىك نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي ئۇسۇلىنى ياخشى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇمدۇر. يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى يازماقچى بولغان تېمىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، تىندىنسىيە بىلەن سۇژېتنى مۇمكىنقەدەر يۇغۇرۇپ، سۇژېت ئارقىلىق ئۈندىمەي تۇرۇپ تىندىنسىيەنى يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. شۇڭا «سەپداش» ھېكايىسىدىكى سابىر ۋە مەخمۇتلار، «ساۋاب»تىكى ھېزىم موللام، «رىزىق»تىكى باخشى قاتارلىق ئوبرازلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇلارنىڭ رېئال ھاياتىدىكى ئاجايىپ كىشىلەرنىڭ سەنئەتلىك تەسۋىرلىنىشى سۈپىتىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئوبرازغا ئايلىنىپ مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد باغراش ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىدىيەۋى مەزمۇن بىلەن يېڭى ئىجادىي شەكىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىزگە ئاجايىپ گۈزەل بىر بەدىئىي مۇھىتنى يارىتىپ بەرگەندى.

مۇھەممەد باغراش پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1986 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە بولغان

جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1986 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ، تۇنجى سىناق سانى نەشر قىلىنغاندا ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. بۇ پوۋېستنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پىروزا ئىجادىيىتىدە يېڭىچە بىر ھادىسە سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. پوۋېستتا پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك دۇنياسى ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىپ، مىللىي روھىيىتىمىزدىكى قاششاقلىق، روھىي بۇرۇقتۇرمىچىلىق ۋە مەنىۋى زەبۇنلۇقتەك ئىللەتلەر رەھىمسىزلەرچە تەنقىدلىنىدۇ. بۇ پوۋېست ئۇسۇل جەھەتتە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ روشەن تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شەكىل جەھەتتە دادىل يېڭىلىق ياراتقان پوۋېستتۇر. مەزكۇر ئەسەرنى بىز باغراش ئىجادىيىتىدىكى بىر قېتىملىق جۇرئەتلىك ئىزدىنىش جەريانى دېيىشىمىزلا مۇمكىن. چۈنكى ھەرقانداق ئىجادىي ئىزدىنىش مىللىي ئەدەبىياتتىكى ئۆزىگە خاس مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئىلغارلىقلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن بارلىققا كېلەتتى. يازغۇچى مۇھەممەد باغراش «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستتىدىن كېيىن بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا 1987 ـ يىلىدىن باشلاپلا يەنە باشقا ئىجادىي يول تۇتۇپ ئەنئەنىۋى پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ئىپادىلەشتىكى گۈزەل

ئەنئەنىلىرىنىمۇ ۋە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەزى يېڭىلىقلىرىنىمۇ بىر قىلىپ يۇغۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئىجادىي سىناقلار بىلەن بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازدى. يازغۇچىنىڭ «تۆتقۇلاق»، «ئاپپاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «تەنھا ماشىنا»، «تۇگمەس چۈشلەر»، «ئاقساق بۇغا»، «كەلكۈن»، «ئاھ شوپۇر، ئاھ قىز»، «جەزىرە»، «يۇرەكتاغ» قاتارلىق ئەسەرلىرى مانا شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئۇچىنچى باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ئەنئەنىۋى پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە مۇنەۋۋەر تەركىبلىرى بىلەن غەرب مودېرنىزمىنىڭ ئالىي ئېقىمى خىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا مۇھەممەد باغراش پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ بۇ باسقۇچىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش باسقۇچى دېيىش مۇمكىن. ئۇيغۇر چاغداش پىروزا ئىجادىيىتىدىكى داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر1990 - يىللاردا سۆزلىگەن بىر ئىلمىي لېكسىيەسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «رومانچىلىقىمىزدىكى يەنە بىر ئاجىز ھالقا ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ كونىلىقىدىن ئىبارەت. بايان، دىيالوگ، تەسۋىر، سۈرەتلەش، ئىچكى دۇنيانى بېرىش، ئىزاھات، نەقىلگە ئوخشاش بەش - ئالتە خىل ۋاسىتە ھەممىلا ئەسەرلىرىمىزدە ئۇچرايدۇ. بۇلارسىز ئەسەر يېزىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەقىقەت. بىز كونا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغىلا تايىنىۋالساق بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى سىناق قىلىشىمىز، مۇشۇ ئاساستا ئۆزىمىزگە خاس مىللىي ئۇسلۇب يارىتىشىمىز

كېرەك. مۇھەممەد باغراش يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ئىزدەندى. ئۇنۇمى ياخشى بولدى. ‹ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن› ياكى ‹يۈز يىل غېرىبلىق›نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۆزگىچە. ئۇلاردىن ئىلھام ئالساق بولىدۇ. چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئون چوڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ‹مىڭ بىر كېچە›، ‹بابۇرنامە›دىكى مىللىي ئالاھىدىلىكتىن پايدىلانساق ۋە ئىلھام ئالساق، بۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە خاس ئۇسلۇب ياراتساق بولىدۇ. شېئىرىيەتتە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىمىز بار. نەسرىي ئەسەرلىرىمىزدىمۇ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇب خاسلىقى ئۇنىڭ چوڭ بايلىقى، ئەلۋەتتە.» (مەخمۇت مۇھەممەد: «ئابرال ئوغلى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي، نەشرى، 288 ـ، 289 ـ بەت) دېمەك، زوردۇن سابىردەك داڭلىق يازغۇچىمىزمۇ مۇھەممەد باغراشنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى. مۇھەممەد باغراش ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا يېزىلغان «ئاپپاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «ئاقساق بۆغا»، «كەلكۈن»، «يۇرەكتاغ» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرى يازغۇچىنىڭ ئاشۇ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ شېرىن مېۋىلىرىدۇر. بۇ ھېكايە، پوۋېستلىرىدا يازغۇچى ئۆزىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە غايىۋىلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا مۇجەسسەملەپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق،

ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات، ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ بىلەن ئېتىقادسىزلىق ئارىسىدىكى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتلەرنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئاكتۇئال تىندىنسىيەدە ئىپادىلەيدۇ. ئالايلى، «ئاپپاق ئىچىلغان سۆگەتگۈلى»دىكى مايىسىخان، چۇنچىباي، ئاتىلىلالار، «ئاقساق بۇغا»دىكى ئىشقىيار، «كەلكۈن»دىكى كامالىدىن، «يۇرەكتاغ»دىكى مىراۋۇش، ئىلدوس، تۇرەك پىت، بەگقۇلىبەگلەر ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدىكى غايىۋىلەشتۇرۇلگەن ئوبرازلاردۇر. ئوبرازلارنى بۇنداق غايىۋىلەشتۇرۇش ياكى ئېپوس قەھرىمانلىرىدەك غايىۋى تۈسكە كىرگۈزۈش تەبىئىي ھالدا ھېكايە سۇژىتىنى ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوس ۋە چۆچەكلىرىمىزدىكى سۇژىت قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش غايىۋى، ئەپسانىۋى تۈس كىرگۈزىدۇ. مۇھەممەد باغراش ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدىكى ھېكايە - پوۋېستلىرىدا مانا شۇ ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. «يۇرەكتاغ» پوۋېستىدا مىراۋۇش، ئىلدوس ۋە تۇرەك پىتتىن ئىبارەت ئۈچ بالىنىڭ يۇرەكتاغنى ئىزدەش جەريانىدا يولۇققان كەچۈرمىشلىرى مىللىي روھنىڭ، مىللىي ئاڭنىڭ ئىسيانى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ ئۈچ بالا مىللىي ئەقىدىنىڭ، مىللىي ئاڭنىڭ، مىللىي روھنىڭ قايتىدىن تىرىلىشى ۋە يارىلىشىدۇر. ئۇلار تارىخنى، ئەجدادنى ۋە مىللىي ئەقىدىنى ئۇنتۇشقا ھەرگىز بولمايدىغان بىر ئاجايىپ سىگنال سۈپىتىدە مەركىزىي ئىدىيەگە ئورۇن بېرىدۇ. بۇ پىكىر ئاجايىپ ئېچىنىشلىق رىۋايەتسىمان سۇژىت قوچىقىدا يورۇيدۇ. ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلىرىمىز ھېكايە

ئۇسۇلىنى بىر خىللاشتۇرۇپ سۇژىت، تىل ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلماي بىر خىل تۇرمۇشنى يازىدۇ. كۆپىنچە ھېكايىلەردە بۇگۇنگە قەدەر ئائىلە مۇناسىۋىتى، ياشلار مۇھەببىتى قاتارلىق تېمىلار ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى زوردۇن سابىرمۇ مۇھەممەد باغراش ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئىزدىنىش روھىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. دېمىسىمۇ، ھېكايىچىلىقىمىزدىكى بىر خىللىق، ئىزدىنىش روھىنىڭ كەم بولۇشى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى قاتماللىق ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئاچلىقنى، بىر خىل چاڭقاقلىقنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

يازغۇچى مۇھەممەد باغراش ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتى ھېكايىچىلىقىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى مەيلى رېئالىزملىق مېتودتا يېزىلسۇن ياكى مودېرنىزملىق يول بىلەن يېزىلسۇن، ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەككى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەربىر پېرسوناژ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ۋە قايناق قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ھەربىر سۇژىتى ئۇيغۇر تۇرمۇشى ناھايىتى قويۇق گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان كارتىنىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ سۇژىتلاردا مەنىۋى توقۇنۇشلار پۇتۇنلەي دىراماتىك خۇسۇسىيەتلەرگە تويۇنغان بولىدۇ. گەرچە مۇھەممەد باغراشنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھايات كۆرۈنۈشى ۋە بەدىئىي پىكىرلەر تازا دېگەندەك چوڭقۇر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەر شەكلىدىن تاكى

مەزمۇنىغىچە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ئىكەنلىكى بىزنى ئوخشاشلا قايىل قىلىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچى مۇھەممەد باغراش 1986 ـ يىلىدىن باشلاپ تولۇپ تاشقان ئىزدىنىش روھى بىلەن ھېكايىچىلىقىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تىندىنىسيەسى ھەققىدە توختاۋسىز ئىزدەندى. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى ئىزدىنىشلىرىدا مەلۇم نۇقسانلارمۇ سادىر بولدى. ھېكايىچىلىقىمىزدىكى يازغۇچىنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ بەزى ھېكايىلىرىدىكى ئاز ـ تولا يېتەرسىزلىكلەرنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى مۇھەممەد باغراشنىڭ ھەربىر پېرسوناژى جىسمانىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋىيىتى بىلەن ئۆزگىچە ئادەملەردۇر.

ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى سۇژىتلاردا گەۋدىلەنگەن دىراماتىك توقۇنۇشلار مەنىۋى بۇيۇكلۇكنىڭ غالىبانە چۇقانىدۇر.

ئۇنىڭ ھەربىر ھېكايىسى ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ھايات ھەقىقىتىدۇر.

ئۇنىڭ ھەربىر ھېكايىسى بىر يېڭىچە روھىي ئىزدىنىشنىڭ مەنىۋى مۇھىتىدۇر.

# ئاقساق بۇغا

«زېمىن نەپەسلەنسە بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز، زېمىن نەپەسنى توختاتسا بىزمۇ ئۆلىمىز.»
جىبران خېلىل جىبران

## 1

ئۆكتەبىر ئايلىرىدا يۇلتۇز تاغلىرى ئاق قار، كۆك مۇز دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ. شاۋقۇنلۇق قاراتېكە يايلىقى گويا ئاپپاق قېلىن قار ئاستىدا ئېغىر تىنىپ ئارام ئېلىۋاتقاندەك تىپتىنچ سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

باھار ۋە ياز كۈنلىرىنىڭ جۇشقۇن شوخلۇقلىرىدىن ئايرىلغان يايلاق بۇ كۈنلەردە كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان كۆڭۈلسىز بوۋاي ۋە موماي جىملىقىغا چۆككەن...

قاراتېكە يايلىقى يۇلتۇز تاغلىرىنىڭ باغرىدىن باشلىنىپ جەنۇبتا بايىنبۇلاققا تۇتىشىدۇ، ئۇرۇمچى – قاراشەھەر غول تاشيول لىنىيەسىدىن ئايرىلىپ چىققان تاشيول مانا شۇ قاراتېكە يايلىقىغا كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلىپ بىرى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئالغۇي – ئېۋىرغول تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ؛ يەنە

بىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ كۈنەس ـ ئارالتۆپە تۈزلەڭلىكى ئارقىلىق موڭغۇلكۈرەنىڭ شوتا دېگەن يېرى بىلەن سوۋېت قازاقىستانىغا تۇتىشىدۇ.

تۆمۈرتاي جىلغىسى مانا شۇ يايلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ گويا بىرىنچى تىلمى پىچىلغان قوغۇننىڭ تىلىم قېنىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى تىك تاغ، تاغنىڭ ئوشۇقىدا بۈككىدە قەدىمكى ئورمان، بۇ جىلغىنىڭ بىر ئۇچى مۇزداۋانغا، يەنە بىر ئۇچى كۆكسايغا تۇتىشىدۇ، مۇزداۋان چوققىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن تارغىنا كىچىك دەريا جىلغىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى ـــ ئاشۇ بۈككىدە ئورماننىڭ قارنىنى باش بويىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. تاشيول دەل مۇشۇ تۆمۈرتاي جىلغىسىنىڭ ماڭلىيىدىن ئۆتكەن. بۇ تاشيولنىڭ تىك ئۇدۇلىدىكى تاغنىڭ ئۇستىدە كەڭ كەتكەن تۈزلەڭ بولۇپ، ياز كۈنلىرى بۇ يەردە نەچچە ئون قورۇ چارۋا بەھۇزۇر ئوتلايدۇ، تۈزلەڭنىڭ تاغقا يانداش تەرىپىنى نۇر ئۆتكۈزمەس دەرىجىدە قويۇق قېلىن ئورمانلىق ئىگىلىگەن. ئورماننىڭ ئۇدۇلىدا قەدىمكى زاماندا ناھايىتى ئۇلۇغ ئېقىن بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان، ھازىر پەقەت ئوتتۇز ـ قىرىق غۇلاچ كەڭلىكتىلا سۇيى قالغان بىر كونا ئېقىن بار...

«بۆرەتولا ئېقىنى» دېگەن ئىسىم بىلەن ھەممىلا ئادەمگە تونۇش بۇ ئېقىن، ئېقىن بويىدىكى قېرى قىزىل قارىغاي ئورمانلىقى ۋە ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېيىنزارلىق ھەم چەكسىز يايلاق شۇ كۈنلەردە قېلىن قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقاندەك، جىمى ھاياتلىق قارنىڭ

ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغاندەك بۇ يەردە سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ...

ئۈچ كۈندىن بېرى قاراتېكە يايلىقىدا يەنە شىۋىرغان ئارىلاش قاتتىق قار ياغدى. پۈتكۈل يايلاق قار توزۇندىلىرى بىلەن مانانلىشىپ ھېچ نەرسىنى پەرق قىلغۇسىز بولۇپ كەتتى. قېلىن قار بىلەن تاغلار تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتكەندى. قارنى كۆتۈرەلمىگەن قارىغاي غوللىرىنىڭ قاراسلاپ سۇنۇشى خۇددى مىلتىقتىن ئوق ئۈزگەندەك ئورماننىڭ جىمىلىقىنى بۇزاتتى، قىياغا دۆۋىلىنىۋەرگەن قار ئارتۇقچە قېلىنلاپ كەتكەنلىكتىن پات ـ پات گۈمۈرۈلۈپ چۈشەتتى. يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي قىياغا تۇتاشقان غايەت زور قار تېمى پەيدا بولاتتى...

بەس ـ بەس بىلەن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار بۇگۈن چۈش ۋاقتىغا كەلگەندە سەل سېلىكتى ۋە ئاستا ـ ئاستا توختاپمۇ قالدى، لېكىن قارا بۇلۇتلار قاراتېكە ئاسمىنىدا تۈرۈلۈپ ئېسىلىپ تۇراتتى.

قوغۇشۇندەك ئېغىر ۋە قېلىن بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدا گويا ئاغرىق ئادەمنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ، كۆڭۈلسىز پارقىراپ تۇرغان قۇياش ئىنتايىن تېزلىكتە غەربكە سۈرۈلمەكتە ئىدى. كەڭرى قارلىق تۈزلەڭدىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئاچچىق شىۋىرغان «بۆرەتولا» ئېقىنىدىن تۈرۈلۈپ ھالقىپ ئۆتۈپ قېيىنزارلىقتا كۈچ بىلەن ئۇراتتى ـ دە، قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە شۇڭغۇيتتى. ھەر خىل ئالامەتلەر يەنە بورانلىق قاردىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

بىر چاغدا ئورماننىڭ ئىچىدىن ئىككى بۇغا — بىر

مارال ۋە بىر بۇغا بالىسى قاتارلىشىپ چىقىپ كەلدى. بۇغىلار ئورماننىڭ چېتىگە كېلىپ ئورمان ئالدىدىكى «بۆرەتولا» ئېقىنىغا ھەم ئېقىنىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئېھتىيات بىلەن سەپسالدى. ئانا بۇغا ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن بىرھازا كۆزىتىپ ئۆزىگە ۋە بالىسىغا بىرەر خەۋپنى ھېس قىلمىغاندىن كېيىن بىر پۇشقۇرۇۋېتىپ ئېقىن تەرەپكە ماڭدى. ئانىسىنىڭ پۇشقۇرتىشىدىن «مېڭىۋەر قوزام، قورقما» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەن بۇغا بالىسى ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن قىيغىتىپ چېپىپ ماڭدى، ئانا بۇغا بالىسىنى يېقىن ئەگەشتۈرۈپ سالماق قەدەم بىلەن ئېقىن تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ سارغۇچ بۇغا ھەم قاۋۇل، ھەم چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ مۇستەھكەم پاقالچاقلىرى ۋە دۈپدۈگىلەك سىمىز ساغرىسى ئالا - بۇلىماچ، ئۇنىڭ كۆكرىكى ئاق ۋە قوڭۇر رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى، ئانا بۇغىنىڭ شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى ئۇنىڭغا ھەيۋەت تۈس بەرگەنىدى. ئۇ بېشىنى پات - پات ئارقا تەرىپىگە تاشلاپ سىلكىپ مەغرۇر ۋە سالماق قەدەم ئالاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا گاھ قىيغىتىپ، گاھ سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان بالىسىنىڭ نازۇك ۋە ئۇزۇن پاقالچاقلىرى، كەڭ كەلگەن كۆكرىكى ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى بىلەن ئانىسىنى تارتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭمۇ خۇددى ئانىسىنىڭكىگە ئوخشاش كۆكرىكى ئاق - قوڭۇر رەڭ، پاقالچاق ۋە ساغرىلىرى گۈل تامغىدەك ئالا - بۇلىماچ بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرقىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى، ئۇمۇ ئانىسىغا ئوخشاش مەغرۇر قەدەم تاشلايتتى ۋە بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى

يادىدىن چىقىرىپ قويۇپ ئەركىلەپ قىيغىتىپ چىپىپ كېتەتتى. ئانىسى قىيغىتىپ شوخلۇق قىلىپ ئۆزىدىن يىراقتا قېلىۋاتقان بالىسىدىن خەۋپسىرەپ ئورنىدا چىپپىدە توختاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇنى كۈتەتتى ۋە پەقەت ئاشۇ بالىسىلا چۈشىنىدىغان ئانا ئاھاڭىدا ئۇنى جىملىگەندەك قىلىپ چاقىراتتى، بالىسى ئانىسىنىڭ مېھىرلىك جىملىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال قىيغىتىپ تاراسلاپ چېپىپ كېلىۋاتقاندا، خۇددى يىگىت بولۇپ يېتىشىۋاتقان ئوغلىنى كۆرەك قىلىۋاتقان ئانا ئوغلىغا تەگسىز ئانىلىق مېھرى ۋە سۆيۈنچ، پەخىرلىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلگىنىدەك موزىيىغا روشەن، نۇرلۇق كۆزلىرىنى تىكەتتى. پەقەت بالىسى ئۆز يېنىغا كەلگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئانا بۇغا گەرچە پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن تېخى ئەمدىرەك يۈگۈرۈشنى، قېچىشنى، ئوزۇق ئىزدەشنى ئۆگىنىۋاتقان بۇ سەبىي جانغا بولغان مېھرى، سۆيگۈسى ئىچىدە مەست بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى رەھىمسىز رېئاللىقنى — ئۆزىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ جېنىغا كېلىدىغان قورقۇنچلۇق خەۋپنى ھەر مىنۇت ئېسىدىن چىقارمايتتى، ئۇلار بۇنداق خەۋپكە ھەممىلا يەردە ۋە ھەر مىنۇتتا دۇچار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتنىڭ مەركىزىي مەنىسى بولغان ئېلىشىش، ئېلىشىش ئارقىلىق ھاياتقا ئېرىشىش تارىخى ئۇنى مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە ئېھتىياتچانلىققا ئۆگەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ ئەتراپىنى — ئوڭ ـ سولىنى، ئالدى ـ ئارقىسىنى، يىراق ـ يېقىنىنى؛ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سەزگۈ ئەزاسىنى — كۆرۈش، ئاڭلاش،

پۇراش ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ پەقەت ئاشۇ سەزگۈ ئەزاسىنىلا ئىشقا سېلىپ قالماي، ئۆزىنىڭ ئانىلىق يۈرىكى بىلەن ئاشۇ سەبىي، پىشمىغان، ئەمدىلا مۇستەقىل دالا ھاياتى مەشقىنى باشلىغان يالغۇز بالىسىغا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان بارلىق خېيىم - خەتەرنىڭ مەنبەسىنى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنداق خەۋپ - خەتەر بولۇپمۇ مۇشۇ «بۆرەتولا» ئېقىنى ئەتراپىدا ھەر مىنۇتتا سادىر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە بۆرە تولا ئىدى. بۆرىلەر گاھ توپ - توپ، گاھ يالغۇز ھۆۋلىشىپ پىتىراپ يۈرەتتى، بۆرىلا ئەمەس، بۇ يەردە يېقىندىن بۇيان قوراللىق ئادەملەر توپىمۇ پەيدا بولۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇغا ئۈچۈن خەتەرلىك دۈشمەن ئىدى. ئانا بۇغا بۇنى ياخشى بىلەتتى، ناھايىتى ئېنىق چۈشىنەتتى. ئۇ تالاي ئىشلارنى كۆرگەنىدى.

ئورماندىكى ئوت - چۆپلەر قېلىن قار ئاستىدا قالغانىدى. دالادا شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇرغاچقا، قارلار ئورماندىكىدەك قېلىن دۆۋىلىنىپ كەتمەيتتى، ھەرھالدا تاتىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ قار ئاستىدىكى قۇرۇق چۆپلەرنى تېپىپ يېگىلى بولاتتى، ئانا بۇغا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېخى ھېچقانداق ئىش كۆرمىگەن بالىسىنى مۇشۇ ئەتراپىنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى، بولۇپمۇ مۇشۇ جايدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەم ۋە بۆرىدىن ئىبارەت ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەنلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتى ھەم ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك ئۇسۇللىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇنىڭغا

ئۆز دۈشمىنىنى ئېنىق تونۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئۆگەتمەكچى ئىدى. بۇ ياشاش ئۇچۇن زۆرۈر ئىدى، ئۇنىڭسىز بالىسى بۇ يەرنىڭ ئەلۋەك ئوت - چۆپى ۋە سۈزۈك سۈيىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى، ئەكسىچە دۈشمەنلىرىنىڭ ئوۋى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ يەر خەتەرلىك ئىدى. بۇ يەردە بۇغىلار ئۇچۇن ئەڭ خەۋپلىك ئىككى خىل دۈشمەن — بۆرە ۋە ئادەملەر ئارىلىشىپ ياشايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇغىلار بۇ يەردە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشى كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان بىر توپ قوراللىق ئادەملەر بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قورالى ھەتتا بۆرىدىنمۇ خەۋپلىك، ئۇلارنىڭ كۆزى بۆرىدىنمۇ ئۆتكۈررەك، ئۇلار بۆرىدىنمۇ ئەقىللىكرەك ۋە يۈرەكلىك ئىدى. ئەمدى ئۇ بالىسىغا ئاشۇ ئادەملەر ۋە بۆرىلەر ھەققىدە ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى تولۇق بىلدۈردى. بۇ ئۇنىڭ قەرزى، شۇندىلا بالىسى قانداق ياشاشنى، دۈشمەنلىرىدىن قانداق ساقلىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ...

ئانا بۇغا ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتكەچ قار ئاستىنى تاتىلاشتۇرۇپ قېلىن قار ئاستىدىن ئوت - چۆپ تېرىپ يەپ ماڭدى. بالىسىمۇ ئانىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ بەخىرامان ئوتلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ئاشۇ ئاپپاق قارلىق ئوتلاقتا خۇددى ئاق قەغەزگە گۈل باسقاندەك ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئىز قالدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىر «بۆرەتولا» ئېقىنىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. ئانا بۇغا ئېقىننى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى ۋە ئېگىزرەك بىر تۆپىلىككە كېلىپ توختىدى. بۇ يەردىن تۆت ئەتراپىنى بىمالال

كۆزەتكىلى بولاتتى. دېگەندەك، ئانا بۈغا قىرغاقنىڭ ئۇ قېتىمدا، ناھايىتىمۇ يىراق جايدا قىمىرلىشىپ يۈرگەن ئىنتايىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردى ـ دە، خاۋاتىرلىنىپ مەربۇەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئوتلاپ كېلىۋاتقان بۈغا بالىسى ئانىسىنىڭ مەرىگىنىنى ئاڭلاپ دەررۇ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ سەگەكلىشىپ تۆت ئەتراپقا چەكچىيىپ قارىدى ـ دە، ئانىسى تۇرغان تۆپىلىككە قاراپ چاپتى.

ئانا بۈغا ئالدى ئوڭ ئايىغى بىلەن قاتتىق چاپچىپ ئاياغ ئاستىدىكى قارنى تىلغىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئۆزلىرىدىن تولىمۇ يىراقتا قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەرگە تىكىلگەنىدى، بۈغا بالىسىمۇ ئانىسىغا يېقىن يانداشىپ تۇرۇپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئۇدۇلغا تىكىلدى، لېكىن ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئانا قويىنىدىكى بالىنىڭ خاتىرجەملىكى چىقىپ تۇراتتى...

ئانا بۈغا كۆزىنى يىراقتىن ئۈزۈپ يەنە بىر چاپچىدى ـ دە، خۇددى ئىگىرىغاندەك مەرىدى. بالا بۈغىمۇ كۆزىنى يىراقتىن ئۈزۈپ ھەم ھەيرانلىق، ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئانا بۈغىغا تىكىلدى.

## 2

يۇلتۇز تېغى باغرىدىكى پايانسىز قارلىق دالا. شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ دەستە ـ دەستە قار بورىنى ھۆركىرەپ تۇرغان دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە زىبىنت توپ ھاۋاغا قارىتىپ تەخلەپ قويۇلغان.

ئازادلىق ئارمىيەنىڭ بىر زىنىت توپ روتىسى جىددىي مەشىق ئۈستىدە. پاكار دوغىلاق كەلگەن روتا كوماندىرى زىنىت توپنىڭ ئارقىسىدا قىلىن تامدەك سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقان جەڭچىلەرگە ئاۋازىنىڭ بارىچە بىرنىمىلەرنى چۈشەندۈرمەكتە. شىۋىرغان كۆز ئاچۇرمايدۇ. گاھىدا روتا كوماندىرىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىپمۇ بولمايدۇ، لېكىن قەيسەر روتا كوماندىرى شىۋىرغان بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ سۆزىنى دەۋالمىغۇچە سەپنى تارقىتمىدىغاندەك ئەمەس. جەڭچىلەر ھەرىكەتتە قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىلىن جۇۋىلىرىنى سېلىپ تاشلاپ خىلىدىن بىرى پاختىلىق شىنىل بىلەن قىمىرلىماي ھەرىكەتسىز تۇرغاچقا، ئاچچىق شىۋىرغان ئۇلارنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئەسكەرلەرگە خاس قەيسەرلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى روتا كوماندىرىغا تىككىنىچە سۈكۈتتە تۇرۇپ روتا كوماندىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. روتا كوماندىرى چۈشتىن كېيىنكى مەشىقتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋە مەسىلىلەرنىڭ ئەمەلىي جەڭ ئۈستىدە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ بۇ مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنىڭ جىددىيلىكى ھەمدە تۈزىتىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە توختالماقتا ئىدى. روتا كوماندىرى قارا قاش كەلگەن ئوتتۇز بەش ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئاق پىشماق، چىرايلىق كىشى ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئوڭ قولى بىلەن بېلىدىكى ناگاننى قاماللاپ تۇرغىنىچە ئۈنلۈك ئاۋازدا قىزىشىپ سۆزلەيتتى. گاھىدا سول قولىنى خۇددى قىلىچ چاپقاندەك كۈچ بىلەن شىلتىپمۇ قوياتتى. شۇ

چاغدا ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك يەلكىسى سىلكىنەتتى، گاھىدا سول قولى بىلەن شىۋىرغاندا يۈز ـ كۆزىگە كېلىپ قونۇۋالغان قار ئۇچقۇندىلىرىنى سىيرىۋېتەتتى، ئاندىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلاتتى.

ئاخىرى ئۇ بىلىكىدىكى سائەتكە كۆز تاشلىدى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن بۇرۇلۇپ سەپنىڭ باش تەرىپىگە يۈگۈرۈپ ئۆتتى، ئاندىن يەنە سەپكە قاراپ كەسكىن كوماندا بەردى. كوماندا بىلەن تەڭلا سەپتىكى جەڭچىلەر خۇددى يۇرژىنا تېپىۋەتكەندەك شىددەت بىلەن قاڭقىپ زېنىت توپلارغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشتى.

روتا كوماندىرى جەڭچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەڭ چەتتىكى زېنىت توپنىڭ قورۇلىغا كېلىپ جايلاشقان بەستلىك كەلگەن قاتاڭغۇر يۈزلۈك، قاڭشارلىق يىگىتنىڭ ئولتۇرۇش قىياپىتىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوقچى، نىشانچى ئەسكەرلەرنىڭ جايلىشىش ئورنىنى كۆزىتىپ چىقتى. ئۇ ھېلىقى بەستلىك قاتاڭغۇر يىگىتتىن رازى بولدى بولغاي، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمەيلا قوشنا زەمبىرەكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

ــ روتا كوماندىرىغا ياراپ قالدۇق، ئاغىنىلەر، ــ دېدى ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇقراق، قاڭشارلىق، قارىمۇتۇق ئەسكەر يولداشلىرى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ پىچىرلاپ.

ــ ئاغزىڭنى يۇم! كېلىۋاتىدۇ... ــ كۆك كۆزلۈك، سېرىق بۇدۇر چاچلىرى قۇلاقچىسىنىڭ بىر تەرىپىدىن قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىدەك پاخپىيىپ چىقىپ قالغان بىر

يىگىت ئۇنىڭغا جاۋابەن پىچىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر دىمىنى ئىچىگە تارتىپ دەرھال رۇسلىنىۋېلىشتى.

دىگەندەك، روتا كوماندىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ نۆۋەت يالغۇز كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئەسكەر پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ بايىقى يىگىتلەرنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ دىققەتتە تۇرۇشتى.

روتا كوماندىرى گەپ ـ سۆز قىلماي ھېلىقى كېيىن كەلگەن جەڭچىلەرگە بۇ زىنىت توپتىكى جەڭچىلەرنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى. بىرھازاغىچە ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. زىنىت توپتا قىمىر قىلماي ئالدىغا تىكىلىپ تۇرغان بايىقى جەڭچىلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ ئۇيۇشقاندەك بولدى، لېكىن ھېچكىممۇ پۇت ـ قولىنى قىمىرلىتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇلار ئالدىدىكى نىشاننى توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇق كۈتمەكتە ئىدى، لېكىن روتا كوماندىرى بۇيرۇق بەرمىدى. بەش مىنۇت، ئون مىنۇت، ئون بەش مىنۇت ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئاخىرى روتا كوماندىرى گېلىنى قىرىپ يەڭگىل يۆتىلىپ قويدى، ئاندىن بايا ئۆزى باشلاپ كەلگەن جەڭچىلەرگە قاراپ:

— قانداق، كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى قوپاللىق بىلەن.

ئۇ جەڭچىلەر ئۇدۇلىغا تىكىلىپ قېتىپ تۇرغىنىچە دەررۇ جاۋاب قايتۇردى:

— كۆردۇق.

— ئۇستاپ تەلىپى بويىچە تولۇق جاۋاب بېرىڭلار! — روتا كوماندىرى ئۇلارغا قاراپ كەسكىن بۇيرۇدى.

ھېلىقى جەڭچىلەر دىڭگىدە چۆچۈپ تېخىمۇ قاتتىق تۈرۈشتى ۋە پۈتۈن ئاۋازى بىلەن دانە ــ دانە قىلىپ:

ــ كۆردۇق، يولداش روتا كوماندىرى! ــ دەپ ۋارقىرىدى بىرلىكتە.

ــ راھەت! ــ بۇ كوماندا ھەممەيلەننى ھودۇقتۇرۇپ قويدى، چۈنكى بۇ بۇيرۇقنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭقىرالماي قالدى. روتا كوماندىرى بىلەن بىللە كەلگەن جەڭچىلەر بىرىنىڭ ئارقىدىن يەنە بىرى دىلىغۇللۇق ئىچىدە بىر پۈتىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئۆزلىرىنى سەل قويۇپ بېرىشتى. زېنىت توپچىكى ئوقچى ۋە نىشانچى جەڭچىلەرمۇ بىر ــ بىرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىشىۋېلىپ ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ راھەتتە تۈرۈشتى، لېكىن قورۇلدا ئولتۇرغان بەستلىك جەڭچى قىمىرلىمىدى.

ــ جەڭچى ئىشقىيار، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! ــ روتا كوماندىرى ئۇ يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى. ھېلىقى يىگىت ئورنىدىن چاچراپ روتا كوماندىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ دىققەتتە تۇردى. جەڭچى يىگىتنىڭ بوي ــ بەستى يېشىنىڭ ئۇنچىلىك چوڭ ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئىنتايىن يوغان، كېلەڭسىز ئىدى. ئۇنىڭ تۈگمەن تېشىدەك قېلىن ۋە كەڭرى كەلگەن يەلكىسى، ھەم توم، ھەم ئۇزۇن قوللىرى خۇددى ساي كۆۋرۈكىنىڭ تۈۋرۈكىدەك قاۋۇل پاقالچاقلىرىدىن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بىر خىل كۈچ ــ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەسلىدە جەڭچى روتا كوماندىرىنىڭ ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغىنىدا روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىگە دادىل تىكىلىپ تۇرۇشى كېرەك بولسىمۇ، بۇ گىگانت يىگىت

شۇ تاپتا كوماندىرنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تىكىلىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ چوڭ ۋە روشەن كۆزلىرىنى روتا كوماندىرنىڭ سەل ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان تەلەپچان، قەتئىي، كۆكۈچ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ، نەزىرىنى روتا كوماندىرنىڭ بېشىدىن ھالقىتىپ يىراققا — تۆمۈرتاي چوققىسىغا، سوزۇلۇپ ياتقان جىمجىت قارلىق دالاغا تىكىپ تۇراتتى.

يىگىتنىڭ ئالدىدا تۇرغان پاكارغىنا كەلگەن، ئاقپىشماق، دوپدوغىلاق، قاش - كۆزلىرى كېلىشكەن، چىرايلىق ۋە مەغرۇر روتا كوماندىرى خۇددى چۆچەكلەردىكى دىۋىدەك بەستلىك جەڭچىسىنىڭ ئالدىدا بىردىنلا ئۆسمۈر بالىدەك كۆرۈنۈپ قالدى.

روتا كوماندىرنىڭ ئىسمى زاكىر بولۇپ، ئىشقىيار قىسىمغا كېلىشتىن سەللا ئاۋۋال بۇ روتىغا ئالمىشىپ كەلگەنىدى. روتا كوماندىرى ھەققىدە بەزى قۇلىقى ئۇزۇن، ئاغزى ئىتتىك جەڭچىلەر: «ئەسلىدە كونا پولك كوماندىرنىڭ شوپۇرى ئىكەنمىش، ئۇ شۇ پولك كوماندىرنىڭ نىكاھسىز بالا تۇغۇپ قويغان ئارتىس قىزىغا خېرىدار بولغىنى ئۈچۈن كونا پولك كوماندىرى ئۇنى شوپۇرلۇقتىن بىراقلا ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىپتۇ، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ۋوزۋود كوماندىرى ئۇنۋانى بىلەن قىسىمغا كېلىپ مۇئاۋىن روتا كوماندىرلىقىغا، ئاز ئۆتمەي روتا كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كونا پولك كوماندىرى پېنسىيەگە چىقىپتۇ. روتا كوماندىرلىق ئەمەلىگە ئېرىشۋالغان بۇ كىشى پولك كوماندىرنىڭ ھېلىقى قىزنى ئېلىشتىن يالتىيىۋاپتۇ ۋە پولك كوماندىرنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن

قورقۇپ تەلەپ قىلىپ بۇ قىسىمغا ئالمىشىۋاپتۇ، ھازىر بۇ قىسىمنىڭ ئالاقىچىلار روتىسىدىكى يەنە بىر خەنزۇ تېلېفونىستنى ئىلەشتۈرۈپ يۈرىدىكەن... ئۇ قىز يۇقىرى دەرىجىلىك بىر باشلىقنىڭ تۇغقىنى ئىمىش...»

دېگەندەك ئۆسەكلەرنى تارقىتىپ يۈرەتتى. بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىك راست ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بەزى ئەقىللىكرەك جەڭچىلەر بۇنداق گەپلەر بولۇۋاتقان يەردىن دەررۇ ئۆزىنى تارتاتتى. ھازىر روتا كوماندىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ گوپەي يىگىتمۇ ئاشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ كېتىپ قالىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

روتا كوماندىرى بۇ قوپال گەۋدىلىك يىگىتنىڭ سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن چوڭ ۋە قېلىن قۇلاقلىرىغا ئەڭ چوڭ رازمېرلىق ھەربىي شىنېلىنىڭ ياقىسىغا تىقىلىپ قالغان خۇددى بۇقىنىڭ بويىنىدەك يوغان بويىنىغا، جەنۇب ئۇيغۇرلىرىغا خاس قىلىچ بىسىدەك قىرلىق ئېگىز قاڭشىرى ھەم مۇستەھكەم ۋە ئۇچلۇق ئېڭەكلىرىگە بىر خىل يوشۇرۇپ بولالمايدىغان تەئەججۈپ ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى، بۇ يىگىتنىڭ قىسىمغا كەلگىنىگە يېرىم يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ روتا كوماندىرى مۇشۇ جەڭچىنى قەيەردە كۆرسە قىلىۋاتقان ئىشىدىن دىققىتى چېچىلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە بىرھازاغىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى.

— سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشكە تەييارلىنىڭ، — دېدى روتا كوماندىرى بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئىشىنى يادىغا ئېلىپ. شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا روتا كوماندىرىنىڭ كاللىسىغا: «ئاناڭنىڭ قورسىقىغا قانداقمۇ پاتقان

بولغىيتتىڭ ـ ھە، كاساپەت! خۇددى گىراكىلىنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن ـ دە!» دېگەن خىيال كەچتى، ئۇ بىر يېرىم يىلدىن بېرى مۇشۇ سوئالنى ئىچىدە تالاي قېتىم تەكرارلىغانىدى.

— خوپ! — جەڭچى قامىتىنى رۇسلاپ جاۋاب بەردى.

— ئۇستاپىنىڭ تەلىپى بويىچە جاۋاب بېرىڭ، — روتا كوماندىرى بىردىنلا قىزىشتى. ئۇ ئىشقىيارنىڭ شۇنچە تەتۈر ئۇستىخان، ئېيىقتەك قوپال بولغىنىغا قارىماي، خۇددى كېپىنەكتەك چەبدەس، قوزىدەك مۇلايىم، ئۆكۈزدەك كۈچلۈك ۋە ئىشچانلىقىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ياقتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە جىمغۇر، كەم سۆزلۈكىنى ياقتۇرمايتتى. يىگىتنىڭ پەرۋاسىزلارچە بەرگەن جاۋابىدىن تېرىككىنىدىن روتا كوماندىرىنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى ئۇچقۇنداپ كەتتى. ئۇ يىگىتنىڭ قاتاڭغۇر يۈزىگە مىختەك قادالدى.

— جاۋاب بېرىشكە تەييارمەن، يولداش روتا كوماندىرى!

دانە ـ دانە قىلىپ جاۋاب بەردى يىگىت غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى جىلغىدىن قايتقان ساداغا ئوخشاش تۇتۇق گۈركىرەپ چىقتى.

خۇددى تەرسا ئۆسمۈر بالىغا ئۆزىنىڭ چوڭلۇق سالاھىيىتىگە تايىنىپ بالا قىلىشنى خالىمىغان بىرەر ئىشنى مەجبۇرلاپ قىلدۇرغاندا چوڭلارنىڭ چوڭلۇق غۇرۇرى تەسكىن تاپقاندەك بۇ جەڭچىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن بەرگەن جاۋابىدىن روتا كوماندىرىنىڭ غۇرۇرى قانائەت تاپقاندەك بولدى.

— تاكتىكىلىق مەشىقنىڭ ئوق ئۇزۇشتىن

ئىلگىرىكى پۇتكۇل تەييارلىق تەلىپىنى ئۆز رىتى بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈك.

— خوپ، يولداش روتا كوماندىرى!

روتا كوماندىرى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بايا ئۆزى باشلاپ كەلگەن ئۈچ جەڭچىگە قاراپ:

— سىلەر ياخشىراق ئاڭلاڭلار! — دېدى ۋە ھېلىقى جەڭچىگە قاراپ بۇيرۇدى، — قېنى باشلاڭ!

بەستلىك جەڭچى قارلىق دالانىڭ ئۇ چېتىگە — تۆمۈرتاي چوققىسىغا تىكىلگىنىچە قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ قارىغا ئېلىش دەرسلىكىنىڭ تەلەپ - پىرىنسىپلىرىنى بىرمۇبىر يادلاشقا باشلىدى، كوماندىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

جەڭچى دەسلەپتە سەل ھودۇقتى، ئۇنىڭ تاغ شامىلىنىڭ يالىشىدىن قارىداپ يېرىلغان غودۇر - بۇدۇر يۈزى سەل قىزارغاندەك بولدى. ئۇ سۆز ئارىلىقىدا قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكىنى پات - پات يالاپ قوياتتى. ئۇنىڭ قارىغاي شېخىنىڭ ئاچىمىقىدەك بۆرتۈپ چىققان يوغان بۇغدىيىكى ئۇزۇكسىز قىمىرلايتتى. يۇمرانلىقىدىن يېرىكلىشىشكە قاراپ ماڭغان قويۇق ۋە قاپقارا ساقال - بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى دانە - دانە تاشنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېرىشتۇرۇپ سوقما تام قوپۇرۇۋاتقاندەك ھەربىر سۆزىنى كۈچ بىلەن تېرىشتۇرۇپ بەكمۇ ئالدىرىماي تەلەپپۇز قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزى ئېنىق ۋە راۋان ئىدى. ئۇ تولۇق بىر پاراگرافنى بىر سۆزنىمۇ قالدۇرماي يادلاپ بېرىپ توختىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ يۈزى خۇددى مۇئەللىم ئالدىدىكى تارتىنچاق ئۆسمۈر بالىنىڭ يۈزىدەك نەچچە قېتىم

تاتىرىپ بوزاردى. جاندىن ئۆتكۈدەك شىۋىرغان بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ تۈپتۈز، لېكىن يوغان قاڭشىرىنىڭ ئۈستىدە تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى.
روتا كوماندىرى رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئۇنى «راھەت» كە بۇيرۇپ قويۇپ ھېلىقى جەڭچىلەرگە ئۆرۈلدى:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

ھېلىقى جەڭچىلەر دەررۇ باشلىرىنى سىلىشتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ دەۋاتىمەن! — دېدى روتا كوماندىرى زەردە بىلەن ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ئۈچ ئەسكەر ئۆزلىرىنى شاققىدە ئوڭشاشتى ۋە بىر خىل ئاۋازدا:

— ئاڭلىدۇق، يولداش روتا كوماندىرى، — دەپ ئۇنلۇك جاۋاب بەردى.

روتا كوماندىرى بۇ ئۈچ ئەسكەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۇلارغا يۈزلەشتى ۋە جىددىي قىلىپ:

— بېرىپ بۇ يەردە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىڭلارنى قايتىلاڭلار، ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىدەك جەڭچىلەرنى ئۆرنەك قىلىڭلار. ئەتكى مەشقتە بۈگۈنكى ئەھۋال يەنە سادىر بولسا ئەمدى كەچۈرمەيمەن، يىگىتلەر! — دېدى. ئۇ چىرتتىدە قىلىپ تۈكۈرۈۋەتتى. ئىسسىق تۈكۈرۈك ماۋۇقتەك قار ئىچىگە چۆكە - چۆكمەيلا مۇزلاپ قالدى.

— قايتساڭلار بولىدۇ!

بۇنىڭدىن قاتتىقراق ئەدەپنى كۈتكەن ھېلىقى ئۈچ ئەسكەر يەڭگىللەشكەندەك بولۇپ تېتىكلەشتى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ زېمىنت تۈپى يېنىغا

يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى:

— جەڭچى ئىشقىيار، ئالدىنقى كۈنىدىكى دوكلاتىڭىزنى كۆردۈم، مەن ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرۇڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باقماقچى.

— رۇخسەت قىلىڭ، يولداش روتا كوماندىرى، — دېدى ئىشقىيار كۆزىنى قارلىق دالادىن يۆتكەپ روتا كوماندىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — بۇ دوكلاتنى خارىس يازدى، مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى پىشمىغان خىيالىمنىلا ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنىدىم... — ئىشقىيار يەنە ۋىلىلدە قىزاردى.

— جەڭچى خارىس، بۇياققا كېلىڭ، — روتا كوماندىرى زەمبىرەك ئىستوۋۇلىنىڭ ئوق تەرىپىدە ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان جەڭچىگە خىتاب قىلدى.

ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ روتا كوماندىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ دىققەتتە تۇردى. بۇ يىگىت بۇرۇتلىرى ئەمدى قارىيىشقا باشلىغان، قاپقارا بۇدۇر چاچلىق، ساقاللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ قىرىپ، زاڭاق ساقىلىنى ئېڭىكىدىن ياستىۋالغانىدى. بۇ يىگىتنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن جەڭچىگە خاس بولمىغان بىر خىل سىپايىگەرچىلىك ۋە ئالىپتەلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاياغلىرىنى جۈپلەپ، خۇشخۇي كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆزىگە سوئال تەرىقىسىدە دادىل تىكىلدى:

— بايىقى دوكلاتنىڭ ئاپتورى سىز ئىكەنسىز - دە! قېنى، تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى روتا

كوماندىرى قۇرۇقلا قىلىپ. خارىس ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغان بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، يېقىندا باشقا قىسىمدىن ئالمىشىپ كەلگەنىدى.

روتا كوماندىرى بىر چاغدا مۇشۇ جەڭچىنىڭ «غالىبىيەت گېزىتى» دە «كوماندىر ـــ قىسىمنىڭ نىرۋا سىستېمىسى»، «ھەربىي ئىشلار ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشتىن تەسىراتىم»، «ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم ـ تەربىيە ھەققىدە بىرقانچە تەكلىپ» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ئەسلىدىكى قىسىمنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان «ئىلمىي مۇھاكىمىگە قىزىقىدىغان جەڭچى» دېگەن بىر تەسۋىرىي خەۋەرنى ئوقۇغانىدى. ئۇ خەۋەردە بۇ يىگىتنىڭ يازغان ماقالىسى «يېڭى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن»، «ئىزدەنگەن مەسىلىلەر خېلى چوڭقۇر بولغان، قىسىملارنىڭ تەلىم ئىسلاھاتىدا تۈرتكىلىك رولىغا ئىگە» دەپ ماختالغانىدى. خارىس بۇ قىسىمغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان مەشىقتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» ۋە «غالىبىيەت گېزىتى»نىڭ «ھەربىي ئۆگىنىش»، «چەت ئەل ئارمىيەسىگە نەزەر»، «ھەربىي ئىشلار دەرسخانىسى» قاتارلىق ئىستونلىرىدىكى ماقالىلەرنى قىيىۋېلىپ، ھەرخىل ھەربىي ساۋات ۋە ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىنى ھەمدە ئارمىيەمىز، شۇنىڭدەك چەت ئەل ئارمىيەسىنى تەتقىق قىلىشقا دائىر ماقالىلەرنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئۆگىنىپ يۈرەتتى.

روتا كوماندىرى تېخى يېقىندىن بۇيان «خارىس روتىنىڭ ھەربىي تەلىم ئىسلاھاتىغا تەتبىقلاپ تەلىم

پىلانى، دەرس پىلانى تۈزۈپ يۈرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. ئالدىنقى كۈنى روتا كوماندىرى خارىس، ئىشقىيار قاتارلىق تۆت نەپەر جەڭچى ئىمزا قويغان «82 مىللىمېتىرلىق زەمبىرەكنىڭ ئېتىش ئارىلىقىنى ئۇزارتىش ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن بىر پارچە دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ بۈگۈن مۇشۇ دوكلاتنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى. روتا كوماندىرى «بۇ دوكلاتنى خارىس يازدى» دېگەننى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ خارىستەك ئۆزىنىڭ بىر ئاددىي جەڭچى ئىكەنلىكىگە قارىماي قوماندانلار باش قاتۇرىدىغان نەدىكى چوڭ ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خارىستەك ئالىي مەكتەپ تەمەسىدە يۈرۈپ قىسىمغا كېلىپ قالغانلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغان پۈرسەتپەرەسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنا بىلىمى بىلەن ھە دېسىلا ئاتىكارچىلىق قىلىپ كىشىگە گەپ بەرمەيتتى. كىشىنىڭ خىيالىدا يوق نەدىكى ئىشلارنى ئويلاپ تېپىپ كىشىنى ئاۋارە قىلاتتى ۋە پۇرسەت تاپسىلا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇلار ھەقىقىي جەڭچى ئەمەس ئىدى، ئۇلارنى چەكلەپ تۇرمىسا ئاستا ـ ئاستا كوماندىرلارنىڭ ھوقۇقىغىمۇ چاڭ سېلىشى مۇمكىن ئىدى.

روتا كوماندىرى قويۇق كىرپىكلىك، تىنىق كۆزلىرىدىن بىر خىل چېچەنلىك چاچراپ تۇرغان خارىسقا بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سورىدى:

— ھېلىقى دوكلاتنى سىز يازغانمۇ؟
خارىس قەددىنى رۇسلىدى:
— يېزىشنى مەن يازدىم، يولداش روتا كوماندىرى، لېكىن ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇسۇل ۋە تەكلىپنى ئىشقىيار تاپقان، بىز بىر سىناپ باقماقچى بولغانىدۇق، شۇڭا تۆتىمىز ئىمزا قويدۇق، — ئۇ ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، — كۆپرەك ئادەم ئىمزا قويساق تېزرەك تەستىقلىمدىكىن، دېگەنىدۇق.
روتا كوماندىرى خارىسقا لەپپىدە بىر قارىۋالدى ـ دە، بىر پۈتى بىلەن قارنى جىجاپ ئويلىنىپ قالدى:
— مۇنداق قىلايلى...
شۇ ئەسنادا ئالاقىچى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە روتا كوماندىرىغا چاس بەردى.
— يولداش روتا كوماندىرى، پولكتىن تېلېگراممىا، پولك كوماندىرى كېلىۋېتىپتۇ. بۈگۈن بىزنىڭ گازارمىدا بولىدىكەن.
روتا كوماندىرى بىردىنلا جىددىيلەشتى ۋە سائىتىگە قارىدى:
— ۋوزۋود كوماندىرلىرىغا ئۇقتۇرۇڭ، بازىغا قايتىشقا تەييارلانسۇن.
— خوپ! — ئالاقىچى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كەتتى.
— بىز كېيىن سۆزلىشەيلى.
روتا كوماندىرىمۇ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. يىگىتلەر زەمبىرەكلىرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈپ رۇسلىنىپ تۇرۇشتى. مەشىق مەيدانى بىردەمنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.
شۇ ئەسنادا ۋوزۋود كوماندىرى يېتىپ كەلدى:

— خارىس، ئىشقىيار، سىلەر كېسىكيۈز تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن بازىغا ئاۋۋال قايتىڭلار، قىسىم بازىغا كىرىشتىن ئىلگىرى بازا قورۇسىنى تازىلاپ، ياتاقلارنى بىر-بىرلەپ قۇر رەتلىۋېتىڭلار، پولك كوماندىرى كېلىۋېتىپتۇ.

— خوپ!

— دەررۇ يولغا چىقىڭلار! زاپخوزغا ئېيتىپ قويغىن، بىزنى قىزارتىپ قويمىسۇن يەنە!

ئىشقىيار ۋە خارىسنىڭ گۇرۇپپىسى ماشىنىلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ مەشىق مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياردالڭ بىلەن بۇككىدە قارىغايلىق كۆرۈنۈپ تۇرغان پەسلىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. مەشىق مەيدانىدا جىددىي سىگنال ياڭرىدى. موتورلار ھەرىكەتكە كېلىپ، جەڭچىلەر نىقابلانغان زەمبىرەكلىرىنى سۆرىگۈچى ئاپتوموبىللىرىغا ئالدىراپ چېتىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا شىۋىرغان بارغانسېرى كۈچىيىپ يەنە قار يېغىپ كەتتى. ئۇچقۇنلاۋاتقان قار يوغان قار پارچىلىرىغا ئايلىنىپ جىلغىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىشقىيارلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى كۆمۈشكە باشلىدى. قىش قۇياشى تېخىمۇ غۇۋالىشىپ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدا نۇرسىزغىنا پارقىرايتتى، ئورمان ئۈستىدە قارلىق بوران ئەنسىز ئۇشقىرتماقتا ئىدى...

## 3

ئانا - بالا بۇغىلار «بۆرەتولا» ئېقىنىنىڭ ئۈستۈن

تەرىپىدىكى يارداڭدا تۇرۇپ يىراقتا ــ ئېقىنىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى قارلىق تۇزلەڭدە قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەر توپىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. شۇۋىرغان بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

كىرىستال ئۇۋاقلىرىدەك قار ئۇچقۇنى شىۋىرغاندىن ئەمدىرەك قېتىشقا باشلىغان قېلىن قارنىڭ ئۈستىگە شىرىقلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

قار ئۇچقۇنلىرى چوڭ ـ چوڭ قار پارچىلىرىغا ئايلىنىپ لەپىلدەپ يېغىپ كەتتى، كەڭرى كەتكەن بۇ قەدىمكى زېمىن ئاشۇ قېلىن ۋە يۇمشاق قار ئاستىدا راھەتلىنىپ ئۆزى پەيدا بولغاندىن بېرى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇمەنمىڭ قىسمەتلەرنى قايتىدىن ئەسلەۋاتقاندەك جىمجىتقىنا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئانا ـ بالا بۇغىنىڭ ئوتتەك هارارەت تېپىپ تۇرغان قوڭۇر رەڭ ساغرىسىغا، ئاق سارغۇچ تۈكلىرى يالتىراپ تۇرغان چىرايلىق دولىسىغا چۈشۈپ شۇ هامان ئېرىمەكتە ئىدى.

ئانا بۇغا كۆزىنى «بۆرەتولا» ئېقىنىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى يىراق تۇزلەڭدە قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەر توپىدىن يۆتكەپ توختىماي يېغىۋاتقان قېلىن قار بىلەن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، تېخىمۇ سۈرلۈك تۇسكە كىرىۋالغان كەڭرى دالاغا، قوغۇشۇندەك سۇر رەڭ ۋە قېلىن بۇلۇتلار قوينىدا بارا ـ بارا كۆرۈنمەي قېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك تۆمۈرتاي چوققىسىغا، خۇددى گۇركىرەپ ئۆزىنىڭ تۈيىقى ئاستىدىكى قار ۋە مۇز بىلەن قاتقان

«بۆرەتولا» ئېقىنىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭرى قىنىغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. ئانا بۇغا گويا ئۆزى دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ قېرى زېمىنىنىڭ ئەسلىمىسىگە جور بولۇۋاتقاندەك ياكى ئۇ سۆزلەۋاتقان ئىنتايىن قەدىمكى رىۋايەتنى ئاڭلاۋاتقاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن نېمىنىدۇر تىڭشايتتى. ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ روشەن كۆزلىرىدە قاپقارا بۇلۇت، بىپايان قارلىق دالا، ئاق قارغا پۈركەنگەن ھەيۋەتلىك تۆمۈرتاي چوققىسى، خۇددى ئۆلۈكتەك قېتىپ ياتقان «بۆرەتولا» ئېقىنى، بىرەر مۆجىزە بىلەن پەسلەپ چۈشۈپ زېمىننى باسقان غايەت زور ۋە ئاپپاق بۇلۇت تۇپلىرىدەك كۆپچۈپ - تۇرمەللىشىپ ياتقان قېلىن ئورمانلىقلارنىڭ سۈرىتى ئەكسلەندى، ئانا بۇغا ئۆزىگە سۈركىلىپ دىگۈدەك تۇرغان بالىسىغا قاراپ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ مەرىدى. بۇغا موزىيى ئانىسىنىڭ كۆزىنى تارتقان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئانىسىغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلدى ۋە ئانىسىنىڭ نېمىنىدۇر بىرەر نەرسە ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتكەندەك قومۇشنىڭ ياپرىقىدەك چىرايلىق ۋە نېپىز قۇلاقلىرىنى «دىڭ» قىلىپ، ئەركىلەپ تۇمشۇقى بىلەن ئانىسىنىڭ بوينىنى تۇرتۇپ ئۇنىڭغا سۇۋالدى. ئانا بۇغا كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان «بۆرەتولا» ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى قارا - قۇرا كۆرۈنۈۋاتقان ئادەملەر توپىغا كۆزىنى تىكتى - دە، خۇددى ئادەملەر بىرەر مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن گېلىنى قىرىپ ياسىغاندەك شاخاراپ كەتكەن مۈڭگۈزىنى ئارقىسىغا تاشلاپ يەڭگىل پۇشقۇردى.

# 4

شىۋىرغان بارغانسېرى قۇترىماقتا ئىدى. «بۆرەتولا» ئېقىنىنىڭ تىك قىرغىقىدا تۇرغان ئانا ـ بالا بۇغىنىڭ تۇياقلىرىنى ئاللىقاچان قار كۆمۈۋەتتى. بۇغىلارنىڭ دۈمبىسى، تاغىقى، ئانا بۇغىنىڭ شاخاراپ كەتكەن مۈڭگۈزلىرىگە قونغان مامۇقتەك يۇمشاق قار ئەمدىلىكتە ئېرىپ ئۈلگۈرۈپ بولالمىدى. بۇغىلارنىڭ ئىنچىكە ۋە گۈزەل بويۇنلىرىغا، تىمەن، سىلىق، چىرايلىق بەستىگە قونغان قاردىن ئۇلار گويا ئېگىز قىياغا ئورنىتىلغان بىر جۈپ كۈمۈش ھەيكەلگە ــ ئانا ـ بالا ھەيكەلگە ئوخشىشىپ قالغانىدى.

ئانا بۇغا ھارغاندەك ئىدى. ئۇ بىر ئايغىنى قاردىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ ئايغى ئاستىدىكى قېلىن قارنى تىلغىدى. بالا بۇغا ئانىسىغا سوغدىشىپ تۇرغىنىچە ئانىسىنىڭ ھەربىر تىنىقىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا تىرىشىۋاتاتتى. شۇ مىنۇتتا ئانا بۇغىنىڭ پەقەت بالا بۇغىلا چۈشىنەلەيدىغان تىلدا بايان قىلىۋاتقان، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقان، ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىققا كۆيۈپ ـ پىشىپ جېكىلەۋاتقان ھەممىلا نەرسىنى ئۇ گويا ئۆز قەلبىگە ئويۇپ قويماقتا ئىدى.

ئانا بۇغا ئۇشتۇمتۇت ئۆزىگە خاس سېزىم بىلەن يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر يات پۇراقنى سېزىپ قالغاندەك بولدى ۋە خەۋپسىرەپ دەررۇ بېشىنى ئارقىدىكى كەڭ

قارلىق دالاغا بۇراپ ئەتراپنى جىمدىي تىنتىمدى. ئورمان بىلەن ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى قارلىق دالا جىمجىت يېيىلىپ ياتاتتى، دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇ يەر - بۇ يەردە قاچاندىدۇر پەيدا بولۇپ قالغان ئۆيدەك يوغان قورام تاشلار ئەمدىلىكتە قار بىلەن چۈمكىلىپ كىچىكرەك تاغقا ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئانا - بالا بۇغىنىڭ كەلگەن چاغدا قالدۇرغان تۇياق ئىزلىرى ئالللىقاچان قېلىن قار ئاستىدا قالغانىدى. دالادا قېلىن قار ۋە چوقچىيىپ ياتقان قورام تاشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بارغانسېرى ئەدەۋاتقان شىۋىرغاننىڭ ۋەھىمىلىك چىرقىرىشىدىن باشقا شەپە ئاڭلانمايتتى، لېكىن ئانا بۇغا ھېلىقى بىر خىل يات ھىدنى بارغانسېرى ئېنىق ھىدلاۋاتاتتى. بىر خىل تونۇش ۋە سەسكىنىشلىك پۇراق ئۇلارغا ئىنتايىن تېزلىكتە يېقىنلىشىۋاتاتتى، ئانا بۇغا بىردىنلا خاۋاتىرلىنىپ ئالاقزادىلىككە چۈشتى - دە، دەررۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پەستىكى قارلىق دالاغا چەكچىيىپ قارىدى ۋە سەبىيلەرچە بەخىرامانلىق ئىچىدە كۆشىگىنىچە ئۇدۇلىغا قاراپ تۇرغان بالىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قاتتىق مەرىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئانچە يىراق بولمىغان تۇزلەڭدە قار بىلەن پۈركىنىپ چوقچىيىپ ياتقان يوغان قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىن بىر سۇر بۆرە ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلدى. بايىقى پۇراق دەل مۇشۇ بۆرىنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان پۇراق ئىدى، ئانا بۇغا بۇغىلارغا خاس، بولۇپمۇ ئانا بۇغىغا خاس سېزىم بىلەن بۇ پۇراقنى ئالللىقاچان سېزىۋالغانىدى.

بۆرە قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپلا دۆڭدە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادىلىك ئىچىدە

چەكچىيىپ تۇرۇپ قالغان بۇغىغا قاراپ ئىتتىلىپ كەلدى. بۇ چاغدا بۇغا بالىسى ئانا بۇغىنىڭ بايىقى مەرىشىدىن بىر جىددىي خەۋپنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، تېخى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئانا بۇغا بۆرىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئىتتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەررۇ ئۆرۈلۈپ بالا بۇغىنى يار قىرغىقىنىڭ بايا ئۆزلىرى چىقىپ كەلگەن پەس تەرىپىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتەردى. بۇغا بالىسى پەقەت شۇ چاغدىكى ئۆزىدىن بىر ئۇن يېتىم يىراقلىقتا ئىتتىلىپ كېلىۋاتقان ناتونۇش ۋە قورقۇنچلۇق بىر ھايۋاننى كۆردى. بايا ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە پۈتۈن كۆرۈنۈشى مۇشۇ كېلىۋاتقان ھايۋانغا ئوخشىشىدىغان بىر خىل مۇدھىش ھايۋاننى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بالا بۇغىنىڭ مېڭىسىدە «بۆرە» دېگەن بىر دەھشەتلىك ئۇقۇم خۇددى ئورمان ئاسمىنىدا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلغاندەك ۋاللىدە قىلىپ ئۆچتى ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزاسى ــ بەدىنىگە بورۇن ھېچقانداق ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچ تارقىلىپ كەتتى، ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا ھەممىنى چۈشەندى. دېمەك، ئانىسى ئېيتقان مۇدھىش دۈشمەن خۇددى قۇلىقى قىزىغاندەك نەق ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

بالا بۇغا قورقۇنچ ئىچىدە ئىگىرىۋەتتى ـ دە، «پەرت»لا قىلىپ ئانىسى تەرەپكە قاچتى. ئانا بۇغا بالىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېقىن بويلاپ پەسكە چاپتى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى قورقۇنچلۇق، رەھىمسىز، ئادالەتسىز ھايات ۋە ماماتلىق

كۆرۈشنى باشلىنىپ دارۋىنىنىڭ «ھايۋاناتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنى» توغرىسىدىكى تەلىماتىدا قەيت قىلىنغان «ھايۋاناتنىڭ تەبىئىي تاللىنىش» جەريانى — كۆچلۈكلەر ئاجىزنى يېيىشتەك زىيادە شەپقەتسىزلىك شۇ تاپتا رېئاللىقتا، دەھشەتلىك پاكىتتا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

سۇر رەڭلىك بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، خەنجەردەك ئۆچلۈك قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، خۇددى يادىن قويۇۋېتىلگەن ئوقتەك ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ مىنۇتتا ئاچ بۆرىنىڭ تاقىلداپ تۇرغان نەپسى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ يوشۇرۇن كۈچ - قۇۋۋىتىنى، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىقتىدارىنى قۇترىتىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا گويا ئۇنى ھېچقانداق نەرسە توسۇۋالالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى: ئۇ كۆز ئالدىدا ئۆلۈم قورقۇنچى ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تېنەپ - تەمتىرەپ قېچىپ كېتىۋاتقان كەلگۈسى ئوۋىغا قاراپ ئېتىلىپ كېلەتتى، ئۇنىڭ ئاچلىقتىن، ئورۇقلۇقتىن خۇنۈكلىشىپ كەتكەن سۇر رەڭ تۈكلىرى تىكلىشىپ، بەدىنى خۇددى باياۋاندىكى سالمىدەك سوزۇلۇپ ئۇزارغان، كىچىككىنە كۈل رەڭ كۆزلىرىگە قان تىقىلىپ يېشىل رەڭلىك مۇدھىش يالقۇن بىلەن لاۋۇلداپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى سالمىدەك تىۋشسىز يۈگۈرەيتتى، گويا پۇرژىنا تېپىۋەتكەندەك ھەربىر ئوقچۇپ ئېتىلغاندا ئىككى - ئۈچ غۇلاچ يەرنى ئارقىسىدا قالدۇراتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن قار توزۇندىلىرى توزۇۋاتقان بولسىمۇ، يۈگۈرۈشىنىڭ تېزلىكىدىن ئۇنىڭ ئاياغلىرىنىڭ يەرگە تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى

كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ قارلىق دالانى تىلغاپ ئارقىسىدا قالدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىنلا ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قارنى ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرىدا جان ـ جەھلى بىلەن قاماپ چىپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئانا ـ بالا بۇغىلار خۇددى چاقماقتەك تاراسلاپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئانا بۇغا بالىسىنى ھىمايىسىگە ئېلىپ ئارقىسىدىن كەلمەكتە ئىدى. ئۇ باغجانلاپ كەتكەن مۈڭگۈزلىرىنى يەلكىسىگە تەگكۈزۈپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، تۇمشۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىدىن چاپقىداپ ئۇرۇۋاتقان شىۋىرغاننى خۇددى كاراپتەك ياراتتى، ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك ۋە كەڭرى كۆكرىكى ھە دېمەي توسالغۇ بولۇۋاتقان قېلىن قار توسقۇنىنى خۇددى ئۆتكۈر پىچاقتەك بۆسۈپ باراتتى. ئۇ پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى ۋە تەشۋىش ئىچىدە ۋەھىمىلىك مەرەپ ئالدىدا قىيغىتىپ چاپراقلاپ كېتىۋاتقان بالىسىنى ھە دەپ ئالدىرىتاتتى. ئانىسىنىڭ ئالدىدا پەسكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان بالا بۇغا ئۆز يېنىدىلا كېلىۋاتقان ئانىنىڭ ھىدى ۋە ئۇنىڭ دەم نەپىسىنىڭ تۇرتكىسىدە دەسلەپتە خېلى تېز يۈگۈردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇغىلار ئېقىنىنىڭ ياردىڭ قىرغىقىدىن يەر تۆۋىنىگە قاراپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. بۇ يەر يۇقىرىسىغا قاراپ يۈگۈرگەنگە قارىغاندا كۆپ ئوڭاي ئىدى، لېكىن بەزى يەرلىرى تىزىغا كېلىدىغان ۋە بەزى يەرلىرى كۆلتۈك بولغان قارنىغا كېلىدىغان قېلىن قار بۇغىلارغا ئەجەللىك دەخلى قىلماقتا ئىدى، بولۇپمۇ بۇغا بالىسىنى قېلىن قار ھە دېمەيلا ھارغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ سۈرئىتى بىردىنلا

ئاستىلاپ قالدى، ئانا بۆغا دەم ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان بۆرىگە ۋەھىمە ئىچىدە چەكچەيسە، دەم قېلىن قارغا پېتىپ ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەۋاتقان بالىسىنى كۆكرىكى بىلەن ئالغا قاراپ دېۋىتەتتى.

ئانا بۆغىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ئانچە كارغا كەلمىدى، بالا بۆغا بارغانسېرى ئاستىلاپ يۈگۈرۈشتىن توختاپ قالدى ـ دە، خۇددى ئۆزىنىڭ بەك كىچىك ۋە ئاجىزلىقىدىن شىكايەت قىلىۋاتقاندەك ئانىسىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ بورۇن تۆشۈكچىلىرى قىزىرىپ، كېڭىيىپ، ئاياغلىرى تىترىمەكتە ئىدى.

بۆرە بىلەن بۆغىلارنىڭ ئارىلىقى شىددەت بىلەن قىسقارماقتا ئىدى. بالىسىنىڭ ھالىغا كۆزى يەتكەن ئانا بۆغا چارىسىزلىقىدىن ئۆرتىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بالا بۆغىنىڭ ئەتراپىدا ئەسەبىيلىك بىلەن پىرقىراپ چاپچىشقا باشلىدى. «ھايت ـ ھۇيت» دېگۈچە سۇر بۆرە يىلاندەك سويلاپ ئوقتەك ئۇچۇپ يېتىپ كەلدى. ئانا بۆغا بالىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بالىسىنى ھىمايىسىگە ئېلىپ بۆرىنىڭ قارشىسىدا بۆرىگە يۈزلىنىپ توغرىلاندى. بۆرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچى قاندەك قىزىرىپ، كىچىكلەپ كەتكەن قارىچۇقىدا بىر ئۆتكۈر يېشىل ئۇچقۇن تۇچكا بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. تاقەتسىزلىكىدىن بۆرىنىڭ دېمى بىر ـ بىرىگە ئۇلاشمايتتى، ئۇنىڭ دىمىقىدىن كېلىۋاتقان ۋەھىملىك «خىر ـ خىر»دىن ئانا بۆغىنىڭ بويى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئاخىرى بۆرە يېتىپ كېلىپ بۆغىنىڭ ئۇچ ـ تۆت

چامدام نېرىسىدا خۇددى چاشقانغا ئېتىلىش ئالدىدىكى مۈشۈكتەك ئالدى پۇتىنى قارلىق يەرگە سوزۇپ، ئارقا پۇتىنى سەل ئېگىپ، شۆلگىيى ئېقىپ تۇرغان تۇمشۇقىنى ئالدى پۇتىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ بۇغىنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىش ئۇچۇن تەييارلاندى. ئىككى رەقىبنىڭ — ئاچ، رەھىمسىز بۆرە بىلەن ھارغىن ئاجىز بۇغىنىڭ كۆزلىرى دۈشمەنلىك ئىچىدە ئۇچراشتى. بۆرىنىڭ كۆزىدە تاقەتسىزلىك، كۆرەڭلىك، مەسخىرە ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش نامايىش قىلاتتى. ئۇ دەم ئانا بۇغىنىڭ سىمىز ساغرىسىغا، دەم كۆلتۈك قارغا پېتىپ تىپىرلاۋاتقان بالا بۇغىنىڭ يۇمران ئېتىگە ئاچ كۆزلىرىچە تىكىلەتتى. ئۇنىڭ قوزۇقتەك ئۆتكۈر چىشلىرى بىتاقەتلىكتىن كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن قويۇق شالى قۇيۇلماقتا ئىدى.

ئانا بۇغا گويا مەڭدەپ قالغاندەك ئىدى، ئۇنىڭ چوڭ ۋە روشەن كۆزلىرىدىن تېگى يوق ئەندىشە، ۋەھىمە چاقناپ، ئاياغلىرى تىترەيتتى. ئۇ گاھى ھازىرلا ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان ياۋۇز دۈشمەنگە بىر خىل ئىلاجسىزلىقتىن كەلگەن غەزەپ ئىچىدە تىكىلسە، گاھى كۆلتۈك قاردىن تىپىرلاپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ۋەھىمە ئىچىدە چەكچىيىپ تۇرغان سەبىي بالىسىغا ھەسرەت ئىچىدە يىنىشلاپ - يىنىشلاپ قارايتتى. ئانا بۇغا ھېچقاچان مۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئەمەس ئىدى، ئۇ گەرچە بىرقانچە قېتىم ياۋۇز بۆرە بىلەن روبىرو دۇچ كېلىپ قالغان بولسىمۇ بۇغىغا خاس چىپچەنلىك، قەيسەرلىك ۋە چەبدەسلىك بىلەن بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، لېكىن ئۇ

چاغدا ئۇ تەنھا ئەمەس ئىدى، بىرنەچچە بۇغا ھەر تەرەپكە تەگلا پىتىراپ قېچىپ بۆرىنى گاڭگىرىتىپ قويۇپ ھېچقايسىسى تۇتۇق بەرمىگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بالىسى يوق ئىدى. ئۇ قايسى تەرەپنى خالىسا بەھۇزۇر قاچالايتتى، ھېچنېمىگە تارتىنمايتتى، خالىغان يېرىگە بىرىپ ئاندىن توختايتتى، لېكىن ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ تېخى ناھايىتى ياش، يېتىلمىگەن، ئاجىز، ئىش كۆرمىگەن ساددا بالىسى يېنىدا ئىدى. ئۇ نە ئۆزىنى قانداق مۇداپىئە قىلىشنى، نە قانداق قېچىشنى ۋە قەيەرگە، قايسى يول بىلەن قېچىشنى بىلسە كاشكى! ئۇنىڭ ئۇستىگە قاردا بالىسىنىڭ ماغدۇرسىز ئاياغلىرى ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيتتى...

ئانا بۇغا بىر تەرەپتىن كۆز ئالدىدىكى دۈشمەنگە ھوشيارلىق بىلەن قادىلىپ ئۇنىڭدىن كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە خەۋپكە تەييارلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالىسىنى ئەپقېچىشقا ئەپلىكرەك شارائىتنى چېچەنلىك بىلەن مۆلچەرلىمەكتە ئىدى.

ئىككى دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى جىمىلىق ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. ئاچ بۆرە ۋەھىمىلىك چىرقىراپ، ئارقا پۇتلىرى بىلەن قارنى تىلغاپ خىرىس قىلىپ بۇغىغا يەر بېغىرلاپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى — ئانا بۇغا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ يەلكىسىگە تاقاپ تۇرغان تۆمۈر ئارىدەك ئۈچلۈق ۋە شاخلىق مۈڭگۈزىنى بۆرىنىڭ قان تولغان كۆزىگە توغرىلاپ، خۇددى ساداقتىن ئاجرىغان ئوقتەك بۆرىگە قاراپ ئېتىلدى.

ھە دېمەيلا بىر لوقما يەمگە ئايلىنىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ

تۇرغان ئۆز ئوۋنىڭ جان قايغۇسى ھەم ئۆلۈم قورقۇنچى ئىچىدىكى ساراسىمىلىك ھالىنى، تەن ۋە جىنىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان غۇرۇرلۇق، لېكىن شۇ مىنۇتتا ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قالغان رەقىبىنىڭ غەزەپلىك، ئەمما كۈچسىز، بىچارە قىياپىتىنى، خۇددى مەغلۇپنىڭ ئۆلۈمىنى ھوزۇرلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقان غالىبتەك ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە كۆرەڭلىك تۇيغۇسى ئىچىدە مەسخىرە قىلىپ بەخىرامان كۆزىتىپ تۇرغان سۇر بۆرە ئانا بۇغىنىڭ نەيزىدەك ئۇچلۇق مۈڭگۈزلىرىنى ئۇچلاپ ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا گاڭگىراپ زوڭزايغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى، شۇ پەيتتە ئانا بۇغا بۆرىنىڭ ئۈستىگە خۇددى يولۋاستەك تاشلاندى ۋە بۆرە ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە شاخ مۈڭگۈزىنى ئۇنىڭ تۆشىگە توغرىلاپ زەرب بىلەن ئۇستى، بۆرە ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە شۇ چاغدىلا ئېسىنى تاپتى - دە، چەبدەسلىك بىلەن يىقىلغان جايىدىن چاچراپ تۆت ئاياغلاندى، لېكىن ئانا بۇغا خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئارقا ئاياغلىرى بىلەن بۆرىنىڭ قارىغا مىلەنگەن تۇمشۇقىغا «قاراس» قىلىپ بىرنى تەپتى. بۆرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى ۋە يەر بىسىپ تۇرالماي جان ئاچچىقىدا كاڭشىغىنىچە ئىككى - ئۈچ دومىلاپ كەتتى، بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلگەن ئانا بۇغا «پەرت»لا قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بالىسىنىڭ يېنىغا باردى - دە، بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ تۆپىلىك تەرەپكە قاراپ ئاتقان ئوقتەك چېپىپ كەتتى. بۆرە تۇيۇقسىز تەگكەن تېپىكتىن تېخى ئېسىنى تاپالماي كاڭشىغىنىچە ئۆز ئورنىدا پىرقىرىماقتا ئىدى. ئۇ

بىردىنلا ئانا ـ بالا بۇغىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېسىنى يىغدى، ئۇ ئەمدى خورلۇق، غەزەپ ۋە ئاچچىقتىن غالجىرلاشقانىدى. ئۇ جاۋغىيىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئانا ـ بالا بۇغىنىڭ ئارقىسىدىن قۇيۇندەك چىپىپ قوغلاپ كەتتى.

ئانا ـ بالا بۇغا ئېقىنىنىڭ قىرغىقى بىلەن بىرھازا يۈگۈرگەندىن كېيىن بىردىنلا تۆپىلىككە چىقىپ قالدى، تۆپىلىكنىڭ نېرىقى چېتى تىك يار بولۇپ، يارنىڭ قاپ بېلىدە يول بار ئىدى. يار باغرىدا كىچىك بىر پارچە ئارچا ـ قارىغايزارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ نېرىسى جىلغا ئوتتۇرىسىدىكى دالا ئىدى. بۇغىلار ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئازراق يۈگۈردى، لېكىن ئۇ يەردىن نېرىسىغا ئۆتكۈدەك ئىمكان يوق ئىدى، چۈنكى ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئېقىننىڭ قىرغىقىمۇ ئىنتايىن تىك ۋە چوڭقۇر ھاڭ ئىدى. بۇغىلار يەنە بايىقى تۆپىلىككە قاراپ چاپتى. تاشيول كېسىپ ئۆتكەن تىك يار ئۇلارنىڭ ئالدىنى كەستى، ئانا بۇغا تىك يارنىڭ قىرغىقىدا توختاپ قالدى. ئۇ دەم يار ئاستىدىكى تاشيولغا، دەم ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بۆرىگە قارىدى، ياردىن سەكرەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇبادا ئارقىسىغا بۇرۇلسا قوغلاپ كېلىۋاتقان بۆرىنىڭ ئالدىدىن چىقاتتى، بۇغا يارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە كۆز تاشلىدى. كۈنچىقىش تەرەپنىڭ يەر شەكلى ئېگىز بولغاچقا، يار ئۇ تەرەپكە بارغانسېرى پاكارلاپ تاشيولنىڭ يۈزى يارغا ياندىشىپ ئېگىزلەپ باراتتى، ئانا بۇغا ھاسىراپ دېمى كېسىلىپ قېلىۋاتقان بالىسىنى تۈمشۇقى بىلەن دېۈتۈپ يارنىڭ كۈنچىقىش

تەرىپىگە قاراپ ئىتتەردى ۋە ئۆزى ئالدىدا يول باشلاپ چىپىپ كەتتى.

قان قۇيۇلغان كۆزلىرىنى قىپچىپ كېتىۋاتقان بۇغىلارغا تىكىپ قۇيۇندەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان سۇر بۆرە بۇغىلارنىڭ قېچىش يولىنىڭ كېسىلىپ قالغانلىقىنى بايقاپ ئاياغلىرىنى تېخىمۇ تېزلەتتى، ئۇ بۇغىلارغا يېتىشىۋالالايدىغانلىقىغا سۆزسىز ئىشەنگەنىدى، بىردىنلا بۇغىلارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ كۇنچىقىش تەرەپكە قاراپ چىپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ بۇغىلارنىڭ يارنىڭ تاشيول يۈزى بىلەن چىشلەشكەن ئورۇنىنى تېپىپ تاشيولنى كېسىپ ئۆتۈپ جىلغا ئارقىلىق ئورمانغا قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى ۋە كەڭ دالانى توغرىسىغا كېسىپ بۇغىلار تاشيولغا چىقىۋالغۇچە ئۇلارنى تىك يار بويىدا قاپسىۋېلىشنى كۆزلەپ بۇغىلارنى دالا تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ پاراللېل سىزىق بويىچە قوغلاشقا كىرىشتى.

بۇغىلار شىلتىگەن قىلىچتەك ئىتتىكلىكتە چىپىپ باراتتى، شىۋىرغان يار قىرغىقىدىكى قارلارنى ئۇچۇرتۇپ كەتكەچكە بۇ يەردە قار ئانچە قېلىن ئەمەس ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ يۈگۈرۈشىنى سەل ئوڭايلاشتۇردى، لېكىن بۇغا بالىسى ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى. ئۇنىڭ دەرمانسىز، ئاجىز ئاياغلىرى تىترەپ ھېلىلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، لېكىن بىر دەقىقىمۇ توختاپ قېلىشقا بولمايتتى.

سۇر بۆرە دالا تەرەپنى كېسىپ ئۇلار بىلەن يانمۇيان چىپىپ كېلىۋاتاتتى. مۇبادا توختاپ قالغۇدەك بولسا بۆرە «ھايت ـ ھۇيت» دېگۇچە بۇغىلارنىڭ بوغۇزىدىن ئالاتتى.

يار بارغانسېرى پەسلەپ تاشيول يۈزى ئېگىزلەشكە باشلىدى. بۇغىلار تېخىمۇ تېزرەك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بۇغىلار ئاخىرى يار پەسلەپ يەر يۈزى بىلەن تەڭلەشكەن تارغىنا قاپچىغايغا يېتىپ كەلدى.

بۆرە قېلىن قارلىق دالادا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاچقا قار ئۇنىڭغا كاشىلا قىلىپ، بۇغىلار قاپچىغاي ئېغىزىغا چۈشكىچە بۇغىلارغا يېتەلمەي قالدى. لېكىن، بۆرە چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ جان - جەھلى بىلەن چېپىپ كېلىۋاتاتتى. بۇغىلار بىلەن بۆرىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن تېزلىكتە قىسقىراپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇغىلار ئاخىرى قاپچىغاي ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى - دە، كىچىككىنە بىر دۆڭنىڭ يېنى بىلەن تاشيولغا قاراپ چاپتى. ئۇ دۆڭ تاشيولنىڭ قىرغىقىدىلا ئىدى. ئانا بۇغا تاشيولغا چىقىپ جىلغا تەرەپكە قاراپ چاپتى، ھالسىراپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بۇغا بالىسى ئانىسىغا يېتىشەلمەيۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قۇدرىتىنى سەرپ قىلىپ ئانىسى بىلەن سەل ئارىلىق تاشلاپ سوڭدىشىپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئانا بۇغا تاشيولغا چىقىپ تاشيولنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈشى ھامان بالا بۇغىمۇ تاشيولغا يۈگۈرۈپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى كىچىك دۆڭ ئايلانمىسىدىن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ھەربىي جىپ چىقىپ قالدى، جىددىي ئايلانمىدىن ئىنتايىن تېزلىكتە ئۇشتۇمتۇت چىقىپ قالغان جىپ تاشيولغا ئەمدىلا ئاياغ باسقان بۇغا بالىسىنى زەرب بىلەن سوقۇۋەتتى. ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان جىپقا قاتتىق ئۇرۇلغان بۇغا بالىسى خۇددى پومزەكتەك قاڭقىپ بېرىپ تاشيولنىڭ نېرىقى چېتىدىكى يارنىڭ قىرغىقىغا

گۈپپىدە يىقىلدى ۋە جان ئاچچىقىدا «تېپىر - تېپىر» قىلىپ تېپىرلىغىنىچە ياردىن پەستىكى قېيىن ۋە ئارچىزار جىلغىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

ئانا بۇغا ئارقىسىدىكى «پالاق - پۇلۇق»نى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ئۇ بالىسىنىڭ تېپىرلىغىنىچە ياردىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق بوزلىۋەتتى. جىپ ماشىنا توختىدى. جىپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ۋىجىككىنە كەلگەن كىسەل چىراي بىر ھەربىي ئادەم جىپتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ھېلىقى بۇغا بالىسى دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن يارنىڭ قىرغىقىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ پەسكە قاراپ توۋلىۋەتتى:

— پاھ! بۇغا ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بەك چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى - دە! — ئۇ قوللىرىنى ھاياجان ئىلكىدە ئۇۋۇلىدى.

بۇ ئادەمدىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشكەن شوپۇر يىگىتمۇ پەسكە بوينىنى سوزۇپ قاراپ قويۇپ:

— بۇ يەردىن چۈشكىلى بولمايدۇ - دە، يولداش پولك كوماندىرى، — دېدى.

— يۈرۈڭ، ماڭايلى، — دېدى پولك كوماندىرى ۋە ئۆزى جىپقا قاراپ ماڭدى. جىپ ئورنىدىن قوزغالدى. شۇ چاغدا پولك كوماندىرىنىڭ كۆزى ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىرەر يۈز مېتىر ئارىلىقتا يارنىڭ قىرغىقىدا بىر پۇتى بىلەن چاپچىپ گاھ يارنىڭ پەس تەرىپىگە، گاھ كېلىۋاتقان ماشىنىغا، گاھ تاشيولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يارغا قاراپ چەكچىيىپ قارنى تىلغاپ تۇرغان، مۈڭگۈزلىرى شاخلىنىپ كەتكەن بىر چوڭ بۇغىنى كۆرۈپ قالدى ۋە خۇشال ۋارقىرىۋەتتى:

— ئالدىڭدا بوغا تۇرىدۇ!...

— قاراڭ، پولك كوماندىرى، باش ئۇستىمىزدىلا بىر بۆرە چەكچىيىپ تۇرىدۇ... — دېدى شوپۇر يىگىت ھودۇقۇپ.

پولك كوماندىرى دېرىزە كۆزنىكىدىن تاشيولنىڭ قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتە يول تەرەپكە قاراپ چەكچىيىپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان تورپاقتەك يوغان سۇر رەڭ بىر بۆرىنى كۆردى.

— بولدى، توختىمايلى، كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ... ماشىنىنى تېزلەت!

ئۇ ھەربىي جۇۋىغا يۆگىنىپ كۆزىنى يۇمدى، ماش رەڭلىك ھەربىي جىپ چاپقىداپ ئۇرۇۋاتقان شىۋىرغانغا قارشى يۆنىلىشتە يورۇپ كەتتى. لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان قار پارچىلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ جىپنىڭ چاقلىرى قالدۇرۇپ ئۆتكەن گۈللۈك پاراللېل سىزىقلارنى كۆمۈپ تاشلىدى...

## 5

«تۆمۈرتاي» جىلغىسىدىكى ئورمانغا يانداش كەلگەن تارغىنا دالادا قارلىق شىۋىرغان ئوينىماقتا ئىدى. قىشنىڭ ئاجىز قۇياشىنى قېلىن بۇلۇتلار توسۇۋالغاچقا، پۈتۈن دالا قوغۇشۇندەك گىرىمسەنلىك ئىچىدە ھۇۋۇلداپ ياتاتتى.

يارداڭ باغرىدىكى شالاڭ كەلگەن ئارچىزارلىق ئارىسىدىن ملتىقلىرىنى ئۆشنىسىگە ئېسىپ،

قۇلاقچىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى چۇشۇرۇۋالغان بەش نەپەر جەڭچى بىر رەت بولۇپ قېلىن قارنى كېچىپ كېتىۋاتاتتى. جەڭچىلەرنىڭ قۇلاقچا ۋە جۇۋىسىنىڭ ياقىسىدا ئىككىلىك قېلىنلىقتا قار قېتىپ قالغان، ئۇلارنىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىمۇ قار ئاستىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قېلىن قار ئىچىدە قالدۇرۇپ ماڭغان قاتار ئىزلىرىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە قار كۆمۈپ تاشلايتتى. ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن قىسىم گازارمىغا قايتىشتىن ئىلگىرى گازارمىنىڭ كەم ـ كوتا ئىشلىرىنى جۈڭگۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن دالانى كېسىپ گازارمىغا ئالدىراش كېتىۋاتقان ئىشقىيارلار گۇرۇپپىسىدىكى بەش جەڭچى ئىدى.

ئىشقىيار سەپىنىڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى، سەل ئۆسۈپ قالغان يىرىك بۇرۇتلىرىغا قونغان ئاپپاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنى خۇددى بوۋايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئۇ يۇزىگە يىڭنىدەك سانجىلىۋاتقان شىۋىرغاندىن كۆزلىرىنى سەل قىسقىنىچە ئالدىدا كېتىۋاتقان جەڭچىنىڭ چوڭقۇر ئاياغ ئىزىنى بېسىپ ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

بۆگۈنكى مەشىقتە روتا كوماندىرى بۇ جەڭچىلەرنى ئالاھىدە تەقدىرلىگەنىدى. گەرچە ھازىر ھېچكىم ئۇنچىقماي ئالدىراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، روتا كوماندىرىنىڭ بايىقى ماختىشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى.

مانا مۇشۇنداق قىلىن ۋە يۇمشاق قار ئۈستىدە مېڭىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، تېنىڭ ئوتتەك قىزىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېڭەڭدە بىر خىل قانائەتلىنىش بەخش ئەتكەن خۇشاللىقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ئىشقىيار ئۆسمۇر ۋاقتىدا قېلىن قار ياغقان كۈنلەردە يېزا مەكتىپىگە بارغۇچە ۋە كەلگۈچە ساۋاقداشلىرى بىلەن چوڭ يولنى تاشلاپ ئەمدىلا ياغقان يېڭى قار بىلەن قاپلانغان ئېتىز ـ دالانى كېسىپ مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەھەللىلىك باللار خۇددى باھار تۇرنىسىدەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سەپ بولۇپ، بىرىنىڭ ئاياغ ئىزىغا يەنە بىرى دەسسەپ باشاقسىمان ئىز سالاتتى ۋە پات ـ پات ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ خېلى يەرلەردىن ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان گۈلدار ئاياغ ئىزلىرىغا قاراپ قىن ـ قىنىغا سىغماي خۇشال بولاتتى، ۋارقىرىشاتتى، چۇرقىرىشاتتى. ئاخىرىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە پومزەك بولۇپ، يىقىلىپ يۇمشاق قار ئۈستىدە پىخىلداپ كۈلۈشۈپ «ئاھ ـ ۋاھ»لاپ پۇخادىن چىققۇچە دومىلىشاتتى...

ئاشۇ تىنىمسىز، بەختىياش باللىق كۈنلىرى ئىشقىيارنىڭ يادىغا پات ـ پات كېچەتتى. چۈش كۆرسىلا يىراقتا قالغان ئاشۇ خىلۋەت مەھەللىسىنى، قارا قىشتا بىللە «ۋاللەي» توۋلاپ، ياز كۈنلىرى ئېتىز قىرلىرىدا بىللە قوي باققان، قوشنا خامانلاردا بىللە تۇلۇق ھەيدىگەن تەڭتۇشلىرىنى چۈشەپ چىقاتتى.

بۈگۈن ئۇ گۈرۈپپىدىكى سەپداشلىرى بىلەن قاتارلىشىپ قارلىق دالادا كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ شۇ يىراقتا قالغان كۈنلىرىنى ئەسلەپ قالدى ـ دە،

ۋۇجۇدىغا بىر خىل تاتلىق سىغىنىش تۇيغۇسى تارقىلىپ كەتتى. ئۇ خۇددى بالا ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئالدىدا كېتىۋاتقان سەپداشلىرىنىڭ ئىزىغا ئاياغ بېسىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى، لېكىن ئالدىدا كېتىۋاتقان جەڭچى پاكارراق بولغاچقا ئۇنىڭ قەدەملىرى كىچىك ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان جەڭچىنىڭ كىچىك ئېلىنغان قەدەم ئىزىغا توغرىلاپ دەسسەش ئۈچۈن قەدىمىنى ئىككى باراۋەر كىچىكلىتىشكە توغرا كېلەتتى ـ دە، كۆپ هاللاردا ئىزىغا دەللەپ دەسسىيەلمەي قالاتتى. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۆزىچە باللاردەك هۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ قوياتتى ۋە يەنە ئالدىدىكى ئىزغا توغرا كەلتۈرۈپ دەسسىمەكچى بولاتتى...

كەچ كىرگەنسېرى شىۋىرغان كۈچىيىپ كەتتى. يېرىك قار ئۇچقۇنلىرى چاپقىداپ كىشىنىڭ يۈزىگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى. ئىشقىيار جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ مۈرىسىگە چۈشكەن قار ئۇۋاقلىرىنىڭ شىرقىراشلىرىغا، ئۆشنىسىدىكى ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ سۇدانغا تېگىپ تىرىڭلىشىغا قۇلاق سالغىنىچە كۆزىنى گاھ قار تۇزانلىرى ئىچىدە قالغان كەڭرى دالاغا تىكىپ، گاھ ئالدىدىكى جەڭچىنىڭ ئاياغ ئىزىغا ئاغدۇرۇپ جىمجىت كېتىۋاتاتتى...

## 6

ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ئەسلىدە ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاشماسلىقى ۋە ئوخشىشىپ

قالماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە. مۇبادا ھەممىلا ئادەم بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كەتسە ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا ئۆلۈۋالغۇدەك دەرىجىدە كۆڭۈلسىزلىشىپ كېتەر ئىدى.

ئاشۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپى ئىچىدە ئىشقىيار باشقىلارغا تېخىمۇ بەك ئوخشاشمايدىغان باشقىچىلا بىر ئۆزگىچىلىكى بار يىگىت. ئۇنىڭ تۆگىدەك بوي ـ بەستى، ھەم توم، ھەم ئۇزۇن بىلەك، پاقالچاقلىرى؛ ھەم قېلىن، ھەم يوغان قۇلاقلىرى، قاۋۇل ۋە كەڭرى گەۋدىسى بىلەن قىسىمغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئېيىقباي» دەپ لەقەم سىڭدۇرۇۋالغان بۇ جەنۇب يىگىتى ئاشۇنداق نامغا يارىشا ئاجايىپ كۈچتۈڭگۇر ئىدى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماق ئارىلىقىدىكى ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتى ئىدى. گازارما قورۇسىدا جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى تورنىك، گاھىلىرى ۋالىبول، گاھىلىرى شاھمات ئوينىشىۋاتاتتى. بىر توپ جەڭچىلەر بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ گاھ نېمىدۇر بىرنەرسە ئۈستىدە تالىشىپ قىزىشىپ، گاھ توپ ئىچىدىكى شىماللىق بىر يېڭى جەڭچىنىڭ قىزىق ـ قىزىق لاپ ۋە لەتىپىلىرى ئۈچۈن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.

بىر چاغدا گازارما قورۇسىغا بىر جىپ ماشىنا كىرىپ كەلدى ۋە ھېلىقى جەڭچىلەرگە يېقىنراق يەرگە كېلىپ توختىدى. يىگىتلەر بۇ ماشىنىنى تونۇيتتى. بۇ پولك كوماندىرىنىڭ ماشىنىسى ئىدى. بۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرى بىلەنمۇ بۇرادەرچىلىك قىلىشاتتى. يىگىتلەر شۇ ھامان جىم بولۇشتى. ماشىنىدىن چۈشكىنى پولك كوماندىرى بولماي، بىر ناتونۇش باشلىق ئىدى.

ه

ھەربىي شوپۇر ماشىنىنى توختىتىپ يىگىتلەرگە يىراقتىن كۆزىنى قىسىپ قويىدى ـ دە، ھېلىقى مېھماننى روتا ئىشتابىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. يىگىتلەر گۇررىدە ماشىنا ئەتراپىغا ئولاشتى. قىلىدىغان ئىش تاپالماي تۇرغان بۇ جەگچىلەرگە يېڭى ئەرمەك تېپىلغانىدى. ئۇلار ماشىنىنىڭ موتورىدىن «كىرىپ»، دېپىرىدىن «چىقىپ» ئۆزلىرىنىڭ ئاپتوموبىل ھەققىدىكى بىلىملىرىنى بىر ـ بىرىگە «كۆز ـ كۆز» قىلىشىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل شوپۇرى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئىشقىيارمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قىسىمغا كەلگەندىن بېرى چۈشىسىمۇ شوپۇر بولۇپ چۈشەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، بىر چاغدا كىچىك ماشىنا شوپۇرى ئىشتابتىن قايتىپ چىقىپ يىگىتلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن قىزغىن چاقچاق قىلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن توپ ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ قانداق، پالۋان، ماڭا شاگىرت بولغۇڭ بارمۇ؟ ــ دېدى، ئىشقىيارنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.

ــ بىزنىڭ روتىدىن ئۈچ كىشىنى شوپۇرلۇققا چىقىرارمىش، دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن بۇنداق ئامەت ماڭا كەلمەيدۇ ـ دە، ــ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

ــ قارا گېپىڭنى، شوپۇر دېگەنگە خۇددى سەندەك بەستلىك قاۋۇل يىگىت كېرەك... ــ شوپۇر يىگىت ئىشقىيارنىڭ قولىقىغا ئاستاغىنا پىچىرلىدى، ــ بايىقى كىرىپ كەتكەن مېھمان دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدى، سىلەرنىڭ روتا كوماندىرى بىلەن مۇشۇ ھەقتە

مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، مەن يولدا كەلگۈچە سىنىڭ ھەققىڭدە ئۇنىڭغا ئىزىپ ئىچۇردۇم، سىنى ئېيىق بىلەن ئېلىشالايدۇ دېدىم... روتا كوماندىرى نېمە دەركىن؟... قارا مۇنداق قىلايلى... پولك ماشىنا ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى ھازىرلا قايتىپ چىقىدۇ. بىز يەنە باشقا روتىلارغىمۇ بارىمىز، ئۇ كىشى چىققان ھامان سەن ئۆزۈڭنىڭ پالۋانلىقىڭنى بىر كۆرسىتىپ قويامسەن!

ــ مەسلەن، قانداق قىلىپ؟ ــ سورىدى ئىشقىيار قىزىقسىنىپ.

ــ مەيلى نېمىلا قىلساڭ، ئۇنىڭ كۆزىچە مېنىڭ سىنى «ئېيىق بىلەن ئېلىشالايدۇ» دېگەن سۆزۈمنى بىر ئىسپاتلاپ بېرىسەن ـ دە. شوپۇرلۇقتا چىقىرىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىگە ئىسمىڭ بىرىنچى بولۇپ پۈتۈلىدۇ.

ــ ئۇنداقتا ئاۋۇ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئېيىقتەك ئاغىنەڭدىن بىرنى باشلاپ كەل، ئىشقىيار، ــ دېدى پاكارراق جەڭچى چاقچاق قىلىپ، ــ ئاندىن بۇ يەردە بىر چېلىشىش سورۇنى تۈزەيلى...

ــ تاغ ئېيىقىنىڭ قارىسىنى كۆرە ـ كۆرمەي سورۇننى تاشلاپ ئۇدۇل ئاناڭنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈڭنى ئاتارسەنمىكىن، رازىق، ــ جەڭچىلەرنىڭ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ــ ئەڭ ياخشىسى، ــ دېدى بايا رازىقنى مازاق قىلغان يىگىت كۈلكە بېسىقىقاندىن كېيىن، ــ گازارمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارىغايدىن بىرنى قومۇرۇپ كىرگىن، ئىشقىيار، بۇمۇ قالتىس كۈچ كۆرسىتىش بولىدۇ...

شۇ چاغدا روتا ئىشتابى تەرەپتىن بايىقى مېھمان

چىقىپ كەلدى. روتا كوماندىرى ۋە يېتەكچى ئۇنى ئۆزىتىپ چىققانىدى.

جەڭچىلەر دەررۇ چاقچىقىنى توختىتىپ ئۆزلىرىنى تۈزەشتى.

— ئۇنداقتا، — دېدى بايىقى مېھمان ئۆزىتىپ چىققانلارغا قاراپ، — قىشلىق مەشىقتىن كېيىن يوللاپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، بەك كېچىككەندە 5 — 6 — ئايلاردىن كېيىن قالماس...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ ماشىنا يېنىغا كەلدى، ھېلىقى شوپۇر يىگىت دەررۇ ئىشقىيارغا «قېنى، چاققان بول» دېگەندەك قىلىپ كۆزىنى قىستى. جەڭچىلەرمۇ ئىشقىيارنى نېمە قىلاركىن دېگەندەك ئۇنىڭغا قىزىقىسىنىپ قاراشتى. ئىشقىيار بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. ھېلىقى كىشى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئىشقىيار ئۆز ئورنىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدى. شوپۇر يىگىت ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قولىنى سىلكىپ ئىشقىيارغا جىملەش نەزىرىدە قاراپ قويۇپ ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى. شۇ چاغدا ئىشقىيارنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كىرىپ قالدى ـ دە، ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى، شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئورنىدىن قوزغىشى ھامان كىچىك ماشىنىنىڭ ئارقا رامىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە ئورنىدىن ئەمدىلا قوزغالغان ماشىنىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا تىرەجىگىنىچە تۇرۇۋالدى. ماشىنىنىڭ ئارقا چاقى يەردىن بەشلىك ئۈزۈلۈپ قۇرۇق پىرقىراشقا باشلىدى. شوپۇر نېمە بولغىنىنى بىلمەي

گازنى كۆچەيتمۆيدى، ماشىنىنىڭ گەۋدىسى تىترەپ چاق تېخىمۇ تېز پىرقىراپ كەتتى. ئەتراپتىكى جەڭچىلەر ھەيران بولغىنىدىن چۈرقىرىشىپ كەتتى. ساپساق ماشىنىنىڭ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئورنىدىن قوزغىلالمايدىغان بولۇپ قالغىنىنى چۈشەنمىگەن شوپۇر يىگىت موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ پەسكە چۈشتى ۋە ماشىنىغا ئولىشىۋالغان يىگىتلەرنىڭ سىرلىق كۆلكە چىرايلىرىغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى ۋە نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك دەررۇ ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇ يەردە ئىشقىيار ماشىنىنى كۆتۈرگىنىچە تۇراتتى، ئىشقىيار شوپۇرنى كۆرۈپ ماشىنىنى جايىغا قويۇپ قويدى. ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ قالغان شوپۇر بىردىنلا كۈلۈۋەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئىشقىيارنىڭ نامى پۈتۈن پولكقا پۇر كەتتى. ئۇيغۇر جەڭچىلەر چېلىشىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، جەڭچىلەر مەشىق ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا ياكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىر يەرگە يىغىلىپ سورۇن تۈزۈپ ئۆزئارا چېلىشىپ ئويىنشاتتى. كېيىن باشقا مىللەت جەڭچىلىرىمۇ مۇشۇنداق چېلىشىش سورۇنلىرىغا قىزىقىپ قاتنىشىدىغان بولدى، ئەنە شۇنداق چېلىشىش سورۇنلىرىدا ئىشقىيارنىڭ غولىنى ھېچكىم يەرگە تەگكۈزەلمەيتتى، ئىشقىيار بىلەن چېلىشىشقا چۈشكەن جەڭچىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچ تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان بىر خىل ياۋا كۈچنى سېزەتتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشا ـ تۇتۇشمايلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالاتتى... دېمىسىمۇ، ئۇلۇغئارتىلىقلارنىڭ «تەتە مىڭىشنى چېلىشىش مەيدانىدا ئۆگەنگەن» دېگەن داڭقى بار.

ئىشقىيار ئەنە شۇ ئۇلۇغئارتلىقنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇلۇغئارتلىقلاردىن مەملىكەت ۋە خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە شۆھرەت قازانغان پەلۋانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلۇغئارتتا چېلىشچىلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ كەتكەن. ئۇ يەردە ھەر كۈنى چۈشتە، كەچتە چېلىشىش سورۇنلىرى تۈزۈلۈپ، چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ئۆز خىللىرى بويىچە چېلىشىشقا چۈشىدۇ. جۈمە كۈنى مەھەللە بويىچە كاتتا چېلىشىش مەيدانى تۈزۈلىدۇ، مەھەللىنىڭ كۆچتۇڭگۈر پالۋان چەۋەندازلىرى، قوشنا مەھەللىدىن كەلگەن داڭلىق نوچىلار بەل تۇتۇشىدۇ.

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى «بوز» دەپ ئاتىلىدىغان چېلىشىش مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. مەھەللىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش قومۇرۇلۇپ چىقىپ چېلىشىش كۆرىدۇ. «بوز» ئاسمىنىنى كىشىلەرنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى لەرزىگە سالىدۇ، ئارقا - ئارقىدىن سەككىز - ئون چېلىشچىنى سەپتىن چىقارغان پالۋانلارغا بىرەر تون كىيدۈرۈپ قوي - قوزا، ھەتتا بىرەر ئات تارتۇق بېرىشىدۇ. ئەتىگەندە باشلانغان چېلىشىش جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغاندا تارقىلىپ، سورۇن ئەھلى جۈمە نامىزىدىن يېنىشقاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن داۋام قىلىدۇ. «چۆلئاۋات» تا پۇتبول مەيدانى كۆرمىگەن يىگىتنى ئەر سانىمىغاندەك ئۇلۇغئارتتىمۇ چېلىشىش سورۇنىغا چۈشۈپ باقمىغان ئوغۇلنى ئەركەك سانىمايدۇ، ئۇنداق يىگىتلەرنى قىزلارمۇ ياراتمايدۇ...

خىيال بىلەن كېتىۋاتقان ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە ئايغى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان قىلىن قارلىق دالا شۇ تاپتا

گويا يەر يۈزىگە يېيىپ سېلىنغان ئاپپاق داستىخاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى...

## 7

ئاھ، قار! ئاق چېچەكتەك ئاپپاق قار! پاكلىقنىڭ، پاكىزلىقنىڭ، يورۇقلۇقنىڭ بەلگىسى قار! بەختنىڭ، توقلۇقنىڭ، ئاسايىشلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، ئوچۇقلۇقنىڭ بەلگىسى قار! قىشنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرىدىكى بۇرۇقتۇملۇق، غەشلىك، قايغۇ ـ ھەسرەت، ئىچ پۇشۇقىنى سىقىپ چىقىرىپ دىللارغا ئۈمىد، خۇشاللىق، يورۇقلۇق، ھەۋەس، ئىشتىياق، روشەنلىك،سەگەكلىك بېغىشلايدىغان ئاق قار!

ئادەملەرنى، ھايۋانات ـــ ئۇچارقاناتلارنى، يەر ـ زېمىن، دەل ـ دەرەخلەرنى ئاغرىق ـ سىلاق، پاسىقلىقتىن ساقلايدىغان، ئۇلارغا يېڭىچە ھايات جۇشقۇنلۇقى بېغىشلايدىغان قار! كۆك ئاسمانىنى توپا ـ چاڭدىن تازىلاپ ئالەمگە يورۇقلۇق، روشەنلىك ئەكېلىدىغان قار!... ئىشقىيار قارلىق دالاغا كۆز تىكىپ ماموقتەك يۇمشاق قارغا كېچىپ كېتىۋېتىپ يۇرتىدا ھەر يىلى تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە ئاتاپ بېرىلىدىغان «قارلىق تاشلاش» ئويۇنىنى بىردىنلا ئەسلەپ قالدى.

تۇنجى قار ياغقان كۈنلىرى مەھەللە ـ كوي، ئۆي ـ ئۆيلەر بىردىنلا جانلىنىپ كېتەتتى. بىرىنچى قاردا قارا قىشنىڭ سوغۇقى بىلەن بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭغا قوغلانغان باللار ھەم ئوچاق بوغۇزى ۋە كۇلۇڭغا مەيدىسىنى قاقلاپ

ئەسنەپ ياتقان بوۋاي ـ مومايلارغا جان كىرىپ، باللار گويا ئۇچۇرما بولغان قۇشلاردەك چۇلدۇرلىشىپ كوچا ـ كويلارغا، دالا ـ قىرلارغا چىپىشىپ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قار ئۈستىدە پومداقلىشىپ، دومىلىشىپ، ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ پۇتكۇل دالانى بېشىغا كىيىشىدۇ. ياش يىگىت، قىز ـ چوكانلار هويلا ـ ئارامىلىرىدىن چىقىپ ئۆز تەڭتۇش ـ ھەمشىرىلىرى بىلەن توپ ـ توپ بولۇشۇپ تەلپەك ـ تۇماقلىرىنى قىرلاپ كىيىپ نېمىلەر توغرىسىدىدۇر سىرلىق پىچىرلىشىپ، كۈلۈشۈپ ـ يايراپ بىر ـ بىرى بىلەن «باغ ـ باغ» بولۇشۇپ كېتىدۇ. بوۋاي ـ مومايلار يېڭى مەسە ـ كالاچ ۋە هېيتلىق تونلىرىنى كىيىشىپ، هاسىلىرىنى توكۇلدىتىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كاڭنىڭ بوغۇزىدا خىيال سۈرۈپ يېتىشىپ ئىچىگە يىغىلىپ قالغان هال ـ مۇڭلىرىنى ئورتاقلىشىپ، ئىچ ـ قارنىنى ئېچىشقىلى تەڭدىمەتلىك كۆڭۈلداشلىرىنىڭ هويلىسىغا مېڭىشىدۇ...

شۇنىڭ بىلەن «قارلىق» تاشلاش باشلىنىپ كېتىدۇ، تۇنجى قار ياغقان بىرىنچى سائەتتىن باشلاپ يىگىت ـ قىزلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سۆزمەن، قوشاقچى، قەلىمى دۇرۇس بىرىگە قارلىق باغىقى يېزىشنى تاپشۇرىدۇ. بىردەملىك تالاشتىن كېيىن قارلىق باغىقى كۆڭۈلدىكىدەك يېزىپ پۈتىدۇ.

باغاقنىڭ بېشىغا شۇ قىش يېڭى قار بىلەن قۇتلۇقلانغاندىن كېيىن مۇنداق قوشاق تەقدىم قىلىنىدۇ:

ھەققى ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
ئاشۇ ئاق قار بۇ زېمىنغا پەزىلىتىن قىلدى ئاشكار،
قىش بولسا، ئۇيغۇر قوۋمىگە رەسمىي بولۇپ قائىدە،
دوستىغا قارلىق تاشلىماق قەدىمىدىن بارۇ بار.

... ...

قاردا جاننى ياشلىدۇق،
قار ئويۇنى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خۇشلۇقىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر ،
تاپمىغىنى چۈجە خوراز.
تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.

باغاقنىڭ ئاخىرىغا يېڭى قارنىڭ شەرىپىگە، دوستلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە شۇ كىشىنىڭ بىر كېچىلىك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى توغرىسىدىكى تەلەپ يېزىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باغاق تاشلاشقا لايىق كىشى تاللىنىدۇ، بۇ كىشى ھەرىكىتى چاققان، ئۆزى چېچەن، ئايىغى ئىتتىك، سۆزگە ئۇستا ۋە «كۆز باغلاش»قا ماھىر ئادەم بولۇشى شەرت توپ ئارىسىدىن تاللانغان كىشى باغاقنى نىشان قىلىنغان كىشىنىڭ كۆزىچە، لېكىن چاندۇرماي تاشلاپ قويۇپ چىقىدۇ. باغاق تاشلانغان ئۆينىڭ ئىگىسى باغاق تاشلىغۇچى ئۆز قورۇسىدىن چىقىپ بولغۇچە يوشۇرۇنغان باغاقنى بايقاپ قېلىپ ياكى ئۆزىگە باغاق تاشلانغىنىنى تۇيۇۋېلىپ باغاق تاشلىغۇچى

قورۇدىن چىقىپ بولغۇچە ئۇ كىشىنى تۇتۇۋالسا باغاق تاشلىغۇچىنى ئات ـ ئۇلاغقا تەتۈر مىندۈرۈپ باش ـ كۆزىگە قار چىچىپ مەھەللىنى ئايلاندۇرىدۇ، باغاق تاشلىغۇچى ئۆزىنىڭ كالانپايلىق قىلغان گۇناھى ئۈچۈن بۇ جازانى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرىدۇ. ئۇنى باغاق تاشلاشقا ئەۋەتكەن ھېلىقى دوستلىرى بولسا شۇ ھامانلا باغاق تاشلانغۇچى تەرەپ بولۇۋېلىپ باغاق تاشلىغۇچىنى كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن مازاق قىلىشىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىدۇ. ئاخىرىدا تۇتۇلۇپ قالغۇچى بولسا دوستلىرىنى ئۆيىگە چىللاپ بەزمە قىلىپ بېرىدۇ، مۇبادا باغاق تاشلىنىدىغان ئۆي ئىگىسى بىخەستەلىك قىلىپ چىچەن باغاق تاشلىغۇچىنىڭ ھېيلىسىنى ۋاقتىدا سېزەلمەي باغاق تاشلىغۇچى قورۇدىن قېچىپ چىقىۋالسا، باغاق تاپشۇرۇۋالغۇچى قارلىق تاشلىغۇچىنىڭ بىر توپ شېرىكلىرىنى ئۆيىگە چىللاپ ئۆزىنىڭ ھالىغا لايىق داستىخان سالىدۇ. ئولتۇرۇش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. دۇتار ـ داپ، تەمبۇر تەڭكەش قىلىنىپ ھەممە بىرلىكتە قەدىمكى ناخشىلارنى ئېيتىشىدۇ. ئولتۇرۇش تاكى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىپ يىگىت ـ قىزلار كۆڭۈل بىلەن تەڭ كۈلكە ـ چاقچاق، رەھمەت، تەشەككۈر ئىچىدە تارقىشىدۇ. بۇنداق كۈنلەردە مەھەللىدىكى قېرىلار ياشلار بىللە قارلىق بەزمىگە قاتناشمىسىمۇ ئۆز ئالدىغا سورۇن تۈزۈشۈپ «ماش مەشرەپ» ئۆتكۈزۈشىدۇ. تەڭدىمەتلىك قېرى ـ چۈرىلەر ئۆز دىمەتلىكلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىدۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى تۆرگە كۆرپە سېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ مېھمانلارنىڭ ئىختىيارلىقى بويىچە خالىغان غىزانى

ئېتىپ داستىخان سالىدۇ، تائامدىن كېيىن يۇمشاق پىشۇرۇلغان بىر تاۋاق ماش تارتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئەھلى تەكىيە ـ ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ نۆۋەت بويىچە لەتىپە، ھېكايە ـ چۆچەك، داستان، رىۋايەتلەر سۆزلىنىدۇ. ياكى بولمىسا ئۆزئارا قىزىق ـ قىزىق سۆز ئويۇنى قىلىنىدۇ. بىر ـ بىرىگە نەسىر ـ قەسىدە سوۋغا قىلىنىدۇ. «ماش مەشرەپ» تە دۇتار ـ تەمبۇر چېلىنمىسىمۇ قىرىلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرى ياش يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئولتۇرۇشىدىن كەم قىزىمايدۇ...

تۇنجى قار ـــ زىمىستان قىش ئۇيقۇسىدىكى مەھەللىگە ناخشا ـ كۈلكە، مۇھەببەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىشقىيارنىڭ بوۋىسى ئوسمان ياشلىقىدا كارۋانچى بولۇپ، شەمەي، قازان دېگەن شەھەرلەردىن تارتىپ، كابول، بومباي، ھىراتلارغىچە بارغان، شىڭشىڭشىيا، لەنجۇۋ دېگەن يۇرتلاردىن تارتىپ تاشكەنت، ئالمۇتا، ئىلى، ئالتاي، يەكەن، خوتەنلەرگىچە ئارىلاپ چىققان كىشى بولۇپ، ئۆز بېشىدىن ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى ئۆتكۈزگەن، خۇش پېئىل، چاقچاقچى، مېھماندوست ۋە ئەقىللىك ئادەم ئىدى، يۇرتتا ئۇ كىشىنى «ئوسمان چوڭ» دېيىشەتتى. كىشىلەر ئۇنى كۆپنى كۆرگەن كىشى دەپ ھۆرمەتلىشەتتى ۋە ھەممە ئىشتا ئوسمان چوڭنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئوسمان چوڭ ئىشقىيارنى بەك ئەتىۋارلايتتى. كىچىككىنە ئىشقىيارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ھېلىتىدىن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قاۋۇل بوي ـ بەستىدىن گويا ئۆزىنىڭ تازا قىران چاغلىرىدىكى بەست ـ قامىتىنى كۆرگەندەك بولاتتى. «ئوسمان چوڭ» ئىشقىيارنى ئۆز

يېنىدىن ئايرىمايتتى. ناھايىتى كىچىككىدىلا بوينىغا مىندۇرۇپ ئەنە شۇنداق «ماش مەشرەپ» لەرگە ئاپىراتتى. كېيىنچە ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۇرۇپ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئادەت بويىچە ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان كاتتا نورۇز بايرىمىنىڭ سورۇنلىرىغا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن بولسا تېرىلغۇ ئەمگىكىنىڭ ھاردۇقى سۇپىتىدە ماي ئايلىرىنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىزىلگۈل سەيلىسىگە، مېۋىلەر مەي باغلىغان تومۇز ئايلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان باغ سەيلىسىگە، قوغۇن ـ تاۋۇز تازا پىشقان سېنتەبىر ئايلىرىدىكى قوغۇن سەيلىسىگە ئاپىراتتى...

رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىپ چېكىلىرىگە گۈل قىستۇرۇۋالغان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بۇ سورۇنلاردىكى قايناقچىلىق ئىشقىيارنى ھاياجانغا سالاتتى، ئۇ يەردە گويا ھەممىلا كىشى شائىر ـ قوشاقچى ئىدى، ھەممىلا كىشىنىڭ ئاغزىدىن شېئىر ـ قوشاق تۆكۈلەتتى. ھەممىلا كىشى ناخشىچى ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن قايناپ چىققان مۇڭلۇق ناخشىلار، ئەزگۈ كۈيلەر ئىشقىيارنى دەم خۇشال قىلسا، دەم ئويغا سالاتتى، ئۇ يەردە گويا ھەممىلا كىشى نەغمىچى ئىدى. راۋاب، تەمبۇر، دۇتار، داپ، غىجەكلەرنىڭ تارلىرى سۆزلەيتتى، يىغلايتتى، كۈلەتتى. مۇھەببەتلىك ئادەملەر ياڭراتقان ئاشۇ مۇڭلۇق كۈيلەر شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدىكى، گاھىدا تەمبۇر ـ دۇتارنىڭ دەستىلىرىگە بۇلبۇل قوناتتى. سازنىڭ تارىدىن تىترەپ چىققان مۇڭلار ئىشقىيارنىڭ تومۇرىدا قان بولۇپ ئاقاتتى، بىر غايىبانە كۈچ بولۇپ ئۇنىڭ ياش ۋۇجۇدىنى تىترىتەتتى، يۈرىكىنى

لەرزىگە سالاتتى. ئۇ يەردە ھەممىلا كىشى ئۇسسۇلچى ئىدى. سورۇنغا چۈشكەن يۈزلىگەن ئەر - ئايال، قېرى - ياش ئۇسسۇلچىلار گاھ كۆكتە لەيلەپ لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتقان سانسىز قۇشقا ئوخشىسا، گاھ چاپچىپ يۇلقۇنۇپ ئۆرىدەۋاتقان ئارغىماقلاردەك ئاياغلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ زېمىننى تىترىتەتتى... ئاپپاق ساقال بوۋايلار باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ھەۋەس بىلەن سۆزلەۋاتقان رىۋايەتلەر ئىشقىيارنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ يىراقتا قالغان ئاجايىپ سىرلىق، گۈزەل دۇنيانى نامايان قىلاتتى. بۇ رىۋايەتلەر تاغ - دەريالار، دەرەخ - ئورمانلار، قۇشلار، ھايۋانلار، ئاي ۋە يۇلتۇزلار، يەر ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئىدى.

بۇ سورۇندىكى ھەممىلا ئادەم گويا بىرلا جەمەتنىڭ قوۋمىدەك بولۇشۇپ كېتەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى قۇچاقلايتتى، بىر - بىرىنى ئۇلۇغلايتتى، بىر - بىرىنى بەس - بەس بىلەن سورۇننىڭ تۆرىگە تارتىشاتتى، ئىززەت - ئىكرام بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى... ئىشقىيار مۇشۇنداق سورۇندا تۇنجى قېتىم ھەممىلا ئادەم ئۆزىمىزنىڭ تۇغقانلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ۋە تۇنجى قېتىم بۇنىڭدىن ئاجايىپ قۇدرەت ھېس قىلىپ پەخىرلەنگەنىدى.

ئىشقىيار ئون تۆت ياشقا كىرگەن يىلى بوۋىسى بىلەن قوشنا مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز تويىغا قاتنىشىپ كېلىۋېتىپ بوۋىسىدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— بوۋا، مۇشۇ نورۇز بايرىمى، گۈل سەيلىسى، باغ سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسىنى ئەڭ دەسلەپىدە كىم باشلاپ بەرگەن؟ نېمىشقا شۇنچىۋالا ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ؟

ئۇ بۇ چاغدا بوۋىسى بىلەن ئاتقا مىنگىشىپ، بوۋىسىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ بەلبېغىنى مەھكەم قاماللاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىن بارغان تويچىلار توينىڭ قىزىقچىلىقىدا قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى بەسكە سېلىپ ئۇلاردىن ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى ئاتنىڭ تىزگىنىنى سەل تارتىپ ئۇنچىقمىدى. ئىشقىيار بوۋىسىنىڭ ئۆزى قويغان سوئال ھەققىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. بىرھازادىن كېيىن بوۋاي ئېغىر تىنىدى ۋە:

— ئەمدى چوڭ بولغاندەك قىلىسەن، ئەمدى ساڭا يالغۇز ئات تەييارلاپ بېرىمەن، ئەتىدىن باشلاپ مەن ئېشەككە مىنىپ بارىمەن، سەن ئاتلىق بارغىن ـ دە، سورۇنغا چۈشكىن، ئۇسسۇل ئوينا، ناخشا ئېيت، نەغمە ئاڭلا، بەيگىگە چۈش! ناخشا توۋلاپ ئاۋازىڭ پۈتۈپ كەتسۇن، ئۇسسۇل ئويناپ ئاياغلىرىڭ ئۇزۇلگۈدەك تالسۇن، رىۋايەت، نەغمە ـ ساز بىلەن كۆڭلۈڭ تېخىمۇ يورۇسۇن! ئەمدى چوڭ بولغان بولساڭ پەقەت چوڭلا بوپسەن، مەن دېگەنلەرنى قىلساڭ ئاندىن ئادەم بولغان بولىسەن... — دېدى.

ئىشقىيار بىردىنلا تاقەتسىزلەندى:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، بوۋا! مەن سەندىن مۇشۇ سەيلە بايرىمىنى كىملەر باشلاپ بەرگەن؟ نېمىگە شۇنچە ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزىمىز دەپ سوراۋاتىمەن، سەن بولساڭ قەيەردىكى ئۇسسۇل ـ ناخشىلىرىڭ بىلەن...

— ئالدىرىما! مېنى ئالجىپ قالغان ئوخشايدۇ، باغنى سورىسام تاغنى كۆرسىتىۋاتىدۇ دەۋاتامسەن، ھەر گەپنىڭ تېگى ـ تەكتى بولىدۇ، سەن نېمىشقا مېنى كىچىكىمدىن

مۇشۇنداق سورۇنغا ئاپارماي قويمىدىڭ دەپ سورىمايسەن؟ ئۆپكىسى يوقلۇق قىلغىنىڭغا ئۇيىلارسەن تېخى...

ــ قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا. سەن تېخى تالاي زامانلار ياشارسەن، بوۋاڭدىن قالسا سۆز قالىدۇ، ئاتاڭدىن قالسا بۆز قالىدۇ، ئاپاڭدىن قالسا كۆز قالىدۇ ــ ئاتاڭدىن ساڭا يەر قالار، زېمىن قالار، بىسات ـ روزغار قالار، ئاپاڭدىن ساڭا كېلىنگە ئاتىغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ياكى ئالتۇن ئۈزۈك قالار. مەندىنچۇ؟ مەندىن ساڭا قالىدىغىنى مۇشۇ سۆز بولسۇن، بۇ سۆزنى يۈرىكىڭگە ئورنات، بالاڭدىن بالاڭغا يەتكۈز، جىمى ئۇرۇق ـ جەمەتىمىزگە، ئاغىنە ـ ئۆڭگىلىرىڭگە بىلدۈرگىن، ھەر ماكان، ھەر زامان بۇنى ئەستىن چىقارغۇچى بولما...

بوۋاي بىردەم جىم بولدى. ئات بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. بوۋاي بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى قىردى...

## 8

... بۈرۈنىنىڭ بۈرۈنىسىدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ يەر يۈزىگە قوغلىنىشتىن ئىلگىرى ئاللائائالا زېمىننى بىنا قىپتۇ. ئۇ چاغدا بۇ زېمىن تۇخۇمغا ئوخشاش سوقچاق ھەم غىلتاڭ ئىكەن، نە تاغ، نە دەريا، نە دەرەخ، نە سۇ،نە ئادەم، نە ھايۋان يوق ئىكەن، يەرنىڭ تەبىئىتى قۇرغاق ئىكەن. قۇرغاق تەبىئەتلىك زېمىننى تەڭشەش ئۈچۈن خۇدايىتائالا ھۆل تەبىئەتلىك سۇنى يارىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ

ئۇچتىن ئىككى بۆلىكى دەريا، دېڭىز، كۆل بوپتۇ، بىردىنلا يەرنىڭ قۇرۇق تەبىئىتى ئۆزگىرىپ نەمچىلىك بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى تەڭشەش ئۇچۇن ئاللا مۆتىدىل تەبىئەتلىك تاغ - ئېدىرنى يارىتىپتۇ، تاغ ۋە ئېدىرلار دەريا - كۆللەرنى، دېڭىز - ئوكيانىنى قىستاپ تارايتىپتۇ، بارا - بارا يەرنىڭ بېتى ئېچىلىپ يەرنىڭ مىجەزى تەڭشىلىپتۇ، ئاندىن خۇدايىتائالا ئاشۇ كەڭرى زېمىنغا سايىۋەن قىلىپ سوغۇق تەبىئەتلىك دەل - دەرەخ، گۇل - گىياھنى ئاپىرىدە قىپتۇ. بۇ دەل - دەرەخ، گۇل - گىياھنىڭ تەبىئىتىنى تەڭشەش ئۇچۇن كۇننى يارىتىپتۇ. كېچىنى يورۇق قىلىش ئۇچۇن ئاينى يارىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەتنىڭ ھۆل - قۇرۇقى، ئىسسىق - سوغۇقى تەڭشەلگەن، سۇ دېسە سۇيى بار، چۆپ دېسە چۆپى بار، قوينى بىھىساب ئالتۇن - كۇمۇش، ئۇنچە - مەرۋايىت بىلەن تولغان تاغلىرى، شېرىن - شېكەر، مېۋە - چىۋە بىلەن تولغان قاپقاراڭغۇ باغلىرى بار، ھەممە يېرىدە گۇل - چېچەك، ئىپار - ئەنبەر گۇپۇلدەپ تۇرغان، تازا ۋايىغا يەتكەن زېمىن تۇزدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، كۇنلەر ئۆتۇپتۇ، يىللار ئۆتۇپتۇ، دېڭىز - كۆلدىكى بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيدىغان ئادەم بولمىغاچ قالتىس يوغىناپ بەك ئايىنىپ كېتىپتۇ، دېڭىز - ئوكيان، دەريا - كۆلگە پېتىشماي تىقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىز، دەريا، كۆلنىڭ سۇيى قىنىغا سىغماي تاشقىن بولۇپ يامراپ تاغ - ئېدىرنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ، دەل - دەرەخ، گۇل - گىياھلارمۇ سۇنىڭ تېگىدە قاپتۇ - دە، زېمىننىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ھۆل - قۇرۇق مۇۋازىنىتى بۇزۇلۇپ يەر كېسەل

بولۇشقا باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا زېمىندىكى قۇرۇق يەرنىڭ توپىسىنى ئېلىپ دېڭىز - ئوكيان، دەريا - كۆلنىڭ ھەربىرىدىن بىر ئوچۇمدىن سۇ ئېلىپ دەل - دەرەخ ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ سۇنى قايىنىتىپ، تۇپراقنى نەمدەپ لاي قىپتۇ - دە، ئادەم شەكلىنى ياساپ ئۇنى ئوت بىلەن قۇرۇتۇپ ئۇنىڭغا جان ئاتا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئادەم دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئادەم سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋادىن پۈتكەچكە، ئادەمنىڭ تەبىئىتى بويىچە قۇرغاق، تاغنىڭ تەبىئىتى بويىچە مۆتىدىل، ئوتنىڭ تەبىئىتى بويىچە ئىسسىق ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن مۆتىدىل تەبىئەتلىك بوپتۇ، ئاندىن كېيىن ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا يەر يۈزىگە سۈرگۈن قىلىنىپ يەر يۈزىگە ئارقا - ئارقىدىن ئادەملەر توپى پەيدا بوپتۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىمۇ ئاشۇنداق تۆت خىل ئېلېمېنتنىڭ بىرىكىشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىمۇ مۆتىدىل ئىكەن.

مۇبادا زېمىندىكى سۇ كۆپىيىپ كەتسە ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ھۆللۈكمۇ كۆپىيىدىكەن. مۇبادا زېمىندا سۇ كېمىيىپ كەتسە ئادەم تەبىئىتىدە قۇرۇق ئېلېمېنت كۆپىيىپ كېتىدىكەن. مۇبادا دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتسە ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇققا، مۇبادا دەل - دەرەخلەر ئازىيىپ كەتسە ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىققا ئايلىنىپ كېتىدىكەن - دە، ئادەملەر ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولىدىكەن...

زېمىننىڭ تەبىئىتىنىڭ مۆتىدىللىكى ئۈچۈن سۇ، دەل - دەرەخ، تاغۇتاش كەم بولسا بولمايدىكەن، لېكىن ئۇلارمۇ زېمىن تەبىئىتى تەلەپ قىلغان مىقداردا بولۇشى

لازىم ئىكەن، شۇ چاغدىلا زېمىن ساغلام بولالايدىكەن، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنىڭ مۆتىدىللىكى ئۈچۈن زېمىننىڭ تەبىئەتتىكى مۆتىدىللىك لازىم ئىكەن. مۇبادا ئادەملەر زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە سۇ، دەل - دەرەخ، تاغۇتاشنىڭ تەبىئەتتىنى تەڭشەپ تۇرمىسا زېمىنغا كېسەل تېگىش بىلەن تەڭلا ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بۇزۇلۇپ قىرىلىپ كېتىدىكەن.

دۇنيادا ئادەملەر كۆپىيىۋېرىپتۇ ۋە بۇ ئادەملەر دەريا - دېڭىزنىڭ تاشقىنلىرىنى ياندۇرۇپ يەرنىڭ ھۆللۈكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دەريا - كۆللەردىكى بېلىقلارنى تۇتۇشقا باشلاپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا بېلىق يېيىشنى ئۆگىنىپتۇ، دەريا - دېڭىزلارغا تىقما - تىقما بولۇپ كەتكەن بېلىقلار شالاڭلاشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ يۈزى پەسلەپ تاشقىن يېنىشقا باشلاپتۇ، لېكىن يەرنىڭ تەبىئەتتىكى ھۆللۈكنىڭ يېنىشى بەكمۇ ئاستا بوپتۇ، ئادەملەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ئاللا يەنە ھۆل زېمىننىڭ تۇپرىقىدىن لاي ئېتىپ ئادەملەر شەكلىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇخىل شەكىللەرنى ياساپتۇ ۋە ئۇلارغا جان ئاتا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەكىللەر ئۈچىدىغان، يۈگۈرەيدىغان، ئۆمىلەيدىغان، مەرەيدىغان، مۆرەيدىغان، ھۇۋلايدىغان، چىرقىرايدىغان، مىياڭلايدىغان، رەڭگى، سىنى، بويى، يېيىشى، ئىچىشى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ھەر خىل ئۇچارقانات، ھايۋانلارغا ئايلىنىپتۇ. ئاللا ئاشۇ ھايۋان ۋە ئۇچارقاناتلارنى ئادەملەرنىڭ، يەرنىڭ تەبىئىتىنى تەڭشەش ئۈچۈن تاشقىننى ياندۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە، دەل - دەرەخ، ئوت -

چۆپلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاينىپ كېتىپ زىمىننى قاپلىۋېلىپ قۇياشنىڭ نۇرىنى توسۇۋېلىپ يەرنىڭ سوغۇقلۇق تەبىئىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ياراتقانىكەن ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىمۇ خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش ئىسسىق ـ سوغۇق، قۇرۇق ـ ھۆل تەبىئىتى بىلەن زىمىن ۋە ئادەم تەبىئىتىگە باغلىغانىكەن. ئۇلارمۇ زىمىن ۋە ئادەملەرنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىللار، ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ، يەر يۈزىدە ھايۋاناتمۇ بەك ئاۋۇپ كېتىپ دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرگە ئاپەت بوپتۇ. ئاللاتائالادىن يەنە زىمىننىڭ، زىمىن ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئادەملەرگە ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرىنى قولغا ئۆگىتىپ ئىش ھايۋىنى قىلىشقا، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ، يەرنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى تەڭشەش ئەمگەكلىرىدە ياردەمچى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا، ناھايىتى ئاز مىقداردىكى ھايۋانلارنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا تۇتۇپ يېيىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھيي كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر بەزى ھايۋانلارنى ئىش ھايۋىنى قىلىپ ئىشلىتىشنى ۋە بەزىلىرىنى بىر كۈنلۈك ئېھتىياجىغا ئوزۇق قىلىشنى ئۆگىنىپتۇ. بەزى ھايۋانلارمۇ ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاز مىقداردا بىر ـ بىرىنى يەيدىغان بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايۋاناتلارمۇ بۇرۇنقى ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكىدىن سەل ئازىيىشقا باشلاپتۇ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر يەرنىڭ ۋە

ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنىڭ تەلپى بويىچە ئۆسۈشكە باشلاپتۇ.

## 9

يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەسىر ـ قەرنەلەر ئۇزاپتۇ. ئادەملەر سۇ تاشقىنلىرىنى ياندۇرۇپ يەرنىڭ تەبىئىتىنى تەڭشەش ئۇچۇن گاھ توپ ـ توپ، گاھ يەككە ھالدا تىرىشىپتۇ، تىرمىشىپتۇ، كۆپ تەر ئاققۇزۇپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك: «مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، شۇنچە مېڭىپمۇ قىردىن زادىلا ئاشالماپتۇ.» ئادەملەر شۇنچە ھەرەج تارتسىمۇ دەريا ـ دېڭىزلارنى باشقۇرالماپتۇ. يەرنىڭ تەبىئىتى يەنە بۇزۇلۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىمۇ ئۇسالللىششقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. ئادەملەر ئاھ ئۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن شىكايەت قىلىپتۇ ۋە ئاللادىن ئۆزلىرىگە نىجاتلىق ئەۋەتىشىنى ئىلتىجا قىپتۇ، ئىنسانلارنىڭ ئاھۇزارى ئالەمنى قۇچۇپتۇ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان «توغلا»، «سېلىنجا» دەريالىرىنىڭ قۇيۇلىدىغان جايىدا «قۇملانچۇ» دېگەن يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «قىستوقا» ئىكەن. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى قارىغايغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن، كۇنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ

دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كۆنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. كېچىلىرى دۆڭنىڭ ئۇستىدە بىر يورۇقلۇق جۇلا قىلىپ تۇرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، ھەر كېچىسى ئەھۋال بىر خىلدا تەكرارلىنىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى دۆڭ ئۇستىدىكى شولا ئاجايىپ كاتتا جۇلالاپ كېتىپتۇ. بۇ نۇر 300 قەدەم يەرگىچە يېتىپ رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىپتۇ. بىر چاغدا دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ، دۆڭنىڭ ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەش چېدىر ئۆي بولۇپ، ھەربىر ئۆيگە كۈمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغانىكەن، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا بىردىن ئېمىزگۇ بار ئىكەن. بۇ ئېمىزگۇ ئاشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئوغۇللار دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن شەربەت ئېمىدىكەن، دەرەخنىڭ يىلتىزى يەرنىڭ تەكتىدىن ئەڭ تاتلىق ئىچىملىكنى سۈمۈرۈپ ئاشۇ ئوغۇللارنى ئېمىتىدىكەن، ئادەملەر بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ، بۇ بەش بوۋاق ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان ھامان جانلىنىپ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ سەگەنچۈكتىن چۈشۈپ ئۆيدىن چىقىپتۇ، ئۇلارغا ھە دېمەيلا تىل چىقىپتۇ ۋە ئادەملەرنى سىنىماق ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، كىشىلەر ئۇلارغا ھېلىقى ئىككى دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ، ئوغۇللار شادلىقتىن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخ بەئەينى

ئادەمگە ئوخشاش تىلغا كىرىپ خالايىققا مۇنداق دەپتۇ: «ئەي ئادەملەر! ئاللا زېمىننى ياراتتى، زېمىننىڭ تەبىئىتى ۋە تەلىپى بىلەن سۇنى ياراتتى، يەنە زېمىننىڭ تەلىپى بىلەن دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپنى ياراتتى، يەنە زېمىننىڭ، سۇنىڭ، دەل ـ دەرەخنىڭ تەلىپى بىلەن ئادەملەرنى ياراتتى، يەنە زېمىننىڭ، سۇنىڭ، دەل ـ دەرەخنىڭ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھەم ئادەملەرنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇچارقانات، قوڭغۇز ـ ھاشارات، ھايۋانلارنى ياراتتى. بۇ بەش بارلىقنىڭ جېنى ھەم تېنى، مىجەزىنى بىر ـ بىرىدىن ئېلىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، بىر ـ بىرىگە تەقەززا قىلدى. بۇ بەش بارلىق ئەسلىدىن ئالغاندا بىر ئادەمنىڭ بەش ئەزاسىدۇر. ئادەمنىڭ بىر ئەزاسى كەم بولسا ئۇنىڭ جېنى بولمىغاندەك، بۇ بەش بارلىقنىڭ بىرى كەم بولسا بۇ بەش بارلىقنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، ياكى بولمىسا بۇ بەش بارلىق پەقەت بالا ئۇچۇنلا يارالغان، بالا دەپ يۈرىكى ئاقىدىغان بىر ئانىنىڭ تۆت بالىسىغا ئوخشىشىدۇ. مۇبادا تۆت بالىنىڭ قايسىبىرى ھالاك بولسا ئالدى بىلەن قېپقالغان ئۈچ بالا ھالاك بولغۇسى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ بالىجان ئانا ھالاك بولغۇسى... مۇبادا مۇشۇ بەش بارلىقنىڭ قايسىبىرى ھەددىدىن زىيادە غولداپ ئاۋۇپ كەتسە دەسلىپىدە تۆت بارلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ غولداپ كەتكەن بىر بارلىق ھالاك بولغۇسى! قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا كەرىم بۇ بەش بارلىق ئىچىدە ئادەمنى ھەممىدىن گۈزەل، ھەممىدىن قابىل ياراتتى، ئۇنىڭغا چاقماقتەك ئۆتكۈر، نۇردەك چاپقۇر ئەقىل ـ ئىدراك، ئېقىن سۇدەك راۋان، ئىللىق شامالدەك يېقىملىق ۋە پاساھەتلىك تىل ئاتا

قىلىدى. سېخىي ئاللا يەنە ئادەملەرگە مۇشۇ بەش بارلىقنىڭ مىجەزىنى تەكشەپ تورۇشنى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئالەمدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى، «ئىنسان» دېگەن بۇ گۈزەل ئىسمغا نائىل بولغان ھەربىر بەندىنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئەڭ يۈكسەك ۋە بىردىنبىر ۋەزىپىسى قىلدى. ئىنسانلار ئۆز كۈننى قامدىشى ئۈچۈن بەدەنلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، بەش بارلىقنىڭ تەبىئىتىدىكى مۇۋازىنەتنى تەكشەش يولىدىكى مۇشكۈللۈكنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىدىن باشقا تۆت بارلىقنىڭ ۋۇجۇدىدىن چەكلەنگەن مىقداردا پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يولىدىكى ئوڭايسىزلىقنى يېڭەلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە پاراسەت، قابىلىيەت، ئىلمۇئىرپان بىرىدۇ! مانا مۇشۇ پاراسەت، قابىلىيەت، ئىلمۇئىرپاننى ئىگىلەش ئۈچۈن جاپا چېكىش، ئىزدىنىش، ئادەم دەپ ئاتالغان بۇ گۈزەل ھەم بۈيۈك مەخلۇقنىڭ ئالىي مەقسەتلىرى بولسۇن!

ئەي ئادەملەر! شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەر تۆت بارلىقنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىشىدىغان پايدىلار ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ھاياتلىقىڭلارنىڭ مەقسىتى ئەمەس! پەقەت ياشىشىڭلار ئۈچۈن زۆرۈرىيەتتۇر! تۆت بارلىقنىڭ مۆتىدىللىكىنى ساقلايدىغان تۆت ئۇنسۇر (ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇق)نىڭ مۇۋازىنىتىنى مۇقىملاش ئىنساننىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئالىي مەقسىتى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بەختىدۇر!

ئەي ئادەملەر! قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا سىلەرنىڭ تۇپراقتىن ياسالغانلىقىڭلارنى، سىلەرنىڭ زېمىن ئوغلى ئىكەنلىكىڭلارنى، سىلەرنىڭ ھاياتلىقىڭلار ۋە

ئاخىرەتلىكىڭلار زېمىنىغا، دەل ــ دەرەخكە، سۇغا، ئوت ــ چۆپكە، ئۇچار قانات، هايۋانلارغا باغلانغان ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭلارغا تونۇتۇپ قويۇش ئۇچۇن هەمدە دانا دانىشمەنلەرنىڭ باشچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇيۇشمىغان باشباشتاق، يەككە ــ يېگانە، مەقسەتسىز، قاراملارچە ئىش قىلىپ ئۆزۈڭلارنى ئورۇنسىز خورىتىپ جېنىڭلارنى قىينىماسلىقىڭلار ئۇچۇن سىلەرنىڭ ئاھ ــ زار ۋە دادىڭلارغا يېتىپ، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار ئالدىدا مانا مۇنۇ بەش ئوغۇلنى ياراتتى، بۇ ئوغۇللارنى زېمىن تۇغدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېنىكئانىسى مانا بىز دەل ــ دەرەخلەر، ئوت ــ چۆپلەر، گۈل ــ گىياهلار! كۆرىسىلەركى، ئۇلارغا ۋە سىلەرگە ئۇچارقانات، هەر خىل هايۋانات ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە سىلەرنىڭ سادىق هەمراهىڭلار، ئىشەنچلىك دوستۇڭلار بولۇپ قالىدۇ! سىلەرنى ئەڭ قارا كۈنلەردىن ئاشۇلار قۇتۇلدۇرىدۇ! ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا ــ قازادىن خەۋەر بېرىدۇ!

ئەي ئادەملەر، ئەبەدىلئەبەد زېمىننى سۆيۈڭلار! تاغ ــ دەريالارنى سۆيۈڭلار، دەل ــ دەرەخ، گۈل ــ گىياه، ئوت ــ چۆپلەرنى سۆيۈڭلار، قۇرت ــ قوڭغۇز، هاشاراتلاردىن تارتىپ بارلىق هايۋاناتنى سۆيۈڭلار! بۇ هەم ئانىنى سۆيگەنلىكتۇر، ئۆز قېرىنداشلىرىنى سۆيگەنلىكتۇر. ئۆزۈڭلارنى ــ پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى سۆيگەنلىكتۇر، ئۆز ئانىسىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى سۆيمىگەن هەرقانداق ئادەم مۇناپىق بولغۇسىدۇر! سىلەر مۇناپىق بولماڭلار. ئۆزىنىڭ ئېهتىياجى ئۇچۇن ئەمەس،

نەپسانىيىتى ئۇچۇن؛ بەش بارلىقنىڭ تەبىئىتىنىڭ مۆتىدىللىكىنى ساقلايدىغان تۆت ئۇنسۇرنىڭ مۇۋازىنىتىنى ساقلاش ئۇچۇن ئەمەس، ئۆزىنىڭ تەلۋە مۇددىئاسى ئۇچۇن بىر چىمدىم تۇپراقنى، بىر ئوچۇم سۇنى، بىر تال گۇلنى، بىر تال چۆپنى، قايسىكى بىرەر ئۇچارقاناتنىڭ بىرەر تال پېيىنى، قايسىكى بىرەر ھايۋاننىڭ بىرەر تال موينى ئىگىلىۋالغان ياكى بۇزغان، نابۇت قىلغان، زايە قىلغان، يوقاتقان كىشى ئەبلەختۇر! ئۇنداق ئادەم زېمىننىڭ دۇشمىنى، سۇنىڭ دۇشمىنى، دەل ـ دەرەخنىڭ دۇشمىنى، گۇل ـ گىياھنىڭ دۇشمىنى، ئۇچارقانات، ھايۋاناتنىڭ دۇشمىنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۇشمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىڭلار ۋە ئۇنداق ئەبلەخلەرنى ئاخىرى بىر كۈنى يەر ـ زېمىن، دەل ـ دەرەخ، دەريا ـ دېڭىز، ئوت ـ چۆپ، ئۇچارقانات، ھايۋانلار، ھاشارات ـ قوڭغۇزلارنىڭ شەپقەتسىز جازالايدىغانلىقىنى چۈشىنىڭلار! سىلەرمۇ شۇنداق ئەبلەخ ۋە مۇناپىقلارنى رەھىمسىز جازالاشنى ئۆگىنىڭلار! سىلەر ئۇلارنى جازالىمىساڭلار ئۇلاردەك يەجۈج ـ مەجۈجگە ئايلىنىساڭلار، ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت تۈپ تېگىدىن ھالاك بولىدۇ. بۇ ئاناڭلار ــ يەرنىڭ، قېرىنداشلىرىڭلار ــ دەل ـ دەرەخ، ئۇچارقانات، ھايۋاناتلار، گۇل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ جازالىشىدۇر! ماھىيەتتە ئاللانىڭ جازاسىدۇر!

ئەي ئادەملەر، ياۋۇز بولماڭلار! ئاللا سىلەرنى سۆيۈش ئۇچۇن ياراتتى! سۆيۈش سىلەرنىڭ بايرىقىڭلار! سۆيۈش سىلەرنىڭ لەۋھەيىڭلار! بەش بارلىقنى سۆيمىگەنلەر سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك دۇشمىنىڭلار بولسۇن!»

بىر تۈپ دەرەخ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر تۈپ دەرەخ ھەيۋەت بىلەن: «ئەي ئادەملەر! ئارقاڭلارغا قاراڭلار!» دەپ خىتاب قىپتۇ. ھەممە ئادەم ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزىگە «خېلىن» دېگەن تاغ باغرىدا «توخۇسى» دەرياسى بىلەن «شولىنگى» دەرياسى قوشۇلىدىغان بىر كەڭلىكتە غايەت زور بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. شۇ چاغدا ئاسماندىن بۇ دەرەخكە كۆكۈچ شولا چۈشۈپتۇ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەندەك قورساق سىلىشقا باشلاپتۇ، ئەسلىدە ھېلىقى شولا بۇ دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي، توققۇز كۈندىن بېرى چۈشۈۋاتقانىكەن، بۈگۈن ئونىنچى كۈنى ئىكەن. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇ باللار يەرگە چۈشە ـ چۈشمەستىن دەرەخنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭ يەردىن بىر ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ ئوغۇللار يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئەمچەككە چاپلىشىپ ئېمىشىپتۇ. يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئەمچەكتىكى ئوغۇز سۈتىنى قانغۇچە ئېمىشكەن بۇ ئوغۇللار بىردەمنىڭ ئىچىدە قەددى ـ قامەتلىك، پېشانىسىدە ئەقىل ئايتىپى پارلاپ تۇرغان، كۆزلىرىدە پاراسەت نۇرى چاراقلاپ تۇرغان، قاشتېشىدەك سۈزۈك، مەڭزىدە خۇددى سۇبھى قىزىللىقىدەك ئوغۇل قىزىللىقى ۋىلىلداپ تۇرغان زەبەردەس يىگىتلەرگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇدۇل كەلگىنىچە بايىقى دۆڭنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بەش ئوغۇل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ھېلىقى بەش ئوغۇلمۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە خۇددى چىناردەك يىگىتلەرگە ئايلىنىپتۇ، شۇ چاغدا بايىقى

دەرەخ يەنە تىلغا كىرىپتۇ: «ئەي ئادەملەر! بۇلار — زېمىن تۇغقان، زېمىنىدىن ئوغۇز سۈتى ئەمگەن زېمىن ئوغلانلىرى! ئۇلارنى قۇتلۇقلاڭلار! ئۇلارغا ئەگىشىڭلار! ئۇلار سىلەرگە ئانا ۋە قېرىنداشلىرىڭلارنى قانداق سۆيۈشنى ئۆگىتىدۇ! زېمىنىنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا ئۈيۈشتۇرىدۇ! زېمىنىنىڭ تەبىئىتىگە، قېرىنداشلىرىڭلار بولغان دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچارقانات، ھايۋاناتىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان تەقدىرىنى ئۇزۇپ تاشلاپ ھاياتلىقنى گۇمران قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، زېمىن ئاناڭلارغا ھۆكۈمران، قېرىنداشلىرىڭلارغا غوجايىن بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان زوراۋانلارغا قارشى كۈرەشلىرىڭلارغا سەردار بولىدۇ! ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇلارغا ئەگىشىڭلار! زېمىنىنىڭ ساقلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭ ئىرادىسىنى بۇ ئون يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇڭلار!» دەرەخ سۆزدىن توختاپتۇ.

ئادەملەر تەسىرلىنىپ يىغلاپتۇ، خۇشال بولۇپ كۈلۈپتۇ. ئاخىرىدا كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، تاغدەك غەيرەتلىك، شىردەك يۈرەكلىك باھادىرنىڭ پادىشاھى، ئارسلان يىگىتلەرنىڭ ھىمات باشچىسى بولغان بۇ ئون يىگىتكە پۈتۈن ئەل ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن توپقا باشچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئون توپ «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر»، بۇ ئادەملەر ياشىغان، بۇ يىگىتلەر تۆرەلگەن بۇ يەرلەر «ئوغۇز ئېلى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەقىللىك يولباشچىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇرلار شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئاجايىپ بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ كۈنسېرى گۈللەپ

ياشناپتۇ، ئۇلارنىڭ ئېلى باغۇبوستان، چارى گۈلىستانغا ئايلىنىپ ھەممە يەرنى مەمۇرچىلىق، شادىمانلىق قاپلاپتۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىدە يەرلەر چىلاندەك مۇنبەت، قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك سېمىز ئىكەن، يەردىن گۈپۈلدەك خۇش پۇراق ئۇرۇپ تۇرىدىكەن. بۇ يەرنىڭ سۇيى ئەلۋەك، ئابىھايات ئىكەن. دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلىرى مول ئىكەن، يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپراقلىرىدىن ياغ تەپچىرەپ تۇرىدىكەن، ھەممە يەردە قۇشلار ئۆز تىللىرى بويىچە ئەركىن يايرىشىپ بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلىشماي ياشايدىكەن. ئۇيغۇرلار كېسەل بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ قېرىلىرى ئۆلسە ياشلىرى ياشاپ بولغاندا ئۆلىدىكەن. ياشلىرى ئۆلسە زېمىن ئۇچۇن كۆڭۈللىرىگە بەتنىيەت پۈككەن مۇناپىقلار بىلەن بولغان كۆرەشلەردە، جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى، ئىچىدىغىنى ئۆزىگە يېتەرلىك ئىكەن. زۆرۈر ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ھېچ نەرسىگە چاڭ سالمايدىكەن. ئۇلار يامغۇر سېغىنسا يامغۇر، قار سېغىنسا قار، ئىسسىق سېغىنسا ئىسسىق، سالقىن سېغىنسا سالقىنلىق دائىم ھەمراھ ئىكەن. ئانا يەر، ئانا تەبىئەت ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەجرىگە، نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ ساپلىقىغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ كەڭرى باغرىدا ئۇيغۇر باللىرىنى ئەركىن بەھۇزۇر يايرىتىدىكەن، ئۇلار يەر ئانىنىڭ ئەڭ ئەركە ۋە ئەزىز باللىرى ئىكەن. يەر ئانىنى ئۇلۇغلاش، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قانات، ھايۋاناتنى ئۆز قېرىندىشى ساناش — ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقى، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدىغان ئادەم بولۇش نىزامى ئىكەن، ئۇلاردا ياخشى ۋە يامان ئادەم،

ئەقىللىك بىلەن كالتە پەملىك، ئالىيجانابلىق بىلەن زوراۋانلىق دەل مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ئايرىلىدىكەن. ئۇلار ھەر يىلى ئون يىگىتنىڭ يەر ئانىدىن تۇغۇلۇپ ئۆزلىرىگە باشچى بولغان كۈنىنى «نورۇز» دەپ ئاتاپ ناھايىتى كاتتا قۇتلۇق بايرام سۈپىتىدە ئۆتكۈزىدىغان ۋە بۇ بايرامدا يەر ئانىغا، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارغا رەھمەت ـ تەشەككۈر بىلدۈرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئادەت ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قاپتۇ، مانا بىزنىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان توي، بايرام، سەيلە ـ ساياھەت، ئويۇن ـ مەشرەپلىرىمىز بىزنىڭ ئاشۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئەڭ ئەتىۋار مىراسىمىزدۇر...

## 10

ئاللاتائالا جىمىكى بارلىقنى شۇنچىلىك ئۈز، شۇنچىلىك چىرايلىق قىلىپ ياراتقانكى، مەسىلەن، ئادەملەرگە بىر چىرايلىق قاش ـ كۆز، ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلغان بولسا، ئاسمانغا ھاۋا رەڭ، سۇغا كۆك رەڭ، زېمىنغا چىلان رەڭ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرگە يېشىل رەڭ، گۈل ـ چېچەكلەرگە بولسا ئوتتاشتەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان تۇمەنمىڭ رەڭ ئاتا قىلغان، ئۇچار قاناتلارغا يىپەكتەك يۇمشاق، گۈل ـ چېچەكنىڭ ياپرىقىدەك رەڭلىك ۋە جۇلالىق پەي ـ تۈكلەرنى بەرگەن. ھايۋانلارغا بولسا ھەربىرىنىڭ يارىشىقى بويىچە بەزىلىرىگە ئىپەكتىن سۈيىدەك قۇيرۇق، بوستاندەك يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان يال، بەزىلىرىگە ھىلال ئايدەك،

بەزىلىرىگە تۇزنىڭ تاجىدەك گۈزەل ۋە مۇستەھكەم مۈڭگۈز بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چىپار، بەزىلىرىنى سۇر، بەزىلىرىنى ئاپپاق، بەزىلىرىنى تۇم قارا رەڭلەر بىلەن بېزىگەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ زېمىنغا، ھاياتقا بەخش قىلغان سېخىي ھىممىتىدۇر. بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز ئاللاتائالا ئاتا قىلغان بۇ گۈزەللىكنى ماختاپ، ئۇلۇغلاپ، كۈيلەپ، مەدھىيەلەش ئۈچۈن چىن يۈرەكتىن يارىتىلغان ناخشىلاردۇر. مۇشۇ گۈزەللىكنى ئاسراش، ئاياش، ساقلاش، قوغداشمۇ ياخشى ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. قېرىلارنىڭ ساقلىنى، ئايالالارنىڭ چاچلىرىنى مەجبۇرىي قىرقىپ تاشلاش قانچىلىك ھايۋانىيلىق بولسا، ئاشۇ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىنى ياشناپ تۇرغان ۋە تىرىك ھالىچە كېسىۋېتىش، پارچىلىۋېتىش، يۇلۇۋېتىش شۇنچىلىك ئىنسانىيەتسىزلىكتۇر.

بوۋاي ھارغاندەك سۈكۈتكە چۆمدى. ئىشقىيار: «بوۋام مۈگدەپ قالدىمىكىن» دەپ ئويلاپ قالدى، لېكىن بوۋاي مۈگدىمىگەنىدى. بوۋاينىڭ بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك روشەن ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى باھار ئويغىنىشىدا جانلىنىۋاتقان پايانسىز دالاغا تىكىلگەنىدى.

— بۇ رىۋايەتنى بوۋاڭنىڭ بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇلۇغ بوۋاڭغىمۇ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ بوۋىسى ئېيتىپ بېرىپتىكەن. مەن ئىسمىنى بىلسەم، پۈتۈن يۇرت خەلقىمىز ئېگىز چاقلىق يارىيار ھارۋا، كۆتەك ھارۋا، تۆمۈر ھارۋا، مەپىلەرگە چۈشۈپ گاھىلىرى تۆگە، ئات، ئېشەك، قېچىر، كالا ـ قوتازلارغا مىنىپ، يۇرت بويىچە

كۆچۈپ چىققاندەك قازان ـ قومۇچلاردىن تارتىپ ئۇن ـ گۇرۇچ، گۆش ـ ياغلارنى ئېلىپ كەڭتاشا، مەنزىرىلىك جايلارغا، بەزىدە ئازغانسالدىكى سۆگەتبۇلاق، ئاقيول بۇلىقى، يولباش بۇلىقى باشلىرىغا بىرىپ ھەر مەھەللە ئۆز ئالدىغا چېدىر ـ بارگاھ، كەپە ـ ساتمىلارنى تىكىپ ئورۇنلىشاتتى. نەغمىچى سازەندىلەر داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي، داپ ـ دۇتارلىرىنى، تىجارەتچىلەر، كاۋاپچىلار، سامسىپەز، ناۋاي ـ ئاشپەزلەر، يايمىچىلار دۇكانلىرىنى ئاچىقاتتى. چوڭ داش قازاندا بۇغداي كۆجىسى، نورۇز تامىقى قىلىپ ئەلگە تارتىلاتتى. مېۋە، سامساق، جىگدە، سېرىقماي، قوي گۆشى، قوينىڭ كاللىسى، سىركە قاتارلىق يەتتە خىل نەرسىگە ئەتىسى ھەممەيلەن ئېغىز تېگەتتى. پولۇ، مانتا، نېرىن چۆپ، شويلا، بەتتە، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، سامسا، سامبۇسا، ئۇگرە، گۆش ـ شورپا، ئۆپكە ـ ھېسىپ، ئاق ئاش، قۇيماق ـ پوشكال، ھەر خىل كاۋاپ، نان ـ توقاچلار يۇمىلاق دائىرە بولۇپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە تاۋاق ـ تاۋاقتا يەپ ئاشقۇچە تارتىلاتتى. بۇ سورۇندا شاھ بىلەن گاداي، باي بىلەن پېقىر دەپ ئايرىلمايتتى. چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال ھەممىسى تەڭ كۇتۇلەتتى، ئاندىن نورۇز چېيى بېرىلەتتى. كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، بىر ـ بىرىگە بەخت ـ قۇت تىلىشەتتى، ئاندىن سورۇن كېڭەيتىلىپ دارۋازچىلىق، مەدداھلىق، شېئىر ـ قوشاق ئېيتىشلار باشلىنىپ كېتەتتى. چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىشاتتى، بەيگە قىلىشاتتى، پالۋان ـ مەرگەنلەر شىكارغا چىقىشاتتى. چېلىشچى باتۇرلار چېلىشاتتى، ئارغامچا تارتىشىپ كۈچ سىنىشاتتى.

بالىلار لەگلەك ئۇچۇراتتى. بىر يەردە سارغايدى ئويۇنى ئويناشسا، يەنە بىر يەردە نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل ـ ساما، زىكىر ـ سۆھبەتلەر بولاتتى. بۇنداق سەيلىگاھلاردا ناغرا ـ سۇناي چالىدىغان سەھنە، ئۇسسۇل ـ ساما، زىكىر ـ سۆھبەتلەر بولاتتى. بۇنداق سەيلىگاھلاردا ناغرا ـ سۇناي چالىدىغان سەھنە، ئۇسسۇل، ساما مەيدانلىرى رۇسلىنىپ، ھەممە كىشى تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. يەنە «قىش بوۋاي ئويۇنى»، «يولۋاس ئويۇنى»، «شىر ئويۇنى»، «ئارغىماق ئويۇنى»، «ئەجدىھا ئويۇنى»، «قوچقار ئويۇنى»، «ياغاچ پۇت ئويۇنى»، «يومزەك ئويۇنى»، «نىقاب ئويۇنى» ئوينىلاتتى. گاھىدا بۇنداق ئويۇنلار بىر ئايغىچە داۋام قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى پۈتۈن سورۇن ئەھلى تاھارەت ئېلىپ، بويىنى سۇغا سىلىپ ياراتقان ئاللا ھەققىدە، ئاسمان ـ زېمىن ھەققىدە، ئۇچارلىق، تىنالغۇلار ھەققىدە چىن كۆڭۈللىرىدىن دۇئا قىلىشاتتى ـ دە، كىشىلەر يۇرتلىرىغا قايتىشقا تەرەددۇت قىلاتتى.

قارايدىغان بولساڭ، بىز سەپەرگە چىقىشتا، ئۆي كۆچۈشتە، مال كۆچۈرۈشتە قانداقلا بولمىسۇن، بىرەر ئىشنى باشلاشتا ئالدى بىلەن زېمىنغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىمىز، ياشاپ ئۆتكەن يېرىمىزنى «ئۇلۇغ يەر»، «ئۇلۇغ ئارت»، «ئۇلۇغ قىر»، «ئۇلۇغ ئېغىل» دەپ ئۇلۇغلايمىز، بېشىمىزغا ئېغىر كۈلپەت كەلگەندە يەرنى قۇچاقلاپ يىغلايمىز، ئەڭ مۇھىم ۋە چوڭ ئىشلاردا يەرنى مۇشتلاپ شەرتلىشىپ ئۇلۇغ يەرنى ۋىجدانىمىزغا، ئەرلىكىمىزگە، ئادەملىكىمىزگە، لەۋزىمىزگە، ئەھدۇ پەيمانىمىزغا گۇۋاھ ۋە كېپىل قىلىمىز. قان دۇشمەنلىرىمىزنى «يەر يۇتسۇن»، «يەر ئۇرسۇن» دەپ

قارغايمىز. بۇي - ئىسرىق سىلىشقا چالما قازانلارنى ياساپ ساقلايمىز، سۇ تاپالمىغان يەردە يۇز - كۆزىمىز، پۇت - قولىمىزغا توپا سۇرتۇپ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيمىز. بىزدە كىچىك بالىلارمۇ ئىپقىن سۇغا تۆكۈرۈشنى، مىشقىرىشنى، ئەخلەت، يۇندى تۆكۈشنى، ھەرقانداق ھايۋان ياكى ھاشارات، قۇشلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ تېرە، يۇڭ، ئۇچەي - قېرىنلىرىنى تاشلاشنى، سۇغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشنى ياكى نىجاسەتلەرنى تۆكۈشنى، سۇ بېشىدا كىر - قات يۇيۇش ۋە كۇندۇزى دەريا - ئۆستەڭدە يۇيۇنۇشنى، كۇندۇزى كۇنگە قاراپ، كېچىسى ئايغا قاراپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشنى «ئېغىر گۇناھ» دەپ بىلىدۇ. بىزدە دەرەخ شاخلىرىغا يۇيۇلغان كىيىم - كېچەكلەرنى يېيىپ قۇرۇتىدىغان ياكى ئۆي بىساتلىرىمىزنى ئاسىدىغان، دەرەخ تۇۋىگە پاسكىنا سۇ، يۇندى، قان ۋە ھىدلىق نەرسىلەرنى تۆكىدىغان ئادەملەرنى «تەلۋە» ياكى «ساراڭ» دەيمىز. بىز بىرەر يەرگە كۆچسەك ئالدى بىلەن دەرەخ تىكىمىز، بىرەر دەرەخنى كېسىش توغرا كەلسە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى تال كۆچەت تىكىپ ئاندىن ئۇنى كېسىمىز. بىرەر قەدىمكى توغراقلىق ياكى دەرەخلىك يېنىدىن ئۆتۈش توغرا كەلسە ئاتتىن چۈشۈپ دەرەخلەر ھەققىگە دۇئا قىلىمىز. چىغ - قومۇش، گۈل - گىياھ ئۆسىدىغان يەرگە ئوت ياقمايمىز. بىز «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمىز» دەپ توغراقنىڭ سۆيىنى ئىچىمىز، شۇڭا توغراقنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايمىز. بىزنىڭ خەلقىمىز ھەرقانداق ئۇچارقانات ياكى ھايۋاننى سەۋەب - ئېھتىياجسىز بىھۇدە ئۆلتۈرۈشنى ياۋۇزلۇق دەپ بىلىدۇ.

بىز ئاچ قالمىساق دەريادىن بېلىق تۇتۇپ يېمەيمىز. بىلەكتىن كىچىك بېلىقنى ئاچ بولساقمۇ يېمەي سۇغا قويۇۋېتىمىز. بىزنىڭ بالىلىرىمىز قۇشقاچ، قارلىغاچلارنى تۇتۇپ ئوينىسا «قولى تىترەيدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. قارلىغاچ ئۇۋۇلىغان ئۆينى «ئامەت ياغىدىغان ئۆي» دەپ چۈشىنىمىز. مېھمانخانىمىزنىڭ تۆرىگە قارلىغاچ ئۈچۈن ئۇۋا ياساپ بېرىمىز. قارلىغاچلار پۈتۈن ياز بويى ئۆيىمىزدە كېچە ـ كۈندۈز بىزگە ھەمراھ بولۇپ يازلايدۇ. كۈزدە ئۈچۈپ كەتسە ياندۇرقى قىشتا يەنە كېلىپ ئاشۇ ئۆيدە يازلىشىنى تىلەيمىز. قارلىغاچ تۇزۇپ كەتكەن ئائىلىنى پالاكەت باسىدىغان ئائىلە دەيمىز. ناۋادا بىرەر ئادەم، مەيلى قانداق كىشى بولسۇن، مۇشۈك ئۆلتۈرسە ياكى مۇشۈك سۈدىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۈكنى سۇغا تاشلىسا ئۇنداق كىشىنى ھەممە ئادەم «قارا يۈرەك، ئىمانسىز» دەپ ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

بىزدە ئات، كالا، قوي، ئېشەكلەرنى ياكى قولغا چۈشۈپ قالغان ھەرقانداق دالا ھايۋىنىنى جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇش ـ تېپىشلەرنى، بۇ ھايۋانلار تىرىك ھالەتتە ئۇلارنىڭ بىرەر ئەزاسىنى پارچىلاپ كېسىۋېلىشنى، ھايۋانلارنى قەستەن ئاچ قويۇش، ئۇسسۇز قويۇشلارنى ئەڭ ئەشەددىي ئىنسانسىزلىق دەپ چۈشىنىمىز، بۇنداق ئادەم ئەلنىڭ قارغىشى ۋە نەپرىتىگە قالىدۇ. ئۇنى بىر كۈنى نەس باسىدۇ... بۇ ئادەتلەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن ئەۋلادىمىزغىچە ھەممە كىشىنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاتا مىراسىمىز. بىزنىڭ جىمى بايرام ـ تويىمىز، ناخشا ـ

ئۇسسۇللىرىمىز بەش بارلىقا بېغىشلانغان. بىزنىڭ ناخشا ـ مۇقاملىرىمىز، ئۇسسۇل ـ مەشرەپلىرىمىز، ھېيت ـ بايراملىرىمىز، كۆلكە ـ چاقچاقلىرىمىز، ئىش ـ ئەمگەكلىرىمىز مۇشۇ بەش بارلىقنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى ماختاش، ئۇنى مەدھىيەلەش، ئاللانىڭ بىز بىلەن جانداش، قانداش، تومۇرداش بولغان زېمىن، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچارقانات، ھاشارات، دەريا ـ كۆل ۋە يەل ـ ھاۋادەك قېرىنداشلىرىمىزنى يارىتىپ بىزگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس خۇشاللىق ۋە شەپقەت ئاتا قىلغىنىنى ئۇچۇن رەھمەت ـ تەشەككۈر ھەم شۈكۈر ـ سانا ئەيلەش ئۇچۇندۇر! شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، مۇشۇ بەش بارلىق كېسەل بولماي مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاپ ساغلام ياشىسا بىزمۇ ياشىيالايمىز، مۇبادا مۇشۇ بەش بارلىقنىڭ بىرەرى بىھۇدە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىسا ياكى كېسەلگە چېلىقىپ تەبىئىتى بۇزۇلسا بىزمۇ ئۆلىمىز! ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇيدۇ!...

## 11

ــ مەن يەتمىش ئالتە يىل ياشىدىم، زېمىنىغا ئاياغ دەسسىگىنىمدىن بۇيان «نورۇز»، «قارلىق»، «مەشرەپ»، «ماش مەشرەپ»، «پوتا ئويۇنى»، «قىزىلگۈل سەيلىسى»، «باغ سەيلىسى»، «قوغۇن سەيلىسى»، «باراۋەت»، «زاراخەتمە»، «كۆك چەش تويى»، «كېۋەز تويى»، «نىكاھ تويى»، «بەيگە»، «ئوغلاق» دېگەنلەردىن بىر قېتىممۇ ئايرىلىپ قالمىدىم. ئۇسسۇل بىلەن ئايىغىم چىقتى،

ناخشا بىلەن تىلىم چىقتى، مەشرەپ بىلەن ئادەم بولۇشنى ئۆگەندىم، چېلىش، بەيگە، ئوغلاق بىلەن كۈچ تاپتىم، نورۇز سورۇنىدىن ئەقىل تاپتىم. مۇشۇنداق يىغىنلىقتا نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى، بوۋامدىن قالغان قائىدىنى، ئاتامدىن قالغان يوسۇننى، مومامدىن قالغان ئەدەپنى، ئانامدىن قالغان ئەخلاقنى، ئەسلىي بىزنىڭ كىملىكىمىزنى، دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارالغىنىمىزنى، بىزنىڭ نېمىدىن يارالغىنىمىزنى، بىزنى بېقىۋاتقان، بىزنىڭ يورۇق دۇنيادا كۆن كەچۈرۈشىمىزگە باشپاناھ بولۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بولغان يەر، سۇ، ھاۋا، گىياھ، جان ـ جانىۋارلارنى ئۇلۇغلاشنى، ئۇلارنى دادام بىلەن ئانامنى كۆرگەندەك، بىر تۇغقان قېرىندىشىمنى كۆرگەندەك كۆرۈشنى ئۆگەندىم... ــ بوۋاي يەنە بىرپەس جىم بولدى. يىراقتىن مەھەللىنىڭ بۆك ـ باراقسان دەرەخلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەنىدى، ــ سېنىڭ ئايىغىڭ چىقىش بىلەن سېنىمۇ ئۆزۈم بارغان ئاشۇنداق سورۇننىڭ ھېچقايسىسىدىن ئايرىپ قويمىدىم. مەن بىلگەننى بىلدۇردۇم، مەن قىلغاننى قىلدۇردۇم. ھازىر سەن ئۇستا ناخشا ـ مۇقامچى، تولغان تەمبۇرچى، تەڭتۇشلىرىڭغا تەڭ كېلىدىغان چېلىشچى، قورقماس بەيگە ئوغلاقچى بولۇپ چىقتىڭ. ئۇسسۇل ئوينىساڭ ئاياغلىرىڭ سۆزلەيدۇ، قوللىرىڭ ناخشا ئېيتىدۇ، تېنىڭ مەشۇتتەك يۆگىلىدۇ. قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئۇيات ـ ئىزالىق بولۇپ ئۆستۈڭ. مەن ئۇزاقتىن بېرى سېنىڭ بايىقى سوئالىڭنى كۈتۈپ كەلدىم. خۇداغا شۈكۈر! بۈگۈن مەن ئۇزاق يىللاردىن

بېرى ئاغزىڭغا تەلمۈرۈپ كېلىۋاتقان شۇ سوئالنى سەن سوراپ قالدىڭ، بېشىم كۆككە يەتتى. سەن چوڭ بوپسەن! ئاللا ئەقىل بېرىپتۇ. مېنىڭ بايىقى سۆزلىگەنلىرىمدىن سوئالىڭغا جاۋاب تاپقاندۇرسەن... — بوۋاي يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمدى ساڭا دەيدىغىنىم، مېنىڭ باياتىندىن بېرى ساڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت، كۆڭلۈڭگە بېكىپ كەتسۇن! بالاڭدىن بالاڭغا، ئۇرۇق ـ نەسلىڭگە، ئەۋلاد ـ ئەۋلادقا، ئەۋرە ـ چەۋرەڭگە ھارماي ـ تالماي، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي چۈشەندۈر! ئۆزۈڭ قەيەردە بولساڭ مېنىڭ بايىقى سۆزلىرىم ئەس ـ يادىڭدىن بىردەممۇ چىقمىسۇن، ئالىمادىس مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئۇنتۇپ بەش بارلىققا تۈزكورلۇق قىلساڭ مېنىڭ يۈزۈمگە، ئەجداد ـ ئۇرۇقۇڭنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتكەن بولىسەن! مەن سېنىڭ ئۇرۇق ـ ئەجدادىڭنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلارنى ئۇنتۇمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىزىنى كۆمۈپ تاشلىمايدىغان ۋۇجۇدى پاكىز، باغرى ئىسسىق، ھوش ـ كاللىسى بىلەن ياشاشنى بىلىدىغان نومۇسلۇق ئەر بولۇپ چىقىشىڭنى تىلەيمەن، قولۇڭنى دۇئاغا كۆتۈر...

بوۋاي ئات ئۇستىدە كېتىۋېتىپ پىچىرلاپ دۇئا قىلدى. ئىشقىيارمۇ بىر مۇقەددەس ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ بوۋىسىغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

شۇ كۈنى ئىشقىيار تۇزۇككىنە ئۇخلىيالمىدى. بوۋىسىدىن ئاڭلىغان رىۋايەتتىكى دەبدەبىلىك مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزىنى باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك، ناھايىتى تېز چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس

قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆنچە سەپسالمىغان ئايىغى ئاستىدىكى يەر، هويلا ـ ئارامنى پۈركەپ تۇرغان دەل ـ دەرەخ، هويلىدىكى سۇپا ئالدىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈل ـ چېچەك، هەر كۈنى ۋىچىرلىشىپ ئۆنىڭ جېنىغا تېگىدىغان قۇشقاچ، ئۆنى زاڭلىق قىلغاندەك دائىم پۇچۇق تامغا قونۇۋېلىپ گۇگۇكلايدىغان پاختەكلەر، مەرەپ، مۆرىشىپ جاهاننى بېشىغا كىيىدىغان قوي ـ كالىلار، هويلىدىكى تالنى بويلاپ ئاقىدىغان كىچىك ئېرىقتىكى سۇ ئۆنىڭغا باشقىچىلا يېقىن ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شىۋىرلاشلىرى، ئېرىق سۇيىنىڭ شىلدىرلاشلىرى، كالا ـ قويلارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىرى، قۇشلارنىڭ سايرىشى ئۆنىڭغا گويا بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن رىۋايەتنى قايتا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان، كەڭرى دالادىن كېلىۋاتقان هەيدىلىۋاتقان يەرنىڭ پۇرىقى ئۆنىڭغا بىر تۇگىمەس خۇشاللىق ئاتا قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى...

## 12

جەڭچىلەر ئىلگىرىكىدەك ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. يۇمشاق قار ئاياغ ئاستىدا يېقىملىق غىچىرلايتتى. ئەمدى شىۋىرغان ئازراق پەسەيگەندەك بولدى. ئاق يۈڭلۈق جۇۋىنى تەتۇر ئۆرۈپ يېپىپ قويغاندەك يۇمشاق قارغا پۈركىنىپ ياتقان، شىۋىرغان توختىغاندىن كېيىن گويا تېخىمۇ كەڭرى كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتقان قارلىق دالا

گويا يۇزىنى سۇرتۇۋەتكەن ئەينەكتەك يالتىراق، روشەن ۋە چىرايلىق ئىدى.

ئىشقىيار كۆزىنى دالادىن قاپ بېلىدىن تاشيول يۆگىلىپ ئۆتىدىغان تاغنىڭ باغرىدا ئۆسكەن قويۇق قارىغايزارلىقتىكى قارىغايلارغا يۆتكىدى. قېلىن قاردىن قارىغاينىڭ ئىنچىكىرەك شاخلىرى ھېلىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئېگىلگەنىدى. شۇ تاپتا قارىغاي شاخلىرىدىكى قېلىن قار گويا زېمىننى كەلكۈن بېسىپ كەتكەچ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن قارىغايزارلىقتىكى قارىغاي شاخلىرىغا چىقىۋالغان ئاق مۇشۇكلەردەك كۆرۈنەتتى. گاھى قارىغايلار خۇددى ئاق جۇۋا كىيىۋالغان گىگانت ئادەمگە، قارنىڭ سىلىقىدىن ئېگىلگەن قارىغاي شاخلىرى ئاشۇ گىگانت ئادەمنىڭ داردىيىپ تۇرغان قولىغا ئوخشىشاتتى.

ئىشقىيار نەزىرىنى قارىغايلىقتىن يەنە دالاغا يۆتكىدى ـ دە، ھەيران قالدى.

ئەنە شۇ قامەتلىك قارىغاينىڭ تۇۋىدىلا قانداقتۇر بىر ھايۋان يۇت ئېتىپ تېپچەكلەۋاتاتتى، ئىشقىيار دەسلەپتە ئۇنى «ئۆچكىمىكىن» دەپ ئويلىدى. كېيىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ۋە رەڭگىگە قاراپ بۇ پىكرىدىن ياندى. ئىشقىيار قەدىمىنى تېزلەتتى، ھېلىقى ھايۋان كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى بولغاي، ئورنىدىن ئوقچۇپ سەكرەپ باقتى، لېكىن ئاياغ بېسىپ تۇرالماي جايىغا يىقىلدى. يەنە ئۆرىدەپ يۇلقۇنۇپ باقتى، يەنە يىقىلدى، قارىغاندا، ئۇ ئېغىر يارىلانغانىدى. ئىشقىيار ئۇنىڭغا قاراپ يۇگۇردى. دەل شۇ چاغدا ئىشقىيار ئۆزىنىڭ قارشىسىدىن بىر بۆرىنىڭ ھېلىقى ھايۋانغا قاراپ ئېتىلىپ

كىلىمۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۆرە ھەربىر سەكرىگەندە خۇددى بىسىپ قويۇۋەتكەن پۇرژىنىدەك سوزۇلسا، ھەربىر تۈگۈلسە خۇددى پۇرژىنىنى كۈچ بىلەن باسقاندەك يىغىلاتتى ۋە شۇ ھامان تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھىلىقى ياربدار ھايۋانغا قاراپ ئېتىلاتتى. ئىشقىيار ھەممىنى ئۇنتۇغىنىچە ئالغا قاراپ يۈگۈردى. كۆلتۈك قاردا يۈگۈرمەك قىيىن ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ كەتتى. يەنە سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا قاراپ ئېتىلدى. قېلىن قار ۋە جۇۋا ئۇنىڭغا كاشىلا قىلاتتى. ئۇ مۇرىسىدىكى مىلتىقنى بىر قولىغا ئېلىپ كىلەڭسىز جۇۋىنى يېشىۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزى ھېلىقى بۆرىگە چۈشتى. ئۇ بۆرىنىڭ كۆزىنى ئېنىق كۆردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن يېشىل سوغۇق ئۇچقۇن چاچراپتتى، چىشلىرى ھىڭگايغانىدى. بۆرە بىلەن ھېلىقى ياربدار ھايۋاننىڭ ئارىلىقى يېقىنلاپ قالدى. ئىشقىيار ئەمدى ھەرقانچە قىلسىمۇ بۆرىدىن ئىلگىرى يىقىلغان ھايۋاننىڭ يېنىغا يېتىپ بارالمايتتى. ئۇ ھالدا بۇ ئاچ بۆرە ئۇ بىچارە ھايۋاننى تىتما - تالاڭ قىلىۋېتەتتى.

— تا... تا... تات...

يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ ساداسى قارلىق دالادا ياڭراپ يىراقلارغا ئۇچتى. ئوقتەك ئوقچۇپ كېلىۋاتقان ھېلىقى بۆرە ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە جەھلى بىلەن بىرقانچە قېتىم تولغىنىپ تېپچەكلىدى - دە، جىم بولدى. ئىستوۋۇلدىن پوروخ ھىدى كەلدى، ئىشقىيار تىزلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىق قار ئۈستىگە چۈشتى. ئىشقىيار بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى چۆرۈۋېتىپ ھېلىقى تېپچەكلەپ ياتقان ھايۋانغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ قويۇق ۋە قېلىن چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۇنىڭ ھودۇقۇش، ھەيرانلىق ھەم ئەندىشە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ھېلىقى تېپچەكلەۋاتقان ھايۋانغا تىكىلگەندى. ئۇنىڭ دانىخورەك باسقان قاتاڭغۇر يۈزىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ يىقىلىپ - قوپۇپ بايىقى ھايۋاننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. قارىغاينىڭ تۈۋىدە بىر بۇغا بالىسى تېپىرلاپ ياتاتتى. بۇغا بالىسى تېخى بەش - ئالتە ئايلىق بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ گاھ ئوقچۇپ قوپماق بولاتتى - دە، بىر يانپېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەي يەنە گۈپپىدە يىقىلاتتى، ئاندىن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ تېخى ئەمدىلا بۆرتۈپ چىققان يۇمران مۈڭگۈزى ۋە قاردا پاكىزلىنىپ پارقىراپ كەتكەن كىچىككىنە تۇياقلىرى بىلەن قارنى تىلغايتتى. ئىشقىيار يېتىپ كېلىشى ھامان بۇغا بالىسى ئىرغىپ تۇردى - دە، مادارسىزلىنىپ ئۆزىنى زەرب بىلەن يەرگە ئۇردى، ئاندىن ئىلاجسىزلىقىغا تەن بەرگەندەك سەل جىمىدى. ئۇنىڭ يۇلتۇزدەك روشەن كۆزلىرى ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ تېكىرقاپ تۇرۇپ قالغان بۇ ئىككى پۇتلۇق غەلىتە مەخلۇقنىڭ كۆزىگە قورقۇمسىراپ تىكىلدى. ئىشقىيارمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى - دە، شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ كەتتى. بۇغا بالىسىنىڭ قارىقاتتەك قاپقارا، لېكىن چوغدەك يانغان كۆزلىرى چەكسىز ۋەھىمە، قورقۇنچ، تېگى يوق ئۈمىدسىزلىك،

قايغۇ ـ ئازاب، بىچارىلىك ئىچىدە مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. بۇغا بالىسىنىڭ خۇددى بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ سۈرمە تارتقان كۆزلىرىدەك چىرايلىق كۆزلىرىدىكى تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكلەر تارامىلاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش بىلەن بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. ئىشقىيار بۇنچىلىك چوڭقۇر، بۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە ئاشكارا ھېسسىياتنى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىمۇ كۆرمىگەنىدى، ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ھايۋان بالىسى ياتاتتى. ئاشۇ ھايۋان بالىسى يىغلاۋاتاتتى، ئۇنسىز زارلاۋاتاتتى. ياق، ئۇنسىز ئەمەس، ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن تۇغرىدىن ـ تۇغرا ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە، ياق، كۆزىگە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىلىپ، ئىنسان بالىسى چۈشىنىدىغان ئەڭ ئېنىق، ئەڭ چۈشىنىشلىك، ئەڭ ئاددىي ۋە تونۇش تىلدا زارلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئىشقىيار شۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭ ئالدىدا ياتقىنى ئۆلۈم قايغۇسىدا قايغۇرۇپ ياتقان بىر ھايۋان بالىسى ئىكەنلىكىنى تامام ئەستىن چىقاردى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزىچىلا ۋاقىتسىز كېلىۋاتقان ئۆلۈم قورقۇنچىدا بوزلاپ ياتقان قان قېرىنداشىنى، ئۆزى بىلەن بىر قېرىندا ياتقان، بىر ئەمچەكنى تالىشىپ ئېمىپ چوڭ بولغان بىر تۇغقان ئىنىسىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئىشقىيارنىڭ ئىچ ـ باغرى ئۆرۈلۈپ، يۈرىكى ئېزىلگەندەك بولدى. ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ چۆچۈپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلىدى. بۇغا بالىسى قاتتىق يۇلقۇنۇپ ئۆرىدەپ يەنە جايىغا يىقىلدى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى قۇچاقلىۋالدى. بۇغا بالىسىنىڭ تېنى خۇددى شۇۋىرغاندا قالغان ئاخىرقى نىمجان ياپراقتەك تىترەيتتى.

«قورقما، جىگىرىم، قورقما! مەندىن زەخمەت يەتمەيدۇ! يىغلىما، قورقما، جېنىم ئۇكام... باغرىم ئۇكام!...»

ئىشقىيار ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى تامام ئۇنتۇغانىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، ئۆمچىيىپ قىمىرلايتتى. ئۇنىڭ قوپال، يىرىك قوللىرى بۇغا بالىسىنىڭ تۈكلۈك، ئىسسىق، لېكىن دىر - دىر تىترەپ تۇرغان يۇمران تېنىنى تىنىمسىز سىلايتتى. ئۈركۈپ چەكچىيىپ تۇرغان بۇغا بالىسىنىڭ قار يېپىشىپ قالغان تۇمشۇقىغا، ياش بىلەن نەمدەلگەن كۆزلىرىگە سۆيەتتى، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ ئۇنى قانماي پۇرايتتى، ھىدلايتتى.

ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى. شۇ چاغدا ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئوتتەك قىزىق ھارارەتنىڭ تەپتى تېنىگە، بۇغا بالىسىنىڭ تېنىدىكى ئىسسىقلىق ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتتى. بۇغا بالىسىنىڭ تىترىكى ئىشقىيارنىڭ تېنىگە، ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىترەك بۇغا بالىسىنىڭ تېنىگە تارقىدى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن تىترەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئىككى يۈرەك — ئۆلۈم دەھشىتىدە قىلدەك تولغىنىپ تىترەپ ياتقان ھايۋان بالىسىنىڭ ئەنسىز، ۋەھىملىك سوقۇۋاتقان كىچىككىنە يۈرىكى بىلەن قانلىرى پورۇقلاپ قايناپ تومۇر - تومۇرلىرىدىن بىر خىل ھاياجانلىق ئۇرغۇپ - ئۇقچۇپ تۇرغان، ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىگەن ئادەم

بالىسىنىڭ يۈرىكى بىر -بىرى بىلەن ئۆچراشتى. بۇ يۈرەكلەرنىڭ رىتىمى، سوقۇشى بىر خىل، ھاياجانلىق، شىددەتلىك ئىدى. ئادەم بالىسىنىڭ قاۋۇل، مەزمۇت گەۋدىسى بىلەن ھايۋان بالىسىنىڭ نازۇك - ئەۋرىشىم گەۋدىسى بىر - بىرىگە چىپىسلىشىپ ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى بىر ئادەمنىڭ تىنىقىدەك قوشۇلۇپ كەتتى.

خۇددى جىنىنىڭ بارچە يىغلاۋاتقان بوۋاقنى ئانىسى باغرىغا باسسا بوۋاق ئانىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىن تەسەللى تېپىپ جىم بولۇپ قالغاندەك، باياتىندىن بېرى ساراسىمە ئىچىدە يۇلقۇنۇپ، ئوقچۇپ - ئۆرىدەپ قىينىلىۋاتقان بۇغا بالىسى بىردىنلا تىنچلىنىپ قالدى. ئەمدى بۇغا بالىسىنىڭ كۆزىدىكى قورقۇنچ، قايغۇ، يىلىنىش، بىچارىلىكنىڭ ئورنىنى ئاشكارا تەئەججۇپ، ھەيرانلىق، چۈشەنمەسلىك ئىگىلىگەنىدى...

— بۇغا بالىسى ئىكەنغۇ، ئاشۇ ياردىن يىقىلىپتۇ - دە!

— بېلى سۇنغان بولسا، ھە... قارا، ئايىغى تەرىپىنى قىمىرلىتالمايۋاتىدۇ.

— ياق! پەقەت بىر تال پاقالچىقى سۇنغاندەك قىلىدۇ...

— مەن ھايۋان بالىسىنىڭ يىغلىغىنىنى ئۆمرۈمدە بۈگۈن كۆردۈم.

ئىشقىيار سەپداشلىرىنىڭ بۇ يەرگە قاچان يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يولداشلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ جۇۋىسى ۋە مىلتىقىنى بىرى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئىشقىيار ئۇنچىقماي ھېلىقى جەڭچىگە تىكىلىپ:

— مۇھەممەد، ئۇلارنى سەن كۆتۈرۈۋالغىن... مەن ماۋۇ بىچارىنى كۆتۈرەي... ئەكىتەيلى، ئۇنى بۇ يەرگە مۇشۇ ھالدا تاشلىۋېتىپ چىدىيالمايمەن... — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، چىرايىنى چوڭقۇر مەيۈسلۈك قاپلىغانىدى، ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقاتتى.

— تۇغرا، ئەكىتەيلى. قارا، بۇنىڭ بىچارىلىكىگە! ئادەمنىڭ يۈرىكىگىلا قاراۋاتىدۇ بۇ جانىۋار كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ...

— بىراق ئۇنى باقالايمىزمىكىن؟ «قاتتىق - قۇرۇق قالدىم» دەپ بىزدىن يامانلاپ قالمىسا بولاتتىغۇ، — ئېلشات دېگەن يىگىت مۇجمەلرەك قىلىپ ئېيتتى.

بىر يىگىت دەررۇ ئېتىراز بىلدۈردى:

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ ئادەم بار يەردە بۇنىڭغا لايىق ئوزۇق تېپىلماسمۇ؟ كۆپنىڭ قاتارىدا نېسىۋىسىنى يەر...

— ئەل بار يەردە بىر يولى چىقىپمۇ قالار...

يىگىتلەرنىڭ قىزغىنلىقى ئىشقىيارنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى.

— رەھمەت، ئاغىنىلەر! — ئىشقىيار تەسىرلىنىپ كەتتى. ئەكسىچە، يىگىتلەر ئۇنىڭ نېمىگە رەھمەت ئېيتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە قاراپ قويۇشتى. ئۇ ئېگىشىپ ئىككى قولىنى بۆغا بالىسىنىڭ ئىنچىكە بېلى ۋە ئالدى قولىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ بۆغا بالىسىنى قىينالمايلا خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆتۈرگەندەك ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋالدى. ئۇشتۇمتۇت ئىشقىيارنىڭ كۆزى ئۆزلىرىدىن سەككىز - ئون غۇلاچ يىراقلىقتا قانغا

بويىلىپ سۇنايلىنىپ ياتقان بۆرىگە چۈشۈپ قالدى. ئىشقىيارنىڭ پۇتۇن ئەزاسى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇغا بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە بۆرىگە قاراپ يېقىنلاشتى. بەستلىك بۆرە خېلى يەرنى ئىگىلەپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قويۇق كەلگەن كۈل رەڭ يۇمشاق تۈكلىرى ھۈرپىيىپ تىكلىنىپ كەتكەنىدى. بۆرىنىڭ تىنىقى باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىقىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ لىپىلداپ قوياتتى، بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىن تېخىچە ئۇقچۇپ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قارا قىزىل، قويۇق ۋە ئىسسىق قان قارنى ئېرىتىپ ئەتراپقا يامراماقتا ئىدى. يوغان بىر پارچە يەردىكى كىرىستالدەك ئاپپاق قار بۆرىنىڭ قېنىغا بويىلىپ خۇددى چۇغلۇق گۈلى ئۈنگەن يەردەك قىپقىزىل يېلىنجاپ كەتكەنىدى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ قارلىق يەرگە يېيىلىپ ئاستا - ئاستا سىڭىۋاتقان قاندىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇغا بالىسىنى باغرىغا بېسىپ كۆتۈرۈۋالغان ئىشقىيار ۋە ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يولداشلىرى بۆرىدىن ئىككى - ئۈچ غۇلاچ يىراقلىقتا يېتىپ كېلىشتى. بۆرە ئاخىرقى قېتىم بىرلا سىلكىنىپ تارتىشتى - دە، جىم بولدى. بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى ھايات بەلگىسى ئۆچۈش ئالدىدىكى ئاشۇ بەك قىسقا دەقىقىدە ئىشقىيارنىڭ كۆزى بۆرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە شۇ ھامان ئىشقىيارنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ قەدىمىنى يۆتكەشكە قۇربى يەتمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۆلۈۋاتقان كۈل رەڭ چىشى بۆرىنىڭ كۆزى ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالغانىدى. تۈن ئاسمىنىدا چاراقلىغان ساليوت چاچمىسىدەك ياپپېشىل ئۇچقۇنداپ تۇرغان ئاشۇ

كىچىكرەك، لېكىن خەنجەر ئۇچىدەك ئۆتكۈر كۆزلەردىن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جېنى يوشۇرۇنغان جايىنى قوچۇپ مالتىلىۋېتىدىغان مۇدھىش ۋە بىر ئوچۇم مۇزدەك سوغۇق نۇر يىڭنىسى چاچرايتتى.

بىردىنلا ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ پۈت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ گويا كىمدۇر بىرى يۈرىكىنى قاماللاپ تۆۋەنگە تارتىۋاتقاندەك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان، پەقەت ئېگىز ياردىن چوڭقۇر ھاڭغا پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدىلا بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئاسقىشتىن تىن ئالالماي قالدى - دە، بېغىش - بېغىشىدىن ھالسىراپ كۈچسىزلىنىپ بۆرىنىڭ دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكتىن تىغدەك يالتىرىغان كۆزلىرىگە دەككە - دۈككە ئىچىدە تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. كۈل رەڭ بۆرە ئاخىرقى قېتىم بىر سىلكىندى - دە، جىم بولدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئۆزىنىڭ ئالدىدا شىكەستىلەنگەن بۇغا بالىسىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە غالىلداپ تىترەپ تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىگە قادالغىنىچە قېتىپ قالدى... شۇ ئاداققى دەمدە ئىشقىيار ئۆلۈۋاتقان ئاشۇ بۆرىنىڭ كۆزىدە ئاجايىپ بىر نەرسىنى — چاقماقنىڭ چېقىلىشى، يەرنىڭ سىلكىنىشىدەك، ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدىغان بىر قۇدرەتلىك نەرسىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى. ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ، چاچ - ساقاللىرى سىم چوتكىدەك تىكلىنىپ كەتتى - دە، بۇ قاۋۇل گىگانت يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بۇغا بالىسىنىڭ تېنىگە دومىلاپ چۈشتى.

ئىشقىيار بۆرىنىڭ كۆزىدە ئاخىرقى قېتىم بالقىپ پارلىغان ھېلىقى شەكىلسىز، رەڭسىز نەرسىنىڭ بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنىلا بىلەلمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى ئاختۇرۇلۇپ، پۇت - قولىنىڭ ئۇچىغىچە مۇزلاپ كەتتى. لېكىن، ئۇ كۈچنىڭ نېمە كۈچ ۋە ئۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا، قانداق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. يەنە كېلىپ ھېلىقى كۈچنى پەقەت مۇشۇ ئىشقىيارلا كۆرگەنىدى.

— ۋاقىت توشتى، ئاغىنىلەر! — بىرى ئەسكەرتتى.

ئىشقىيار قولىدىكى بۇغا بالىسىنى يەرگە قويدى ۋە دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن قوپۇپ بۆرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېچىنىش ھەم پەرىشانلىق ئىچىدە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوچۇملاپ قار بىلەن بۆرىنى كۆمۈشكە باشلىدى. باشقا جەڭچىلەرمۇ ئولىشىپ كەلدى ۋە بۆرىنىڭ تېنىگە قار تاشلاشقا كىرىشتى. ئۇلار بۆرىنى قار بىلەن كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن ئىشقىيار قايتىپ كېلىپ بۇغا بالىسىنى كۆتۈرۈۋالدى ۋە خۇددى مەست بولغان ئادەمدەك خاراموش ھالەتتە يولداشلىرىنىڭ سېپىگە قېتىلىپ دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر غەلىتە ئەنسىزلىك، ساراسىمە، دەككە - دۈككىچىلىك ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ھېلىقى بۆرە كۆمۈلگەن قار زومچەككە بىر قاراپ قويدى - دە، چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قېلىن قارىغايلىق قۇچاق ئېچىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ گازارمىسى ئاشۇ قارىغايزارلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقانىدى.

يىگىتلەر قەدەملىرىنى چاپسانلىتىپ، قاقىرلاردەك قاتار تىزىلىپ، چەبدەس قەدەم بىلەن قارلىق ئورمان ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا ئورمان ئىچىگە ئاللىقاچان گۇگۇم چۈشكەنىدى.

## 13

شۇ كۈنى كەچتە ئىشقىيارلارنىڭ ياتىقىغا قۇرۇق چۆپتىن قىلىن قىلىپ ئورۇن راسلاندى. ياتاقتىكى تام مەشىنىڭ يېنىغا راسلانغان بۇ ئاددىي تۆشەك ھېلىقى بۇغا بالىسى ئۈچۈن ئىدى. دەسلەپتە بۇغا بالىسى ھە دېسە تېپىرلاپ، يۇلقۇنۇپ ئىشقىيارغا ئارام بەرمىدى. ئۆزىمۇ بەك ھالسىرىدى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى ۋە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ گاھ چىراغقا، گاھ ئۆز ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرگە ياتسىراش ۋە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ ياتتى. ئۇ بۇ يەردىكى ھىد ـ پۇراققا كۆنەلمىگەندەك پات ـ پات پۇشقۇرۇپ قوياتتى.

بۇغا بالىسىنىڭ بىر يانپىشىنىڭ سۆڭىكى چىقىپ كەتكەنىكەن. ئىشقىيار ياتاقداشلىرىنىڭ ياردىمىدە بىر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ يانپاش سۆڭىكىنى ئۇۋۇلاپ جايىغا كەلتۈردى. ئەڭ ئېغىرى ئۇنىڭ سول پۇتىنىڭ ئىنچىكە پاقالچىقىنىڭ سۆڭىكى ئىدى. پاقالچاق سۆڭىكى چورتتىدە ئۈزۈلۈپ تېرىنى يىرتىپ سىرتىغا چىقىپ قالغانىدى. ئىشقىيار بوۋىسىنىڭ پۇت ـ پاقالچىقى

سۈنغان قوي ـ كالا، ئاتلارنىڭ ئايىغىنى تاڭغىنىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدى، لېكىن ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئىش يۈزىدە قىلىپ كۆرمىگەنىدى. ئىشقىيار بىلەن ياتاقداش باللارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلىك بولغاچقا، ئات ـ ئېشەكنىڭ يېنىغىمۇ كېلىپ باقمىغان باللار ئىكەن، شۇڭا ئۇلار تېڭىقچىلىق ھەققىدە ئەقەللىي ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىكەن. ئىشقىيار «بۇغا»، «بۆرە» دېگەننى ئەمدى كۆرۈۋاتقانلىقىغا قارىماي نېمىلا بولمىسۇن، ئاش ـ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە چوڭ بولغان ھەقىقىي سەھرا بالىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋىسى ئوسمان چوڭنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن بۇ يىگىتنىڭ ئىشقا كەلگەندە خېلى پەمى بار ئىدى. ئىشقىيار ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئائىلىنىڭ چوڭ ئەركەكلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەنگەنىدى، ھەتتا ھېيت ـ ئايەمدە ياكى مېھمان ئۈچۈن قوي ـ قوزا، ئۆچكە ـ ئوغلاق بوغۇزلاشقا توغرا كەلسە بوۋىسى ئىشقىيارنى تاھارەت ئالدۇرۇپ، قولىغا پىچاقنى تۇتقۇزۇپ ئۆزى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىشقىيار ئۆزى تەنھا كۆنگە بەش ـ ئالتە قوي ـ قوزىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، ھەربىر قوينى سويغاندا پىچاقنى ئەپچىل دەل ئىشلەتكىنى، پاكىز ۋە چاققانلىقى، تېرە ـ ئۈچەيلىرىنى يىغىشتۇرۇشتىكى پىششىقلىقى بىلەن بوۋىسىنىڭ ماختىشىنى ئالىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ بوۋىسى ئوسمان چوڭنىڭ ئىشتىكى پەمى، چەبدەسلىكى، پۇت ـ قولىنىڭ يەڭگىل ۋە چاققانلىقى ئۇنىڭغا قالدى،

ھەتتا بوۋىسىنىڭ قول تەممۇ ئۇنىڭغا ئۆتكەنىدى. ئىشقىيار بوغۇزلىغان مالىنىڭ گۆشىنى مېھمانلار «بەك مەززىلىك پىشىپتۇ، بۇ مالنى سويغان قاسساپنىڭ قولى تاتلىق ئىكەن» دەپ ماختىشىپ ـ ماختىشىپ يەيدىغان بولدى...

شۇنداق قىلىپ يىگىتلەرنىڭ ھە ـ پە دېيىشى بىلەن ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ سۇنغان پاقالچاق سۆڭىكىنىمۇ بىر ئاماللاپ جايىغا كەلتۈرگەندەك قىلدى ۋە نېپىز تاختايدىن شىنا ياساپ سۇنۇقنى تاختاينىڭ قىيىتىغا ئېلىپ تېڭىپ قويدى. ئەمدى كېرىكى، بۇ جانىۋار سۇنغان سۆڭەك تۇتۇۋالغۇچە ئورۇنىسىز مىدىرلىمىسا بولاتتى. قارىغاندا، يات مۇھىتقا مەجبۇرىي ئەكېلىنگەن بۇ ئەركىن ھايۋاننىڭ بۇ تەلەپنى ئورۇندىشى قىيىنندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ گاھى ـ گاھىدا كىچىككىنە تۇيىقى ئۇچۇن چۆچۈپ ئوپۇر ـ توپۇر بولاتتى. پۇتىنىڭ ئاغرىقى سەۋەبىدىنمۇ بۇغا بالىسى كېيىن بىردىنلا جىمىپ كەتتى. يىگىتلەر ئىشقىيارنىڭ: «سۇنغان ئۇستىخىنى تۇتۇپ ئادەم ھېدىغا سەل كۆنۈۋالغۇچە بۇغا بالىسى ياتاقتا تۇرسا» دېگەن تەلىپىگە ئېلىشات دېگەن جەڭچىدىن باشقا يىگىتلەر خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. ئېلشاتنىڭ «ياتاق ھاۋاسى بۇزۇلىدۇ، تازىلىق نىزامى يول قويمايدۇ» دېگەن پىكرى ئىشقىيار ۋە يىگىتلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇنداق قىلىپ يەتتە كىشىلىك ياتاقتا تۆت پۇتلۇق بىر يېڭى ئەزا كېلىپ قوشۇلدى.

# 14

يېتەكچى بىلەن روتا كوماندىرى پولك كوماندىرىنى ھېلىراق يولغا سېلىشۇەتكەندى. پولك كوماندىرى ئۇلارنىڭ «قونۇپ كېتىڭ» دەپ تۇتقىنىغا ئۆزرە بىلدۈرۈپ كېتىپ قالدى. پولك كوماندىرىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىكەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئىيۇل ئايلىرىدا ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تاكتىكىلىق مەشىق بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە تەييارلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كېسەللىنى بىر ياققا قويۇپ، ھەربىر روتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىلانى، ئەمەلىي كۈچى ۋە تەييارلىق تۈرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇقتىلىق مەشىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ يۈرەتتى.

پولك كوماندىرىنىڭ تېنى ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك زەئىپلىكى، لېكىن ئۇنىڭ ۋاقىتسىز قورۇق باسقان كەڭرى پېشانىسىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان قەيسەرلىك ۋە ئۇنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرىدە پارلاپ تۇرغان روھىي جۇشقۇنلۇق، ئۇنىڭ پولكنىڭ ئەھۋالىنى كۆپ تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشى يېتەكچى بىلەن روتا كوماندىرىنى ھەيران قالدۇردى.

— ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئەمدىرەك ئالغان بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى خېلى بار ئىكەن - دە! — دېدى روتا كوماندىرى پولك كوماندىرىنى ئۇزىتىپ قايتىپ

كىرگەندىن كېيىن،ــ بولمىسا ئاز كۈندە دىۋىزىيە كوماندىرى بولار ئىدى...

ــ ئۆتكەندە پولكنىڭ دوختۇرى بىلەن ئەھۋاللىشىپ قالدىم. ئاڭلىسام پولك كوماندىرىنىڭ باشقا كېسىلى يوق ئىكەن. ئاساسلىقى بەك چارچاشتىن تېپىۋالغان كېسەل ئىكەن،ــ ئېگىز بويلۇق جۇدەڭگۈ كەلگەن يېتەكچى ئىشخانىدىكى ئىشكاپقا بايا پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلغان ماتېرىياللارنى سېلىۋېتىپ،ــ ئوزۇقلىنىشقا بەك سەل قارايدىكەن، قان ئازلىق كېسىلى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك... ئۇنىڭغا كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ خىزمەت قىلىش قوشۇلۇپ...ــ يېتەكچى ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. روتا كوماندىرى يېتەكچىگە تاماكا قۇتىسىنى سۇندى. ئۇلار ئىككىسى بىردىن «سولداتىسكى» قىلىپ موخوركا ئوراشتى.

ــ باھاسىز ئادەم! ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدۇ، خاس ئەسكەر ئۇچۇن يارالغان ماتېرىيال ـ دە!ــ دېدى يېتەكچى تاماكىسىغا ئوت يېقىپ.

ــ كۆزى ئادەم تونۇيدۇ دېمەمسىز! ئۆزى پولك كوماندىرى بولغىنى بىلەن ئاددىي ئەسكەر ئىچىدىن كەلگۈسىدە روتا كوماندىرى بولالايدىغىنىنى، روتا كوماندىرلىرى ئىچىدىن كەلگۈسىدىكى پولك كوماندىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرسە كېرەك بۇ ئادەم...ــ دېدى روتا كوماندىرى چىراغ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان كەڭرى پېشانىسىدىكى قىزغۇچ بۇدۇر چېچىنى سىلىغاچ كۈلۈمسىرەپ ئالدىنقى ھەپتىدە پولك ئىشتابىغا بىر ئىش بىلەن بېرىپ ئالاھىدە بىر ئىش

بولمىسىمۇ ئاتايىن پولك كوماندىرىنى يوقلاپ ئۇنىڭغا سالامغا كىرگەندە پولك كوماندىرىنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەنلىكى، زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ پۇرسىتى كېلىپ قالغاچقا، ئۇ روتىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە سۆزلىگىنىدە پولك كوماندىرىنىڭ رازىمەنلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغانلىقىنى، ھەتتا قويۇن دەپتىرىگە نېمىلەرنىدۇر خاتىرىلىۋالغانلىقىنى، ئاخىرىدا: «دادىل ئىشلەڭ! پولكىمىزنىڭ شان - شەرىپى سىلەر ۋە سىلەرنىڭ جەڭچىلىرىڭلارنىڭ قولىدا! پولك سىلەردەك ياش، قابىل، بىلىملىك كوماندىرلارغا بەك موھتاج...» دەپ ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىققانلىقى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى.

شۇ تاپتا بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئۇنى نېمىگىدۇر ئۈمىدلەندۈرۈپ ئۇنى مەمنۇن قىلماقتا ئىدى. شۇ كۈندىن كېيىن روتا كوماندىرى بىر خۇپىيانە خۇشاللىق ۋە ئۈمىد قۇچىقىغا بۆلۈنگەنىدى.

— نۇقتىلىق مەشىقنى باشلىۋېتەيلى. سىزنىڭچە 11 - ئودلىنىيەدىن ئۈمىد بارمۇ؟ — يېتەكچى جىملىقنى بۇزدى.

— بۇگۈن ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە مەن ئاشۇ قارارغا كەلدىم، 11 - ئودلىنىيەنى تۇتقىنىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىق، چۈنكى بۇ ئودلىنىيەدىكى جەڭچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك خېلى يۇقىرى، كەسپىي بىلىمى خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق، جىسمانىي قۇرۇلمىسىمۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمدىكى

گەپ، بۇ ئۇدلىنىيەنىڭ مەسئۇللۇقىنى كىمگە تۇتقۇزۇشتا! پەۋقۇلئاددە مەشىق بەك جاپالىق، ئۇنىڭغا چىداملىق، غەيرەتلىك، بىلى چىڭ يىگىتتىن بىرنى قويىمساق بولمايدۇ. باشقىلار ئۇھ دەپ بولغۇچە زوڭ ئولتۇرۇۋالىدىغانلارغا تۇتقۇزۇپ قويسا ئۆتكەن قېتىمقىدەك دەل ماھارەت كۆرسىتىدىغان سورۇننىڭ ئۆزىدە «ۋاڭ» دەۋېتىپ يۈزىمىزنى سىيرىۋېتىدۇ...

— قارىغاندا، كۆڭلىڭىزگە ئاللىقاچان بىرىنى پۈكۈپ بوپسىز ـ دە؟! — سورىدى يېتەكچى روتا كوماندىرىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئىشقىيار بولمىسۇن يەنە!

— قانداقلارچە ئىشقىيارنى تاللىشىم مۇمكىن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ قالدىڭىز؟ — سورىدى يېتەكچى تەئەججۇپ بىلەن.

— مەن سىزنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى كۆزلەپ يۈرگىنىڭىزنى بىلىمەن. ئۇ يىگىت دېمىسىمۇ ناھايىتى تېز ئالغا باستى. روتىمىزغا يېڭى كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتا ئالدىغا ھورنان بىلەن كەلتۈرۈلگەن تۇزغا چىلىغان بىر تەخسە تەرخەمەكنى يەۋەتكەن ۋە كېيىن ئىچى سۈرۈپ ئۈچ كۈنگىچە قوپالماي ياتقان بىر ئاددىي سەھرا يىگىتىنىڭ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سىياسىي ئاڭ، ھەربىي تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى جەھەتتە بۇنچىلىك تېز ئىلگىرىلەپ روتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى ئارمىيەمىز ئۈچۈن ئانچە ئەجەبلىنەرلىك بولمىسىمۇ، كىشىنى خۇشال

قىلىدۇ...ــ دېدى يېتەكچى ھاياجان بىلەن،ــ كېيىن مەن ئۇنىڭدىن پۈتۈن بىر تەخسە تۇزلۇق تەرخەمەكنى يەۋېتىشكە نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «جەڭچى دېگەن بۇيرۇققا بويسۇنۇشى لازىم، مېنىڭ ئالدىمغا قويۇلغىنى ئەلۋەتتە مېنى يەۋەتسۇن دېگىنى بولسا كېرەك، دېمەك، مۇشۇنىڭ ئۆزى بۇيرۇق دەپ ئويلىدىم ـ دە، يەۋەتتىم» دەيدۇ، دېمەمسىز...

ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشتى.

ــ بىراق،ــ دېدى روتا كوماندىرى بىر ئىش تۇيۇقسىز يادىغا كېچىپ،ــ ھېلىقى شوپۇرلۇققا چىقىرىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئىشقىيار تىزىملىكنىڭ بېشىدا. قارىغاندا ئۇنىڭ شوپۇر بولغۇسى بار ئوخشايدۇ. پولك ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقىمۇ بىرلا ئىشقىيارغا قىزىقىۋاتىدۇ... مۇسابىقە مەشقى تازا قىزىغاندا چاقىرتىلىپ قالسا،ــ يېتەكچى خىياللىنىپ قالدى.

ــ شوپۇرلۇققا چىقىرىدىغانلارنى ماينىڭ ئاخىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىڭلار، دەپ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مۇبادا يېڭىدىن تەشكىللىنىدىغان مۇسابىقىغە قاتنىشىدىغان ئودلىنىيەگە ئىشقىيارنى بېكىتىشنى قارار قىلساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ شوپۇرلۇققا چىقىش ئىشىنى پولك بىلەن كېلىشىپ بىر ـ ئىككى ئاي كېچىكتۈرسەك تامامەن مۇمكىن. مۇسابىقە ئاياغلاشقان ھامان ئەۋەتىپ بەرسەك بولىدۇ. بۇنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، ئەتىلا پولك ماشىنا ئەترىتى باشلىقىنىڭ قېشىغا باراي، ئۇنىڭ پارتىيەلىك مەسىلىسىمۇ بار. گەرچە ئۇنىڭ قىسىمغا كېلىپ ئون بەش كۈن بولمايلا: «بوۋامنى

سېغىنىپ كەتتىم» دەپ رۇخسەتسىز ئائىلىسىگە كېتىپ قېلىشى بىر جەڭچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئېغىر ئىنتىزامسىزلىق بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغان، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇش ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا باشقىچە چارە كۆرۈلمىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ قېتىمدا قىسمىمىز دەل ئۇنىڭ يۇرتىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇنەپ قالدۇق. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىچىككىدىن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، قىسىمغا كېلىپ ئىنتىزام، تەشكىلىي تۈزۈم توغرىسىدا تېخى تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىغان، ھەربىي فورما كىيىشنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتقان ئون بەش كۈنلۈك بىر جەڭچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چۈشىنىشكە بولىدىغان بىر سەۋەنلىك، — يېتەكچى قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا باستى. روتا كوماندىرى تام مەشىنىڭ ئوچىقىدىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن چوغنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە تال كەسلەنگەن قارىغاي ئوتۇننى سالدى. ئوتۇن ھە دېمەيلا گۈپپىدە ئوت ئالدى، ئۆينىڭ ئىچى قارىغاينىڭ خۇش ھىدىغا تولدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دېدى يېتەكچى ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ بۆلۈمنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ، — ئىشقىيار شۇنىڭدىن كېيىن مانا ھازىر سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز، ئىنتايىن تېز ئالغا باستى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىز بىلەن بىزگە چۈشىنىشلىك، شۇڭا كېلەر قېتىملىق ياچېيكا يىغىنىدا ئىشقىيارنىڭ قايتا - قايتا يېزىۋاتقان ئىلتىماسىغا ۋە بىر يىلدىن بېرىقى ئىپادىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ كاندىدات

پارتىيەلىك مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئەڭ كېچىككەندىمۇ ھەرھالدا ئۇنى ماشىنا ئەترىتىگە چىقىرىپ بېرىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ ئىشنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش لازىم.

روتا كوماندىرى يېتەكچىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. كېيىنكى قېتىملىق ياچېيكا يىغىنىدا بۇ ئىش ھەققىدە مەخسۇس قاراپ چىقىشقا كېلىشتى. ئۇخلاشقا سىگنال چېلىشقا يەنە ئازراق ۋاقىت بار ئىدى. يېتەكچى ئەتە چىقىرىلىدىغان قارا تاختا گېزىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقىلى تەشۋىقات خادىملىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى. روتا كوماندىرى گۇلدۇرلەپ ئوت كۆيۈۋاتقان تام مەشنىڭ پىلتىسى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتى. ئۆي ئىچىدە ئوچاق ئىچىدىكى ئوتۇننىڭ پاراسلىشىدىن ۋە ئۇنىڭ يېقىملىق گۇرۇلدىشىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى.

## 15

روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى ياخشى كۆرگىنىدەك ياخشى كۆرۈش ئىدى. ئىشقىيار قىسىمغا كېلىشتىن ئىلگىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەنىكەن، لېكىن ئۇ ھەتتا بەزى مەكتەپ يۈزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ساۋاتسىز جەڭچىلەرنىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېلىقى خارىستەك كۆرەڭلەپ ئۆزىنىڭ بىلىمىنى كۆز - كۆز قىلمايتتى. ھەرقانداق

تاللاشتا باشقىلارغا يول قويىاتتى. شۇنداق چاغلاردا پەقەت ۋىللىدە قىزىرىپلا قويياتتى. دەم ئېلىش سائەتلىرىدە مەيلى توپ مەيدانىدا بولسۇن ياكى جەڭچىلەر چېلىشىپ ئوينىغىنىدا بولسۇن، خەقنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىشنى خالىمايتتى. ئۆزى بىرەر ئىشتا ئۇستۇن چىقىپ قالسا خۇددى ئاتنىڭكىگە ئوخشاش چوڭ - چوڭ چىشلىرى بىلەن قېلىن كالپۇكىنى چىشلەپ ئەيىبكارلارچە خىجالەت بولۇپ جىم بولۇپ قالاتتى.

روتا كوماندىرى «سەمىمىي ئادەملا قىزىرىشنى بىلىدۇ» دەپ چۈشىنەتتى. روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ تەمبۇرنى ناھايىتى ياخشى چالىدىغانلىقىنى، قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرگە، قەدىمكى رىۋايەتلەرگە بەك پىششىق ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلىغانىدى، لېكىن ئۇ ئۆز ياتاقداشلىرى ئارىسىدىلا ئۇلارنىڭ تەلىپى بىلەن رىۋايەت ئېيتىدىكەن. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بىر ئۆزى يالغۇز ئەمەس، ئەكسىچە باشقىلار بىلەن كۆپنىڭ قاتارىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناش پۇرسەتلىرى بولسا ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتىدىكەن. زاكىر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى زادى چۈشەنمەيتتى، لېكىن بۇ ئۇنىڭغا ياقاتتى، شۇڭا روتا كوماندىرى روتىنىڭ تەمبۇرىنى ئىشقىيارنىڭ ساقلىشىغا ئۆزى بەرگەنىدى. خالىغان چاغدا ۋە خالىغان يېرىدە چالسۇن - دە!

بىر جەڭچىنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىش بىر روتا كوماندىرى ئۈچۈن ئۇ جەڭچىنى چۈشىنىشتە ئەڭ مۇھىم ئىش. روتا كوماندىرىنىڭ بىلىشىچە، ئىشقىيار گېزىت كۆرۈشكە بەك ھېرىس ئىدى، بولۇپمۇ

خەلقئارا خەۋەرلەر بېتىنى بەك قىزىقىش بىلەن كۆرەتتى. روتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ۋەزىيەت تەربىيەسى دەرسىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. گاھىدا بىرنېمىلەرنى خاتىرىسىگە تىزكەپ ئالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، گازارما ئەمگەكلىرىدە، كۆچەت تىكىش، گۈل بېقىش ئىشلىرىدا ئىشقىيار نەمۇنە ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ خۇددى ئاتتەك ئىشلەپ كېتەتتى. ئېيىققا ئوخشىشىدىغان قوپال يىگىتنىڭ قەلبىدە شۇنچە نازۇك بىر ھېسسىياتنىڭ — گۈلخۇمارلىقنىڭ كۆچلۈكلۈكى روتا كوماندىرىنى ھەيران قالدۇراتتى. روتا كوماندىرىنىڭ نەزىرىدە ئىشقىيار نېمىشقىدۇر باشقىچىرەك يىگىت ئىدى. روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ مېڭىش - تۇرۇشلىرىدىن، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن، ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزىدىن، ئۇنىڭ قىزىقىش - ھەۋەسلىرىدىن كېلىۋاتقان يېقىمسىز چىچىلەرگە، بولۇپمۇ شەھەردىن كەلگەن جەڭچىلەرگە ھېچ ئوخشىمايدىغان بىر ئۆزگىچىلىكنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى. نېمىشقىدۇر روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى «بىر روھىي توقلۇق، بىر ئىچكى كۈچنىڭ قۇدرىتىدە ياشايدۇ» دەپ ئويلىغۇسى كېلەتتى. ئۆزى ئېيتىۋاتقان بۇ روھىي توقلۇق ۋە ئىچكى قۇدرەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى روتا كوماندىرى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، لېكىن بىرلا نەرسىنى — بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆز يولىدىن ئاسان تايمايدىغانلىقىنى، ۋاقتى كەلسە ھەرقانداق خېيىم - خەتەرگە ھېچ ئىككىلەنمەيلا تەۋەككۈل قىلالايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. مانا شۇنىڭ

ئۇچۇنمۇ گەرچە بۇ تەلەپچان، كەسكىن ۋە مەغرۇر كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىنى روتا بويىچە ھەممە كىشى بولجىماي ئورۇنداپ ئۆگەنگەن بولسىمۇ (بۇ ئەلۋەتتە بۇزغىلى بولمايدىغان قانۇنغۇ) ئىشقىيارنىڭ ئۆز بۇيرۇقىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش روتا كوماندىرىغا ھەرقاچانلا بىر خىل يوشۇرۇن لەززەت بېغىشلايتتى. ئەمەلىيەتتە روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى بۇيرۇق مەنىسىدە ئىجرا قىلىشقا ئادەتلەنگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، لېكىن روتا كوماندىرى يەنىلا ھېلىقىدەك ئويلايتتى. روتا كوماندىرى ئادەتتە بوي ـ قامەت ۋە يىگىتلەرگە خاس كۈچ ـ ۋەزنىدە ئۆزىنىڭ بۇ يىگىتتىن بەك تۆۋەن تۇرىدىغىنى ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى، گاھىدا ئۆزىنى پۈت ـ قوللىرى كالتە، يەلكىلىرى تار ھالدا ئەمەس، ئەكسىچە ئىشقىياردەك ھەممە يېرىدىن يىگىتلىك كۈچى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ باقاتتى. ئۆزى ھەممە خەقتىن ئېگىز يالغۇز چوققىدەك قامەتلىك، كۆرۈملۈك بولسا ئۇنىڭغا باشلىقلىق سالاھىيىتى، باشلىق بولغاندىمۇ ھازىرقىدەك پەقەت روتا دەرىجىلىكلا ئەمەس، باتالىيون، پولك، دىۋىزىيە، ھەتتا... دەرىجىلىك باشلىق سالاھىيىتى قوشۇلۇپ كەلسە ئۇ چاغدا ئۇ نەقەدەر سۈرلۈك ھەيۋەت بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە؟... پولك كوماندىرى بۇ ھەيۋەتلىك يىگىتنىڭ بوي ـ تۇرقىغا يوشۇرۇن ھەسەتمۇ قىلاتتى ۋە يەنە ئۆزىنىڭ

مۇشۇ جەڭچىسى بىلەن بىر باشلىق سۈپىتىدە پەخىرلىنەتتى... دەل مۇشۇ ھېسسىيات روتا كوماندىرىنى ھەر دائىم دىگۈدەك ئادىتىگە خىلاپ ھالدا بۇ ئاددىي ئەسكەرگە نەزەر سېلىپ يۈرۈشكە، ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارىنىڭ سىرتىدا دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قاراشقا، گاھىدا باشلىقلىق كىبىرى بىلەن بالىنى جىملىگەندەك قاتتىق قوللۇق بىلەن جىملەپ ـ ئەدەپلەشكە ئۈندەيتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا بۇ پالۋان يىگىتنىڭ ئۆزى ھەقلىق بولسىمۇ، خۇددى ئۇياتچان قىز بالىدەك بوينىغىچە قىزىرىپ پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇشى ئۇنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنى شادلاندۇرۇپ يايرىتىۋېتەتتى، لېكىن ئۇ بۇنى باشقىلارغا زادىلا بىلىندۈرمەيتتى...

پۈتۈن قىسىم بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان نۆۋەتتىكى دەبدەبىلىك ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان، سەپلەنگەن ئودلىنىيەگە ئىشقىيارنى تاللىۋېلىشتا، بىرى، ئىشقىيارنىڭ شەرتكە تولۇق توشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ چوقۇم روتىغىلا ئەمەس، ھەتتا پولكقا شەرەپ كەلتۈرۈپ روتا كوماندىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپ پولكقا ئۇنىڭ نام ـ ئاتىقىنى چىقىرىشىغا ئىشەنگەنلىكىدىن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشقىيارغا نىسبەتەن چۈشىنىكسىز، لېكىن ئۆزى دائىم ھېس قىلىدىغان يېقىنلىقنىڭ تۈرتكىسى ئىدى... ئۇ بۇنداق شەرەپنى كۆرگەنلا جەڭچىگە بېرەلمەيتتى... روتا كوماندىرى كەچتە ئىشقىيار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى ئەسلەپ قالدى ۋە ئىشقىيارنى چاقىرتىش ئۈچۈن نۆۋەتچىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

# 16

ئېشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندا ئۇخلاش سىگنالى ئاللىقاچان چېلىنىپ گازارمىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ياتاقلىرىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ بولغانىدى. ئېشقىيارنىڭ ياتىقىدىكى جەڭچىلەر چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىشقان بولسىمۇ ئېشقىياردىن ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر خەۋەرنى ئاڭلىماقچى بولۇپ ئۇنى كۈتۈپ يېتىشقانىدى.

ئېشقىيار ياتاققا كىرىشى بىلەن ھەممىدىن ئىلگىرى خارىس بېشىنى كۆتۈردى. ئاندىن باشقا جەڭچىلەرمۇ يوتقانلىرىدىن بېلىگىچە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا تىكىلىشتى. تام مەشىنىڭ پىلتىسىدە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ياتاق ھۇپپىدە ئىسسىق ئىدى. چىراغ ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ تام مەشىنىڭ پىلتىسى قىزىرىپ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنچە چوڭ بولمىغان ياتاقنىڭ ئىچى گىرىمسەن يورۇپ تۇراتتى.

ئېشقىيار كىرىپلا تام مەشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قىلىن پالاڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقان بۇغا بالىسىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى. بۇغا بالىسى دەسلەپتە چۆچۈگەندەك بولدى - يۇ، گويا ئېشقىيارنى تونۇغاندەك شۇ ھامانلا جىم بولدى. گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا بۇغا بالىسىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى خۇددى يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇراتتى. ئېشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ يۇمران ئېتىنى

ئېھتىيات بىلەن سىلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ تېگىملىغان شىرىقىدىكى شىنانى تۇتۇپ كۆردى. شىنا مەھكەم تۇرۇپتۇ، ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ئايىغىدىكى چىچىلغان پاخاللارنى يىغىنچاقلاپ قويدى. بۇغا بالىسىنىڭ تىترىكى بېسىلىپ ئۆزىمۇ خېلى پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. قارىغاندا، ئۇ ئەمدى ئۆز تەقدىرىگە تەن بەرگەنىدى.

ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بوگلوكىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە يېشىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بوگلوكى ئەڭ چەتتە، تام مەشكە ياندىشقان بولۇپ، بۇغا بالىسىنىڭ يېنىدىلا ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئاغىنىلەر، — دېدى ئىشقىيار يولداشلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ يېتىشقىنىنى چۈشىنىپ، — ھەربىي رايون بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا بىر يېڭى ئودلىنىيە تەشكىللىنىدىكەن. بۇ ئودلىنىيە بىزنىڭ زېنىت توپ ئودلىنىيەمىزنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، باشقا ۋوزۋود - ئودلىنىيەلەردىن تاللاپ سەپلىنىدىكەن.

— ئاغزىڭغا ياغ، ئىشقىيار! بىزگە ئامەت كەپتىغۇ، ئاغىنىلەر!

ئىشقىيارنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى چۈشە - چۈشمەيلا خارىس شادلىقتىن ۋارقىرىۋەتتى:

— قويۇشامسىلەر، ئاغىنىلەر! مۇشۇنداق خەيرلىك سائەتتە بالىنىستىكى كېسەللەردەك كۆزۈڭلارنى پارقىرىتىپ ياتماي بىر پەدە دەسسىۋېتەيلى...

— تۆككەن تەرىمىز بوشقا كەتمەپتۇ - دە! ئاخىرى رەھبەرلىكنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپتىمىز...

ــ خۇدا خالىسا پولكنىڭ بايرىقى بولۇپ قالىدىكەنمىز ـ دە! روتا كوماندىرى بوگۈنكى مەشىقتە شۇڭا بىزنى چۆرگۈلەپ كېتەلمەي قاپتىكەن، باشقىلارنىڭ كۆزىنى تازا قىزارتىدىغان بولدۇق ئەمدى!

ياتاقنىڭ ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىلا گەۋدىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. تېپتىنچ ياتاقتا ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن شاۋقۇندىن چۆچۈگەن بۇغا بالىسىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق بىلەن پارقىراپ ئۇنىڭ ئىسكىنىدەك تار، ئۇزۇنچاق ۋە ئۇچلۇق قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ كەتتى.

ــ ۋىششش!...ــ ئىشقىيار بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ بوش ئىسقىرتتى ــ سىلەرگە بىرەر نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغان ئادەم سىلەرنى سەپكە تىزىپ ئورماننىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ئاندىن سۆزلىسە بولىدىكەن، ئاغىنىلەر! ھازىر ئۇخلاش ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟

جەڭچىلەر دەررۇ تىنچلىنىپ يوتقانلىرىغا كىرىپ يېتىشتى.

ــ پولكنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەربىي رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئاسان ئىشمۇ؟ــ ئىشقىيار سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ ئادەتتىكىچە مەشىق بىلەن بۇ سالاھىيەتكە ئېرىشەلمەيمىز. پەقەت پولكنىڭ يۈزىنى تۆكمىز! جاننى قولغا ئېلىپ قويۇپ مەشىق قىلىشقا چىدايدىغان ئوغۇل باللار بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. مۇبادا ئۇتتۇرۇپ قويساق يۈزىمىزنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمىز!... بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

ــ ئۇنىسى شۇنداق، دوستۇم! بىز بۇ يەردە «بىزنى توي مەشرىپىگە چىللاپتۇ» دەپ خۇشال بولمايۋاتىمىزغۇ؟ ئىشقىلىپ، بەك تۇرساقلا، ئازراق دەم ئېلىپ كۆپرەك تەر ئاققۇزساقلا نىيەت ۋە تەجرىبىگە تۇشلۇق ئىش قىلارمىز هوي! ــ دېدى خارىس جەينىكىنى ياستۇققا قويۇپ ئالىقىنى بىلەن بېشىنى تىرىگىنىچە يېنىچە يېتىپ.

ــ شۇ ئەمەسمۇ! مەشىق ئۇستىدە بىلىمىز ئۇشتۇلۇپ كەتمىسىلا قالغىنىغا مانا بىز! ئىشقىلىپ، ياخشى يېتەكچىدىن بىرى بولسىلا هارغانغا، چارچىغانغا «ۋاك» دېمەيمىز! بىز ئەڭ ئاۋۋال جەڭچى ـ دە! ــ يەنە بىر ئەسكەر خارىسنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

ــ كىمنى مەسئۇل قىلاركىن؟

ــ ئەلۋەتتە ئىشقىيارنى ـ دە!

ــ ئىشقىيار چىدىغانغا چىدىيالىساڭ ئاندىن ئىشقىيارنى دېگىن.

ــ ئىشقىيار چىدىغانغا چىدىمىساڭ سەنمۇ بۇ بەنگە قاتناشمايمەن، دەپ ئىلتىماس يازا!...

سۆھبەت ئەمدىلىكتە تالاشقا ئايلىنىۋاتاتتى.

ــ بولدى، ئاغىنىلەر! ئۇخلايلى... ــ ئىشقىيار ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلدى، يىگىتلەر جىم بولۇشتى. ئىشقىيارمۇ ئاياغ ـ پايپاقلىرىنى سېلىپ پۇتىنى يۇيۇپ ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلدى، ئادەتتە ئۇ ھەممە كىشى يېتىپ بولغاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئاندىن يېشىنىشكە باشلايتتى. يىگىتلەر: «ئىشقىيار باشقىلارنىڭ ئالدىدا كىيىمىنى سېلىشتىن ئۇيىلىدۇ، خۇددى يۇزى ئېچىلمىغان قىز بالىدەك» دەپ كۇلۇشەتتى. دەرۋەقە،

ئىشقىيار ياتاقتا بەزى يىگىتلەرنىڭ كالتە ئىشتىنىدىن باشقىنى سېلىپ تاشلاپ كۆپىنىڭ كۆزىچە تايغاندەك چېپىپ يۈرۈشلىرىنى پەقەت ياقتۇرمايتتى. ئۇ كىيىم بىلەن يېپىلىشقا تېگىشلىك ھەرقانداق بىر ئەزانى باشقىلار ئالدىدا ئېچىۋېتىپ يۈرۈشنى تەربىيە كۆرمىگەن، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ قىلىقى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ھەممە كىشى يېتىپ بولغاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئاندىن يېشىنىشىنى، يېشىنگەندىمۇ ئەزەلدىن كۆڭلىكىنى سالماي ياتىدىغانلىقىنى باشقا يىگىتلەر پەقەت مۇشۇ سەۋەبتىن دەپ چۈشىنەتتى. لېكىن بۇنىڭدا پەقەت ئىشقىيارنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان يەنە بىر مۇھىم سەۋەبمۇ بار ئىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن قاتتىق خۇپىيانە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر سىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئىشقىيار تاكى ھازىرغىچە بۇ سىرنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي كەلدى ۋە ھەربىيلىكتىن قايتقۇچە بۇ سىرنى ھېچكىمگە مەلۇم قىلماسلىققا ئۆز ـ ئۆزىگە ئەھدە قىلغانىدى. ئىشقىيار ئۆزىنىڭ بۇ ئەھدىسىنى ئۇخلىغاندىمۇ ئەستىن چىقارمايتتى. بۇ سىر ھەققىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشى ياكى شۈبھىلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق ئېتىبارسىز، ئەرزىمەس ئىشقىمۇ قىلچە بىخەستەلىك قىلمايتتى... ھەرقانداق چاغدا يالغان سۆزلەشنى ئۆزى ئۇچۇن ئار دەپ بىلىدىغان، ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن، ھەربىر ھەرىكىتىدىن «مانا مەن» دەپ يۈرىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ ساددا يىگىت مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك بولۇپ ئۆزگىرىشكە مەجبۇر ئىدى.

ئىشقىيار ئەسكەرلىك رەسمىيىتىنى تولۇق ئۆتەپ ئەتىسى «شەھەرگە ماڭىمىز» دېگەن كۈنى كەچتە بوۋىسى مەشۇت يىپىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىر تال ئۇشۇقنى بوينىغا ئېسىپ قويدى. بۇ ئۇشۇق ساقلانغىنىغا تولىمۇ ئۇزاق بولغان، گىرۋەك ـ بۇرجەكلىرى ئۇپراپ سىلىقلىشىپ كەتكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى مىستەك قىزارغان، خىرۇستالدەك پاكىز، سىلىق، غىلتاڭ، بەئەينى تىللادەك قىزغۇچ نۇر چېچىپ ۋاللىداپ تۇرىدىغان بۆرە ئۇشۇقى ئىدى.

دەسلەپتە ئىشقىيار ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدى. دېمىسىمۇ، ئىشقىياردەك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىگىتنىڭ ئارمىيەگە قاتنىشىشى بىلەن بۇ بۆرە ئۇشۇقىنىڭ ھېچ ئالاقىسى يوقتەك ئىدى. لېكىن، شۇ كېچىسى ئىشقىيار بوۋىسى بىلەن يانمۇيان يېتىپ، بوۋىسىنىڭ ئاشۇ ئۇشۇق ھەققىدىكى چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ قايناپ چىققان ئاجايىپ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن ھەممىنى چۈشەندى... بوۋىسىنىڭ ئۇ ئۇشۇقنى نېمە ۋەجىدىن ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە بۈنى بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندى، ئۇ ئاشۇ ئۇشۇقنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى، چۈنكى شەھەردىن كەلگەن بەزى يىگىتلەر بۇنىڭغا ھەر خىل پەتىۋا چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بۇ سەھرا يىگىتىنىڭ يۈرىكىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى خۇراپىيلىقتا ئەيىبلەش ۋە مازاق قىلىشقا ھەرقاچان تەييار ئىدى.

ئىشقىيار يېشىنىپ يوتقىنىغا كىردى، تەنىنىڭ

ھارارىتىدىن ئىسسىپ كەتكەن ئوشۇق ئۇنىڭ قولىغا چىقتى...

## 17

ئاۋغۇست ئايلىرى جەنۇبتا ئىسسىقنىڭ تازا تاۋلىق چاغلىرى. شۇ كۈنلەردە بۇ يەرنىڭ كۈندۈزى بەك ئۇزۇن بولىدۇ. چوققاڭنى كۆن چاقسا، تاپىنىڭنى يەر كۆيدۈرىدۇ. بىپايان دالا ئاپتاپتا كۆز چاقنىتىپ يالىلداپ يېلىنجايدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭدىكى سۇلارمۇ ئىللىپ كېتىدۇ. مەھەللە - كويلارنى چۇمكىۋالغان دەل - دەرەخلەر، تال باراڭلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى قارىداپ سولىشىپ قالىدۇ. كالىنىڭ مۆرەشلىرى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىرلاردىن، خاماندىن، چوك يولدىن، مەھەللە چېتىدىكى غول ئۆستەڭ بويىدىن ياڭراۋاتقان ئادەملەرنىڭ «ھاي - ھوي»لاپ قىچقىرىشلىرىمۇ گويا ئىسسىق تەپتىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۈچسىز ئاڭلىنىدۇ...

ئەكسىچە، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەممە نەرسە بىردىنلا جانلىنىپ كېتىدۇ. ئايدالادا كەچكىچە ئاپتاپقا قاقلانغان كالا پادىلىرى كۆڭۈللۈك مۆرىشىپ مەھەللىگە كىرىپ كېلىدۇ. قايتقان پادىنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان ئاياللارنىڭ، مەسچىت ئالدىدىكى مەيداندا توپ ئويناۋاتقان، يومىداقلىشىپ، چېلىشىپ يۈرگەن باللارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى، خۇشال قىچقىرىشلىرى

مەھەللە ـ كوي، باغباراڭلارغا بىر خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

ئىشقىيارنىڭ ئۆيىدە بۈگۈن بەجايىكى بايرام ئىدى. بۈگۈن چۈشتىن باشلاپ يىراق ـ يېقىندىن كېلىشكە باشلىغان مېھمانلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى ئېغىلغا پاتماي كوچىدىكى، باغنىڭ ئارقىسىدىكى ئات باغلىغىلى بولىدىغانلىكى يەر بىكار قالمىغانىدى. چوڭ ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە ئېسىلغان داش قازاندىن تارقىلىۋاتقان مەززىلىك پولۇنىڭ پۇرىقى باغنى، گۈللۈكنى، كوچىنى بىر ئالغانىدى. كەچقۇرۇن ھويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىغا گازۋاي چىراغلار ئېسىلدى. سۇپىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان نەغمىچىلەرنىڭ داپ، ساتار، دۇتار، تەمبۇر، غىجەكلىرىدىن ياڭراۋاتقان قەدىمكى كۈي باغ ئارىلاپ يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچاتتى. بىر خىل رىتىمدا چېلىنىۋاتقان داپنىڭ ئاۋازى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ مەھەللە ئاسمىنىنى تىترىتىپ مەھەللىنىڭ چەت ـ چەتلىرىدىن ئەكس سادا بولۇپ قايتاتتى. بەزمە كەچ كىرگەنسېرى قىزىپ كەتتى. ئەمدى ئېتىز ـ قىرلاردىن يانغان قوشنا ـ قولۇملار داستىخانلىرىنى قولتۇقلىشىپ توپ ـ توپى بىلەن كىرىپ كېلىشمەكتە ئىدى. چوڭ ـ كىچىك ئۆيلەر، ھويلىدىكى تال بارىڭىنىڭ ئاستىدىكى مەيدانچاق مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. يەرگە سېلىنغان گىلەم، كىگىز، شىرداق، چارۇزا، پالاسلار يېتىشمەي قالدى. ئىشقىيارنىڭ دادىسى، ئاپىسى، ئاكا ـ ئۇكىسى، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى چىرايلىرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، ئاستىغا كۆرپە سېلىپ،

داستىخان تارتىپ پايپىتەك بولۇشۇپ يۈرەتتى. قوي ـ قوزىلار ئارقا ـ ئارقىدىن سويۇلۇۋاتاتتى. داستىخاندا يېمەك ـ ئىچمەك، مېۋە ـ چېۋە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. مېھمانلارغا بۈزۈلداپ تۇرغان قىمىز ـ بوزا قۇيۇلغان پىيالە ـ ئاپقۇرلار ئۆكسۈمەي تارتىلىۋاتاتتى. ئوسمان چوڭ بوۋاي بۈگۈن ئەڭ ئەتىۋارلىق بەقەسەم تونىنى، يېڭى دوپپىسىنى كىيگەنىدى. بوۋاينىڭ يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ھويلىدىكى مېھمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆچەتەك ئاقارغان ساقىلىنى سىلاپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. بوۋاي ئىشقىيارنىمۇ ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالغانىدى. ئىشقىيار خۇددى تويى بولۇۋاتقان قىزدەك تارتىنىپ ـ قورۇنغان ھالدا باداشقان قۇرۇپ يەرگە بېقىپ ئولتۇراتتى. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇل قىزىپ كەتكەنىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈۋاتقان قىمىز ۋە بوزىنىڭ كۈچىدىن مېھمانلارنىڭ كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. خۇددى ئۇركۈپ كەتكەن بىر توپ كەپتەر تەڭلا ئۇچۇپ كۆتۈرۈلگەندەك مېھمانلار سېپىدە پات ـ پات كۈلكە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. نەغمىچىلەر ئۆزلىرىنى تامام ئۇنتۇپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ مۇڭ قىلىۋاتاتتى. ئوسمان چوڭ پات ـ پات نەۋرىسىگە قاراپ قوياتتى. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ چېھرىدىن بىر خۇشاللىق گويا ئاپتاپتەك پارلاپ چىقاتتى. شۇ تاپتا بوۋاي خۇشاللىق، پەخىرلىنىش، قىيماسلىق، سۆيۈنچ تۇيغۇسى ئىچىدە نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇراتتى.

ئىشقىيار نېمىشقىدۇر تىت ـ تىت بولاتتى، ئۇ پات ـ

پات تەكىنىڭ ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قېلىۋاتقان ئايغا ئارامسىزلىنىپ قاراپ قوياتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئارامسىزلىقىنى بوۋىسىغا چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئۇيىلاتتى. مۇشۇ كۈن، مۇشۇ سائەتتە جانجىگەر بوۋىسىنىڭ كەيپىنى كىچىككىنە بولسىمۇ بۇزۇپ قويۇشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ ئەتە سەھەردە بوۋىسى بىلەن خوشلىشىدۇ... ئاتا - ئانىسى، ئۇكىسى، ئاچا - سىڭىللىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئانا يۇرت، سۆيۈملۈك سەھرا، بۇ يەردىكى ناخشا - ئۇسسۇل، توي - تۆكۈن، سەيلە، مەشرەپ ۋە ئۆزىنىڭ غەمسىز گۆدەك چاغلىرى بىلەن خوشلىشىدۇ، يەنە... ئۇنىڭدىن... قەيەرلەرگە كېتەر ئىكىن - ھە... زېمىن دېگىنىڭ بەك چوڭغۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسكەر دېگەن قەيەرلەرگە بارمايدۇ دەيسەن... مۇبادا بوگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي قالسا... ئالىمادىس بىرەر ئۇرۇش سېپىدە... ياق! ئۇنداق بولماس... لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋېلىشقا ۋەدىلەشكەنىدىغۇ؟ ۋاقىت يەتتىغۇ... يەنە قاچانغۇچە...

ئىشقىيار چىدىيالمىدى. ئۇ بوۋىسىغا باغ ئارقىسىغا ئۆتكۈسى بارلىقىنى ئەدەپ بىلەن بىلدۈردى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ھەربىي فورما بار ئىدى. ھەربىي فورما ئۇنىڭغا ئانچە يارىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى كۆپنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ ئالاھىدىرەك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئىشقىيار مېھمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى ئايلىنىپ مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىككە تىرىشىپ جىمجىتلا باغ تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئۆزىنى قاراڭغۇلۇققا ئالدى.

ئىشقىيار باغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندىن كېيىن بېدىلىككە چۈشەپ قويۇۋېتىلگەن ئاتلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ مېھمانلارنىڭ ئاتلىرى ئىدى. ئىشقىيار ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاتنىڭ ئايغىنى بوشاتتى ـ دە، سەكرەپ مىنىپ، ئاتنىڭ بېشىنى مەھەللە چېتىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى جىگدىلىككە قارىتىپ قويۇۋەتتى.

دالا ئاي نۇرىغا تويۇنغانىدى. ئىشقىيارلارنىڭ ئۆيى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان نەغمە ـ ناۋا بۇ يەرگە ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئالدىدا كېلىۋاتقان سالقىن شامال ئىشقىيارنىڭ ئوتتەك قىزىغان تېنىگە ئارام بېرەلمىدى. ئۇ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنى ئالدىرىتىپ دېۋىتەتتى.

جىگدىلىكنىڭ چېتىدە بىر قىز ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ بويى نازۇك ۋە زىلۋا ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقا ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ ياناتتى.

يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— گۈل...

— ئىشقى... — ئىككىسىلا بىر ـ بىرىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇلارنىڭ خالىيدا كۆرۈشۈشى بىرىنچى قېتىم ئەمەس ئىدى، لېكىن ھەرقاچان ئۇلار ئاشۇ «گۈل»، «ئىشقى»دىن بۆلەك سۆز تېپىشالماي قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بىر چامدامىلا قالغانىدى. يىگىت ھاسىرايتتى، قىزنىڭ تىنىقى يىگىتنىڭكىدىنمۇ ئىتتىكرەك ئىدى.

قىزنىڭ ياش كۆكسى تىنىمسىز ئۇستۇن ـ تۆۋەن كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى.

— ئەتە ماڭىمەن... كۆرۈشكۈچە خوش قال...

قىز ئۈنچىقماي يىگىتكە بىرنەرسىنى ئۇزاتتى. يىگىت ئۇنى ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلدى. ئۇ لىغىلداپ تۇرغان يىپەك ياغلىق ئىدى. ئىشقىيار ئۇنى ئاۋايلاپ قوينىغا سالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە تارتىشىپ، لېكىن تويماي ئۇزاققىچە تەلمۈرۈپ قېلىشتى.

— بېرىڭ... «مېھمان — ئاتاڭدىن ئۇلۇغ» دېيىشىدۇ. سىزنى يوقسىنىپ قېلىشمىسۇن، — قىزنىڭ لەۋلىرى تىترىدى.

ئىشقىيار ئاتقا سەكرەپ مىندى:

— خەت يېزىشنى ئۇنتۇما، گۈل! مېنى ساقلا... ئاخىرغىچە... — يىگىتنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ ئىدى.

— جېنىم بىلەن... سىزمۇ تاقەتلىك بولۇڭ... ياخشى بېرىپ، كۈلۈپ قايتىڭ... — قىز ئۆكسۈدى. ئۇنىڭ ھۆللەنگەن يۈزى ئاي يورۇقىدا مەرمەردەك يالتىراپ كەتتى.

يىگىت ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ مەھەللىگە قاراپ چاپتى. يىراقلىشىۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى، ئات ئۇستىدە ئولتۇرغان سۆيۈملۈكىنىڭ غۇۋا سىماسى تەنھا دالا گۈلىدەك كەڭرى دالا ئوتتۇرىسىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ قالغان ياش سەھرا قىزىنىڭ يۈرىكىدە ئۈيۈپ قالدى.

ئىشقىيار بېدىلىككە ئاتنى قويۇۋېتىپ قورۇغا كىرىپ كەلگەندە بوۋىسى ئۇنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرگەنىكەن. ئىشقىيار ئاۋۋالقىدەك بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بەزمە داۋام قىلىۋاتاتتى. بىرھازادىن كېيىن نەغمىچىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلار ھارغاندەك بولدى. ۋاقىت

يەتكەنىدى. مېھمانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قائىدە بويىچە ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۇنىڭغا ئاتىغان سوۋغا ـ سالاملىرىنى قويۇشتى ۋە ئۇنىڭغا ئاقيول ۋە ياخشى تىلەكلەر تىلەپ، بوۋايغا ئادەت بويىچە «مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ، بوۋاينىڭ ئالدىدىن قاتارلىشىپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي ئىشقىيارنىڭ قولىدىن خۇددى ئۇسمۇر بالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقتى. كۆپچىلىك بوۋاينىڭ نەۋرىسىگە پاتىھە بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى چۈشىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بوۋاي ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنا، كۆرگەن ـ بىلگەنلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى ئۈچۈن، ياخشى نىيەت، پاكىز تىلەكلىرى ئۈچۈن قۇللۇق...— بوۋاينىڭ قىياپىتى تەنتەنىلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ياش يىگىتلەرنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق ۋە ساپ ئىدى،— ئوغلۇم، كۆز قارام ئىشقىيارىم، يىراققا كېتىۋاتىسەن، ئەلنىڭ تىلىكىنى بوينۇڭغا قەرز قىلىپ، ئەلنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىشقا كېتىۋاتىسەن... «ئەلنىڭ غېمىنى ئەر قىلىدۇ» دېيىشىدۇ. سەن ئەمدى ئەلدىن چىققان ئەرسەن، ئەلنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئەر بولالىغىنىڭغا بېشىڭ كۆككە يەتسۇن! ئەلگە ياخشى ئاتاق ئەكەل، بىزمۇ سەندەك ئەر بىلەن كۆككە باقايلى... ئاناڭ بەرگەن سۈتىگە رازى بولسۇن، ئاتاڭ بەرگەن نېنىغا! يۇرتلۇقۇڭ كۆرگەن كۆزىگە! بېشىڭ باش بولسۇن، ئايىغىڭ تاش بولسۇن، چىققان تۆپەڭ ئېگىز بولسۇن!— بوۋاينىڭ چېھرى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى

سورۇن ئەھلىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتمەكتە ئىدى. بوۋاي قويىنىدىن ياغلىقتا ئورالغان بىرنەرسىنى ئالدى ۋە ياغلىقنى يەشتى. بۇ مەشۇت يىپ ئۆتكۈزۈلگەن بۆرە ئوشۇقى ئىدى.

— ئاپاڭ ساڭا ئىككىنچى بولغاندا بۆرىنىڭ جاۋغىي سۆڭىكىنى بىلەزۈك قىلغانىدى. سەن تۇغۇلغاندا سېنى بۆرە تېرىسىگە يۆگىگەنىدى. بۆشۈكۈڭنىڭ باش تەرىپىگە بۆرە سۆڭىكىدىن كۆزتوسقۇ، تىلكەسكە ئاسقانىدى. ئەمدى سەن ئەر بولۇپ ئەل ئىشىغا ئاتلىنىۋاتىسەن، سەپەر يىراق، ئىشىڭ مۈشكۈل، ئەل سېنى ئۈزىتىۋاتىدۇ، ئاتا ـ ئاناڭ، بوۋاڭ سېنى جابدۇۋاتىدۇ... مۇشۇ خەيرلىك سائەتتە ئەلنىڭ كۆزىچە ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ تەۋەررۈكىنى ساڭا تاپشۇراي، ئۇنى بوينۇڭغا ئېسىۋال. كۆز قاراڭنى ساقلىغاندەك ھېزى بولۇپ ساقلىغىن، بۆرە ئانا سېنى جىمى خېيىم ـ خەتەردىن، دۈشمەنىنىڭ ئەجەل ئوقىدىن، رەقىبىنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلايدۇ! بۆرىدەك باتۇر، مېھرىبان، ۋاپادار، ھوشيار، ئەقىللىك، چەبدەس، نومۇسچان، مەردانە بول! ئۆزۈڭنىڭ بۆرە ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇما! بۆرە روھى قورۇنۇپ قالغۇدەك ئىشنى زىنھار قىلغۇچى بولما! بۆرە روھىنىڭ ئالدىدا نومۇسچان ـ ئۇياتلىق بول! ئالمادىس بۆرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغۇدەك ئىش قىلساڭ ئەجدادىڭغا، ئاتا ـ بوۋاڭغا ئاسىي بولغان بولىسەن، ئەجدادىڭنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋىغان بولىسەن! ئۇ چاغدا بۆرە ئانا قىساس ئالىدۇ. ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ قارغىشىغا كېتىسەن! بۆرە نامىنى، ئۆزۈڭنىڭ ئەرلىكىنى ھىمايە قىلغاندەك ھىمايە قىل! شۇ چاغدا ساڭا ھەممە مۈشكۈل ئاسان بولىدۇ؛ بۆرە

روھى جىنىڭغا، ۋىجدانىڭغا قالقان بولىدۇ! دۈشمەننىڭ دىۋىدەك بولسىمۇ سىنىڭ قۇدرەت ـ ھەيۋىتىڭدىن غال ـ غال تىترەيدۇ... ـــ بوۋاي ھاياجاندا تىترىگەن قوللىرى بىلەن بۆرە ئوشۇقنى ئىشقىيارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى ۋە سورۇن ئەھلىگە قاراپ دېدى، ـــ ئىشقىيارنى دادىسى تاپقان، ئانىسى تۇغقان بىلەن ئۇ تومۇرىدا بۆرە قېنى ئاقىدىغان ئەلنىڭ ئوغلى، قېنى، جامائەت، ئەل ئىشىغا ئاتلانغان ئوغلۇڭلارغا دۇئا بېرىڭلار!...

سورۇندىكى ئەر ـ ئايال، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

ـــ ئەلگە ئاتىغان بېشىڭ ئامان بولسۇن، زەپەر بىلەن يانغۇچە ئايغىڭدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسۇن. ئاللا سېنى پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ساقلىسۇن. بۆرە ئانىمىز مەدەت قىلسۇن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر...

ئىشقىيار كۆكرىكىدە ئېسىلىپ تۇرغان بۆرە ئوشۇقنى مەھكەم سىقىملىغىنىچە گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك نەپەس ئالالماي قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

جامائەت تارقىلىشتى. شۇ كۈنى ئىشقىيارنىڭ ئانىسى ئىشقىيار بىلەن بوۋىسىغا ئۆگزىگە ئورۇن راسلاپ بەردى. ئۆينىڭ ئىچى دىمىق ئىدى. بوۋاي ياز كۈنلىرى ئۆگزىدە ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار خىلىغىچە ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ ئۈنچىقماي يېتىشتى. بوۋاي خىيالغا چۆمگەنىدى. ئايرىلىش ئازابى بوۋاينى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئىشقىيار بايىقى ھاياجىنىنىڭ شىددىتىدىن تىنچلىنالمايۋاتاتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، كىمدۇر بىرىنىڭ خامان ناخشىسى، سۇ تۇتۇۋاتقانلارنىڭ «ھاي ـ ھۇي» لىرى

ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن بوۋاي ئېغىز ئاچتى.

— سەن كېتىسەن، ئوغلۇم، مېنىڭ تۆت كۆنلۈكۈم قالدى. مۇشۇ سائەتلەر ماڭا بەك غەنىيمەت... — بوۋاينىڭ ئاۋازى خىرقىراپ قالدى، بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ساڭا بۆرە ئانا ھەققىدىكى قىسسىنى سۆزلەپ بېرەي... مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست بولغان ئىش... بۇنى كۆڭلۈڭگە مەھكەم پۈكۈۋال...

ئىشقىيار ئورنىدىن قوپۇپ بوۋىسىغا تىكىلىپ ئولتۇردى.

## 18

... بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، پاختەك ئوڭدىسىغا ئۇچقاندا، قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋىلايدىغان چاغلاردا يۇقىرىسى سىبىر دالاسىدىن، تۆۋىنى سىرىق تۆپىلىك ئېگىزلىكىگىچە، كۈنچىقىشتا سىرىق دېڭىزدىن، كۈنپېتىشتا كاسپىي دېڭىزى ۋە كاۋكاز تاغلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىندا ھون دەپ ئاتىلىدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك، قورقماس، ئەقىللىك، چەبدەس بىر خەلق ياشىغانىكەن، ئۇلارنىڭ پادىشاھى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھون تەڭرىقۇتى باتۇر، ئەقىللىك، ئادىل پادىشاھ ئىكەن، ئۇ چاغلاردا بۇ بىپايان گۈزەل زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىدە كۈن نۇرى تېشىپ ئۆتەلمەيدىغان قېلىن ۋە قويۇق ئورمانلار بار ئىكەن، تاغ –

دالالارنى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان گۈل ـ ئوتلاقلار قاپلىغانىكەن، بۇ يەرنىڭ قۇياشى باشقا يەرنىڭكىگە قارىغاندا گۈزەل ۋە ئىللىقراق ئىكەن. باھارنىڭ مەيىن شامىلى يېشىل ئوتلاقلاردىن كېلىدىغان گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئەكىتىدىكەن. ئاشۇ ئوتلاقتىن تارقىغان خۇش پۇراقتىن ھىدلانغان ھەرقانداق ئادەم ئۇچار جانىۋار ۋە ھايۋانلار شۇ ھامان بىر شېرىن كەيپىيات ئىلكىدە مەست بولىدىكەن، خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانىنى بىلىپ بولمىغاندەك ئاشۇ پايانسىز دالا ـ ئوتلاقتا يايراپ ـ يايلىشىپ سەلدەك يامراپ يۈرگەن كالا، قوي، يىلقىلارنىڭ سانىنى، ئۇلارنىڭ كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن. شاۋقۇنلاپ نەرە تارتىپ ياتقان دېڭىز، دەريا ـ كۆللەرگە پاتماي قىمىلداپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئالتۇن بېلىق، كۈمۈش بېلىقلارنىڭ تەڭگە قاسىراقلىرىنىڭ پارقىراشلىرىدىن تۈن ئاسمىنى كۈندۈزدەك يورۇيدىكەن. تاغلىرىدا گاھ گۈمۈرۈلۈپ، گاھ ئېچىلىپ ياتقان ئالتۇن ـ كۈمۈش مەدەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن ئادەملەر ئۇلارغا قاراپ قويۇشتىنمۇ ئېرىنىدىكەن. ھونلارنىڭ قىزلىرى ھەم چىرايلىق، ھەم ناخشا ـ ئۇسسۇلغا مۇشتاق ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ كەڭرى يايلاقلاردا بەزمە قۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىسا، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە نەپىسلىكىدىن ئاسماندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاي بىلەن قۇياشمۇ ئورنىدىن قوزغالماي توختاپ قالىدىكەن، ئۇلار ئېيتقان تاغ كۈيلىرىنىڭ، يايلاق ناخشىلىرىنىڭ جەزبىسىدىن بۇلبۇلگويالارمۇ سايراشتىن توختاپ قالىدىكەن.

ھونلارنىڭ سەرۋى قامەتلىك يىگىتلىرى ھەم قورقماس، ھەم چەبدەس ئىكەن. ئۇلار ئۇچقۇر ئارغىماقلارغا مىنىپ قىلىچ ئوينىتىپ چەۋەندازلىق قىلسا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاقماق چىقىلىدىكەن. ئۇلار ئەتىگەندە جەيھۇن دەرياسى بويىدا ناشتا قىلغان بولسا كەچقۇرۇن كۇنچىقىشتىكى سىرىق دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىنى چايقايدىكەن...

ئادەملەرنىڭ ئانىسى تەبىئەت ئىكەن. ئادەملەر پۈتكۈل ئۇچارلىقلار ۋە تىنالىقلار، تەبىئەت ئانىنىڭ ئەركە باللىرى ئىكەن ۋە ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ياشايدىكەن. ئۇچارلىقلار ۋە تىنالىقلارلا ئەمەس، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ ئادەملەرگە، ئادەملەر ئۇلارغا ئىجىل ئىكەن. ئادەملەر ھەربىر تال ئوت ۋە ھەربىر تال دەرەخنى جېنىدىن سۆيۈپ پەرۋىش قىلىدىكەن. گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر يېنىدىن ئادەملەر ئۆتسە خۇشال بولۇپ، ئادەملەرگە ھۆرمەت بىلەن باشلىرىنى ئېگىپ سالام بېرىدىكەن. قۇياش كۈندۈزى ئادەملەرگە ھاياتبەخش نۇر بەرسە، ئاسماندىكى تولۇن ئاي كېچىلىرى ئادەملەرنىڭ يوللىرىغا كۈمۈشتەك نۇر تۆكىدىكەن. ئادەملەر شادلانسا ئاسماندىكى قۇياشمۇ باشقىچە چوڭقىيىپ تېخىمۇ ئىللىق، تېخىمۇ قىزىلراق بولۇپ كۆلۈپ كېتىدىكەن. ئادەملەر قايغۇرسا ئورتاق بولۇپ خىرەلىشىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئەلۋەك سۈيى، گۈل پۇرىقىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان خۇش ھاۋاسى ھەرقانداق دەردىسەرنى داۋالايدىكەن. كۆڭۈلدىكى قايغۇ داغلىرىنى يۇيۇپ تاشلايدىكەن. شۇڭا، ھونلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن، ھېچ مۆككلانمايدىكەن،

ھەر دائىم خۇشال بەزمە ـ ناۋا ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشىدىكەن، ئادەملەر ئۆزئارا ھەرگىز بىر ـ بىرىگە دىل ئازار قىلىشمايدىكەن، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارغىمۇ زادى ئازار بەرمەيدىكەن. ئادەملەر ھەر كۈنى توپ ـ توپ بولۇپ كەڭرى يايلاقتا بەزمە ـ مەشرەپ تۈزۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن، بۇنداق چاغلاردا يايلاقتىكى، ئورمانلاردىكى، تاغلاردىكى، دالا ـ قىرلاردىكى ئۇچارلىقلار، تىنالىقلارمۇ ئۆز ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ ئادەملەرنىڭ سورۇنىغا قاتنىشىپ، سايرىشىپ، مەرىشىپ، سەكرىشىپ ـ قىيغىتىشىپ، ئېچىلىپ ـ يايرىشىپ ئادەملەر بىلەن تەڭ كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، بۇغا، مايمۇن، كېيىك ـ جەرەن، بۇلبۇل، ھۇۋقۇش، كاككۇك، زەينەپ، ئىشقىلىپ دۇنيادىكى جىمىكى ئۇچارلىقلار، تىنالىقلار بىر ـ بىرى بىلەن خۇددى ئادەملەر ئۆزئارا دوست بولغاندەك ۋە ئادەملەر ھايۋانلار بىلەن دوست بولغاندەك يېقىن دوست ئىكەن، بىر ـ بىرىگە قەست قىلمايدىكەن، بىر ـ بىرىگە ئىززەت ـ ئىكرام ئىچىدە بىر يەردە كۆڭۈللۈك ياشىشىدىكەن. ئەنە شۇنداق بەزمە سورۇنىدا ئادەملەر بۇغا ـ جەرەنلەرنىڭ بويىنىغا ئالتۇن چەمبەر، تۇياقلىرىغا كۈمۈش قوڭغۇراق سېلىپ قويىدىكەن... بۇغا ـ ماراللار ئادەملەرگە ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. ئۇ كەڭرى كەتكەن بىپايان زېمىن جىمىكى تەبىئەت باللىرىنىڭ ئۆم ـ ئىناق ئۆتىدىغان، خاتىرجەم ۋە قوۋناق ھايات كەچۈرىدىغان، ئۆز باللىرىنى ھەرقانداق چاغدا بىرەر

نەرسىدىن قىسىلدۇرۇپ تەڭقىسلىقتا قالدۇرمايدىغان مېھرىبان ئانا ماكانى ئىكەن.
هون تەڭرىقۇتى پەرزەنتكە تەشنا ئىكەن. ئانا زېمىن، ئانا تەبىئەت ئاخىرى ئۇنىڭغا بىر خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىپتۇ: ئاجايىپ خاسىيەتلىك كۇنلەرنىڭ بىرىدە هون تەڭرىقۇتىنىڭ خوتۇنى ئېغىرئاياغ بوپتۇ. هون تەڭرىقۇتى خۇشاللىقىدىن تەختىدىن يۇگۇرۇپ چۇشۇپ ئوردىسى ئالدىدىكى كەڭرى ئوتلاقىنى ــ زېمىننى قۇچاقلاپ سۆيۇپتۇ، يەر ـ زېمىنغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىپتۇ. خۇشاللىقىدىن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەپتۇ، ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئايالىنىڭ كۆزى يورۇيدىغان كۇننى كۇتۇپتۇ. ئۇ گاھىدا چىدامسىزلىقتىن زېمىنغا، دەل ـ دەرەخكە، گۇل ـ گىياھقا، قۇياشقا، ئايغا قاراپ يىغلاپ ئاھ ئۇرىدىكەن ۋە تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ چىدامسىزلىقى ئۇچۇن ئانا يەر، تەبىئەتتىن ئۇيىلىپ، ئۆكۇنۇپ يەرنى قۇچاقلاپ كەچۇرۇم سورايدىكەن، شۇنداق قىلىپ كۇنلەر ئۆتۇپتۇ، ئايلار ئۆتۇپتۇ، «توققۇز ئاي توققۇز كۇن بولدى» دېگەن كۇننىڭ بىر گۇزەل تاڭ سەھىرىدە هون تەڭرىقۇتىنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزى يورۇپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۇن دېسە كۇن ئەمەس، كۇن بىلەن ئاينى تاڭ قالدۇرغۇدەك چىرايلىق قوشكېزەك قىز بالا ئىكەن. قىزلار ئانىسىنىڭ قارنىدىن يەرگە چۇشۇپ شۇنداق جانلىق ئېڭەلەپتۆكى، شۇ هامان يەر ـ زېمىن خۇشاللىقىدىن تىترەپتۇ. دېڭىزلار شادلىق دولقۇنلىرىنى ئېتىپ گۇۋۇنۇپ كېتىپتۇ. كۆللەر خۇشاللىق ئۆركەشلىرىنى سىلكىتىپ گۇركىرەپ كېتىپتۇ. ئورمانلار، باغۇ بوستانلار، ئوتلاق ـ

يايلاقلار تەنتەنە قىلىپ شاۋقۇن ساپتۇ، ئاي قايتىدىن نۇرلىنىپ، قۇياش يالقۇندەك قىزىرىپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ كېتىپتۇ.

ھون تەڭرىقۇتى دەررۇ ئەڭ تاللانغان چەۋەندازلارنى تاللاپ ئەڭ ئېسىل ئارغىماقلارغا مىندۇرۇپ ئەلنىڭ تۆت تەرىپىگە ئاتلاندۇرۇپتۇ. بۇ خۇش خەۋەر خۇددى يانغىن يېيىلغاندەك بىر دەمدىلا ئىچىدە پۈتكۈل ئەل بويلاپ تارقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەر خۇددى نەچچە ئون يىللىق قۇرغاقچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملەرنى تۇيۇقسىز ياغقان بەرىكەتلىك يامغۇر شادلاندۇرغاندەك بوپتۇ. پۈتۈن ئەل بۇ خۇش خەۋەر بىلەن تەۋرەپ كېتىپتۇ. ھەرقايسى قەبىلە نۇرغۇن مال ـ دۇنيادىن قىممەتلىك سوۋغا تەييارلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئاقساقاللىرىنى ھون تەڭرىقۇتى ھۇزۇرىغا خانىنى قۇتلۇقلاشقا ماڭدۇرۇپتۇ. ھون تەڭرىقۇتى پەرزەنتلىرى شەرىپى ئۈچۈن پۈتۈن ئەلگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. بۇ مەرىكىگە پۈتۈن قەبىلە، جىمى ئۇرۇق ـ ئايماق قاتنىشىپتۇ، ئەلنىڭ خۇشاللىقى كۆككە يېتىپ قىيقاس ـ چۇقانلار پۈتۈن ئالەمنى قۇچۇپتۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ. قىزلار ئاخىر رەسىدە بولۇشقا باشلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ قىزلار شۇنداق گۈزەل قىزلاردىن بولۇپ ئۆسۈپتۇكى، يەر ـ زېمىن يارالغىنىدىن بۇيان ئىنسان ئۇرۇقى ئىچىدە بۇ قەدەر چىرايلىق قىزلار تۇغۇلمىغانىكەن. مۇبادا ئۆزى خالايدىكەن، ئۆزىگە بويۇنتاۋلىق قىلغان ھەرقانداق ئەلگە قارا بوراندەك باستۇرۇپ بېرىپ ئۇ ئەلنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چەۋەنداز يىگىتلىرى مىنگەن ئارغىماقلىرىنىڭ

تۇيىقى بىلەن چەيلەپ ـ يانجىپ تاشلايدىغان، قوشنا دۇشمەن ئەللەرگە ئۆزىنىڭ تەڭ كېلىپ بولمايدىغان قۇدرىتى بىلەن دەھشەت ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان ھون تەڭرىقۇتى ئۆز قىزلىرىنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپتۇ ۋە ئۇلارغا ياتلىق بولۇشقا لايىق كېلىدىغان ۋە شۇنداق تەلەپ بىلەن ئۆز ئالدىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلىدىغان يىگىتنىڭ بۇ دۇنيادا بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەي تەشۋىشلىنىپ قاپتۇ. دېمىسىمۇ، شۇ چاغقىچە بۇ قىزلارنى نىكاھىغا ئېلىش نىيىتىدە چىش يېرىپ گەپ قىلغۇدەك بىرەر ئادەم يەتتە ئىقلىمدىن چىقماپتۇ ۋە چىقىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

بىر كۈنى تەڭرىقۇت پۈتۈن ئەلگە يارلىق تارقىتىپ پۈتكۈل قەبىلىنىڭ ئەڭ دانىشمەن ئاقساقاللىرىنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا كاتتا كېڭەشكە چاقىرىپتۇ ۋە كېڭەشتە تەڭرىقۇت ئۆز بېشىدىكى تەشۋىشىنى بايان قىلىپ ئەل ـ ئاغىنىلىرىدىن، دانىشمەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىدىن بىرەر ئورۇنلۇق مەسلىھەت كۆرسىتىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. كېڭەش ئەھلى بۇ قىزلارنىڭ چىراي ـ رۇخسارىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ، تىللىرى كالۋالىشىپ، ئۈچ كۈنگىچە بىر ئېغىز گەپ قىلىدىغان كىشى چىقماپتۇ، ھون تەڭرىقۇتى غەزەپلىنىشكە باشلاپتۇ. ئاخىر كېڭەش قاتناشچىلىرىدىن بىر كىشى شۇنداق دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇكى:

— ئەي ئۇلۇغ خان، سىزنىڭ پۇشتۇڭىدىن ئىنسان ئورۇقى ئەمەس، ھۆر ـ پەرى ئاپىرىدە بوپتۇ. بۇ قىزلىرىڭ قانداق كىشىگە جورا بولۇشى مۇمكىن؟ ھېچكىمگە! ئالتۇن بويلۇق، كۈمۈش كۈللىق، ئاپتاپ

يۇزلۇك، شۇڭقار سۇپەت، لاچىندەك يىگىتلىرىمىزمۇ سىنىڭ بۇ قىزلىرىڭغا جورا بولالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇ قىزلىرىڭ تەڭرى بىلەن جورىلاشسا بولىدۇ!

بۇ كىشى پۈتۈن ئەل ئىچىدە قۇياشتەك يۈزلۈك، ئاسماندەك ھۆرمەتلىك، زېمىندەك ئەتىۋار، ئەۋلىيادەك ئەقىللىق دانا بىر كىشى ئىكەن، ھون تەڭرىقۇتى بۇ كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش تارقىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تەڭرىقۇت ھونلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بىر جايغا ئىنتايىن ئېگىز ۋە كاتتا بىر قورغان سالدۇرۇپ، قىزلىرىنى ئۇ يەللاپ يەتكۈدەك روزغار ئۇزۇق ـ تۈلۈك بىلەن قورغان ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ «قىزلىرىمنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ نىكاھىغا ئېلىشىنى ئۈتۈنىمەن» دەپ قايتىپ كەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلارنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت:

ــ بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن،ــ دەپ خوتۇنىنى توسۇپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندە ھېلىقى قورغان تۈۋىدە بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز قورغاننى ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ بىر ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۆرە زادى كەتمەپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا:

ــ دادام مېنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا مېنىڭ بىر كۈنى تەڭرى بىلەن جورا بولۇشۇمنى ئارزۇ

قىلغانىدى. بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ يەرگە بىر بۆرە پەيدا بولۇپ قالدى، شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ياكى بېشىنى ئېلىپ بىر تەرەپكە كەتمىدى. مۇشۇ بۆرە چوقۇمكى بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر، — دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ ھېلىقى بۆرە بىلەن جورا بولماقچى بوپتۇ. سىڭلىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ:

— بۆرە بىر هايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا بولمەن دېيىش ئاتا - ئانىمىزغا قىلىنغان قاتتىق هاقارەت! — دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جورا بوپتۇ. ئۇنىڭدىن بىر بالا تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز - چىرايى سۈزۈك ئىكەن. لەۋلىرى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى كۆك، چاچ ۋە قاشلىرى قارا ئىكەن. ئۇ ھۆر - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىكەن. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممەپتۇ، يېيىشكە خام گۆش ۋە مەي سوراپتۇ. تىلى چىقىشقا باشلاپتۇ. قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولۇپ مېڭىپتۇ، ئويناپتۇ. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى بېلىق كۆكسىدەك ئىكەن. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىكەن. ئۇ يىلقىلارغا قارايدىكەن، ئات مىنىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ يىگىت بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوغۇزخان دېيىشىدىكەن. ئوغۇزخان ئىنتايىن باتۇر ئادەم ئىكەن. بۇ يەردە بىر چوڭ ئورمان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن دەريا - ئېقىنلار بار ئىكەن، بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن،

تۇمەنىڭ قۇشلار سايرىشىپ يۇرىدىكەن. بۇ ئورمانىنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن چوڭ يالغۇز مۈڭگۈزلۈك ۋەھشىي ھايۋان قىيات پەيدا بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ باشقا ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچارقاناتلار ۋە ئادەملەرگە زور جەبىر - جاپا كەلتۈرگەنىكەن. ئوغۇزخان بۇ قىياتنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ، كۆڭلىدە بىر ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ تەييار بولۇپ ئورماندىكى بىر چوڭ دەرەخنىڭ تۇۋىدە تۇرغاندا قىيات كېلىپ بېشىنى ئوغۇزخاننىڭ قالقىنىغا ئۇرۇپتۇ. ئوغۇزخان نەيزىسىنى قىياتنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، قىلىچ بىلەن بېشىنى كېسىپتۇ. ئوغۇزخان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشۈپتۇ. بۇ يورۇق كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يارقىنراق ئىكەن. ئوغۇزخان كېلىپ قارىغۇدەك بولسا بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغۇدەك. ئۇ شۇنداق بىر ساھىبجامال قىز ئىكەنكى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك قىزىل مېڭى بولۇپ، ئۇ مەڭ خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك پارلاپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك ئىكەن، چاچلىرى ئېقىن سۇدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىكەن، ئىشقىلىپ، ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىكەن. ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىكەن. ئوغۇزخان ئۇنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئوغۇزخان ئۇ قىزغا كۆيۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ تىلىگىگە يېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ قىز ھامىلدار بوپتۇ ۋە ئوغۇزخانغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆل، تاغ، دېڭىز ئاتلىق باھادىر يىگىتلەرنى تۇغۇپ

بېرىپتۇ. بۇ يىگىتلەر چوڭ بوپتۇ. شۇ چاغدا ئوغۇزخان ھەممە بەگلەرگە ۋە ئەل ـ قەبىلىگە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

*مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان،*
*تامغا بولسۇن بىزگە بوريان، كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇنغۇن.*
*تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، يايرىشىپ يۈرۈشسۇن بۇغا ـ مارال،*
*ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، قۇياش تۇغ بولسۇن ئاسمان قورغان!*

ئاندىن كېيىن ئوغۇزخان تەرەپ ـ تەرەپكە يارلىق چىقىرىپتۇ، مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. مەكتۇپكە: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭلارنى سورايمەن...»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار كۈنسېرى كۆپىيىپ گۈللەپ ـ ياشناپ مۇشۇ كەڭ زېمىندا شېرىدەك نەرە تارتىپ بەك ھەيۋەت بىلەن ياشاپتۇ.

## 19

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە يات ئەلنىڭ ۋەھشىي مىللەتلىرى باستۇرۇپ كەپتۇ. ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرى باسقۇنچىلار بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ ئۇلارنى سۈرۈپ ـ توقاي قىپتۇ. ئوغۇزخاننىڭ غەلىبىسى كۆزگە كۆرۈنۈپ قاپتۇ، لېكىن باسقۇنچىلارنىڭ خاقانى ئورۇم

خاقان ئوغۇزخاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنى مەخپىي رەۋىشتە سېتىۋاپتۇ، خائىنلار نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ھېسابىغا ئوغۇزخاننى ئالداپ ئورۇم خاقانىنىڭ بۆكتۈرمىسى ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە ۋەدە قىپتۇ ۋە ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا باشلاپ قويۇپ ئۆزلىرى دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللىقاچان قېچىش ھالىتىدە تۇرغان ئورۇم خاقانىنىڭ لەشكەرلىرى ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرىنى قاپسىۋېلىپ ئېغىر تالاپەت يەتكۈزۈپتۇ، ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپتۇ، لېكىن قورشاۋنى يېرىپ چىقالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ، جەڭ توختاپتۇ، ئوغۇزخان كېچىچە قورشاۋدىن قانداق قىلىپ چىقىپ كېتىش توغرىسىدا ئويلىنىپ زادى كۆز يۇمماپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشۈپتۇ. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك يالىلىق بىر ئەركەك بۆرە چىقىپتۇ ۋە ئوغۇزخانغا: «ئەي ئوغۇز، سەن قايغۇرما، مەن ساڭا يول باشلايمەن» دەپتۇ. ئوغۇزخان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلىنىپتۇ. قارىسا لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يالىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇلار ئاشۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپتۇ. بىرھازادىن كېيىن بىر چوڭ تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ، ئۇلار شۇ تەرزدە قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن غارنىڭ ئۇ

بىشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى بىر چوڭ ئىغىزدىن ياپىپىشىل چىمەنلەر يەلپۈنۈپ، كۆپكۆك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بەجايىكى جەننەتتەك بىر يايلاقا چىقىپتۇ. ئارقىدىن ئۇيغۇرلار چىقىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئارام ئېلىپ جاراھەتلىرىنى دورا ئوتلىرى بىلەن داۋالاپ، بۇ يەرنىڭ خۇش ھاۋاسىدا نەپەسلىنىپ ناھايىتى تېزلا ماغدۇرغا كەپتۇ ـ دە، قايتىدىن ئاتلىنىپ قۇرۇق بوشلۇقنى قورشاۋ قىلىپ ياتقان ئورۇم خاقانىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇلارنى بىتچىت قىلىپ چېگرادىن قوغلىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان ئۇيغۇرلار بۆرىنى ئۇلۇغلاپ بەك ھۆرمەت قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى بۆرىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ پەخىرلىنىدىكەن.

## 20

بوۋاي ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ تەكىيە يېنىغا قويۇلغان ھېجىر تاۋاقتىكى قېتىقتىن ئىككى ئوتلىۋالدى، ئاندىن بەلبېغى بىلەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سۈرتتى. ئادەتتە بوۋاي ھەر كۈنى كېچىسى بىر ساپاق ئۈزۈم غورىسى ئارىلاشتۇرۇلغان بىر چىنە قېتىقنى تەكىيە يېنىدىن ئايرىمايتتى.

بوۋاي سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ شۇ زامانلاردىن بېرى بۆرە ئاتا ۋە بۆرە ئانىغا تېۋىنىش بىزدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ

كېلىمىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەجداد ئۇنىغۇنىمىز ئاشۇ بۆرە ئاتا، بۆرە ئانا. ئۇنىڭ روھى بىزنىڭ ئۆمۈر يولىمىزدا خۇددى ئەينى ۋاقىتتا بۈيۈك بوۋاڭ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغاندەك بىزگە يول باشلاپ مېڭىۋاتىدۇ. بۆرىنى بەزى كىشىلەر «يىرتقۇچ، ياۋۇز»دېيىشىدۇ، لېكىن بىز ئۇنداق ئويلىمايمىز... ئاللا بۆرىنى ئىنسانلارنىڭ دوستى دەپ ياراتقان. بەش بارلىقنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئادەملەرنىڭ ئەڭ سادىق ياردەمچىسى، ھەمراھى، قولدىشى بولغان بۆرىنى «يىرتقۇچ، ياۋۇز» دېيىشىدىغانلار ئۇنىڭ ئەڭ نىمجان، ئۆلەرمەن، ياشاشقا قۇدرىتى يەتمەي قالغان ھايۋانلارنىلا ئوۋلايدىغىنىنى بىلىشمەيدۇ. بۆرىنىڭ ئۇنداق قىلىشى يەنىلا زېمىننىڭ مۆتىدىل تەبىئىتى ئۈچۈن. مۇبادا ئاشۇنداق كۈن كەچۈرۈش ئىقتىدارى يوق ھايۋانلار كۆپىيىۋەرسە زېمىن ئۈستىدىكى ساپاسىز ھايۋانلار ئاينىپ كېتىدۇ. يەر ـ زېمىن، ئورمان، يايلاق، سۇ، ھاۋا بۇلغىنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ئازىيىپ دۇنيانى قەھەتچىلىك، ئاغرىق ـ سىلاق بېسىپ كېتىدۇ. ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، ئۇچار قۇش، ھاشاراتلارمۇ تالىنىپ ـ شالىنىپ تۈرمىسا بولمايدۇ. شۇ چاغدىلا مۇۋازىنەت ساقلىنىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن بۆرىنى ئادەملەرنىڭ «ياۋۇز، يىرتقۇچ» دەپ ئۆچ كۆرۈشىگە ھەققى يوق، ئاللا نېمىشقا ئادەملەرنى ئۆلىدىغان قىلىپ ياراتتى؟ ھەممىلا ئادەم ئەبەدىي ئۆلمىسە، تۇغۇلۇۋەرسە، كۆپىيىۋەرسە، زادى ئازايمىسا ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا نېمىگە ئايلىنىدۇ؟ ئەزەلدىن ھەددىدىن زىيادە كۆپ نەرسە ئەتىۋارسىز، قەدىرسىز نەرسىدۇر. ئاز نەرسە ساپالىق، قەدىر ـ قىممەتلىك

نەرسىدۇر. ئادەملەرمۇ شۇنداق، هايۋانلارمۇ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، سۇ، ئۇچارقانات، قوڭغۇز، هاشاراتلارمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا ئۆزى ياراتقان ھەممە بارلىققا ۋاقتى ـ ۋاقتى بىلەن ئۆلۈش، يوقىلىشنى زۆرۈرىيەت قىلدى. بۇلارنىڭ سەۋەب ـ شەرت، باھانىسىنى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك قىلدى. ئەجەل، ھادىسە، كېسەل ۋە يەنە ئاشۇ بارلىقنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش، ياشاش، كۈن ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ياكى يېمەك شەكلىدە، ياكى ئىچمەك شەكلىدە، ياكى يېپىنچا شەكلىدە، ياكى سېلىنچا شەكلىدە، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېھتىياج ـ تەقەززا قىلىنىشىمۇ ئەنە شۇ مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بىر خىل سەۋەب جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا بۆرىنىڭ ئۆزىگە ئوزۇق قىلىش شەكلىدە ياشىيالمايدىغان، زېمىنغا ۋە باشقا بارلىققا يۈك بولىدىغان نىمجان ئارتۇقچە ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يېيىشىنى ياۋۇزلۇق دەپ چۈشىنىش تازا ئەخمەقلىقتۇر. بۆرىنى قانخور، ياۋۇز دېسەڭ، ئادەملەرنى نېمە دەيسەن؟ ئادەم دېگەننىڭ نېمە يېمەيدۇ؟ قانچىلىغان جانغا ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن زامىن بولمايدۇ؟... ھېچكىم ئادەملەرنى ياۋۇز، قانخور مەخلۇق دېمەيدىغۇ؟ ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈرىيەت قىلىنغان، بۆرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق قىلىش زۆرۈرىيەت قىلىنغان. پەقەت ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياج تۈپەيلى شۇنداق قىلىش، ئىش يۈزىدە ئەسلىي زېمىننىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر چارىسى، لېكىن ئادەملەر ياكى ھايۋانلار ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدىن

ھالقىپ نەپسى بالا بولۇپ كەتسە، بەش بارلىقنى ئارتۇق بىسىۋالسا، ئىگىلىۋالسا، ئۇنى نابۇت قىلسا، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسە ياكى باشقىلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدىكى بارلىقنى تارتىۋېلىشنى قەستلىسە، ياكى ئۆز نەپسى بالاسى ئۈچۈن باشقا بارلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خەۋپ يەتكۈزسە ئۇنى ھەقىقىي قانخور، ياۋۇز دېمەي بولمايدۇ، ئۇنداق ئادەملەر ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كېلىدىغان بالا ـ قازانىڭ،ئۇرۇش ـ قىرغىنچىلىقنىڭ تۇتۇرۇقىدۇر. ئۇنداقلار ھامىنى ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ. زېمىن، ئاي، كۈن، جان ـ جانىۋار، ئۇچارقانات، سۇ، ھاۋانىڭ شەپقەتسىز جازالىشىغا ئۇچرايدۇ، قورقۇنچلۇق قىساسنىڭ قۇربانى بولىدۇ...— بوۋاي ھاياجانلىنىپ كەتكەندى. ئۇ گېلىنى قىرىپ قويدى،— قۇلاق سالغىن، ئوغلۇم، بۆرە بار يەرنىڭ مېلى تېز ئاينىيدۇ، ياخشى ئەتلىنىدۇ. بۆرە بار يايلاقتا بەرىكەت كۆپ بولىدۇ. بىر بۆرىدە بار ئەقىل ئون ئىتتا يوق. بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزنى ساقلاپ قالغىنى بۆرىنىڭ ۋاپادارلىقى، ئۇ بىزگە ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولغان. ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى، مېھىر ـ شەپقىتى ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ۋاپادارلىقى ھەم مېھىر ـ شەپقىتىدىن كەم ئەمەس! بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان بۆرە شىجائىتى، بۆرە قورقۇمسىزلىقى بىزنى ياۋنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلاپ كەلدى. زېمىنىمىز ياتلارنىڭ ئىپلاس ئايىغىنى يېقىن يولاتقۇزمىدى. زېمىنىمىزنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن بىزنى جان تەسەددۇق قىلىشقا ئۈگەتتى... بۆرە ئۆز نەسلىنى چېشلىمەيدۇ. ئۆز نەسلىدىن باشقا نەسىل بىلەن جۈپلەشمەيدۇ. ئۆزىنىڭ پاك نەسلىنى ھەرقاچان

ئۇنتۇمايدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ... ياتقا چىشلەتكۈزمەيدۇ... بۆرە ئۆز ئىپتىياجىدىن سىرت ھېچنىمىگە نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھەسسە نىسىۋىسىگە چاڭ سالمايدۇ. بۆرە ئۇياتچان، نومۇسچان كېلىدۇ. كۈندۈزى كۈنگە كۆرسىتىپ، كېچىسى ئايغا كۆرسىتىپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، ئېقىن سۇغا ئاياغ سالمايدۇ. ئۆز دوستى، ئۆز توپى بىرەر قازاغا يولۇقسا قىرىق يىلغىچە قارىلىق تۇتىدۇ. ئۆزى ياشىغان، توپى ياشىغان تاغنى تاشلىمايدۇ. بېشىغا ھەرقانداق كۈن كەلسىمۇ ئۆز يېرىنى تاشلاپ ياتنىڭ يېرىگە ئاياغ باسمايدۇ. ياتنىڭ ئالدىغا بويۇن قىسىپ بارمايدۇ. ياتنىڭ يېرىنى زورلۇقچە ئىگىلىۋالمايدۇ. يېمەكنى تاللاپ يەيدۇ، ئاچلىقتىن ئۆلەي دېسىمۇ ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى يېمەيدۇ ياكى ياتنىڭ يالىقىغا كۆز تىكمەيدۇ، ياكى بويۇن قىسىپ تەلمۈرمەيدۇ. كۈچسىز، ھىمايىچىسىزنى ئانىي تاپمايدۇ... دۈشمىنىگە قەھرلىك، دوستىغا، كۈچسىزگە مېھرىبان كېلىدۇ... بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئېسىللىق، ئۇزلۇق، يارىشىملىق، كېلىشىملىك، باتۇرلۇقنىڭ ھەممىسى بۆرە ئاتا بىلەن بۆرە ئانىنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى... شۇڭا، بىز بۆرىنى ئوۋلىمايمىز، ئۇنى ئۆلتۈرمەيمىز، بۆرە تېرىسىدە كىيىم كىيمەيمىز، بۆرە تېرىسىنى ساتمايمىز. ئۆلگەن بۆرىگە يولۇقۇپ قالساق ئۇنى باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ، قاغا - قۇزغۇنىنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن تېرىسىنى سويۇپ ئۇستىخىنىنى ئايرىۋېلىپ ئۇنى ئۆيىمىزدە تەۋەررۈك قىلىپ ساقلايمىز، گۆش ۋە قېنىنى يەرنى چوڭقۇر

قىزىپ كۆمۈپ قويىمىز، ئۇ يەرنى خۇددى ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىدەك ئۇلۇغلايمىز...

ئىشقىيارنىڭ كۆزىدە ئىككى تال چوغ ياناتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر ئىللىق ھاياجان، بىر سۆيگۈ دولقۇنى قوچقانىدى. ئۇ شۇ كېچىسى يىراقتا ـــ ئاي نۇرى بىلەن پارلاپ ياتقان سۈزۈك ئاسماننىڭ چېتىدىكى ئۇپۇقتا نۇردىن پۈتۈلگەندەك، كۆك يالىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان بىر كۆك بۆرىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن رەڭلىك غايەت زور لەۋھەنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇپۇق ئاقىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ يەردە قۇياشنىڭ ئورنىغا بۆرە سۈرىتى كەشتىلەنگەن ئاشۇ ئالتۇن لەۋھە ئۇپۇقتىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى.

ـــ بۇ ئالەمنى، ـــ دېدى بوۋاي ئاخىرى ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس پىچىرلاپ، ـــ بىر ئۇلۇغ مۇھەببەت يۆلەپ تۇرىدۇ... دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى ئاشۇ مۇھەببەت، ئاشۇ سۆيگۈ، ئادەملەر بىر ـ بىرىنى، زېمىننى، ئاينى، قۇياشنى، دەل ـ دەرەخنى، گۈل ـ گىياھنى، سۇنى، ھاۋانى، جان ـ جانىۋارنى، ئۇچارقاناتنى سۆيۈشنى بىلسە بۇ دۇنيا جەننەتكە ئايلىنىدۇ، ناۋادا ئادەملەر سۆيۈشنى بىلمىسە، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، ھەممە ئادەم نەپسانىيەتچى، ياۋۇز نىيەتلىك، ھەسەتخور، ئۆزۈمچى تەبىئەتلىك بولۇپ كەتسە ئىنسانىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئارا ئۇرۇشتا ۋەيران بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىپ قانغا پاتۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىزگە بۆرىنىڭ ساپ دىل، سادىق، مەرد،شىجائەت، ۋاپادارلىق، دوستلۇق خىسلىتى ھەرقاچان لازىم. سەندە سۆيۈشكە ئەرزىيدىغاننى يوق قىلماقچى بولغان قاباھەتلىكنى

ۋەيران ۋە سەرسان قىلىشقا جۇرئەت جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۆرىدەك يۈرەك بولسۇن! بۆرىدەك سۆيۈشنى ۋە قەھرلىنىشنى بىلگىن! سەن بۆرە ئەۋلادىسەن، بۇنى ئەبەدىي ئۇنتۇما...

## 21

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشقىيار بۇ بۆرە ئوشۇقىنى بويىندىن بىرەر قېتىممۇ ئېلىۋەتمىدى. ئۆز يېنىدىن بىرەر مىنۇت ئايرىپ باقمىدى، ئۇنى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يۈرىكىگە تېگىپ ساقلاپ كەلدى. ھەر كۈنى يوتقانغا كىرگەندىن كېيىن ئىشقىيار كۆكرىكىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان ئوشۇقنى ئىسسىق ئالقىنىغا ئېلىپ بارمىقىنى مەھكەم تۇگۈپ ياتاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر يۈكسەك تۈيغۇ، بىر قۇدرەتلىك سېزىم كېلىپ قۇچاتتى. قەلبىدە بىر شېرىن ھاياجان تەۋرەيتتى...

بۈگۈن كەچتىن باشلاپ ئىشقىيارنىڭ مىجەزى تۇيۇقسىز بۇزۇلدى. ئۇنىڭ تېنى بىردەم قىزىپ، بىردەم مۇزلايتتى، ئىچ - ئىچىدىن بېسىپ بولماس بىر تىترەك تېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇت - قولى ئۇيۇشۇپ سىرقىراپ، پۈتۈن ئۇستىخىنى ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەندەك بېغىش - بېغىشلىرى كۇيۇشۇپ چىقىپ ئاغرىماقتا ئىدى. كەچ كىرگەنسېرى نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر نامەلۇم تەشۋىش - ئەندىشە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىنى نىمىدۇر بىرنەرسە

كۆيدۈرۈپ ئۆرتەيتتى. قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق - ئاچچىق چاقاتتى. بىر ساراسىمە، بىر ۋەھىمە ئۇنىڭغا كۆلەڭگىدەك ئەگىشىۋېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ يەتكۈسىز دەرىجىدە مالىمان قىلىۋاتاتتى. بىر خىل ئۆكۈنۈش، ھەسرەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ روھىنى سىقىپ، نەپىسىنى بوغاتتى... ئىشقىيار شۇ ياشقا كەلگۈچە ھېچقاچان بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان ئەمەس ئىدى. ياتاقتىكى جەڭچىلەر ئىشقىيارنىڭ ھالىغا قاراپ: «ساڭا سوغۇق ئۆتۈپتۇ، مەشىق مەيدانىدا تازا تەرلەپ تۇرغاندا قۇلاقچاڭنى ئېلىپ تاشلىغانىدىڭ، شۇنىڭ كاساپىتى» دېيىشتى. ئىشقىيارمۇ: «شۇنداق بولسا كېرەك» دەپ قويدى، لېكىن ئۇ ئۆزىدە بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشنىڭ قانداقتۇر «سوغۇق ئۆتۈش»تىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، ئۇنىڭغا باشقا بىر ئىش — ھېچكىم دىققەت قىلمىغان بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى...

بايا روتا كوماندىرى ئۇنى چاقىرتىپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئىشقىيارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. روتا كوماندىرى پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭغا بىر خىل كۈچلۈك ئىشەنچ، ئۈمىد، ياخشى تىلەكلەر ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭغا شان - شەرەپ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۇتۇقتىن خەۋەر بەرگەندەك بولدى:

ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان دەبدەبىلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان قاتتىق تاللانغان ئالاھىدە ئودلىنىيەگە قاتنىشىش ۋە ئۆزى خۇددى قىزغا ئاشىق بولغاندەك ئاشىق بولغان شوپۇرلۇققا تاللانغانلىقى ئىشقىيارنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزدى. ئۇ روتا

كوماندىرىنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ قەلبىدە بىر خىل ئىللىقلىقنى ھېس قىلىپ كۆڭلى - كۆكسى يايرىدى، لېكىن ياتقاندىن كېيىن ئىشقىيار كۆكرىكىدە ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى بۆرە ئوشۇقىنى سىقىملىۋىدى، ۋۇجۇدى خۇددى چاقماق سوقۇۋەتكەندەك بىر غەيرىي سېزىم بىلەن جۇغۇلداپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ بېشى پىررىدە قايغاندەك بولۇپ، دەررۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنداق قاتتىق سوقۇپ كەتتىكى، ئىشقىيارغا يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىن ئۆزى ياتقان كارىۋاتمۇ جالاقلاپ تەۋرىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئىشقىياردىن باشقا جەڭچىلەر ئۇخلاپ كەتكەنىدى. كىمدۇر بىرى خورىكىنىمۇ باشلىۋېتىشكە ئۈلگۈرگەنىدى. ئىشقىيار يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئۇنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتىدىغان خارىس ئاڭلاپ قالامدىكىن، دەپ قورقۇپ كەتتى ۋە دەررۇ يوتقان بىلەن بېشىنى چۈمكىۋالدى.

ئىشقىيارنىڭ قولى مەيدىسىدە ئېسىلىپ تۇرغان بۆرىنىڭ ئوشۇقىغا تېگىش بىلەن تەڭ ياپىېشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە پىچاقتەك قادىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. بۇ بايا كۈندۈزى قارلىق دالادا كېلىۋېتىپ ئۆزى ئېتىۋەتكەن ھېلىقى چىشى بۆرىنىڭ كۆزى ئىدى. بۇ كۆزلەر شۇ تاپتا بىر خىل ھەيرانلىق، ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، نەپرەت ۋە ئىنتىقام ئوتى بىلەن يېنىپ، گويا ئۇنىڭغا قاراپ يۈپۈرۈلۈپ بېسىپ كېلىۋاتقان نامەلۇم بالا - قازادىن، نام - نىشانسىز بىر پالاكەتتىن قېچىپ قۇتۇلغۇسىز بىر

مۇدھىش شۇملۇقتىن خەۋەر بېرىپ يىلىنجاپ تۇراتتى. بىردىنلا جاۋىغىيى ئۇنى مەسخىرە قىلغۇاتقاندەك تارتىشىپ، ئاپپاق ۋە ئۆتكۈر چىشلىرى جان ئاچچىقىدا كىرىشىپ كەتكەن بۆرىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى قىياپىتى ئىشقىيارنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئىشقىيارنىڭ پۈتۈن جىسمىغا چىداپ بولمايدىغان بىر خىل ئاغرىق، ئۇنىڭ يۈرىكىگە يالقۇندەك كۆيدۈرۈپ چاقىدىغان بىر سانجىق كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئەزايى بەدىنىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە مۇزلاپ ئۇيۇشۇپ كەتتى.

بىردىنلا ھېلىقى ئۆلۈم ئالدىدىكى بۆرىنىڭ بېشى بوۋىسىنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك بوۋىسىنىڭ قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن بېشى قار ئۈستىدە ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ياتاتتى. بوۋىسىنىڭ كۆزلىرى ھەسرەت، ئەلەم، ئېچىنىش بىلەن قىسىلغان بولۇپ، ئۇ كۆزلەرنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان نۇر چاقماق چېقىندىسىدەك ئۆتكۈر، غەزەپلەنگەن تەڭرىنىڭ كۆزىدەك قەھرلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئىشقىيارنىڭ پۈتۈن تېنى چوغدەك قىزىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، لەۋلىرى قۇرۇپ، تامىقى شالدەك قېتىپ قالدى. ئۇ يېرىم بىھوش ھالەتتە ئاران - ئاران تىناتتى.

«بوۋا! مېنى كەچۈر... كىن!...»

## 22

ھەرقانداق بىر جان ئىگىسى ئۈچۈن سىزىم، خاتىرە

ۋە تەپەككۇر ئىقتىداردىن ئايرىلغان مىنۇت ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ تىنچ، ھەتتا ئەڭ راھەتلىك مىنۇت بولىدۇ. ئەقلىدىن ئازغان سەۋدايى كىشىلەر دۇنيادا ئەڭ بەختىيار ئادەملەردۇر. ناۋادا ئۇ كىشى ئۇشتۇمتۇت ئەقلىنى تېپىۋالسا ئۇ كىشى چوقۇم ئۆلۈۋالىدۇ، چۈنكى دەل شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەڭ بەختسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالىدۇ...

تۈن جىملىقىغا چۆمگەن تارغىنا ياتاقتا ئىشقىياردىن باشقا يەنە بىر جان ئازاب، ھەسرەت ئىچىدە تولغىنىپ ياتاتتى، ئۇ بايىقى تۇتقۇن بولغان بۇغا بالىسى ئىدى.

تام مەشتىكى گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشكە باشلىغانىدى. ياتاقنىڭ ئىچى ئىللىق ۋە جىمجىت.

بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تام مەشنىڭ يېنىدىكى قېلىن پاخال چۈشەك ئۈستىدە تۆت ئەتراپقا ۋەھىمە بىلەن چەكچىيىپ، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بويىنىنى تىك تۇتۇپ تىترەپ ياتاتتى. بۇغا بالىسىنىڭ باياتىندىن بېرى ئاغرىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە بىھوشلانغان سېزىمى، خاتىرىسى ۋە تەپەككۇرى ئەمدىرەك ئويغىنىپ جانلىنىشقا باشلىغانىدى. شۇ مىنۇتتا ئۇ ئېنىق ھېس قىلىۋاتقان يات مۇھىت، يوچۇن ھىد ئۇنىڭغا ئۆلۈم ۋە ھالاكەتتىن بېشارەت بېرىپ ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋاتاتتى، ئۇ سۆزسىز ئۆلەتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى. لېكىن ئۆلۈم دېگەن قانداق بولىدىكىن؟ ئاچچىقمۇ، سوغۇقمۇ، يۇمشاقمۇ، قاتتىقمۇ؟ ئەڭ ئاۋۋال ئەزاسىنىڭ قانداق يېرى ئۆلىدىكىن؟ ئۇ ئۆلۈمگە

چىدالامدىكىن؟ ئۆلۈم — بايىقى بۆرە قوغلىغان، ھېلىقى تۆت پۇتى بار تۆت چاسا كەلگەن شامالدىنمۇ تېز ماڭىدىغان غەلىتە مەخلۇق سوقۇۋېتكەن ۋە تىك ياردىن پۇلاڭلاپ چۈشۈۋاتقان چاغدىكى قورقۇنچتىنمۇ، ياردىن غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇستىخانلىرى چۇل - چۇل بولۇپ سۇنغان چاغدىكى ئاغرىق ئازابىدىنمۇ ياكى بىر تەرەپتىن ئۆزىنى پارە - پارە قىلىۋېتىش ئۈچۈن بۆرە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن، قولىدا غەلىتە بىر نەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى پۇتلۇق مۇنۇ مەخلۇقلار ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان، ئۆزى بولسا قېچىپ كېتىشكە، ئاھ... قەيەردىكى قېچىش بولسۇن، ئاياغ بېسىپ تۇرۇشقىمۇ ماجالى يەتمەي ئىككى تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ شەپقەتسىز دۈشمەنگە قاراپ كۆزلىرىنى ئازابلىق چەكچەيتىپ چارىسىزلىق ئىچىدە يۇلقۇنۇپ، تېپىرلاپ ياتقان چاغدىكىدىنمۇ دەھشەتلىك ۋە ئېچىنىشلىقمىكىن؟ ئۇلار ئۇنى قانداق ئۆلتۈرەركىن؟ چىشلەپمۇ، بوغۇپمۇ ياكى... شۇنچە كۆپ ئىككى پۇتلۇقلار ئۇنى بىر چىشلەمدىن چىشلىسىمۇ «ھايت - ھۇيت» دېگۈچە تىتما - تالاڭ قىلىۋېتەر... ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنىمۇ چايناپ شۇمۇپ - شۇمۇپ ھۇزۇر قىلىشار... قانلىرىنى ئىچىشەر... خۇددى ئۇچىسىغا يۇڭلۇق نەرسىنى ئارتىۋالغاندەك ئۇنىڭ تېرىسىنىمۇ ئارتىشىۋالار... ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئارتىۋالغىنىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش سان - ساناقسىز بەختسىزنىڭ تېرىسى ئىكەنغۇ...

... ئۇ چاغدا... ئاھ... ئانام... جان ئانام...

بۇغا بالىسى ئىڭراپ مەرىۋەتتى.

قارلىق دالادا ئاچ بۆرە ئۇنى قوغلىغان چاغدا مېھرىبان ئانىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئانىسى ئۇنى جېنى بىلەن ھىمايە قىلىپ، ئۇنى بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېچىشقا ئەپلىك بولغان تۈپتۈز يولغا ئاچىققانىدى. ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدىكى چاغدا ئۇ ئۇنچىمۇ قورقۇپ كەتمىگەنىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىمۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا، ئۇنى ھەرگىز بۆرىگە تارتقۇزۇپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئانىسى بۇغىلار توپى ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىك، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ تەجرىبىلىك، ئەڭ قورقماس، ئەڭ گۈزەل بۇغىلارنىڭ بىرى ئىدى.

... ئاھ... ئانا... جان ئانا...

لېكىن ئەمدى ئاشۇ ئانا يوق... ئەمدى ئۇ يېتىم، بىچارە. ئەمدى ئۇ ھىمايىچىسىز، ئەمدى ئۇنى ھېچكىم پەپىلىمەيدۇ، ئۇنى ئارزۇلاپ پۇرىمايدۇ، ئۇنىڭغا ياشاش يوللىرىنى ئۆگەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېغىشلىمايدۇ، ئۇنى ئانىلىق مېھرى بىلەن ئەركىلەتمەيدۇ... ئەمدى ئۇنى كۈتۈۋاتقىنى خورلۇق، قىينىلىش، ئۆلۈم... بۇغا بالىسىنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. ئۇ مۈكۈلىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى... ئۇنىڭ سېزىملىرى ھەسرەت ۋە قايغۇدىن يەنە بىھوشلىنىۋاتامدۇ ياكى كۈندۈزدىن بېرى تارتىۋاتقان روھىنى تالدۇردىمۇ، ئىشقىلىپ بۇغا بالىسى مۈگدەپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى...

## 23

ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇنىڭ ئانىسى كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ھەسرەت ۋە نادامەت ئىچىدە دەردلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى: «قوزام بالام، يۈرەك پارەم بالام... مەن سېنى ھالال ئوغۇز سۈتۈمنى ئەمدۈرۈپ، سۈنىڭ سۆزۈكىنى ــ ئەلۋىكىنى ئىچۈرۈپ، چۆپنىڭ ئۇچىنى يېگۈزۈپ ئەقىللىك، ساغلام تەربىيەلەپ ئەي قىلغانىدىم. شۇ كۈنلەردە سەن تۈياقلىرىڭ مەھكەم، ئاياغلىرىڭ كۈچلۈك، ئۆزۈڭ بۇلۇتتەك سېمىز، رەڭگىڭ ئالتۇن يوپۇرماقتەك، ياق، تاغ گۈللىرىنىڭ ئالتۇن رەڭ چېچەكلىرىدەك رەڭدار، كۆزلىرىڭ چەشمە بۇلاقتەك سۈزۈك، تاڭدىكى شەبنەم تامچىسىدەك روشەن، تىنىق، چولپاندەك نۇرلۇق، كىرپىكلىرىڭ تاغ قىياقلىرىدەك تال ـ تال، قويۇق، رەتلىك ھەم ئۇزۇن، چىشلىرىڭ يېڭى قارنىڭ ئۇگۈندىسىدەك ئاپپاق ۋە پاكىز بولۇپ، گۈزەللىكتە ۋايىغا يېتىپ تازا تولۇپ ئۆسۈۋاتاتتىڭ! مەن سېنىڭ ئۇزۇن ئاياغلىرىڭنى مەغرۇر تاشلاپ، بوينۇڭنى تىك تۇتۇپ، روشەن كۆزلىرىڭنى كەڭرى دالانىڭ ئەڭ چەتلىرىگە ئۇمىد، ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن تىكىپ، ئەۋرىشىم ۋە كېلىشكەن بويۇڭنى نازاكەت ۋە لاتاپەت بىلەن تولغاپ ئوينىتىپ، گاھىدا مېنىڭ ئالدىمدا، گاھىدا مەن بىلەن ياندىشىپ، گاھىدا مېنىڭ تۈياق ئىزىمنى بېسىپ كەڭرى دالادا گۈلدار ئىز قالدۇرۇپ مېڭىشلىرىڭنى، ھەربىر كۆرسەم مېنىڭ

ئانىلىق قەلبىم پەخىرلىنىش، سۆيۈنچ، ئامراقلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆركەش ياساپ، يۈرىكىم، ۋۇجۇدۇم بىر شېرىن خۇشاللىق ئىچىدە مەست بولاتتى...

مەن سېنىڭ تاغ سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك ساپ، تاغ بۇلبۇلىنىڭ سايرىشىدەك جاراڭلىق، تاڭ تورغىيىنىڭ چۇچۇلىشىدەك يېقىملىق، كاككۇكنىڭ ئۈنلىگىنىدەك مۇھەببەتلىك ئاۋازىڭ بىلەن مۇلايىمغىنا قىلىپ «ئانا» دەپ مەرىگىنىڭنى ھەربىر ئاڭلىسام ۋۇجۇدۇم يېقىملىق بىر تىترەك بىلەن جۇغۇلداپ، تومۇر ـ تومۇرۇمغا بىر شادلىق قىيامى قۇيۇلغاندەك بولۇپ، بېشىم كۆككە يېتەتتى. شادلىق ئىلكىدە بىھوش بولۇپ ئۆزۈمنى گويا بۇلۇت ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەندەك سېزەتتىم. سەن تېخى بەك كىچىك، ئانا ئۇچۇن بالىسىنىڭ تاتلىقىنا بىر قىلىقى، يېقىملىقىنا بىر ئاۋازى قانچىلىك چوڭ قۇۋانچ ۋە خۇشاللىق بەخش قىلىدىغانلىقىنى، ئانا دىلىنى قانچىلىك ياشارتىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن... مەن ساڭا تەشنا، مەن ساڭا خۇمار، مەن ساڭا زارىقىشلىق، مەن ساڭا ئېجىل بولدۇم، مەن ئۇيقۇ ئارامىمنى، سۈت ۋە قېنىمنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىمنى، ئىمكان ـ قۇدرىتىمنى ساڭا بېغىشلىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەنگەن جىمىكى گۈزەللىكىمنى، خۇلىق ـ خۇيۇمنى، كۆرۈملۈك ـ سۆيۈملۈكۈمنى ساڭا بەردىم. سەن بەكمۇ ئوماق، تېتىك، شوخ، ئەدەپلىك، ئاق كۆڭۈل بولۇپ ئۆستۇڭ. سەن يەر ـ زېمىننى، تاغ ـ دالانى، دەريا ـ كۆللەرنى، ئورمان ـ ئوتلاقنى، گۈل ـ گىياھنى سۆيۈشنى ئۆگەندىڭ... زېمىننى قۇچاقلاپ ياتقان ئاشۇ بارلىق بىلەن، ئاشۇ تەڭدىشى يوق گۈزەللىك بىلەن بىر

جان، بىر تەن بولۇپ كەتتىڭ، لېكىن سەن تېخى كىچىك ئىدىڭ... سەن تېخى ھاياتنىڭ جىمىكى گۈزەللىكىنى، تەبىئەت ئانىنىڭ بىزگە بەخش قىلغان خۇشاللىقىنى ۋە ئاشۇ تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، زېمىن ئانىنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىز ھايۋانات ئائىلىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاشۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش ۋە نېمىلەرنى قىلماسلىق، قانداق ياشاش... باشقا ھايۋانلار تىپى بىلەن، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قانداق ئالاقىدە بولۇش كېرەكلىكىنى تېخى بىلمەيتتىڭ...

جىگىرىم بالام، بىز دۇنياغا پەقەت يېيىشنىلا بىلىدىغان، ھېچنېمە بىرەلمەيدىغان يۈك سۈپىتىدە تۆرەلگەن ئەمەس. بىزنىڭ زىممىمىزگە خۇددى باشقا يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ، شۇنداقلا دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھ، سۇ، ھاۋاغا ئوخشاش باشقا جىمى بارلىقنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغاندەك بىر مۇقەددەس بۇرچ — زېمىننىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاش، تەڭشەش ۋە شۇ ئارقىلىق زېمىندىكى ھاياتلىققا كېپىللىك قىلىشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ ۋەزىپە يۈكلەنگەن. بىزنىڭ قايسى خىل چۆپنى يېيىشىمىز، قانچىلىك يېيىشىمىز، قانداق سۇ ئىچىشىمىز، قەيەردە ياشىشىمىز، قانداق ياشىشىمىز ۋە قاچانغىچە ياشىشىمىز ئەنە شۇ مۇقەددەس ئىشنىڭ تەلەپ ـ زۆرۈرىيىتى بويىچە يارىتىلغان. بىز گويا ئوت ـ چۆپ يەپ ئۆلۈپ ـ كۆپىيىپلا يۈرگەندەك قىلغىنىمىز بىلەن،

ئىش يۈزىدە بىز ھاياتلىققا خىزمەت قىلىمىز، ھاياتلىقنىڭ ساقلىنىشىغا ھەسسە قوشىمىز. بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئىنتايىن سىرلىق، ئۇنى باشقا مەخلۇقلار سېزەلمەيدۇ، پەقەت تەبىئەت ئانىلا، زېمىن ئانىلا ۋە بىز بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ھاۋا، سۇ، ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلا ھېس قىلالايدۇ. مۇبادا بىز مۇشۇ زېمىندىن يوقالساق ئۇ چاغدا ئاشۇ دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار، تاغ ـ ئورمانلار، دالا ـ جىلغىلار ھالاكەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇ بارلىق ھالاك بولسا زېمىن ئانىمىزمۇ ھالسىرايدۇ، كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىندا پۈتكۈل ھاياتلىق ۋەيران بولۇپ ھايات ئۆچىدۇ...

زېمىندىكى بارلىقلار بىر ـ بىرىگە تەقەززا، بىر ـ بىرىگە ئېھتىياج، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرى بولمىسا يەنە بىرى، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىسىلا ھالاك بولىدۇ... ئەنە شۇ تەقەززالىق، ئېھتىياج تۈپەيلى بىز گاھىدا بىر بارلىقتىن قېچىپ يەنە بىر بارلىقنى پاناھ قىلىمىز ـ يۇ، گاھىدا بىر بارلىققا ھاجەتمەن بولۇپ يەنە بىر بارلىقتىن ئۆزىمىزنى قوغدايمىز، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قوغدىشىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، زېمىنىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، بىر بارلىقنىڭ يەنە بىر بارلىقنى قوغدىشى مەلۇم نىسبەت، مەلۇم مىقداردا ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، بىر بۆرىنىڭ قاتارىمىزدىن بىرىنى تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىشى ئېھتىياج شەكلىنى ئالغان زېمىن تەبىئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. بۆرە بىزنىڭ قاتارىمىزدىكى ياشاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان، تەبىئەتكە يۈك بولۇپ قېلىۋاتقان

بىرىنىلا تۇتالايدۇ. ياشاش ئىقتىدارىغا، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەرقانداق بىرىمىز ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەيمىز. دېمەك، بۇ تەبىئەتنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئەلا سۈپەتنى ساقلاپ قالىدىغان ياخشى خاراكتېرلىك دەۋر قىلىشتۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىرمۇنچە ئوت - چۆپ، سۇ، ھاۋا، ئورمان، ئوتلاق بىر يەمخوردىن قۇتۇلۇپ، يەنە بىر ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىرىمىزنىڭ ئەقەللىي ئېھتىياجى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۆرە پەقەت ئۆزىنىڭ شۇ كۈنلۈك ئوزۇق ئېھتىياجى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مۇبادا بۆرە ئۆز ئېھتىياجىدىن ھالقىپ كەتسە بۇ ياخشى خاراكتېرلىك دەۋر قىلىش بۇزۇلۇپ، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز خەۋپكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىنىنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتى بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ... بۆرە، يولۋاس، ئېيىق، شىر، يىلپىز قاتارلىق گۆشخور ھايۋانلارنىڭ سان - نىسبىتى تولۇق ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا تەڭشىلىپ تۇرغاچقا ھەمدە بىزدە ھەر خىل مۇداپىئە، مەسىلەن، شامالدەك تېزلىكتە قېچىپ كېتىش، ياكى بولمىسا توپىمىز بىلەن خەۋپلىك جايدىن خەۋپسىز جايغا كۆچۈپ كېتىش قاتارلىق ئىقتىدارىمىز بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلار بىزنى ئوۋلاشتا خۇددى بىزگە ئوخشاشلا پۈتنغا تايىنىپ قوغلاشتىن باشقا بىز قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەك بىرەر ئۇستۇنلۈككە ئىگە بولمىغاچقا، ئۇلار بىزگە ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك خەۋپ بولمايدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا پەقەت ياخشى خاراكتېرلىك دەۋر قىلىشلا مەۋجۇت بولىدۇ.

«ھاياتىي كۈچ، ياشاش ئىقتىدارى» دېگەن ئۆزنى

ساقلاش، قوغداش ئىقتىدارى دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىقتىدار، ئىلىنىش جەريانىدا يېتىلىدىغان بولغاچقا، بىز تۇغۇلىدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى ساقلاش، قوغداش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىدارنى جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك بولىدۇ. كۆرۈش، ئاڭلاش، ھىدلاش، قېچىش، ئەپلىك جايلارغا پاناھلىنىشنى بىلىش، بۇ جەھەتتە مول تەجرىبە توپلاش — يۇقىرىقى ئىقتىدارنىڭ كونكرېت مەنىسى. مەن سېنى ئاشۇ دالاغا «مۇھىتنى، مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەنسۇن، دۇنيانى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسۇن، ئىرادىسى تاۋلانسۇن، ئىقتىدارى مۇكەممەللەشسۇن» دېگەن مەقسەت بىلەن ئاچىققانىدىم. مەن سېنىڭ مەندىن ئايرىلغان ھالدىمۇ ئاشۇ كەڭرى دالادا، ئاشۇ ئانا تەبىئەتنىڭ قوينىدا، زېمىن ئانىمىزنىڭ قوينىدا يېيىلىپ - يايراپ، ئەركىن - ئازادە، ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن ياشاپ ئۆزۈڭنىڭ بوينىدىكى ھاياتلىققا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت قەرزىڭنى تولۇق ئادا قىلىشىڭنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلغانىدىم، لېكىن...»

ئانا بۇغىنىڭ كۆزىدە ياش قۇيۇلدى، ئانا بۇغا ھەسرەت بىلەن بوزلىۋەتتى.

«لېكىن سېنى ساقلاپ قالالمىدىم. ئەسلىدە بۆرىدىنمۇ ساقلاپ قالغانىدىم، ھېلىقى تاشيول بويلاپ ئازراقلا يۇگۈرگەن بولساق ئورمانغا يېتىۋالغان بولاتتۇق، بۆرە قاراڭغۇ ئورمانغا كىرمەيتتى. ئۇ ئورماندىكى ئېيىقتىن خەۋپسىرەيدۇ. بۆرىدىنلا قۇتۇلساق سەن ۋە مەن بۇرۇنقىدەك بەختىيار ۋە خاتىرجەم ياشاپ كېتەتتۇق، لېكىن مەن سېنى بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بولسامۇ ھېلىقى بوراندەك تېزلىكتە

ئۇشتۇمتۇت كىلىپ قالغان تۆت پۇتلۇق، تۆت چاسا غەلىتە نەرسىدىن ساقلىنالماپ قالالمىدىم، ئۇ سىنى سوقۇۋەتتى. سەن ھاڭغا دومىلاپ كەتتىڭ...

ئاھ، جىنىم بالام! مەن سىنى ئاشۇ غەلىتە نەرسىدىن قۇتۇلدۇرالمىدىم، چۈنكى، مەنلا ئەمەس، پۈتكۈل ھايۋاناتمۇ ئۇ غەلىتە نەرسىنىڭ ئالدىدا ئاجىزمىز، چارىسىزمىز... نىمە ئۇچۇن شۇنداق؟ سەن نىمىشقا ئۇنىڭدىن مىنى قۇتۇلدۇرالمىدىڭ دەپ ئەيىبلەيدىغانسەن، ئالدىرىما، بەختسىز قوزام، مەن بۇ ھەقتە ھىلى سۆزلەپ بىرىمەن، بۇ ناھايىتىمۇ ئەلەملىك ۋە ئۇزۇن ھىكايە...

شۇنداق قىلىپ، سەن ھاڭغا دومىلاپ كەتكەندىن كىيىن ھىلىقى تۆت پۇتلۇق مەخلۇق مىنى قوغلاشقا باشلىدى. جىنىم ساڭا تارتىشىۋاتسىمۇ ئۇنىڭدىن قىچىشقا مەجبۇر بولدۇم. خىلى يەرگىچە يۈگۈرگەندىن كىيىن ئۇ غەلىتە نەرسە يول بويلاپ كىتىپ قالدى. مەن بىر تار كىسەك ئارقىلىق پەسكە — سەن دومىلاپ كەتكەن ھىلىقى جىلغىغا چۈشتۇم ۋە سەن يىقىلغان يەرگە ئۇچقاندەك چىپىپ باردىم، مەن سىنى يارىدار ھالەتتە بولسىمۇ ياكى ئۆلۈكۈڭنى بولسىمۇ ئاخىرقى قىتىم بىر كۆرۈۋالارمەن، دەپ ئويلىغانىدىم، لىكىن ئۇ يەردە مەن سىنى ئۇچرىتالمىدىم، سىنىڭ يىقىلىپ ياتقان يىرىڭنى كۆردۇم، تىپىرلاپسەن، يۇلقۇنۇپسەن، ياش تۆكۈپسەن... لىكىن ئۆزۈڭ كۆرۈنمەيسەن. مەن ئەقلىمدىن ئازغاندەك تۆت تەرەپكە چەكچەيدىم، ھىدىڭنى ھىدلاپ، تۇياق ئىزىڭنى ئىزدىدىم، لىكىن ھىچ نەرسە چىقمىدى. قارىغۇدەك بولسام، سەن ياتقان ئاشۇ يەر بىر

غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئايىغى بىلەن چەيلىنىپتۇ. بۇ مەخلۇق ئىككى پۇتلۇق مەخلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىرلا ئەمەس ئىكەن، دېمەك، سەن ياردار ھالەتتە بىر توپ ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپسەن... ئاھ، قوزام! ئۇلار سېنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاچ ئېيىق ئولجىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئۆڭكۈرگە ئەكەتكەندەك، سېنى تارتىپ ـ يۇلقۇشلاپ مۇرىسىگە ئارتىپ ئەكىتىپتۇ...

مەن زارلىدىم، بوزلىدىم، كۆزۈمدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى، ياتقان يېرىڭنى پۇرىدىم، يېشىڭ تامغان يەرنى تىلىم بىلەن يالىدىم، ئاسمانغا قاراپ ھۆركىرەپ يىغلىدىم، ئاھ ئۇردۇم، تاغ تىترىدى، ئورمان سىلكىندى، زېمىن ئىگرىدى. سەندىن سادا كەلمىدى، يۈرىكىم لەختە ـ لەختە قان بولدى. ۋۇجۇدۇم تىترەپ، ئاياغلىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ ئاخىرى ئاشۇ سەن ياتقان يەرگە — سەن ياش تۆكۈپ «ئانا!» دەپ بوزلىغان يەرگە ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم. ھېلىقى ئىككى پۇتلۇقلار سېنى ئەكەتكەن كىچىككىنە ئورمان تەرەپكە قاراپ ياش تۆكۈپ ھەسرەت ئىچىدە بوزلاپ ھۆركىرەپ ياتتىم. قانچىلىك قورققانسەن؟... قانچىلىك قىينالغانسەن؟ قانچىلىك ئازابلانغانسەن بەختسىز قوزام؟... سېنى ئۇلار قەيەرگە ئەكىتىشتى؟ ھازىر سېنىڭ ھالىڭ نېچۈك، مېنىڭ بەختى قارا بىچارەم...

قۇلاق سالغىن، بالام، ئەمدى بۇ ئىككى پۇتلۇقلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، سېنى سوقۇۋەتكەن ھېلىقى تۆت پۇتلۇق مەخلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ساڭا تېخى مەلۇم

بولمىغان، ئۆزۈمنىڭ بىشىدىن كەچۈرگەن پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىم بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.

مەيلى سەن شۇ تاپتا قەيەردە بولمىغىن، ھاياتلا بولساڭ سىنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىۋېلىشىڭغا، ئاندىن ئەرك ئۈچۈن، ياشاش ئۈچۈن، ئازادلىقىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭغا ياردىمى تىگەر دەپ ئىشىنىمەن... مەندىن ساڭا قالىدىغان نەرسە پەقەت مۇشۇ ھىكايە... مەن بولالمىدىم. ئانا زىمىن، ئانا تەبىئەت مىنىڭ مۇشۇ پاجىئەلىك كەچۈرمىشىمنى سۆزلىۋېلىشىمغا ماغدۇر، كۈچ، ئىمكانىيەت بەرگەيسەن... مەن مۇشۇ ھىكايەم بىلەن ئاشۇ قوزامغا، ئاشۇ يىتىم قىلىۋاتقان كۆز قارامغا ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۇنى نىمىلەر كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويغۇم كىلىۋاتىدۇ، بۇ مىنىڭ ئانىلىق قەرزىم ۋە بۇرچۇم...

## 24

بۇ ۋەقە بولغىلى بىر يىل بولۇپ قالدى. قار - شىۋىرغانلىق بىر كۈنى مەن تويتىن ئايرىلىپ ئورمانلىقنىڭ چىتىدىكى تار جىلغا ئىچىگە كىردىم، بىردىنلا شىۋىرغان كۈچىيىپ كەتتى. مەن شىۋىرغاندىن ئۆزۈمنى دالدىغا ئىلىش ئۈچۈن تاغنىڭ باغرىدىكى بىر تار ئۆڭكۈرگە كىرىپ ياتتىم، ئۇ چاغدا مەن ساڭا ھامىلدار ئىدىم. سىنىڭ مەن بىلەن بىللىلا مۇزلاپ قىلىشىڭدىن ۋايىم يەيتتىم، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ئىللىق ئىدى. مەن شىۋىرغاننىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈپ ياتتىم.

شۇغان سەل پەسەيسە ئۆڭكۈردىن چىقىپ توپنى، داداڭنى تاپماقچىدىم. خىيال بىلەن يېتىپ كۆزۈم ئىلىنغاندەك بولدى. بىر چاغدا بىر ۋەھىمىلىك شاۋقۇن ـ سۈرەندىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. قارىسام، قوللىرىغا كالتەك ـ چوماق ۋە ئاغزىدىن ئۆلۈم دەھشىتى ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان ئاللىقانداق قاپقارا بىرنەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ئاياغلىق غەلىتە مەخلۇقلار ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى قورشىۋاپتۇ. ئۇلار ماڭا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ ۋارقىرىشىدۇ، چۇقان سېلىشىدۇ، قوللىرىدىكى كالتەك ـ چوماقلىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ، قورققىنىمدىن يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى، ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىن قىستاپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى ۋە يېرىم ھالقا شەكلىدە ماڭا قاراپ قاپساپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن بىر ۋەھشىيلىكنى، ئۇلارنىڭ قاپساپ كېلىشىدىن بىر مۇدھىش بالا ـ قازانى كۆردۈم ـ دە، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ «پەرت»لا قىلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ چاپتىم. ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ تەرىپى پۈتەي ئىكەن. مەن ئامالسىز ئۆڭكۈرنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىستىلىپ تۇردۇم. ئۇلار بىرنېمىلەرنى كالدىرلىشىپ، ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ قىستاپ كېلىۋەردى. ئۇلارنىڭ غەيرىي ھىدى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار ھە دەپ تىمىسقىلاپ قىستاپ كەلدى. مەن ئالاقزادە بولۇپ ھوشۇمدىن كېتەي دەپ قالدىم. مەن ئۆزۈمدىن كۆرە قورسىقىمدىكى نارەسىدە جاندىن تولىراق ئەندىشە قىلاتتىم. مۇشۇ ئەجەل

مىنۇتىدىكى مېنىڭ ھېسسىياتىمنى پەقەت ئانا بولۇپ قورساق كۆتۈرۈپ باققانلارلا بىلىدۇ. مەن شۇ مىنۇتنىڭ ئىچىدە سەن ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم.

ئاخىرى ئۇلار مەن قىستىلىپ تۇرغان بۇلۇڭغا قىستاپ كەلدى ۋە ماڭا بىراقلا تاشلىنىپ مېنى تۇتۇۋېلىشتى، مەن تېپىرلىدىم، سەكرىدىم، يۇلقۇندۇم، بوزلىدىم، يىغلىدىم، ئۇلار مېنىڭ ئاياغلىرىمنى چىرماپ باغلىۋالغانىدى. ئۇلار بىردەمدىن كېيىن مېنى مىڭ تەستە ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا ئاچىقىشتى. ئۇ يەردە تۆت پۇتلۇق غەلىتە بىر مەخلۇق قارىغا پۇركىنىپ تۇراتتى. بۇ نېمە دېمەمسەن؟ بۇ بوگۇن سېنى يول ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇت كېلىپ سوقۇۋېتىپ ياردىن دومىلىتىۋەتكەن نەرسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بوگۇن سېنى سوقۇۋەتكەن نەرسىگە قارىغاندا بۇ يەردە تۇرغىنى چوڭ ۋە تېخىمۇ ھەيۋەت ئىدى. ئۇلار مېنى ھېلىقى نەرسىنىڭ ئۆڭكۈرگە ئوخشاش قىلىپ ياسالغان بىر يېرىگە ئەكىرىشتى ۋە جالاق - جۇلۇق قىلىپ ئىشىكلەرنى تاقاپ، ئىشىكلەرگە قاپقارا ۋە يوغان بىرنەرسىنى ئېلىپ قويۇشتى. بىردەمدىن كېيىنلا ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق يەر - زېمىننى تىترىتىپ گۈركىرىگىنىچە ئورنىدىن سىلكىنىپ قوزغالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شىر ياكى يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ھۆركىرىشىدىن تاغۇئورمان لەرزىگە كېلەتتى. كۆڭلۈمگە شىر، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىدىنمۇ بەتتەر قورقۇنچ، دەھشەت ۋە ۋەھىمە سالاتتى. ئۇ غەلىتە نەرسە جالاقلاپ ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتماقتا... ھېلىقى ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار غەيرىي ئاۋازدا قاقاھلاشماقتا... ئۇلار مېنى

تۇتۇۋالغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتسا كېرەك، مەن ئاياغلىرىم مەھكەم بوغقۇچلانغان هالدا كۆزۈمدىن ياش تۆكۈپ، قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە پۇچۇلىنىپ تىترەپ ياتىمەن.

كېيىن ئۇقسام، ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئادەم» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئەركەك - چىشى (ئۇلار ئەر - ئايال دېيىشىدىكەن)، ياش - قېرى دەپ ئايرىلىدىكەن. مۇنۇ مېنى سىلىپ كېتىۋاتقان تۆت پۇتلۇق نەرسىنى «ماشىنا»، «ئاپتوموبىل»، «ئاپتوبۇس» دېيىشىدىكەن. ماشىنىنى ئادەملەر ئۆزلىرى ياسىۋالىدىكەن، ماشىنا ئۆزى مېڭىشنى بىلمەيدىكەن، ئۇنى بىر ئادەم ھەيدەيدىكەن...

— بۇغىنى ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى بۆلۈشۈۋالايلى...— دېدى ئادەملەرنىڭ بىرى.

— ياق! بۇنى ئۆلتۈرسەك بولمايدۇ، دۆلەت قانۇنى يول قويمايدۇ، بۇ قوغدىلىدىغان ھايۋان تۇرسا،— دېدى يەنە بىر ئادەم.

قارىغاندا، ئادەملەرنىڭ «دۆلەت»، «قانۇن» دەيدىغان ئەڭ چوڭ ئاقساقاللىرى بولسا كېرەك، خۇددى بىزنىڭ ھەربىر توپىمىزنىڭ بىردىن ئاقساقىلى بولغاندەك.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىدا بالىسى باردەك قىلىدۇ، تۇتمىساقمۇ بوپتىكەن، قېرىشقاندەك قورسىقىدا بالىسى بار بۇغىنىڭ ئۇچرىغىنىنى قارا...— دېدى يەنە ھېلىقى كېيىن گەپ قىلغان ئادەم.

— بۇنى ئۆلتۈرمىسەك نېمە قىلماقچى؟ مۇشۇ ئادەم يوق دالادا بوغۇزلاپ گۆشىنى پارچىلاپ تاغارغا تىقىپ تېرىسىنى ۋە قانلىرىنى قارىغا كۆمۈۋەتسەك كىم

بىلمەكچىدى؟ ــ دېدى بايا مېنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان ئادەم غودۇڭشىپ.

ــ ئۆلتۈرۈشكە زادى بولمايدۇ! بۇنى كىم ئۆلتۈرسە قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، ــ دېدى «ئۆلتۈرەيلى» دېگەن پىكىرگە قارشى چىققان ئادەم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ــ ئەڭ ياخشىسى، ھايۋانات باغچىسىغا سېتىپ بېرەيلى، ئاندىن ساتقان پۇلغا تازا كېلىشتۈرۈپ زىياپەت قىلىپ كۆڭلىمىزنى ئاچايلى، ــ دېدى. ئۇلار ئاخىرى شۇنىڭغا كېلىشتى.

قانۇنىي جازا دېگەن كىمدۇ؟ بۇ ۋەھشىي ئادەملەرمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان تۇرسا، «قانۇنىي جازا»دېگىنى بىزنىڭ ئاقساقالدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىرى بولسا كېرەك... «ھايۋانات باغچىسى» دېيىشكىنى نېمىكەن؟ ئۇلار مېنى نېمىگە لازىم قىلاركىن؟...

ماشىنا ئاخىرى بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. ئادەملەر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئالىلىكىملەرنى باشلاپ كەلدى ۋە مېنى كۆتۈر - كۆتۈر قىلىپ بىر يەرگە ئەكىرىشتى. قارىسام تۆت ئەتراپى ئېگىز قاشالانغان بوكىكىدە دەرەخزارلىق ئىكەن. دەرەخزارلىقنى ئارىلاپ ئاپپاق ئۆيلەر سېلىنغانىكەن. مېنى ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. ئۆيدىن بىرنەچچە ئەركەك - چىشى ئادەملەر چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار مېنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمنى سىلاپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن ھېلىقى مېنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە كاللەكلەنگەن قانداقتۇر بىرنەرسىنى بېرىشتى. مېنى تۇتۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزى قۇلاقلىرىغا يېتىپ ھېلىقى كاللەكنى قويۇنلىرىغا تىقىشىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قېلىشتى. ھېلىقى ئاق

ئۆيدىن چىقىپ كەلگەنلەر مېنى ئىككى ياش يىگىت ۋە بىر بوۋايغا تاپشۇرۇشتى. ئۇلار مېنى تۆت غالتەكلىك بىر ياغاچ قەپەسكە سولاپ قەپەسنى ئىتتىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى. مەن بىردىنلا ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ھىدىنى سېزىشكە باشلىدىم. قارىسام يول بويلاپ تىكىلگەن دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن نۇرغۇن چوڭ - كىچىك قەپەسلەر بار ئىكەن. ئۇ قەپەسلەردە يولۋاس، شىر، ئېيىق، بۆرە، مايمۇندىن تارتىپ تىيىن، مۇشۇك، چاشقانلارغىچە؛ توز، غاز، تۇرنا، ئاق قۇ، بۇلبۇل، ھۆپۈپ، سېغىزخاندىن تارتىپ ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچلارغىچە ھەممىسىلا بار ئىكەن. ئەركىنلىكتىن، ئانا تەبىئەتتىن زورلۇق بىلەن ئايرىۋېتىلىپ مەھبۇسقا ئايلانغان بۇ بىگۇناھ ھايۋان ۋە ئۇچارقاناتلار بۇ يەردە زېرىكىپ ئىچى پۇشۇپ، تىت - تىت بولۇپ ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ، بەزىلىرى غالجىرلىشىپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلىپ خاراموش بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئەلەملىك نەرە تارتىپ، ھەسرەتلىك ھۇۋۇلىشىپ دەردلىك چىرقىرايدىكەن، قۇشلار يىغان ئىچىدە سايراپ نالە - پەرياد قىلىشىپ ۋىچىرلىشىدىكەن. گاھىلىرى ھەتتا پۈتۈنلەي گاچا بولۇۋاپتۇ... ئۇلارنىڭ تۈك - پەيلىرى ئىلگىرىكى گۈزەللىكىنى يوقىتىپ بىر خىل خۇنۇك تۈس ئاپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ، ئاياغلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن بۇلغىنىپ قارىغۇسىز دەرىجىگە چۈشۈپ قاپتۇ.

مەن كىچىككىنە قەپەسكە سولانغان بىر بۇلبۇلنىڭ ئايانچلىق ھالىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ بوزلاپ كەتكىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن.

زىمىن ئەركىسى، ئورمان ۋە گۈزەل يايلاقنىڭ كۆيچىسى بولغان بۇ ساھىبجامال قۇش كىچىككىنە قىستاق ۋە نىجاسەت بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ئىپلاس قەپەس ئىچىدە دۈگدىيىپ، مۈگدەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق تۈكلىرى تۈكۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئۇنىڭ كۆرۈمسىز ۋە شالاڭ پەيلىرى ھۈرپىيىپ كېتىپتۇ، تۇرقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ زوق ـ شوخ بىلەن سايرىمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان ئوخشايدۇ، ئۇ بەلكى ئاشۇ چىرايلىق سايراشلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندۇ...

ھېلىقى ئادەملەر ياغاچ قەپەسنى ھۈرۈنلۈق بىلەن خۇشياقمىغاندەك ئىتتىرىپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ چىرايىدىنمۇ بىر خىل خۇنۈكلۈك، كېسەلچانلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاخىرى ياغاچ بىلەن قاشالانغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. مەن دەررۇ ئۆزۈمگە تونۇش ھىدنى ھىدلىدىم. قارىسام، بۇ قاشادا ئۈچ بۆغا ئىپلاس تېزەك ئۈستىدە دۈگدىيىپ مۈگدەپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىرىسىدىكى قاشادا ئۈچ ـ تۆت ئېشەك، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى قاشادا تۆت ـ بەش ئات سولاقلىق ئىكەن. ئۇلارمۇ قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، باشلىرىنى سىلىشىپ تۈگۈلۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ئادەملەرنى قايسى قاشاغا سولاشتىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم بىردىنلا. چۈنكى مەن بۇ يەردە زىمىن تەبىئىتىنىڭ مۆتىدىللىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يارالغان جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھەممە خىلىنى دېگۈدەك كۆرگەنىدىم. ئادەملەرمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يارالغانغۇ؟ ئادەملەرنىمۇ بىرەر قاشا ئىچىگە سولاشقاندۇ تايىن؟...

مېنى قاشا ئىچىگە سولىۋېتىشتى. مېنىڭ مەھكۇم

كۆڭلىرىمىنىڭ بىرىنچىسى مانا شۇنداق باشلىنىپ كەتتى...

## 25

ئەتىسى بىر دىنلا «باغچە»نىڭ ئىچى رەڭگارەڭ كىيىنگەن ياش ـ قېرى، ئەركەك ـ چىشى، چوڭ ـ كىچىك ئادەملەرگە توشۇپ كەتتى. ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ گاھ ئۇ قەپەسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گاھ بۇ قەپەسنىڭ ئالدىدا توختاپ، قەپەس ئىچىگە سولانغان هايۋانلارنى تاماشا قىلىشاتتى، قاقاهلاپ كۈلۈشەتتى، هەيرانلىقتا ساراڭلاردەك چىرقىرىشاتتى. دەرد ئىچىدە يۈرەكلىرى قان بولۇپ مۈگدىنىپ ياتقان ئەركىسىز مەهبۇسلارغا ئۇششاق تاشلارنى ئاتاتتى، ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى يەپ تاشلىۋەتكەن قوغۇن ـ تاۋۇز شاپاقلىرىنى، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ شۆپۈكلىرىنى تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ ئەركىسىز بىچارىلەردىن ئۆزىنى خۇشال قىلىپ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ بىچارە هايۋانلار بۇ خورلۇققا ئۇنچىقماي چىداپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

— بۇغىنىڭ گۆشىنى بەكمۇ مەززىلىك دېيىشىدۇ... — دېدى مەن سولانغان قاشانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغان ياش چىشى ئادەم يېنىدىكى ئەركىكىگە مېنى كۆرسىتىپ نازلىنىپ. ئۇ تۇزدەك ياسىنىۋالغانىدى.

— پاھ... ئۇنى بىر دەيسىز، سۆيۈملۈكۈم... كاۋاپ قىلسا دەڭە... كاۋاپ...— دېدى ئەركىنكى قوللىرىنى ئۆۋۈلاپ خۇشامەت بىلەن. ئەركىنكىنىڭ شۇ سۆزى بىلەن ھېلىقى چىشى ئادەم لەۋلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالاپ ئاغزىغا يىغىلغان سېرىقسۇنى تەسلىكتە قىيىنىلىپ يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى گۈللۈك نېپىز كۆڭلەك ئىچىدە ھېلىلا يېرىلىدىغاندەك پومپىيىپ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، دېمەك ئۇمۇ ئېغىرىبوي ئىكەن.

«خۇددى ماڭا ئوخشاش ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرۇپسەن،— دېدىم مەن ئۆز ئىچىمدە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ،— لېكىن يەنە بىر ئانىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىسەن... دېمەك، سەن ‹ئانا› دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئاتاققا مۇناسىپ ئەمەسسەن! سەندە ئانا يۈرىكى يوق، ئانا قەلبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەنسەن... سەندە ‹ئانا› دېگەن بۇ ئۇلۇغ مەنىنى چۈشەنگۈدەك ئەقلمۇ يوق ئىكەن! سەن ئالدى بىلەن ئەقلىڭنى پاك - پاكىز يەۋەتكەنىكەنسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ‹ئانا› دېگەن بۇ مۇقەددەس ئۇقۇمنىڭ تېگى بولغان ‹مۇھەببەت›، ‹ئانىلىق سۆيگۈسى› دېگەننى يالماپ يۇتۇۋېتىپسەن... شۇڭا مەندەك بەختسىز ياش ئانىنى، تۇتقۇن بولغان، ئىختىيارىدىن ئايرىلغان، باللاش، كۆپىيىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بىگۇناھ ئاجىزەنى، چارىسىز مەسۇمەنى كاۋاپ قىلىپ يېمەكنى ئارزۇ قىلىۋاتىسەن! مېنىلا ئەمەس، مېنىڭ قورسىقىمدىكى خۇددى ئۆزۈڭنىڭ قورسىقىدىكى جانغا ئوخشاش كىچىككىنە بىر جاننى يەۋەتمەكچى بولۇۋاتىسەن... ئەمدى ئىشىنىمەنكى، سەن ئانا ئەمەس، ئانا بولۇشقا لايىق ئەمەس. سەن مۇھەببەتنى،

سۆيۈشنى بىلمەيدىغان ياۋۇزسەن، نەپسىڭ ئۇچۇن بالا ـ قازانىمۇ يەۋېتىدىغان ياش ۋە چىرايلىق ياۋۇزسەن! سەن ۋاقتى كەلسە ئۆزۈڭنىڭ نەپسىڭ ئۇچۇن ئۆزۈڭنىڭ بوۋىقىنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ يەۋېتىسەن! سەن ئەڭ ياخشىسى تۇغمىغىن! ناۋادا سەن تۇغساڭ خۇددى ئۆزۈڭگە ئوخشاش، ھەتتا ئۆزۈڭدىنمۇ بەتتەر ياۋۇز بىر مۇدھىش مەخلۇقنى تۇغىسەن،... چۈنكى مۇھەببەتنى بىلمىگەن، سۆيۈشنى، ئىچ ئاغرىتىشنى، ھېسداشلىقنى بىلمىگەن ئانىنىڭ قورسىقىدا پەقەت مۇدھىش مەلئۇنلا ئاپىرىدە بولىدۇ. مۇنداق مەلئۇن تۇغۇلۇپ قالسا ئۆز نەپسى ئۇچۇن ھېچ ئايانماي تۇرۇپ زېمىننى، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھ، جان ـ جانىۋارلار، ئۇچار قاناتلارنى، ھەتتا ئادەملەرنى ھالاك قىلىدۇ. زېمىننىڭ تەبىئىتىنى بۇزۇپ ھاياتنى ۋەيران قىلىدۇ! جىمىكى بارلىقنى ئادەملەر بىلەن قوشۇپ قانغا پاتۇرىدۇ...»

... ئاھ... ماڭا كەلگەن، ياق، بىگۇناھ ھايۋانلار دۇنياسىغا كەلگەن نېمە خورلۇق بۇ؟ بۇ ئادەم دېگەن مەخلۇقلار نېمىشقا مۇنچە رەھىمسىز، شەپقەتسىز، ئەقىلسىز بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتتى؟ ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ھالاك قىلىش، ھاياتنى ۋەيران قىلىش ئىكەنلىكىنى نېمىشقا چۈشىنىشمەيدۇ؟

ئادەملەر ئەسلىدە زېمىن ئانىمىزنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىقنىڭ تەبىئىتىنى تەڭشەپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق زېمىندىكى ھاياتنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىشىدا ئەڭ چوڭ قەرزنى زىممىسىگە ئالغان ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارغۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋە بىزنىڭ ھەمكارلىشىپ ئۇنۇملۇك ۋە ئەقىل

بىلەن ئېلىپ بارغان ئىشلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈنغۇ؟ بىز جىمىكى جان ـ جانىۋارلار ئادەملەرنىڭ ئاشۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى، ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىسىغۇ؟ بىزنىڭ تەقدىرىمىز، ھايات ـ ماماتىمىز بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كەتكەنغۇ؟ بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىر ـ بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئېجىل بولۇپ ياشاپ كەلگەنىدىغۇ؟ ئەمدى ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنچە رەھىمسىز ۋە ئەقىلسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ... بىزنى يوق قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنى ئۆلۈمگە، ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتقىنىنى چۈشىنىشمەيدۇ...

ھاقارەتلىك ۋە ئازابلىق كۈنلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىشىپ ئۆتمەكتە. ھەر كۈنى يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر كېلىدۇ، كېتىدۇ. ئۇلار ھەربىر كېلىشلىرىدە بىزنىڭ پېشانىمىزگە سانسىزلىغان خورلۇق تامغىلىرىنى بېسىپ قويۇشىدۇ، يۈرىكىمىزنى ھاقارەت، كەمسىتىش، نەپرەت، دۈشمەنلىك زىخلىرى بىلەن مالتىلىۋېتىدۇ. بىز ئەركىسىز، بىز ئىختىيارىمىزنىڭ ئىگىسى ئەمەس، بىز تۇتقۇن، بىز مەھبۇس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە كېلىپ بىز تىلسىز. بىز يۈرەكتىكى ئەلەملىك زەردابنى، ھەسرەت ـ نادامەتنى ھېچنېمە بىلەن ئىپادە قىلالمايمىز. گاھىدا: «ئەي ئادەملەر! مۇناپىق بولماڭلار! بىز سىلەرنىڭ دوستۇڭلار! ھەممىمىز ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ ئەركىلىرى، زېمىننىڭ ئەتىۋارلىق بالىلىرى! بىزگە قىلساڭلار ئەۋلادىڭلارغا قىلىسىلەر! ئۇرۇق ـ پۇشتىڭلارغا قىلىسىلەر! ئەجدادىڭلارغا ئاسيي بولىسىلەر، بىزنى ئانا تەبىئەتكە

قويۇۋېتىڭلار! بىزنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز بىلەن ئۆملىشىپ ئەركىن ـ ئازادە ياشىشىمىزغا، سىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ زېمىننىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاش ئىشىدا ئۆزىمىزنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يول قويۇڭلار! ئادەملەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا ـ قازاغا، زېمىندىكى ھاياتقا كېلىدىغان ۋەيرانچىلىققا ئارا تۇرۇش ھوقۇقىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! بىز سىلەر بىلەن تەقدىرداش! بىزنى خورلىماڭلار! بىزنى خورلىساڭلار ئەڭ ئاخىرى ئۆزۈڭلار خورلىنىسىلەر!» دەپ ۋارقىرىغىمىز كېلىدۇ، لېكىن بىزنىڭ بوزلاشلىرىمىزنى، بىزنىڭ نالىلىرىمىزنى ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار تېخى بىزنىڭ ھەسرەتلىك نالە ـ پەريادىمىز ھېسابىغا قاقاھلاپ كۈلۈپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ...

## 26

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، قايغۇ ـ ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەت مېنى ناھايىتى تېزلا ھالسىرىتىپ قويدى، گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتمەيدىغان بولدى. كۈنسېرى ئورۇقلاپ كەتتىم. مەن سېنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقىت ـ سائىتىڭ يېتىپ كەلگۈچە ئۆلۈپ قالمىغىنىمكىن دەپ قورقۇشقا باشلىدىم. مەن سېنى تۇغسام مۇشۇ ۋاپاسىز دۇنياغا — مەن كۆرۈۋاتقان مۇشۇ چېكى يوق خورلۇق ـ ئەلەم ئۈستىگە تۇغىدىغانلىقىمنى بىلسەممۇ، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغ ئانىلىق

مۇھەببىتىم، كۈۋەجەپ دولقۇنلاپ تۇرغان ئانىلىق سۆيگۈم ۋە ھاياتقا بولغان چەكسىز ئىشقىنىڭ قۇدرىتىدە ئاپىرىدە بولغان بىر يېڭى ھاياتنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. مانا مۇشۇ ئوتلۇق ئارزۇ مېنىڭ بۇ يەردە تارتىۋاتقان كۈلپەت ـ ئەلەملەرگە، چېكىۋاتقان رىيازەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ھەربىر سائەتنى چىدام بىلەن ئۆتكۈزۈشۈمگە تۈگىمەس كۈچ ـ قۇدرەت بېرىۋاتاتتى. مېنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقىنىمنى كۆرگەن باغچە ئىگىلىرى مېنى ئايرىم بېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئاجراتتى. ئۇلار ھېلىقى كۈنى مېنى قاشاغا ئەكەلگەن ئىككى ياش يىگىت ۋە بىر بوۋاي ئىدى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ يېنىمدىن ئايرىلمايتتى، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى. باغچە ئىگىلىرى مېنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى دەپ ئەمەس، ئەكسىچە مەن ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسام مېنى تۇتۇپ كەلگەن ئادەملەرگە تۆلىگەن پۇلىنىڭ زايە كېتىدىغانلىقىنى ۋە بىزنى «تاماشا» قىلىدىغان تاماشىبىنلاردىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ ئازىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن ۋايىم يەپ ئىزتىراپ بولۇشۇۋاتاتتى. ئەگەر ئۇلار راستتىنلا ماڭا ئىچى ئاغرىغان بولسا مېنى بۇ يەرگە قامىۋېلىشنىڭ ئورنىغا مېنىڭ ئەركىنلىكىمنى قولۇمغا بەرسە، مېنى تەبىئەت قوينىغا قويۇۋەتسىلا مەن سەللىمازا ساقايغان بولاتتىمغۇ؟ لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ...

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى ھېلىقى ئۈچ كىشى مەن سولانغان قاشاغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار مېنىڭ تېگىمنى قۇرۇقداپ قويۇشقاندىن كېيىن قاشاغا يۆلىنىپ

ئولتۇرۇپ تاماكا ئوراپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى قىرىراق ئەركەك (ئۇلار ئۇنى بوۋاي دېيىشىدىكەن) يۆگىلۈق قاشلىرىنىڭ تېگىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر ئىسسىق نۇرنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئۇ ماڭا بىرھازاغىچە قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەسرەتلىنىپ ئۇھ تارتتى، ئاندىن ھېلىقى يىگىتلەرگە قاراپ دېدى:

— مۇشۇ بىچارە جانىۋارغا نېمە كۈن بۇ؟ مۇشۇلارمۇ خۇدا ياراتقان جان ئەمەسمۇ؟ خەقنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈنلا بۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، بالىۋاقىلىرىدىن، كەڭ تەبىئەتتىن مەجبۇرىي ئايرىپ مۇشۇنداق قەپەسلەرگە بەند قىلىۋېتىش ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇقراق ئازاب ئەمەسمۇ؟...

ياش يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاقپىشماق كەلگەن چېچىنى پېشانىسىگە چاپلاپ تارىۋالغان بىرى بوۋايغا تەئەججۈپ بىلەن قارىدى ۋە نارازى ئاھاڭدا دېدى:

— نېمە دەۋاتىسەنوي، بوۋاي! ھازىر بىز مۇشۇ ھايۋانلارنى قەپەسكە سولاپ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىۋاتىمىز... كەلگۈسىدە بارغۇ... ھىم... كەلگۈسىدىكى ئادەملەر ھازىرقى مۇشۇ زاماندا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق - پۇشتىنى قەپەسكە سولاپ تاماشا قىلىشىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان بولۇشىدۇ... ھا... ھا... ھا...— ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

ھېلىقى بوۋاي بىلەن يەنە بىر ياش يىگىت چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى قەپەسكە سولاپ كۆرگەزمە

قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان قانداق ئادەملەر ئىكەن ئۇ؟ — بوۋاي غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ چىرايى تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتتى، — ئۇنداقلارنى ئادەم دېيىشكە قانداق تىلىڭ باردى؟ ھەتتا ھايۋانمۇ ئۆزىنىڭ ئەجدادىغا مۇناپىقلىق قىلىشتىن ئۇيىلىدىغۇ؟ ئۇلاردىن ئاشۇ ھايۋانلار مىڭ ھەسسە ئۇلۇغراق ئەمەسمۇ؟... ئۇلارنى ئادەم دېگىنىڭنى قارا! ئۇلار سېنىڭ ئەۋلادىڭ تۇرۇقلۇق خۇددى ئاۋۇ مايمۇنلارنى ياكى ئاۋۇ بۆرىنى قەپەسكە سولىغاندەك سېنىمۇ قەپەسكە سولاپ كۆرگەزمە قىلىشسا... ھە... ئۇنى سەن يەنە ئادەم دەمسەن؟ ئۇلارنى ئادەم ئەمەس، ئالۋاستى، ئىبلىس، مەلئۇن، مۇناپىق، ئەبلەخ دېيىش كېرەك! — بوۋاينىڭ پۈتۈن ئەزاسى لاغىلداپ تىترەيتتى.

— ۋوي، نېمانچە چېچىلىسەن، بوۋاي... ئالدىرىماي تۇرماسەن... ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئادەملەر سېنىڭ ئەۋلادىڭ ئەمەس...

— نېمە، مېنىڭ ئەۋلادىم ئەمەس؟ مېنىڭ سەككىز نەۋرەم بار، ئالتىسى ئوغۇل، ئىككىسى قىز... ئۇلار چوڭ بولىدۇ، ئائىلىلىك بولۇشىدۇ، بالا يۈزى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇنداق... دېمەك، ئۇلارنىڭ بالىۋاقا، نەۋرە ـ چەۋرە، ئەۋرىسى مېنىڭ ئەۋلادىم بولماي كىمنىڭ ئەۋلادى بولىدۇ؟ ئالدىرىما، سېنىڭمۇ ئەۋلادىڭ بولىدۇ... ئۇلار سېنىمۇ...

— توختا، بوۋاي... ئۇلار مېنىڭمۇ ئەۋلادىم ئەمەس...

— نېمە؟ ئەمىسە ئۇلار كىمنىڭ ئەۋلادى؟ — بوۋاي تېخىمۇ قىزىشتى.

— ئۇلار ئادەملەرنىڭ يېڭى سورتى بولىدۇ، — ھېلىقى يىگىت خاتىرجەم جاۋاب بەردى.

بوۋاي ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي قالدى.

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ توخۇنىڭ، كالا ـ قوينىڭ يېڭى سورتى دېگەننى ئاڭلىغانمەن، لېكىن «ئادەملەرنىڭ يېڭى سورتى» دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇلار يەردىن ئۈنۈپ چىققانلارمۇ؟

— زاۋۇتتا ياسالغان ئادەملەر....

— نېمە... نېمە؟... بۇ ھېلىقى نېمىدى... تۆمۈر ئادەم، ياق... ھېلىقى نېمىدى؟

— ماشىنا ئادەم...— باياتىندىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان جۇدەڭگۈ يىگىت گەپ قىستۇردى.

— ھە... ھە... ھېلىقى ماشىنا ئادەم دېگىنىڭ شۇمۇ؟

— ياق، مېنىڭ دېگىنىم ماشىنا ئادەم ئەمەس... ماشىنا ئادەم دېگىنىڭ ھازىرمۇ ساماندەك تولا گەپقۇ،— ھېلىقى ئاقپىشماق يىگىت ئالدىرىماي جاۋاب بەردى،— مېنىڭ دەۋاتقىنىم خۇددى ساڭا ۋە ماڭا ئوخشاش گۆشى بار، قېنى بار، جېنى بار، پۇت ـ قولى، قاش ـ كۆزى بار، بىزدەك گەپ قىلالايدىغان، ئويلىيالايدىغان ئادەملەر،— يىگىت قوينىدىن تۆت پۇكلەنگەن بىرنەرسىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ قېتىنى ئاچتى،— مانا قاراڭلار، بۇ گېزىتنىڭ مۇنۇ يېرىگە مۇنداق بىرنەرسىنى يېزىپتۇ...

— ئوقۇغىنا... ئۇنىڭغا نېمە دەپ يېزىپتۇ؟— بوۋاي تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى. بايىقى جۇدەڭگۈ يىگىتمۇ ئاقپىشماق يىگىتنىڭ قولىدىكى ھېلىقى «گېزىت» دېگەن نەرسىگە ئۈنچىقماي تىكىلدى.

— بۇنىڭدا، — دېدى ئاقپىشماق يىگىت، — چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ پەرەز تەسەۋۋۇرىنى يېزىشىپتۇ. گەرچە ھازىر تەسەۋۋۇر دېيىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئالىملار ئىشەنچ بىلەن «بىيولوگىيەلىك قۇرۇلمىشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ پەن بىزگە كەلگۈسىدە خۇددى ئىنكوباتۇر ئارقىلىق چۈجە چىقارغاندەك ئەرنىڭ تېنىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان بىر خىل ماددا ياكى بىر ھۈجەيرىنى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن زوررۇر بولغان مۇھىت ۋە شارائىتتا ئۇچراشتۇرۇپ يېپيېڭى بىر ئادەمنى — ھېچقانداق ئەنئەنىۋى قىممەت كۆزقارىشىنى — ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى، دىنىي، سىياسىي قاراشلارنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، قانداشلىق، ئىرق، جىنس، مىللەت، دۆلەت ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۇقۇمىنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بىر خىل سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ» دەپ يېزىپتۇ.

— بۇ... بۇ... زادى قانداق گەپ؟... بۇ مۇمكىنمۇ؟ ناۋادا بىر ئادەمنىڭ ئاتا - بوۋا، ئەجدادى بولمىسا، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بولمىسا، ئەۋرە - چەۋرە، ئۇرۇق - ئەۋلادى بولمىسا ئۇ ئادەم بولامدۇ؟ ئۇ ئادەمنى قانداق نەرسە ئادەم قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ؟... ئۆز ۋەتىنى يوق، ئەجدادى يوق، ئۆز تارىخى يوق دېگەن سۆز ئەخلاقى يوق، ھالال - ھارامنى بىلمەيدىغان، ياخشى - يامانىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇقمايدىغان بىر قارا ئۆپكە مۇناپىق دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟... بۇ دۇنيانى ئۆرە قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر ئەخلاق بار... ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئادەم... شۇڭا خۇدايىتائالا پەرىشتىنىمۇ ئادەمگە تەزىم قىلدۇرغان. مۇبادا ئادەملەردە ئاشۇ ئەخلاق بولمىسا بۇ

دۇنيا گۇمران بولمامدۇ؟ شەرم ـ ھايانى، مېھىر ـ شەپقەتنى، نە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى بىلمەيدىغان، ئىزا ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان ئاندىن بەرەھنە ـ يالىڭاچ بىر توپ ئۆياتسىز ياۋايىلار بېسىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ مۇناپىقلار بۇ دۇنيادا قايسى سىياقتا ياشىماق؟

بوۋاينىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى يوغىناپ، چېكىلىرىنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى.

ــ ئۇلار قايسى سىياقتا ياشىماق؟ ــ دېدى باياتىندىن بېرى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۆز قىستۇرۇش بىلەن چەكلەنگەن ھېلىقى جۇدەڭگۈ يىگىت قىزىشىپ، ــ ئۇلار ئەقىل بىلەن ياشىماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە شۇ ئېھتىياجىنى قامداشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ياشايدۇ، ــ ئۇ يىگىتمۇ ئەمدى قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتاتتى، ــ مەن بىر كىتابتىن كۆردۈمكى، بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ئۈچ خىل تەبىئەت بىلەن پۈتۈلگەن. بىرىنچى خىل تەبىئەت ــ تەلەپ تەبىئىتى، بۇ تەبىئەتتە نە ئەقىل، نە ئىدراك، نە تەپەككۇر، نە ئەس ـ خاتىرە، نە بىلىش بولمايدۇ. بۇ قارىغۇ تەبىئەتتۇر. بۇ تەبىئەت پەقەت ئادەمنى ئۆزىنى قاندۇرۇشقا، ئۆزىنى قامداشقا، ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى رازى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ تەبىئەت ئادەمنىڭ جىمىكى ئىقتىدارىنى ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە دەيدەيگە سالىدىغان ئەڭ قارام، ئەڭ تەلۋە، ئەڭ ۋەھشىي تەبىئەتتۇر. ئادەم بەدىنىدىكى ئىككىنچى خىل تەبىئەت ــ نومۇسچان تەبىئەتتۇر. بۇ تەبىئەتتە ئەقىل ـ پاراسەت، تەپەككۇر خاتىرە كۈچى، بىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ، شۇڭا بۇ

تەبىئەت تارىخىنى، ئەنئەنىنى ئەستە ساقلىيالايدۇ، رېئاللىقنى، جەمئىيەتنى، جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئەخلاقنى، پەلسەپىنى، دىننى، سىياسىينى، ئىشقىلىپ، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى ئىپتىراپ قىلىدۇ، شۇڭا بۇ تەبىئەتتە ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق قىلىدىغان مۇھەببەتنى، سۆيۈشنى، ھېسداشلىق قىلىشنى بىلىدىغان، پاكلىق بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ئىپلاسلىق، رەزىللىك ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغان ئىقتىدار بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى خىل تەبىئەت ھەرقاچان، ھەر زامان ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بىرىنچى تەلەپ تەبىئىتىنى زورلۇق بىلەن بېسىپ ئادەمنى رېئاللىققا ماسلىشىشقا، رېئاللىققا قاراپ ئىش قىلىشقا، بىرىنچى تەلەپ تەبىئىتىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئەسىر بولۇپ قالماسلىققا، رېئاللىقنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزىنى كونترول قىلىشقا مەجبۇرلاپ ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەمدى ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئۈچىنچى خىل تەبىئەتكە كەلسەك، ئۇ تەبىئەت سەمەرىي تەبىئەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بۇ سەمەرىي تەبىئەت ئىككىنچى خىلدىكى نومۇسچان تەبىئەتنى ئىپتىراپ قىلىدۇ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ، ئۇنىڭغا ھەرقاچان ھەمدەم ۋە يېتەكچى بولىدۇ. بۇ سەمەرىي تەبىئەتنىڭ نومۇسچان تەبىئەتتىن پەرقى شۇكى، بۇ تەبىئەت ئادەمنى نومۇسچان تەبىئەتتىنمۇ ھالقىپ ھەقىقەت ئۈچۈن، گۈزەللىك ئۈچۈن، ياخشىلىق ئۈچۈن ھەممە نېمىسىنى ئايىماي كۈرەش قىلىشقا، دۇنيانىڭ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىش يولىدا تىنىم تاپماي خىزمەت قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ھەربىر كۈنىنى يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆلچىمى بىلەن

ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈشكە ئۇندەيدۇ، خوش... ــ جۇدەڭگۇ يىگىت قولىدىكى كۆيۈپ تۈگەۋاتقان تاماكىسىنى كۇچەپ بىر شورىۋالدى ـ دە، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، ــ ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرىنچى تەلەپ تەبىئىتى غالىب كەلسە ئۇ ئادەم جىنايەتچى بولىدۇ، مۇبادا نومۇسچان تەبىئەت تەڭ كېلىپ قالسا ئۇنداق ئادەم ئىككى يۈزلىمچى، يالغانچى، ساداقەتسىز، ۋاپاسىز، ھىيلىگەر، مەككار ئادەم بولىدۇ، چۈنكى ئۇنداق ئادەم ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى خىل تەبىئەت ــ نومۇسچان تەبىئەت ــ تەلەپ تەبىئىتى بىلەن ياشايدۇ. دېمەك، ئۇنداق ئادەم جىن بىلەن ئادەم ئارىلىقىدىكى گاھىدا جىن، گاھىدا ئادەم شەكلىدە ياشايدىغان ئادەمدۇر. مۇبادا ئىككىنچى خىل تەبىئەت بىرىنچى خىل تەبىئەتتىن مۇتلەق غالىب كەلسە ئۇ ھالدا ئۇ ئادەم نومۇسچان، ئېھتىياتچان، ئۆز نىسىۋىسىگىلا شۈكۈر قىلىدىغان، مۆلايىم، لېكىن كىشى بىلەن ئىشى بولمايدىغان، ئۆزىنىلا بىلىپ، ئۆزگىنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەم بولىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ھەرھالدا ياخشى ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئۈچىنچى خىل تەبىئەت ــ سەمەرىي تەبىئەت بىلەن ئىككىنچى ئېسىل تەبىئەت ــ نومۇسچان تەبىئەت تەڭلىشىپ قالسا ئۇنداق ئادەم ئەخلاقلىق، نومۇسچان، دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن چىرايلىق ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈككەن، باشقىلارغا يامانلىق ئويلىمايدىغان، ساپ دىل ئادەم بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇ ئۆز غايىسى ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ كۈرەش قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ

ئىناۋەت - ھۆرمىتىنى ئايايدۇ، ئۆزىنىڭ نەق مەنپەئەتىنى، باشقىلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىنكاسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، بۇنداق ئادەممۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم، ئەلۋەتتە. ناۋادا، — دېدى يىگىت سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئۈچىنچى خىل تەبىئەت — سەمەرىي تەبىئەت باشقا تەلەپ تەبىئىتى ۋە نومۇسچان تەبىئەتتىن مۇتلەق غالىب كەلسە مۇنداق ئادەم ئەخلاقلىق، غايىلىك، غەيرەت، شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ھەق - ناھەق ئۈچۈن، گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەتىسى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىدىغان، لېكىن رېئاللىققا كۆپ ھالدا توغرا قارىيالمايدىغان، رېئاللىقنى توغرا تونۇيالمايدىغان قىزغىن كۆڭۈللۈك، پىداكار، لېكىن ئالدىراڭغۇ ئادەم بولىدۇ. بۇ ئادەم ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر... — ئەمدى گېپىمىزنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، — دېدى جۇدەڭگۇ يىگىت قاشاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋەرگەنلىكتىن ئۇيۇشقان بىر پۇتىنى ئۇزارتىپ سەل تۇزلىۋېلىپ، — بىرىنچى خىل تەبىئەت — تەلەپ تەبىئىتى ئادەم تۇزۇلۇشى بىلەنلا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولىدۇ. ئىككىنچى خىل تەبىئەت ۋە ئۈچىنچى خىل تەبىئەت — نومۇسچان تەبىئەت بىلەن سەمەرىي تەبىئەت ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا - ئانا تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسى، ئىجتىمائىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولىدۇ - دە، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بىرىنچى خىل تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۇنى چەكلەش، ئۇنى زورلۇق

بىلەن بىسىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىدۇ. ئەگەر ئەلا ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەسىرى ۋە ئەخلاقلىق ئاتا ـ ئانا تەربىيەسىدىن ئايرىدە بولىدىغان بۇ ئىككى تەبىئەت ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلسا ئۇ ئادەم ناھايىتى ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى تەبىئەت مەغلۇپ بولسا ئۇ ئادەم بىر مۇناپىق بولۇپ ئۆسىدۇ...
ئەمدى ھېلىقى چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ پىلانى بويىچە زاۋۇتلاردا ياسالغان ئاتا ـ بوۋىسى، ئەجدادى يوق ئادەملەر مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئادەملەر تەلتۆكۈس جىنايەتچىلەر بولىدۇ، چۈنكى ئەنئەنىسى، تارىخى، ئەجدادى يوق، ئاتا ـ ئانا تەربىيەسىنى ئالمىغان زاۋۇتتا ياسالغان بىر بوۋاق بىر يىلدىلا يېتىلگەن بىر ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بۇ ئادەمدە ئىجتىمائىي ئەخلاق كۆزقارىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي تەسىرى دېگەن نەرسە بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نومۇسچان تەبىئەت ۋە سەمەرىي تەبىئەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرىنچى خىل تەبىئەت ــ تەلەپ تەبىئىتى بىقسىپ قۇتراپ تۇرىدۇ، نە مۇھەببەتنى، نە سۆيگۈنى، نە مېھرنى، نە ھېسداشلىقنى، نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى زادى بىلمەيدىغان بۇنداق ئادەم تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، دۇنياغا، ھاياتقا بىرەر نەرسە بېرىشى، ھاياتنىڭ مەنىسىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن تەر تۆكۈش ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ، ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى، تەبىئىتى نېمىنى خالىسا، قەيەردە خالىسا، قانداق ۋاقىتتا خالىسا شۇنى ھېچ ئىككىلەنمەي قىلىشنى، ئۆز

تەبئىتىنىڭ جىسمانىي، جىنسىي، روھىي تەلىپىنى ۋاستە، شارائىت، زامان، ماكان تاللىماي قانائەت تاپقۇزۇشنىلا بىلىدۇ. مۇبادا بۇ تەلىپىگە بىرەر توسقۇنلۇق بار دەپ ھېس قىلسا ئۆزى توسقۇن دەپ چۈشەنگەن مۇھىتنى خانىۋەيران قىلىدۇ. بۇ ئاقىۋەتتە نېمىگە ئاپىرىدۇ؟ بۇ ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىلىشىگە ئاپىرىدۇ. كەلگۈسى ئەسىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تۈپ يىلتىزىدىن ياۋايىلىققا قاراپ چېكىنىدۇ...

— بۇ گېپىڭدىن قارىسام، ئۇلارنىڭ زاۋۇتتا ياسايمىز دېگىنى تۇرغانلا بىر شەيتان ئىكەنغۇ، شەيتان! ئادەمنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى ئوتتۇرىسىدا شەيتان بار ئەمەسمۇ، مۇبادا ئادەم نومۇس، ئاتا - بوۋىسىنىڭ قېنى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ مىجەز - خۇلقى، كۆيۈم - سۆيۈمى بولماي، پەقەتلا شەيتان بولسا ئادەمنىڭ ئۆزى جىن - شەيتانغا ئايلانمامدۇ؟ ۋوي بەچچىخەرلەر... شەيتان ياسايمىز دېگىنىنى قارا! بۇ پەن - تېخنىكا دېگىنىڭ بەك تەرەققىي قىلىپ كەتسە بىر بالا - قازا ئوخشىمامدۇ كىشىنى قورقۇتۇپ! — بوۋاي ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۆز ئورنىدا بىرنەچچىنى پىرقىرىۋەتتى ۋە يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— زاۋۇتتا ئادەم ياسايمىز دېگىنىگە بۇنچە ھەيران قالىسەن، بوۋاي، — دېدى ئاقپىشماق يىگىت بوۋاينى مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىنى قىيسايتىپ، — ھازىر خەقلەر مۇشۇ يەر شارى دېگىنىڭنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئاتوم بومبىسىنىڭ نىشانى قىلىپ بولدى. پەن - تېخنىكا دېگەن شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ۋاقتى كەلسە ئۆز

ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپلا يەر شارىنىڭ خالىغان يېرىنى بىر مىنۇت ئىچىدە كۇل قىلىپ تاشلىيالايدۇ... تېخى «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانى دېگەن گەپمۇ بار! ئاڭلىساق، ھازىردىن باشلاپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تالىشىش كۇرىشى باشلىنىپ كېتىپتۇ...

— نېمىسىگە نېمە يەتمەي قاپتۇ ئۇ نجىسلارنىڭ؟ — بوۋاي ئۆزىنى باسالماي ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇزۇۋەتتى، — ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆزى خالىغان باشقا ئەلنىڭ يېرىنى كۇكۇم - تالقان قىلىدىغانغا نېمە ھەققى بار ئىكەن؟...

بوۋاينىڭ چىرايى دەم قىزىرىپ، دەم تاتىرىپ بوزىراتتى.

— ئالدىرىما، بوۋاي! — ئاقپىشماق يىگىت خۇددى بوۋاينى ئەتەي دەيدەيگە سالماقچى بولۇۋاتقاندەك چېقىشىپ دېدى، — ھازىر ئادەملەر خۇددى «سۇۋەرەك» تەك باللاپ كۆپىيىپ يەر شارىغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ... بۇنچە جىق ئادەم يەيدۇ، ئىچىدۇ، كىيىدۇ... بۇنچە جىق ئادەمنى يەر شارى باقالمايدۇ، شۇڭا بەزى ئادەملەر ئاشۇنداق ئىلغار پەن - تېخنىكا، ئىلغار قوراللار بىلەن ئۆزىگە زېمىن ئىزدەيدۇ... شۇنىڭ بىلەن يەر يۇزىدىكى ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى ئازىيىدۇ...

— قولىدا بومبىسى بار كۇچلۇكلەر ساقلىنىپ قېلىپ، — بوۋاي تىترەپ كەتتى، — قولىدا بومبىسى يوق ئادەملەر قىرىلىدىكەن - دە؟! شۇنداق بولىدىمۇ دەيلۇق... — بوۋاينىڭ كۆزى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتتى، — ئاشۇ بومبا چۇشكەن يەردىكى دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ، گۇل - گىياھ، جان -

جانىۋار، ئۇچارقاناتلارمۇ ساق قالمىسا، ئاشۇ يەردىكى مۇنبەت يەرلەر گىياھ ئۈنمەيدىغان كۆل - تۈپراققا ئايلانسا، ھېلىقى سەن دەۋاتقان بومبىسى بار نىجىسلار ئاخىرقى ھېسابتا بىر - بىرىنىڭ بېشىنى غاجامدۇ؟

— يەر يۈزىدىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، يەر ئاستى بايلىقى، جان - جانىۋارلارنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن كىمنىڭ قۇدرىتى يەتسە ياشىغىلى بولىدىغان يۇلتۇزلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ - دە؟

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن ئۆزۈڭ؟ بىر پىنەك چېكىۋالدىڭمۇ - يا؟ قۇرۇپ كەتسۇن سېنىڭ ئۇ يەن - تېخنىكا دېگەن نېمەڭ! ئاشۇنداق گەپنى قىلىدىغانلارنى بىر توپ ۋەھشىيلەر، ئىبلىسلار دېيىش كېرەك! ئادەم ئەمەس تېخى! ئۇلارنىلا ئەمەس، سېنىمۇ ئادەم دېگىلى بولمايدۇ شۇ تاپتا!— بوۋاينىڭ چىرايى قارىداپ، كۆكىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— سەن ئۇنچە قىزىشىپ كەتمە، بوۋاي!— دېدى بايىدىن بېرى خىيالغا چۆمۈپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغان جۇدەڭگۈ يىگىت بوۋايغا قاراپ مۇلايىمغىنا،— بىزنىڭ بۇ يىگىتتە نېمە گۇناھ دەيسەن، ئۇمۇ ئۇ يەردە - بۇ يەردە چالا - بۇلا ئاڭلىۋالغىنىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇپتىغۇ. دۇنيانىڭ بۇ ئىشلىرىنى مەن ۋە سەن چۈشىنىپ بولالمايمىز، ئىش سەن دېگەندەك ياكى بۇ يىگىت دېگەندەك، ياكى مەن دېگەندەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس، لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىمانىم بىلەن ئىشىنىمەنكى، پەن - تېخنىكا دېگەن ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭسىز ئىنسان ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانلىق

ئورنىنى تېپىپ بولالمايدۇ، قارىغىنا، دۇنيادا كىمدە بىلىم بولسا شۇ قەدىرلىك، كىمدە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بولسا شۇ بەختلىك ياشاۋاتىدىغۇ! بىلىمسىز، پەن ـ تېخنىكىسىز دۇنيا جاھالەت ۋە قاباھەت ئىچىدە قالغان دۇنياغۇ؟ بۇنى ھازىر بىز دە كىچىك باللارمۇ بىلىدۇ، شۇڭا شۇ كۈنلەردە ھەممىلا ئادەم بىلىم ۋە پەن ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتىدۇ... ـــ جۇدەڭگۇ يىگىت لەۋلىرىنى يېنىككىنە چىشلىدى،ـــ ھازىر پەن ـ تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز، ئەكسىچە بىزگە بالا ـ قازادىن ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاك بولۇشتىن بېشارەت بېرىۋاتقان مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن ـــ ئىنسانلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خانىۋەيرانلىقتا يۇزلىنىشى ۋە يادرو ئۇرۇش خەۋپىدىن ئەندىشە قىلىشىمىز لازىم. مۇبادا ئىنسانلار مۇشۇ سۈرئەتتە كۆپىيىۋەرسە يەر شارىدا خۇددى چېكەتكە ياكى چاشقان ئاپىتى، سۈۋەرەك ئاپىتى بولغاندەك ئادەم ئاپىتى بولىدۇ... ھازىر يەر شارىدىكى يەر ئاستى بايلىقى ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن زېمىنىنىڭ ھەممە يېرى ئۆتمۆتۈشۈك قىلىۋېتىلدى، بۇنىسى يەتمىگەندەك، زېمىندىكى دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر، گۈل ـ گىياھلار كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، ھايۋانات دۇنياسى يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بايا ئېيتقىنىمىزدەك، بەزى كاللىسى قىزىپ كەتكەنلەر پۈتۈن خىراجىتىنى، زېھنىنى، ئىقتىدارىنى، تېخنىكىسىنى سەرپ قىلىپ يېڭىدىن ـ يېڭى ۋەيران قىلىش قوراللىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ، ئەكسىچە مىليونلاپ ئادەملەر ئاچلىق، يېلىڭ ـ يالىڭاچلىقتا

كىسەل سەۋەبىدىن قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ... مۇبادا يادرو قوراللىرى مۇسابىقىسى داۋام قىلىپ كېتىۋەرسە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ دەھشەتلىك قوراللار ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ چوڭ بىر دۆلەتنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ. بىر دۆلەت دېگەندە، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭىنىڭ تۇرۇپلا نىيىتى بۇزۇلسا ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ قالسا ۋە ياكى ئۆز ۋاقتىدا خېرىشۇف ئەقلىدىن ئادىشىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا كەشىنى سېلىپ تاشلاپ نۇتۇق جوزىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ۋارقىراپ – جارقىراپ كەتكەندەك ئۇشتۇمتۇت ئەقلىدىن ئادىشىپ قالسا، بىر بۇيرۇق بىلەن بىر كۇنۇپكىنى شۇنداقلا باستۇرۇۋەتسە ئۇ چاغدا بىزنىڭ يەر شارىمىز خۇددى يەر شارىغا ئوق تەگكەندەك ياكى بولمىسا ئېگىزدىن تاشلانغان خام كېسەكتەك پارە – پارە بولۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئۆز ۋاقتىدا گىتلېر گىرىپتار بولغان «غالجىرلىق كېسىلى»گە ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ بىرىنىڭ باشلىقى گىرىپتار بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇ چاغدا بىزنىڭ سەييارىمىزدا نە ئادەمزات، نە جان – جانىۋار، ئۇچارقانات، دەل – دەرەخ، گۈل – گىياھتىن، گەپنىڭ لوندىسى، ھاياتلىقتىن نىشان قالامدۇ؟ ئەسلىدە پەن – تېخنىكىنىڭ ۋەزىپىسى تولىمۇ مۇقەددەس! ئۇ ئىنسانىيەتنى ئاچارچىلىق، ئاغرىق – سىلاق، ياۋايىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ئىنسانىيەتكە بەخت ئەكېلىدۇ... زېمىن، دەل – دەرەخ، گۈل – گىياھ، ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنى ھەر خىل ئاپەت، كېسەلدىن

ساقلاپ ئۇلارنىڭ ھاياتقا بېرىدىغان نېسىۋىسىنى بېيىتىدۇ. چۆللەرنى بوستانغا، قاقاسلىقنى ئورمانغا، قۇملۇقنى يېشىل ۋادىغا ئايلاندۇرىدۇ، تەبىئەت ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ ئىنسانىيەتنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ساخاۋىتىگە ئېرىشتۇرىدۇ، لېكىن شۇ كۈنلەردە بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنىڭدىن يامان مەقسەتلەر ئۇچۇن پايدىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بالا ـ قازادىن بەلگە بېرىۋاتىدۇ...

— دېمەك، — جۇدەڭگۇ يىگىت ھېلىقى ئاقپىشماق يىگىتنىڭ قولىدىكى موخوركىسىنى ئېلىپ بىر شورىۋالدى، — گەپ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە شۇ ئادەملەرگە — ئۆزىمىزگە بېرىپ تاقىلىدۇ، مېنىڭچە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ۋەھىمە يېيىش ئارتۇقچە، ئەڭ مۇھىمى، ئادەملەرنىڭ روھىنى، قەلبىنى، يۈرىكىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۇلارنى يۈكسەك مەدەنىيەت ئىگىسىگە ئايلاندۇرۇش — ئادەملەر يۈكسەك ئەخلاق، ئالىيجاناب پەزىلەت، گۈزەل غايە ئىگىسىگە ئايلانسا، ئادەملەر ئارىسىدىكى ھازىرقىدەك كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، نەپرەت، دۈشمەنلىكنىڭ ئورنىنى دوستلۇق، ئىشەنچ، چۈشىنىش، ھېسداشلىق، باراۋەرلىك، مۇھەببەت، سۆيگۈ ئىگىللىسە، ئادەملەر ئۆزىنىڭ نوپۇسىنى ئۆزى ئاڭلىق يوسۇندا چەكلىيەلىسە، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ زېمىنىدا ياشاپ باشقىلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالمىسا ئۇ چاغدا ھەممە مەسىلە ئۆزلۈكىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدۇ؛ ئۇ چاغدا مەدەنىيەتلىك ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىغا ئۆز ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان، دەل ـ دەرەخ، يەر ـ

زېمىن، گـۈل ـ گـىيـاھ، ھـايۋانات ۋە ئـۇچـارقاناتـلارنـى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرىدىغان بولىدۇ. دۆلەتلەر، مىللەتلەر، ئادەملەر بىر يۈكسەك ئەخلاق ۋە بىر يۈكسەك غايە ئاستىدا بارباراۋەر ۋە ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ياشاشنى ئۆگىنىدۇ، يادرودىن تىنچلىق، قورۇلۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەقسەتلىرى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نۇقتىسىدا پايدىلىنىدۇ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ دۇنيا ھەم ئادەم ئۈچۈن، ئادەم ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇنۇ بىچارە بۇغىدەك مەھكۇم ھايۋانلار ئۈچۈن بىر جەننەتكە ئايلىنىدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلار تەبىئەت ئانىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىن ـ بەھۇزۇر يايراپ ياشنايدۇ...

يىگىت بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئوتتەك قىزىرىپ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر جەلپكار نۇر چاقناپ كەتتى.

جۇدەڭگۈ يىگىتنىڭ سۆزى بىلەن بوۋاينىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرى يېشىلىشكە، چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ماڭا ھەربىر قارىغىنىدا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر چوڭقۇر مۇڭنى كۆردۈم... بوۋاي ئاخىرىدا خالار ـ خالىماي غودۇڭشىپ قويدى:

— ياق، ئەمدى دەيمىنا...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەن ھالسىراپ بارماقتا ئىدىم. مېنىڭ تۇغۇش ۋاقتىم يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ يەردە يېمىكىم ئۈچۈن كونا سامانغا كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ قىلىپ بېرىشەتتى. بۇ ھەلەپكە يەنە ئالىلقانداق بەتتەم قاڭسىق بىرنەرسىلەر قوشۇلغانىدى. ئۇلار بۇنى

«دورا» دېيىشىدىكەن. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى ياخشىلارمىش، لېكىن مەن ئەركىنلىككە تەشنا ئىدىم. ئورمانلىقنىڭ ساپ ھاۋاسىغا، تاغنىڭ مۇزدەك سۈيىگە، يايلاقنىڭ خۇش پۇراق چۆپلىرىگە موھتاج ئىدىم. ئادەملەر ئۆزلىرى «ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك يەم» دەپ قارايدىغان ھەرقانداق نەرسىنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇشسا مەن ئۇنى ئاشۇ دالادىكى ئەڭ سېسىق، ئەڭ تەمسىز، ئەڭ ئاچچىق بىر تال چۆپكە تەڭ قىلماس ئىدىم...

مەن ھېچ نەرسە يېمەس بولۇۋالدىم. ئەركىنسىزلىك، خورلۇق مېنى غاجاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قورسىقىم كۈنسېرى چوڭىيىپ بارماقتا ئىدى. مېنىڭ ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ماجالىم يەتمەي كۈنبويى ئۆزۈمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئورمان تەرەپكە قاراپ ھەسرەتلىك ئىڭراپ ياتىدىغان بولۇپ قالدىم...

مېنىڭ ئەھۋالىم باغچە دائىرىلىرىنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويۇشتى، ئۇلار كۈندە نەچچە ۋاق مەن سولانغان قاشاغا كېلەتتى، بېشىمدا ئايلىنىپ ئىزتىراپ بولۇشاتتى.

بىر كۈنى ئۇلار ئاق خالات كىيگەن بىرىنى باشلاپ كەلدى. ئۇ ئادەم مېنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇپ سىلاپ بىر غەلىتە نەرسە بىلەن كۆكرىكىمنى تىڭشاپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇغا بوشىنىشقا ئاز قاپتۇ، لېكىن بەك ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپتۇ. ساق ـ سالامەت تۇغۇشى ناتايىن... بۇغىنى ساقلاپ قالماقچى بولساق ئۇنى بىر ئاماللار قىلىپ ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇشىمىز لازىم. تۇغقىچە سەل ئەتلىنىۋالمىسا بولمايدۇ، — دېدى.

— لېكىن بۇ ئۆلگۈر بۇغا ھېچ نەرسە يېگىلى

ئۇنىمايدۇ،ــ دېدى باغچە باشلىقى ماڭا نارازىلىق بىلەن ئالىيىپ.

ــ يېشىل چۆپ بېرىڭلار، ئەڭ ياخشىسى يېڭى چۆپ بولسۇن...

ــ لېكىن بۇ شەھەردە قەيەردىكى يېشىل چۆپكەن؟...

ــ بۇغىچىلىق فېرمىسىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، ئۇ يەردە يېشىل چۆپ بار. تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ياندۇرۇپ كەلسەڭلار بولىدىغۇ؟

ئاشۇ ئاق كىيىملىك ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن باغچە دائىرىلىرى مېنى بىر ماشىنىغا سېلىشتى.

بۇغىچىلىق فېرمىسى دېيىشكىنى نېمىكىنە؟...

ماشىنا شەھەردىن چىقىپ چۆل تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 27

قانچىلىك ماڭغىنىمىزنى مەن قانداق بىلەي. «ماشىنا» دېگەن نەرسىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ جۇلۇقۇم چىقىپ ئىچ - قارنىم چۇۋۇلۇشقا ئاز قالغاندا ماشىنا توختاپ مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈشتى. قارىسام، بىر چېتى چۆلگە تۇتاشقان كىچىككىنە بىر توغراقلىققا يېتىپ كەپتۇق. ئۇ يەردە بىرنەچچە ئېغىز پاكار ئۆيلەر بار ئىكەن. پاكار ئۆيلەردىن ئىككى ئەركەك ۋە بىر چىشى ئادەم چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزئارا خېلى ۋاقىتقىچە بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ ئۆزئارا كېلىشكەندەك قىلىشقاندىن كېيىن مېنى ئەكەلگەنلەر قايتىشماقچى

بولۇشتى. شۇ چاغدا باغچىدا قىرىق نەچچە كۈنگىچە مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ھېلىقى بوۋاي مېنىڭ يېنىمغا كەلدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن چوڭقۇر مۇڭ ۋە مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇ مېنىڭ پېشانەمنى مېھرى بىلەن ئۇزاققىچە سىلىدى ۋە ئاندىن ھېلىقى چىشى ئادەمگە قاراپ دېدى:

— قىزىم... قاراڭ بۇ بۇغىنىڭ ھالىغا؟ خۇدا ياراتقان مۇشۇ ئەركىن جانىۋارنى نېمىگە مۇنچە قىيناپدىغاندىمىز... بۇنى سىزگە تاپشۇردۇم. ئۇنى ئۆز كۆزىڭىزنىڭ ئىگىچە - سىڭلىڭىزدەك كۆرۈڭ... ھەممىمىزنى ئاللا ياراتقان... «غېرىبنىڭ بېشىنى سىلىساڭ ساۋاب بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار... مۇشۇ بىچارە تېخىمۇ غېرىب بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاي - كۈنى توشۇپ قالدى... كېچە - كۈندۈز خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ... ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا... سىزدىن قاتتىق كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ... — بوۋاينىڭ لەۋلىرى تىترەپ ئاغزى ئۈمچەيدى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، دادا، — دېدى ھېلىقى چىشى ئادەم مۇلايىمغىنا، — ئۆزلىرى ئەتىۋارلىغاندەك ئەتىۋارلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن... ھەممىمىز ئوخشاش جان ئەمەسمۇ...

چىشى ئادەم ئۇچامنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلىدى:

— ئەجەبمۇ چىرايلىق بۇغا ئىكەن... بۇنداق كېلىشكەن بۇغىنى كۆرمىۋىدىم، ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەربىر قارىسا ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە دېمەكچى

بولـۇۋاتقىنـىـنى شۇ ھـامان چۈشەنـگىلى بـولـىدىـكـەن...
قارىسىلا ئۇنىڭ كۆزىدىكى مۇڭنى، ھەسرەتنى...
— ئورمانـدىـن يېڭى تـۇتۇپ كېلىـشكـىـنـىـدە كۆرگـەن
بولىسىڭىز قالتىس چىرايلىق ئىدى بۇ جانىۋار. تۈكلىرى
سېرىق مەخمەلدەك يالـتـىراپ كۆزلـىرىدىن ئـوت يېنىـپ
تۇراتتى، شەھەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئۇنىڭ تۈكلىرىنى
ئىسلاپ ـ دۇتلاپ مورىدىن چىققان ئاسلانغا ئوخـشـتـىـپ
قويىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك ئەقىللىك جانـىۋار ئىكـەن،
ئـادەمـزاتقا ئـوخـشاش ئۆزىـنـىـڭ ئىـززەت ـ نـەپـسـىـنى
قەدىرلەشـنى، تۇغۇلـغان يېرىـنى سېغـىـنىشـنى، ئۇنـىڭ
ئۇچۇن ئۆرتىنىشنى بىلىدىكەن. ماكانىنىڭ سېغـىـنچـىـدا
سۇدىن باشقا تۇزۇكرەك نەرسە يېگـىلى ئۇنـىمىدى... ئـۇ
سۇمـۇ پاكىزرەك سـۇ بولسـىمۇ كاشكـى... دورا تېتـىـپ
تۇرىدىغان سۇ دەڭا... پۇت ـ قولى بوغقۇچلىنىپ ئىپلاس
قوتانغا بەند قىلىنغىنى بەك ھار كەلدى تۇ تىلسىزغـا...
ئـەركىن ـ ئـازادە، يـايراپ ـ يېـيـىلـىـپ ئـۆز ماكانـىـدا
ئارامخۇدا ياشىسا كىمنىڭ قەيىرىگە تـاقىشار ئـىدىكىـن.
ئەي ئادەملەر... — بوۋاي ھەسرەت بىلەن خورسىندى. ئـۇ
مـېنىڭ كـۆزۈمگە مۇڭـلۇق كۆزلـىرى بىلەن ئـۇزاققىچـە
تىـكىلدى ۋە ئـاخىرىدا قـىيمـاي خـوشلاشتـى، — خـوش،
قىزىم... خوش جانـىۋارىم... خۇدا ئـامـانلـىـق ۋە ئـەرك
بەرسۇن...

بوۋاي ۋە ماشىنا كەتتى. ھېلىقى ئىككى ئەركەك مېنى
پاكار ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئېلىپ مېڭىشتى.

— تازا دېگـەن يېرىدىـن چىقتـى... بىز كـۇتكـەن
بۇغىنىڭ ئۆزى ئىكەن، — دېدى ئـەركـەك ئادەملـەردىـن
بىرى يېنىدىكىسىگە شىۋىرلاپ، — بۇغىنىڭ تـۇغۇشىنى

كۆتسەك كامىل سىكىرتارنى بەك ساقلىتىپ قويىمىز.
«چىشى بوغىنىڭ بالىياتقۇسى ۋە ھەمراھى ئادەمنى ياشارتىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، ماڭا ئازراق جۆندەپ بەرسەڭلار» دېگەن ئەمەسمۇ... باشقا چىشى بوغىلاردىن قىرىشقاندەك بوغاز بولغىنى يوق...شۇڭا كىچىكتۇرمەيلا بىر - ئىككى كۈنىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ بوغىنىڭ ھەمراھىنى، بالىياتقۇسىنى قوشۇپ كامىل سېكىرتارنىڭ ئالدىغا قويايلى... ئۇ چاغدا سىزنىڭ ھېلىقى قىزىڭىزنىڭ خىزمەت مەسىلىسىمۇ... ھى... ھى...

— مېنىڭلا ئەمەستۇ، ئەپەندىم... ئۆزلىرىنىڭ باش فىرمىغا يۆتكىلىش ئىشلىرىمۇ...

— ھا... ھا... ھا... را... را... راست...

— ھى... ھى... ھى... شۇ... شۇ...

ئۇلار بىر - بىرىنى نوقۇشلىشىپ ئۇياتسىزلارچە كۈلۈشۈپ ئېغىناقلىشىپ كەتتى.

— لېكىن... بۇنى قايسى يول بىلەن يىغىشتۇرماق؟ — دېدى ئاۋۇالقىسى كۈلكىسىنى تەسلىكتە توختىتىپ، — ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆلتۈرسەك قانۇنغا خىلاپ بولىدۇ...

— ھايۋانات باغچىسى تەرەپمۇ چىقىمىنى تەلەپ قىلىپ دەۋا قىلىدۇ دېسىلە، ئەپەندىم، — يەنە بىرى قوشۇق سالدى، — ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى كېيىنكىسى بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، — بۇ بوغىنى ئۇدۇل ئاپىرىپ ئەركەك بوغىلارنىڭ قوتىنىغا سولايلى... ئىنەكسىرەپ كەتكەن ئەركەك بوغىلار قوغلاپ ئۇسۇپ يۇرۇپ كىچىچىلا تەييار قىلىدۇ ياكى ھالسىرىتىپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ،

ياكى ئۇسۇپ ئۆلتۇرۇپ قويىدۇ... ئۇ چاغدا قانۇنمۇ، باغچە تەرەپمۇ بىزگە بىرەر ئىللەت ئارتالمايدۇ...

— پاھ! قالتىس ئەقىللىك ئىكەنسىز...

— ھا... ھا... ياقەي... ئەمدى دەيمىنا...

تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. بىر مۇدھىش سۇيىقەست مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا تەييارلانغانىدى. كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ ئورنۇمدا ئاياغ دەسسەپ تۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ كەتتىم.

ئۇلار مېنى بىر چوڭ قاشانىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قاشانىڭ شاخشىسىنى ئېچىپ مېنىڭ تىرەجەپ تۇرۇۋالغىنىمغا قارىماي مېنى ئىتتىرىپ قاشانىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى ۋە قاشانىڭ شاخشىسىنى يېپىپ قويۇپ غالداڭلاپ كېتىپ قېلىشتى.

قاشانىڭ ئىچىگە ئون - يىگىرمە ئەركەك بۇغا قامالغانىكەن، ئۇلار مېنى كۆرۈپ بىرلەپ - ئىككىلەپ يېنىمغا كېلىشكە ۋە مېنىڭ ئارقا تەرىپىمنى پۇراپ ھىدلاپ بوزلاشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى قاشانىڭ بۇلۇڭىغا ئاتتىم ۋە بۇلۇڭغا تىقىلىپ كۆزۈمنى مۆلدۈرلىتىپ ئۇلارغا ۋەھىمە ئىچىدە تىكىلدىم. «ئادەم» دەپ ئاتالغان ھېلىقى مەلئۇنلار ئۆز نەسلىم ئارقىلىق ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. مۇشۇ نەسلداشلىرىم شۇنى چۈشىنىشكەن بولسىمۇ كاشكى - ھە!...

مەن ئۆزۈمنىڭ تىلىدا ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ئەركەك بۇغىلارغا ئۆزۈمنىڭ ھەسرىتىنى بايان قىلىپ مەرىدىم. ئۇلار ئورۇنلىرىدا چېپپىدە توختاپ ماڭا ھېسداشلىق

نەزىرىدە تىكىلدى، لېكىن بەك ياش، ئىش كۆرمىگەن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا مۇشۇ يەرگە بەند قىلىنىپ مۇشۇ يەردە چوڭ بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئەركەك بۇغا ھە دەپ ماڭا قىستاپ كېلىۋەردى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىچارىلەرچە يىغلىدىم، لېكىن مېنىڭ يىغلىشىم ئۇنىڭ قۇتىراۋاتقان تەلەپ تۇيغۇسىغا تەسىر قىلالمىدى. ئۇ ۋەھشىيلىك چىرقىراپ ماڭا يېقىنلىشىپ كېلىۋەردى. ئۆزۈمنىڭ ئىپپىتى، پاكلىقى ئۈچۈن قورسىقىمدىكى جاننىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئېلىشىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، قاتتىق تۇياقلىرىم بىلەن بۇ ھاياسىز، تەربىيە كۆرمىگەن قۇترىغان ئەركەك بۇغىنىڭ تۇمشۇقىنى قان قىلىشقا تەييارلاندىم، لېكىن مەن ماغدۇرسىز ئىدىم، ئاياغلىرىم تىترەپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا قاشانىڭ شاخشىسى ئېچىلدى ـ دە، ئادەمنىڭ ھىدى كەلدى، بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. مەن كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ بايىقى چىشى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. بايا مەن ئۇنى ھىدلىۋالغانىدىم، چىشى ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا يېقىنلىشىپ قالغان ياش بۇغىنى قوغلىۋەتتى ۋە مېنىڭ بوينۇمدىن قۇچاقلاپ مېنى قاشانىڭ شاخشىسى تەرەپكە تارتتى. مەن ئۇنىڭ تىلىكى بويىچە قاشانىڭ شاخشىسى تەرەپكە ماڭدىم. ئۇ چىشى ئادەم شاخشىنى ئاچتى. بىز قاشادىن چىقتۇق، چىشى ئادەم شاخشىنى ئىلگىرىكىدەك يېپىپ قويدى، ئاندىن مېنىڭ بوينۇمدىن قۇچاقلاپ مېنىڭ كۆزلىرىمگە يۈزىنى ياقتى:

ــ كەت، قېرىندىشىم... يىراقلارغا كەت... ئۇلار سېنى ۋە بالاڭنى ئۆلتۈرۈپ سېنىڭ تېنىڭنىڭ ئۆزگە

كىرەك پارچىسى ھېسابىغا باشلىنىقتا ياخشى كۆرۈنمەكچى... سېنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس مەنپەئەتىنىڭ قۇربانى قىلماقچى... مەن ئۇلارنى توسۇپ قالالمايمەن. ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئەبلەخلىرى، ئۇلار كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بار... مەن خۇددى سەندەكلا ئاجىزمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ساڭا قىلىدىغان ياۋۇزلۇقىغا چىداپ تۇرالمايمەن. سېنىڭ تەقدىرىڭ مېنىڭ تەقدىرىم، دەررۇ كەت، تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ توغراقلىقتىن چىقىۋالغىن. بۇ تەرەپكە ماڭساڭ ئادەملەرگە تۇتۇلىسەن... ئۇدۇل مېڭىۋەرسەڭ قۇملۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورمانغا، ئاندىن كېيىن تاغقا ئۇلىشىسەن. ئادەملەردىن يىراق قاچقىن... ئۇلارغا كۆرۈنگۈچى بولما... كۈندۈزى خىلۋەتنى تېپىپ پاناھلىنىپ، كېچىسى يول يۈرگىن...ئادەملەر كېچىدىن قورقىدۇ... خەير، دوستۇم... ئاللا سېنى ۋە بالاڭنى ئامان قىلسۇن! ساڭا ئەرك ۋە ئىختىيارلىق ئاتا قىلسۇن!...

ئۇ مېنىڭ باش - كۆزلىرىمگە سۆيۈپ بىرھازاغىچە قۇچاقلاپ تۇردى. مەن شۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىڭ ئانىسىنىڭ، ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغاندەك سەزدىم. پۈتۈن بەدەنلىرىم بوشىنىپ يۈرىكىم بىر ھارارەت بىلەن ئىللىق ئېرىدى. مەن مۇھەببەت - سۆيگۈنىڭ ھارارىتىنى، ياخشى كۆرۈشنىڭ خۇشاللىقىنى، دوستلۇقنىڭ قۇدرىتىنى، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنىڭ بۈيۈكلۈكىنى تۇنجى قېتىم ئاشۇ چىشى ئادەمنىڭ قۇچىقىدا ھېس قىلدىم. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ

سوقۇشىغا نەقەدەر ئوخشاش ـ ھە؟ ئۇنىڭ تومۇرىدا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان مۇھەببەت ـ سۆيگۈ ئېقىمى مېنىڭ تومۇرۇمدىكى مۇھەببەت ـ سۆيگۈ ئېقىمى بىلەن نەقەدەر ئاھاڭداش ـ ھە؟...

مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيىمىدىم، چاناقلىرىمدىن تۆكۈلگەن ئىسسىق كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى نەم قىلدىم.

مەن ئۇنىڭ پەرىشتىنىڭكىدەك نۇرلۇق يۈزىنى، قارلىق چوققىدا ئېچىلغان مېھرىگىياھنىڭ بەرگىسىدەك پاك لەۋلىرىنى پۇرىدىم، ھىدلىدىم، يالىدىم، مۇقەددەس بىر ھاياجان ئىلكىدە مەست بولدۇم، ئۇمۇ گويا بىھوش بولدى. بىز شۇ تاپتا بىر جان ـ بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتتۇق، بىز شۇ مىنۇتتا بىر بىرىمىزنىڭ ئادەم، يەنە بىرىمىزنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىنى ــ مەن ئۆزۈمنىڭ بۇغا ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندۇق. بىزنى شۇ تاپتا ھېچقانداق نەرسە ئايرىۋېتەلمەيتتى. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا بىر خىل ھارارەت، بىر خىل ھېسسىيات، بىر خىل ھاياجان جۇش ئۇراتتى، بۇ ئادەم ۋە ھايۋان ئوخشاشلا موھتاج ۋە تەشنا بولىدىغان مۇھەببەت، دوستلۇق، قېرىنداشلىقنىڭ بېسىپ بولماس ھاياجىنىنىڭ شىددىتى ئىدى.

ھايۋاننىڭ ئەركى ئۇچۇن ئادەمنىڭ، ئادەمنىڭ ياخشىلىقى ئۇچۇن ھايۋاننىڭ بىرلىكتە قىلىۋاتقان تەنتەنىسى ئىدى!...

ۋاقىت يەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىيماي خوشلاشتىم. تۇن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۇ نازۇك ۋە پاك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ماڭا ئامانلىق تىلەپ قالدى، مەن ئارقامغا پات ـ

پات ئۆرۈلۈپ ئۈنىڭغا بىھېساب مىننەتدارلىق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە قاراپ قويۇپ توغراقلىق تەرەپنى نىشانلاپ كېتىپ قالدىم...

يۈرىكىم ئازادلىق خۇشاللىقى ئىچىدە تېپىرلايتتى، ۋۇجۇدۇم ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە يايرايتتى. مەن جىمجىتلىقتا چۆمگەن توغراقلىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن، ھەممە يەردىن يېڭى بىخ ئۈرۈپ چىقىۋاتقان گۈل ـ گىياھنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. مەن سۆيۈملۈك ئانا تەبىئەت قۇچىقىغا قايتىپ كەلدىم، مەن بۈگۈن كېچە يورۇق دۇنياغا قايتا تۇغۇلغاندىم، ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ جاندىنمۇ ئەزىزرەك ئەركىنلىكنى تېپىۋالغانىدىم. مەن بىر قېرى توغراقنىڭ يېنىدا توختاپ ئاللىقاچان كۆرۈنمەي قالغان «بۇغا فېرمىسى» تەرەپكە قاراپ بايا مېنى قۇتۇلدۇرغان ئەركىنلىك ئىلاھىغا، ئازادلىق پەرىشتىسىگە، ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ بىرىگە ئاخىرقى قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرۈپ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن مەرىدىم ـ دە، توغراقلىقنىڭ چېتىگە قاراپ چېپىپ كەتتىم.

## 28

چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمغا ئىككى كېچە ـ كۈندۈز بولدى. يىراقتا ــ قۇملۇقنىڭ ئۇ چېتىدە قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان تاغلار ئەمدى كۆكۈچ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۆشكە يېقىن ئاپپاق قارلىق

چوققىلار كۆزۈمگە ئىنىق تاشلاندى. قۇملۇقتا ھاۋا گويا بەدىنىمدىكى ماينى ئىرىتىپ سۈيۈلدۈرۈپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە ئىسسىق ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق مېنى قىيناپتىتى. ئۇنىڭسىزمۇ مەن تۇتقۇنلۇقتا بەك زەئىپلىشىپ كەتكەنىدىم، شۇڭا ئاياغلىرىمنى بەكمۇ تەستە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتىم. مەن يىقىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، يىتىپ قالساملا ئورنۇمدىن قوپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتەتتى. ھەر قېتىم ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلاي دەپ قالغاندا مەن ئاشۇ قارلىق چوققىلارغا قارايتتىم. ئۇ يەردە قويۇق ئورمان، ياپيېشىل ئوتلاق، مۇزدەك تاغ سۈيى، يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈل ـ چېچەك بار ئىدى. ئانا تەبىئەت، ئانا ماكان، نەسىل ـ تۇپلىرىمىز، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىز مېنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

سەن قورسىقىمنىڭ ئىچىدە بارغانسېرى كۈچەپ تېپىرلاۋاتاتتىڭ. سېنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان سائىتىڭ ئاز قالغانىدى، لېكىن مېنىڭ سېنى بۇ گىياھ ئۈنمەيدىغان، سۇسىز ھاياتتىن نام ـ نىشانىسى يوق دەشت ـ جەزىرىگە تۇغقۇم يوق ئىدى، چۈنكى سەن تاغ بالىسى، يايلاق ئەركىسى بولۇشقا مۇناسىپ. بىز بۇغا ئەۋلادى ئانا تەبىئەتكە ھېچبىر يامانلىق قىلمىدۇق. بىز ئانا زېمىنىنىڭ ۋە زېمىنىدىكى بارلىقنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز، شۇڭا ئانا تەبىئەت بىزدىن رازى، ئۇ بىزنى جازالىمايدۇ، بۇ قۇملۇق ئانا تەبىئەتنىڭ ئادەملەرگە، ئۆز زېمىنىنىڭ تەبىئىتىنى ساقلاش، قوغداش، تەڭشەشتەك

بۈيۈك بۇرچىنى ئۇنتۇغان ئاسىي ئادەملەرگە بەرگەن جازاسى!

مەن قۇملۇقنىڭ كۆچۈۋاتقىنىنى تاغلار، ئورمانلار، يايلاق جايلاشقان تەرەپكە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنى ئانا تەبىئەتتىن يۇقىرى قويۇۋېلىپ ئانا تەبىئەتكە يۈزسىزلىك قىلىۋاتقان، ئۆزىدىن باشقا بارلىقنى كەمسىتىپ كۆزىگە ئىلماي ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاچ كۆزلەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان، زېمىنىنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى بۇزۇپ خانىۋەيرانلىقىنى ئۆزىگە چىللاۋاتقان ئادەملەر ياشاۋاتقان تەرەپكە قاراپ بەكمۇ ئاستا، لېكىن توختىماي، قۇدرەت بىلەن كۆچۈۋاتقىنىنى كۆردۈم. ۋاقىت ــ سائىتى كەلسە بۇ ئادەملەرنىڭ جېنىغا ۋاي! ئۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى، ئەقىل ــ پاراسىتى، ئىلىم ــ ئېرپان مەدەنىيىتى، مەئىشەت ــ مىراسى، شانۇشەۋكىتى، نەسىل ــ ئۇرۇقى، كۈچ ــ قۇدرىتى بىر كېچىدىلا دەۋرەپ بېسىپ كەلگەن قۇم كەلكۈنىنىڭ ئاستىدا قالىدۇ...

مەن ئادەملەر ئارىسىدا «تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلىمىز»، «تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىمىز» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇلار تۇرلۇك ــ تۇمەن، نازۇ نېمەتلەر بىلەن ئۆزلىرىنى بېقىۋاتقان، ئەقىل ــ پاراسىتىنى قانچىلىك جارى قىلدۇرسا، ئۇلارنى شۇنچىلىك بەخت ــ سائادەت ۋە شارائىت ــ ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىۋاتقان تەبىئەتكە قارشى «كۈرەش» قىلارمىش! بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ «تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلىش» دېگەنلىك ئۆزىنىڭ ئانىسىغا جەڭ ئېلان قىلىش دېگەنلىكقۇ؟ دۇنيادا

بۇنىڭدىن ئارتۇقراق ھاماقەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئەخمەقلىكمۇ بارمۇ؟ ئۇلار بۇنىڭدا ئانا تەبىئەتنىڭ تېخى ئۆزلىرىگە مەلۇم بولمىغان سىرلىرىنى ئېچىشنى ياكى قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، بوران، قاتتىق ئىسسىق، قاتتىق جۇت ـ شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇشىدىغاندۇر... ئەمەلىيەتتە ئادەملەر ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلىشقا ماھىر بولسا تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئەلۋەتتە ئاچالايدۇ، ئانا تەبىئەت ئەقىللىك، ئىشچان ۋە نىيىتى دۇرۇس ئادەملەردىن ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھىممىتىنى ئايىمايدۇ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىغان، ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغان، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە قارشى ئىش قىلغانلارنى رەھىمسىز جازالايدۇ. بوران، قۇم، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، ھاشارات، جۇت ـ شىۋىرغان قاتارلىق ئاپەتلەرنى ئادەملەر ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ــ دۇنيادىكى بارلىقلار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ بازۇك، بەكمۇ سىرلىق يىپ بىلەن باغلانغان، بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاڭلىق يوسۇندا قوپاللىق، زورلۇق قىلىپ ۋە بەزىلەر ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي بۇ خىل مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا تەبىئەت ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل كۆلەم ۋە ئوخشاشمىغان ماكان ـ زاماندا ئادەملەردىن ئۆچ ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئاپەتلەر ئانا تەبىئەتنىڭ ئادەملەردىن ئۆچ ئېلىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

مەن يەنە شۇنى كۆردۈمكى، ئادەملەر ساقايماس كېسەللەر بىلەن قىرىلىشقا باشلاپتۇ، كېسەل تەگمىگەنلىرىمۇ خۇددى كېسەلدىن قوپقاندەك كېسەل چىراي ئىكەن،

ئۇلار ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنىلا كۆزلەيدىكەن، ئادەملەردە ھېسسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋەتتى ئىگىلەشكە باشلاپتۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا پەقەت ماددىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن مۇناسىۋەت قىلىدىكەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يېقىنلىق بىلەن يىرىكلىك ماددىي مەنپەئەت نۇقتىسىدا پەرقلەندۈرۈۋېلىنىدىكەن، شۇنداق بولغاچقا، پۈتۈن زېھنى، پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىشىدىكەن. كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ بوغۇزىغا چىش سالىدىكەن، ئەرزىمىگەن بىرەر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ياكى كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۈچۈن بىر - بىرىنى سارائىلاردەك بوغۇشىدىكەن، بىر - بىرىنى چۇشىنىش، كەچۈرۈش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ قولىقىغا خۇشياقمايدىكەن. ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت، خۇشامەت، ماختانچاقلىق ئادەملەرنىڭ روھىنى بۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىشقا، بىر - بىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بەكمۇ ئۇستا ۋە ھېرىس ئىكەن. كۆپلىرى ئازلىرىنى، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى بوزەك قىلىشنى نومۇس بىلمەيدىكەن. دېمەك، ئاشۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر ئادەملەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۇلۇغلۇقى ۋە ئېسىللىقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋېتىپتۇ. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ، بىر خىل روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن بەك يىراقلىشىۋالغانلىقىنىڭ، تەبىئەتنى دۈشمەن تۇتقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى، ئانا تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا سەزدۈرمەي ئۇلارنى جازالاۋاتقانلىقى!

ئادەملەر ناۋادا ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالماقچى ۋە ياخشىراق ياشىماقچى بولسا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىپ ئانا تەبىئەتنىڭ دۇنيادىكى بارلىقىنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى ساقلاش ۋە قوغداش، جىمى بارلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى قايتىدىن زىممىسىگە ئېلىشى، تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىشنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقان تەبىئىتىگە، تەبىئەتكە تۇتۇۋاتقان يارىماس پوزىتسىيەسىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۆزگەرتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئادەملەر ئانا تەبىئەتنىڭ كەچۈرۈشى ۋە ئەپۇسىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان جىمىكى بالا - قازادىن قۇتۇلىدۇ...

چۆل ھاۋاسى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ناگان - ناگاندا توختاپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۆسۈپ قالغان يېگانە قامغاق ياكى يۇلغۇننىڭ ئۈچىدىن ئۈزۈپ يەپ يولنى داۋام قىلىپ كېتىۋاتىمەن. تاغ باغرىدىكى قارىغايزار ئورمانغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالدىم. مەن ئورمان تەرەپتىن ئات - كالا، قوينىڭ ھىدىنى سەزدىم، ئادەم ھىدىمۇ كېلىۋاتىدۇ، يايلاقتا ئاز قالغىنىمنى بايقىدىم، ئەمدى ئېھتىيات قىلمىسام بولمايتتى. مەن قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ قۇمنىڭ ئىچكىرىسى بىلەن مېڭىپ ئادەم ھىدى كېلىۋاتقان يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم.

خېلى يۈردۈم، ئورمانغا يېقىنلاپ كەلگەنسېرى تېتىكلىشىپ كەتتىم، ئەزا - بەدىنىمگە قايتىدىن كۈچ قونۇپ قۇۋۋەت ئۇلاشقاندەك بولدى...

بىردىنلا يۈرىكىم ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېغىپ كەتتى. يېقىنلا يەردىن ئادەمنىڭ ھىدى كەلدى. مەن چۆچۈپ ئورنۇمدا چىپپىدە توختىدىم ۋە ئەتراپنى تۈيغۇنلۇق بىلەن كۆزەتتىم. شۇ تاپتا قۇم بارخىنى كەينىدە پايلاپ ياتقان قايسىبىر ئوۋچىنىڭ مىلتىقىنىڭ ئاغزى چېكەمنى مولجاللاپ تۇرامدىكىن، دېگەن خىيال مېنى قورقۇنچقا سالماقتا ئىدى. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا مەن ئۇ دۇنياغا تۇگىمەس ئەلەم ئىچىدە كېتەر ئىدىم، چۈنكى ئانا ئورمان، ئانا ماكان بىر يۇگۇرسەم يەتكۇدەك يەردىلا تۇراتتى... مەن ئۇ يەرگە قەدەم قويۇپلا ئانا بولۇش شەرىپىگە، ئۆز باغرىمنى يېرىپ چىققان يېڭى ھاياتنى كۆرۈش، سۆيۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولار ئىدىم...

مەن ئارقامغا قېچىشنى ياكى يولۇمنى داۋام قىلىشىمنى بىلمەي ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا چەكچەيدىم، لېكىن يەنە بىر ئويلىسام ئالدىمغا ماڭسامۇ، ئارقامغا قاچسامۇ بەرىبىر ئىدى. ئارقامدا «بۇغا فېرمىسى»، ئالدىمدا مىلتىقى بەتلەنگەن ئوۋچى...

مەن ئاخىرى نېمىلا بولمىسۇن ئالدىمغا قاراپ مېڭىش — ئورمانغا بىر قەدەم بولسىمۇ يېقىنراق بېرىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. ماڭا ئارقامدىكى مەھكۇملۇق، تۇتقۇنلۇق ۋە خورلۇقتىن ئالدىمدىكى ئۆلۈم ياخشى ئىدى. يىقىلسامۇ ئانا تەبىئەتنىڭ قۇچىقىغا يىقىلارمەن، ئۆلسەممۇ ئانا تەبىئەتنى قۇچاقلاپ ئۆلەرمەن...

مەن ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم... ئالدىمدا غايەت زور بىر قۇم بارخىنى غادىيىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم - دە، ئېھتىيات بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتىم. ئۇشتۇمتۇت مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قۇم

دۆۋىسىنىڭ تۈۋىدە بىر قارا ـ قۇرا نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، چۆچۈپ كەتتىم.

مەن ئورنۇمدىن قىمىرلىماي ھېلىقى قارا ـ قۇرا نەرسىگە سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ يەردە قىيپالىڭاچ بىر ئادەم ئوڭدىسىغا يىقىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى قومىغا كۆمۈلگەنىدى. «بۇ نېمە ئادەمكىنا؟... ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ پىژغىرىم ئىسسىقتا قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتىدۇ... ھېچ قىمىرلىمايدىغۇ... ھاياتتىن ئەسەر يوق باياۋاندا ـ ھە!» بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى ئۇ ئادەمدىن ماڭا بىرەر خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەندىم ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇ ئادەم ياتقان يەرگە قاراپ ماڭدىم.

بۇ بىر ئۆسمۈر بالا ئىدى (مەن باغچىدا تېخى چوڭ ئادەم بولۇپ بولالمىغانلارنى ئۆسمۈر بالا دېيىشىدىغىنىنى ئاڭلىغانىدىم).

بالىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى قورسىقىغىچە قۇم كۆمۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چېچىلىپ ئۆزى ئاندىن تۇغما ھالەتتە يېتىپتۇ. قارىغاندا ئۇسسۇزلۇقتا چىدىمىغان ياش بالا ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەر بىلەن تەشنالىقتا ئارام بېرىش ئۈچۈن تەردىن نەم بولغان كىيىم ـ كېچىكىنى سېلىپ سىقىپ چايناپ بېقىپتۇ، لېكىن بولالماي ئاخىرى يىقىلىپتۇ. بۇ يەردە ياتقىلى خېلى ئۇزاق بولغان ئوخشايدۇ. ئۇ بالا مۇشۇ يەردە يەنە ئازراق ياتسا ئۇنىڭ پۇتۇنلەي قۇم ئاستىدا قالىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ يەردە قۇم تىنىمسىز كۆچۈپ تۇراتتى.

ھەرىكەت قىلمىغان ھەرقانداق نەرسە بىردەمنىڭ ئىچىدە قۇمغا يەم بولاتتى.

مەن ھېلىقى ئۆسمۈرگە يېقىنلاشتىم. ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، لەۋلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كېتىپتۇ. تېخى جېنى بار ئىكەن، بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەپەس ئېلىۋېتىپتۇ... ئۇنىڭ تاشلىنىپ ياتقان بىر قولىدا ئاتنىڭ يۈگىنى سىقىملاقلىق ئىدى، ئادەم بالىسى ئات ئىزدەپ چىقىپ يولدىن ئاداشقان ۋە كېيىن ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىقتىن ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالغان بولسا كېرەك.

مېنىڭ كۆڭلۈم باشقىچە بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا دۇنياغا يېڭى بىر ھايات تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان ئانا ئالدىدا بىر جان، تېخى تولىمۇ ياش بىر جان ئۆلۈۋاتاتتى. ئانا ـــ دۇنياغا ھايات تۇغقۇچى، ئانا ـــ ئۆلۈم قالدۇرغان مۇدھىش بوشلۇقنى تولدۇرغۇچى، ئانا ـــ ئۆلۈم بىلەن كۈرەشكۈچى، ئۆلۈمدىن ھاياتنى تالاشقۇچى... «گۇمبۇر!» قىلغان دەھشەتلىك سىلكىنىش ۋە بىر سادا بىلەن تەڭ ئۆزۈمنىڭ ئاياغ بېسىپ تۇرالماي قانداق ئۇچۇپ چۈشكىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. مەن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ تېپىرلاپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىنتايىن يىراق يەردە بىر قارا تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ ئاسماننىڭ بېتىنى قاپلىۋالغانىدى. قارا تۇتەكنىڭ ئىچىدە تۈۋرۈكسىمان غايەت زور بىر پارچە ئوت ئاسمانغا شۇڭغۇپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇملۇق چۆل سىلكىنىپ قۇم بارخانلىرى گۇمۇرۇلۇپ پۈتۈن قۇملۇق خۇددى سەلدەك يامراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ھېلىقى

دەھشەتلىك پارتلاش پەيدا قىلغان قارا بوران يېتىپ كەلدى، ئەمدى قېچىش كېرەك ئىدى. بۇ يەردە ھايال بولسام ئاشۇ يامراپ كېلىۋاتقان قۇم قىيانىنىڭ ئاستىدا قالاتتىم، شۇنىڭ بىلەن مەن ئورمان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. مەن قۇم قىيانى بۇ پەسىلكىنى بېسىپ بولغۇچە چۆلدىن چىقىپ ئورمانغا يېتىۋالالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمدا تەشنالىقتا ھالسىراپ جان تالىشىپ ياتقان بايىقى ئىنسان بالىسى ئۇشتۇمتۇت يادىمغا كېچىپ قالدى. مەن ئورنۇمدا چېپىپىدە توختاپ قالدىم. مەن تېخى ئۇنچە ئۇزاپ كەتمىگەنىدىم. ھېلىقى ئادەم بالىسىنىڭ قارىسى خىرە ـ شىرە كۆزۈمگە ئىلىنىشتى. مەن ئورمان تەرەپكە قارىدىم، يەنە بىر تەرلىگۈچە يۈگۈرسەم قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلەيتتىم... لېكىن مەن ئارقامغا ــ ھېلىقى ئادەم بالىسى ياتقان يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم.

قۇم ئۇنى كۆمۈۋېتىشكە ئاز قاپتۇ، پەقەت ئۇنىڭ مۇرىسى ۋە يۈزى تېخىچە ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىدىن شىرقىراپ چۈشكەن قۇم سىرغىپ يىغىلماقتا ئىدى. مەن ھېچ ئويلاپ تۇرماي تۇمشۇقۇم بىلەن تۇرتۇپ ئۇنى سىلكىپ تارتقۇچىلىدىم. ئۇ سەل قىمىرلاپ ئىڭرىغاندەك قىلدى، ئۇ تېخى ھايات ئىدى.

مەن ئۇنى قۇمدىن بېلىگىچە تارتىپ چىقاردىم، ئاندىن پۇتۇم بىلەن ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇمنى قېزىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئاچتىم. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ قولىدىكى سىقىملاقلىق يۇگەن تاسمىسىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن پۇتۇم بىلەن يۇگەن تاسمىسىنى ئۇنىڭ گەجگىسى بىلەن قوشۇپ ئىككى قولتۇقىدىن

ئۆتكۈزدۈم، ئاندىن يۈگەن ئىغىزدۇرۇقىنى ئىغىزىمغا سىلىپ كۆچەپ تارتتىم، ئەمدى ماڭا سەل ئوڭاي چۈشتى. مەن غەيرەت ۋە ئىشەنچكە كىلىپ ئادەم بالىسىنى ئىقىۋاتقان يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ئورمان تەرەپكە قاراپ سۆرەپ مىڭىپ كەتتىم. ئۆسمۈر ھوشسىز ھالەتتە ئوڭدىسىغا يىتىپ سۆرىلىپ كەلمەكتە. قارا بوران قۇملۇق دەشت ئاسمىنىدا ھۆركىرەيتتى، قۇم قىيانى بوران بىلەن تىخىمۇ ئۇلغىيىپ ئارقىمىزدىن شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىلىۋاتاتتى. ناۋادا توختاپ قالسام شۇ تاپتا ئادەم بالىسى «ھايت ـ ھۇيت» دىگۈچە قۇم ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتىم، شۇڭا مەن ۋۇجۇدۇمدا قالغان ئاخىرقى كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى، تەبىئەت ھايۋاناتقا ئاتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىدارىمنى ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە سەرپ قىلىپ تىرەجەپ، تىرمىشىپ كىتىپ باراتتىم. گاھىدا ماغدۇرسىزلىقتىن دەلدۈگۈنۈپ تىزلىنىپ قالاتتىم، شۇنداق چاغدا «مەن ئانا» دىگەن بىر مۇقەددەس تۇيغۇ، «ھاياتنى قۇتۇلدۇرۇش» دىگەن بىر قۇدرەتلىك ئەقىدە مىنى ئاياغقا تۇرغۇزاتتى. مەن يەنە ئالدىمغا قاراپ مىڭىپ كىتەتتىم.

يۈرەككە ئۆلۈم ۋەھىمىسى، ھالاكەت قورقۇنچى سىلىپ ھۆركىرەپ قۇتراۋاتقان قارا بوران، ئالدىغا ئۇچرىغان جىمى بارلىقنى يالماپ سۈپۈرۈپ كىلىۋاتقان قۇم قىيانى، ئۆلۈم ئوپقانىدەك لۆمشىپ ھاسىراپ ياتقان پايانسىز قۇملۇق دەشتتە ماغدۇرسىزلىقىدىن ھىلىلا يىقىلىپ قىلىش ھالىغا كىلىپ قالغان بىر بوغاز بۇغا تەشنالىقتىن ھوشىنى يوقاتقان، ئەجەل قۇچىقىدا جان تالىشىۋاتقان قىيپالىڭاچ بىر ئادەم بالىسىنى ئورمان

تەرەپكە قاراپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىنى خورلىغان ئادەم بالىسىنى، ئادەم ئۆزى سەۋەبكار بولغان، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزى چارىسىز قالغان بالايىئاپەتتىن، ئۆلۈمنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ ئۇنى ئورمان تەرەپكە — ئادەم بالىسى يۇز ئۆرىگەن يېشىل ھايات قىرغىقىغا، ئانا تەبىئەتنىڭ قوينىغا سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ...

ئاھ، جېنىم بالام، مۇشۇ كۆرۈنۈشنى ھېلىقى ئادەملەر — مېنى تۇتۇپ باغچە دائىرىلىرىگە ساتقان، مېنى قەپەسكە سولاپ ئەركىمنى دەپسەندە قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچقان، مېنى ۋە سېنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ چوڭلىرىنىڭ نەپسىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيىتىنى قاندۇرماقچى بولغان، گۇناھسىز ئانا - بالا بۇغىنى رەھىمسىزلەرچە قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ تويماس قارنىنىڭ تاقىتىنى باسماقچى بولغان ئادەملەر كۆرگەن بولسا نېمىلەرنى ئويلىشار ئىدىكىنتاڭ!... ياق، بالام! مەن مىننەت قىلىۋاتقىنىم يوق! ھەرگىز ئۇنداق ئويلاپ قالمىغىن. ئۇنداق ئويلىساڭ ماڭا ھاقارەت بولىدۇ. كېرەك بولسا، بىز ھايات پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى قۇربان قىلالايمىز. بىز ھايۋانات بۇ دۇنياغا ھاياتنى قوغداش ئۈچۈن يارالغانمىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئانا! ئانا پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، لېكىن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، پەقەت مانا شۇلا!... مەن تامىقىم قۇرۇپ، ئاياغلىرىمدىن ماغدۇر قۇرىغاندا ئادەم بالىسىنى بىر يانتۇ تۆپىلىكتىن سۆرەپ

ئۆتۈپ پەسكە سىيرىلدىم. قۇملۇقمۇ شۇ تۆپىلىك بىلەن چەكلەنگەندى. ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزدا باھار قۇچىقىدا يايراپ ياتقان كۆپكۆك ۋادا، ئۇنىڭ نېرىسىدا گۈۋۈلدەپ تۇرغان قەدىمكى ئورمان، ئورماننىڭ نېرىقى چېتىدە — چوققىسىدا ئاپپاق قار يالتىراپ تۇرغان ئېگىز تاغ، يېشىل نۇرغا كۆمۈلۈپ ھايات خۇشاللىقىدا كۈلۈمسىرەپ ياتقان ئانا تەبىئەت غۇلچىنى تاشلاپ باغرىنى ئېچىپ ياتاتتى. مەن ھېلىقى ئادەم بالىسىنى تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى ئەمدى بىخلاۋاتقان چىملىقنى ئارىلاپ ئېقىۋاتقان تار ئېرىقنىڭ بويىغا سۆرەپ كەلدىم — دە، ئۇنى چىملىقتا قالدۇرۇپ ئۆزۈمنى ئوقچۇپ — ئويناپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىگە ئاتتىم ۋە مۇزدەك سۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىشكە باشلىدىم. سۇ سوغۇق ۋە سۈزۈك ئىدى. قۇرىغان يۈرىكىم تاغ سۈيىگە چىلاشقۇچە ئىچتىم، يىگىلەپ قالغان تومۇرلىرىم ياشاردى. سۇ سولاشقان بەدىنىمگە قان ۋە جان بولۇپ قوشۇلدى، ۋۇجۇدۇم، جىسمىم، دەرد — ئەسرادىن خالاس بولۇپ نۇر — زىيا كۆزۈمدىن، روشەنلىك كۆڭلۈمدىن، كۈچ — مادار ئاياغلىرىمدىن ئۆزلىرىگە جاي تاپتى. مەن تاغ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن ئېقىن سۇغا باغرىمنى چىلاپ ياتتىم، يۇيۇندۇم، تاراندىم، ئادەملەر ياشايدىغان شەھەرنىڭ ناپاك ھاۋاسىدا بۇلغانغان ۋۇجۇدۇمنى پاكلىدىم، تۈكلىرىم يالتىراپ، تۇياقلىرىم پارقىراپ كەتتى. جىسمىمغا ئىلگىرىكى گۈزەللىكىم، ئۇزلۇقۇم، خۇش پىچىملىكىم، لەۋەنلىكىم قايتىپ كەلدى...

كېيىن مەن قىرغاقتا بىھوش ياتقان ئادەم بالىسىنى ئېسىمگە ئېلىپ ئاغزىمغا سۇ ئالدىم — دە، قىرغاققا

چاپچىپ يۈگۈرۈپ چىقتىم، ئاندىن ھېلىقى ئادەم بالىسىنىڭ باش ـ كۆزىگە ئاغزىمدىكى سۇنى ساقتىتىم. تاغ سۈيى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى باسقان قۇم ـ تۇپراقنى يۇيۇپ ئېقىتىپ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرسەتتى. ئادەم بالىسى جاۋغىيىغا، كالپۇكىغا سىرغىپ چۈشكەن لاي ـ لاتقا سۇ تامچىسىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالىدى، ئاندىن بىردىنلا لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزى بىرىنچى بولۇپ ئەينەكتەك سۈزۈك كۆك ئاسمانغا تىكىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىدە ھاياتلىق ئۇچقۇنى پارلاپ، لەۋلىرىدە بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەش زاھىر بولدى. ئۇ بىردىنلا مېنى كۆرۈپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدە چۆچۈش، ھەيرانلىق ئەكس ئېتىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ قالدى. مەن ئۇنىڭ تولۇق ھوشىغا كەلگىنىگە ئىشەندىم ـ دە، ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىش تەرىقىسىدە قاراپ ئورمان تەرەپكە قاراپ چاپتىم، بىر چاغدا مەن كۈچسىزگىنە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنۇمدا توختاپ ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. ھېلىقى ئادەم بالىسى ئەمدى ئورنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ماڭا قاراپ قوللىرىنى كۈچسىز پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. مەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كۆپكۆك دالانىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئورمان تەرەپكە چېپىپ كەتتىم. ئۇ ئادەم بالىسى ماڭا قاراپ نېمىلەرنى دېدىكىن؟ نېمىشقا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ، ماڭا تەشەككۈر ئېيتىۋاتامدۇ ياكى مېنى قاراپ تۇرۇپ قاچۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ ھەسرەت چېكىۋاتامدۇ؟...

ئاھ، بۇ ئادەملەر!

مەن ئادەملەر ئىچىدە ئالۋاستى تەبىئەتلىك ئادەملەرنى

كۆردۈم. ھاياتنى بۇزۇۋاتقان، تەبىئەتنى خانىۋەيران قىلىۋاتقان ئادەملەرنى، پەقەت ئېلىشنىلا بىلىدىغان، يوقىتىشنى، ئۆلتۈرۈشنىلا بىلىدىغان، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا تەبىئەت ئۇچۇن بىر تال گىياھ، بىر تۈپ دەرەخ ھەسسە قوشماي، دەل ـ دەرەخ، ئورمانلارنى قۇرۇتۇپ، ھايۋانات، ئۇچارقاناتلارنى قىرغىن قىلىدىغان، يېشىل چۆپتىن تارتىپ مىدىرلايدىغان قۇرت ـ قوڭغۇزغىچە، ھەتتا ھايۋانلارنىڭلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭمۇ بوۋاق ھەمراھىنى يېيىشتىن ئۇيالمايدىغان، خۇددى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك دۇنيادا ياشاشنى پەقەت يېيىش مەنىسىدىلا چۈشىنىدىغان، تەبىئەتتىمۇ ئىنسانغا خاس سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن بىرەر بەلگە يوق ئالۋاستى سۈپەت ئادەملەرنى كۆردۈم. مەن يەنە بىر تال گۈلنى، بىر تال چۆپنى، بىر تۈپ دەرەخنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان، قولىدا ھېچ بىساتى بولمىسىمۇ ئۆزى تىككەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، باغىۋارانلىق بىلەن پەخىرلىنىدىغان، جىمى جانلىقنى ئۆزى بىلەن تەڭ قاتاردا كۆرىدىغان، ھايۋانات، ئۇچار قاناتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدەك قەدىرلەيدىغان، زېمىننى، تەبىئەتنى ئانا ئورنىدا ئۇلۇغلايدىغان، تەبىئەت شەنىگە بېغىشلاپ ئاجايىپ ئېسىل ناخشا ـ كۈي، مۇقام ـ داستان، ئاجايىپ گۈزەل ئۇسسۇل ـ ساما ياراتقان، يېشىل ھايات شەربىتىگە، تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى جانلىقنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ نورۇز تويى ئويناشنى ئەجداد ـ ئەجدادتىن ئۇزۇلدۇرمەي مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنىڭ دوستى، زېمىننىڭ ئوغلى، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھنىڭ ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان

نومۇسچان، ھايالىق، پېشانىسىدە نۇر ـ زىيا بالقىپ، قەلبىدە پاك، غەرەزسىز، ئىنسانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەت كۈۋەجەپ تۇرغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار ھاياتنى قۇتقۇلدۇرۇۋېتىپتۇ، دۇنيانى بېزەۋېتىپتۇ. ئانا تەبىئەت ئۇچۇن ئىخلاسمەن، ۋاپادار پەرزەنت سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ. قۇملۇق، باياۋان ـ چۆللەرگە دەرەخ تىكىپ ئۇ يەرنى بوستان قىلىۋېتىپتۇ. دەشت ـ جەزىرىگە سۇ باشلاۋېتىپتۇ. يارغان يېرىدە دەرەخ تىكىپ، ئولتۇرغان يېرىدە گۈل تېرىۋېتىپتۇ، تاقىر سايلارغا ئوت ـ چۆپ تېرىۋېتىپتۇ، ئادەملەر ھايۋانات، چۆپ ـ گىياھلارغا ئاپەت بولۇۋاتقان كېسەللىكلەر بىلەن، شۇنداقلا ھېلىقى ئالۋاسى تەبىئەتلىك ئادەملەر بىلەن ھاياتنى قوغداش، تەبىئەتنى قوغداشنى مەزمۇن قىلىپ ھارماي كۈرەش قىلىۋېتىپتۇ... ھەر يىلى ئادەملەر ئارىسىدا ساناقسىز ئادەملەر كۆچەت تىكىدىكەن، بوز يەر ئاچىدىكەن، زېمىننى دەل ـ دەرەخكە، ھايۋانات ۋە ئۆزلىرىگە خەۋپ سېلىۋاتقان كېسەللىك ئاپەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدىكەن. «دۆلەت»، «قانۇن» دېگەن ئەڭ چوڭ ۋە قۇدرەتلىك ئاقساقاللار ئادەملەرنى تەبىئەتنى، مۇھىتنى، سۇنى، ھاۋانى بۇلغىماسلىققا، ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنى قىرماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدىكەن، زىيانكەشلەرنى جازالايدىكەن، ئەۋلادلارنى ئەنە شۇ روھتا تەربىيەلەيدىكەن. بۇ ئادەملەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى پەرىشتە سۈپەت ئادەملەر ئىكەن... مۇبادا مۇشۇ ئادەملەر غەلىبە قىلسا ئۇ چاغدا كەلگۈسى

دۇنيانىڭ ئىستىقبالى كۈندەك پارلاق بولۇپ كېتەر ئىدى.

مەن بايىقى ئادەم بالىسىنى ئەجەل تىرنىقىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رەھمەت ـ تەشەككۇر كۈتمەيمەن، پەقەت مۇشۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ بىر تال ئۇرۇقى بىخلانسا، سۆيگۈنىڭ بىر تال مايسىسى كۆكلەپ مېۋە بەرسە بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ چەكسىز بىر خۇشاللىق بولار ئىدى، مەن پەقەت مۇشۇنىلا تىلەيتتىم...

## 29

ئۇزاق ئۆتمەي سەن تۇغۇلدۇڭ... مېنىڭ يۈرىكىمگە بەخت ـ شادلىق قىيامى قۇيۇلدى. ئۆزۈم گويا بىردىنلا تاغدەك يۈكسەك، ئورماندەك باي، تاغ گۈللىرىدەك شادىمان، زېمىندەك قېرىماس، ئادەملەردەك كۈچلۈك، ئەقىللىك ۋە تەسەۋۋۇرچان، تاغ سۈيىدەك ھارماس، قۇشلاردەك خۇش ئاۋاز، سەرۋىدەك قامەتلىك، شامالدەك چاپقۇر، توزدەك گۈزەل بولۇپ كەتتىم. ئانا خۇشاللىقى تەبىئەتنىمۇ كۈلدۈردى. سېنىڭ تۇغۇلغىنىڭغا ئورمان تەنتەنە قىلىپ گۈۋۈلدىدى، تاغلار ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بېشىنى ئەگدى، گۈللەر شادلىنىپ خۇش پۇراق چاچتى، سۇلار ئوقچۇشۇپ ۋىلىقلاپ كۈلدى، ھاۋا سىلكىنىپ دولقۇنلاندى... ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى ساڭا كۆرۈملۈك ئورنىدا ئىنئام قىلدى، ماڭا مۇبارەك سوۋغىسى قىلدى. زېمىن سېنى ۋە مېنى

قۇچاقلاپ باغرىغا باستى... قۇياش سېنىڭ مەڭزىڭگە، مېنىڭ پېشانەمگە سۆيدى...

لېكىن، ئادەملەر... ئاشۇ ئادەملەر سېنى تۇتقۇن قىلدى... جېنىم قوزام! يۈرەك پارەم، كۆزۈمنىڭ قارىسى، شۇ تاپتا سەن نېمە كۈننى كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟ ئاسارەت ۋە خورلۇق سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئېزىۋاتقاندۇ؟ ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتىن ۋۇجۇدۇڭ يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقاندۇ؟ يېتىملىك، تەنھالىق، يېگانىلىقتىن چىرايلىق كۆزلىرىڭ ياشلانغاندۇ؟

مەن شۇ تاپتا سېنى تۇغقىنىمغا مىڭلارچە ئۆكۈنۈۋاتىمەن، ئاشۇ بۇغا فېرمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ قولىدا ئۆلسەممۇ بولغانىكەن. مۇبادا شۇ چاغدا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئېبلىس قولىدا ئۆلگەن بولسام سەنمۇ بۇ كۈنگە قالماس ئىدىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمگە بۇنچە ئېغىر دەردنى تېپىۋالماس ئىدىم...

جىگىرىم بالام! مەن قۇملۇقتىن چىقىپ ئورمانغا قەدەم تاشلىغىنىمدا يۈرىكىم قايتا ئېرىشكەن ئەركىنلىك خۇشاللىقىدا يېرىلىپ كەتكىلى ئاز قالغانىدى، لېكىن ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ ئورنىنى يەنە ھەسرەت، پىغان، ئۈمىدسىزلىك ئىگىلىدى، چۈنكى مەن ئورمان ئىچىدە توپ - توپى بىلەن چېرىپ ياتقان بۇغا ئۆلۈكلىرىنى ئۇچراتتىم. بىر يەردە ئەمەس، بىرقانچە يەردە ئۇچراتتىم. قارىسام، بۇ بىگۇناھ ھايۋانلارنى ئادەملەر بىر خىل قىرغۇچى قورال بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ، ئادەتتىكى ئوۋچىلارنىڭ قورالى بۇنچە كۆپ بۇغىنى بىراقلا قىرىۋېتەلمەيدۇ. پەقەت ناھايىتى ئاجىز، قېرىغىنىدىن

سەزگۈلىرى گاللاشقان بۇغىلارنىلا ئوۋلىيالايدۇ، لېكىن بۇ بۇغىلار تېخى ياش، بەرنا، بەرجەس بۇغىلار ئىدى. ئۇلارنى ئادەتتىكى ئوۋچىلار ئۆلتۈرگەن ئەمەس، بۇ بۇغىلار قولىلىرىدا ئالاھىدە ياسالغان قورالىلىرى بار ئادەملەرنىڭ قىرغىنىغا ئۇچراپتۇ. بۇ ئادەملەر بۇنچە كۆپ بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلماقچىدۇ، دەپ ئويلاپ قالارسەن، مەن ئاشۇ تۈركۈم ـ تۈركۈم بۇغىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندىم. بۇ بۇغىلارنىڭ ئەركەكلىرىنىڭ مۈڭگۈزلىرى ۋە چاندىرى كېسىۋېلىنىپتۇ، چىشىلىرىنىڭ باليىاتقۇسى سۇغۇرۇۋېلىنىپتۇ... ئۇلار «بۇغىنىڭ بۇ ئەزالىرىنى يېسەك قېرىمايمىز، ئۆلمەيمىز» دېيىشىدىكەن... شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ناھايىتى قىممەت باھادا ساتىدىكەن، چوڭلىرىغا سۈڭگۈتۈپ ئۈنىڭغا ئەمەل، ھوقۇق، ئورۇن، ئىمتىياز ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشىدىكەن... مەن يەنە يول بويى ئادەملەرنىڭ ئورمانلارغا ئوت قويۇۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئۇلار ئورمانغا ئوت قويۇپ ئورمان ئىچىدە پاناھلانغان ھايۋاناتلارنى ئورمان سىرتىغا قوغلاپ چىقىپ ئۇ يەردە ئۇلارنى ئوققا تۇتىدىكەن.

مەن يەنە ئادەملەرنىڭ ئورمان دەرەخلىرىنى ئاياۋسىز تۈردە كېسىۋاتقانلىقىنى، كۆن نۇرى ئۆتەلمەيدىغان ئورمانلارنىڭ ئەمدىلىكتە تاقىر تېپىرغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن يەنە ئادەملەرنىڭ «سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قازىمىز» دەپ ئوتلاقنى، ئورماندىكى دەل ـ

دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى تولۇمچاشقاندەك كولاپ قىزىپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنلىكىنى، بۇ يەردە ھەر خىل گۈل ـ گىياھنىڭ، ياش ـ نۆۋەر تال ـ كۆچەتلەرنىڭ، ھەر خىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى قىرقىلىپ، دەسسەپ ـ چەيلىنىپ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئاشۇ ئادەم تىكسە ئادەم ئۈنگۈدەك مۇنبەت يەرلەرنىڭ دەشت ـ قۇملۇققا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم...

بالام، سېنى بۆرىدىن قۇتۇلدۇرغانىدىم. بۆرە پەقەت ئۆزىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن بىر كۈنلۈك ئوزۇققا موھتاج بولۇپ بىزنى قوغلىدى. ئۇ پەقەت قوغلىيالايدۇ، يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋالسا ئۇنىڭ رىزقى، چۈنكى ئۇنىڭغىمۇ ھايات كېرەك. قوغلاپ يېتىشەلمىسە ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ ئۆز ئورنىدا قېلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قوغداش ئىقتىدارىمىز بولغان يۈگۈرۈشتىن باشقا بىزگە خەۋپ بولىدىغان ئىقتىدارى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانچە ئاچ بۆرىمۇ ئۆزىنىڭ بىر ۋاقلىق ئوزۇق ئېھتىياجىدىن ئاشۇرۇپ ئوۋلىمايدۇ، شۇڭا بۆرە بىلەن بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدا باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل مۇۋازىنەت ساقلىنىپ كەلمەكتە! لېكىن ھېلىقى ئادەملەرچۇ؟ ئۇلار بۆرىگە قارىغاندا ئىقتىدارلىق ـــ قوغلايدۇ، ئوت قويىدۇ، تۇتىدۇ، يېتەلمىسە ئاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نەپسى گويا ئويقاندەك تەگسىز... ئۇلار تويمايدۇ، قانمايدۇ... ئۇلارنىڭ نەپسانىيىتى يەرنىمۇ يۇتۇۋېتىشكە، ئوتنى، دوزاخ ئوتىنىمۇ يالماشقا تەييار. سەن مانا شۇ ئاز ساندىكى ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ تۇتقۇنىسەن! ئۇلار ۋەھشىي بولمىسا سېنى تۇتۇپ كەتمەس

ئىدى. شۇ تاپتا مېنىڭ يۈرىكىم سەن ئۈچۈن لەختە ـ لەختە قان! تومۇرۇمدا زەرداب ئاقىدۇ! مەن سەندىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. مېنى كەچۈرگىن، جېنىم قوزام! ئاز ساندىكى تەبىئىتى بۇزۇلغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا چارىسىز قالغان بىچارە ئاناڭنى كەچۈرگىن!

ماڭا ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئەرك ھەدىيە قىلغانىدى. شۇنىڭ شاراپىتىدىن سېنى ساق ـ سالامەت تۇغقانىدىم، ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئالۋاستىسى سېنى مېنىڭ باغرىمدىن زورلۇق بىلەن يۇلۇۋالدى! ئەمدى ماڭا ئۇنداق ئەركىنلىكنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق! بۇنداق ھاياتنىڭمۇ قەدىر ـ قىممىتى يوق! ئەمدى مەن ئۆلىمەن! ئەلەم بىلەن ئۆلىمەن! ئەلۋىدا، بەختسىز قوزام! ئەلۋىدا، كۈنى قارا، پېشانىسى تەتۈر بولۇپ تۇغۇلغان كۆز قارام! ئەلۋىدا! مېنى كەچۈرگىن! مەندىن رازى بولغىن! مۇبادا پەرىشتە سۈپەت ئادەمگە، ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىگىلەيدىغان مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنى ھايات بايرىقى قىلغان ئادەملەرگە يولۇققان بولساڭ ئامان قالارسەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت! ھاياتقا خىزمەت قىل، پەرىشتە سۈپەت ئادەملەرگە خىزمەت قىل! مۇبادا ئالۋاستىسىمان ئادەملەرگە تۇتقۇن بولۇپ ئۆلۈم ـ ھالاك بولۇش قىسمىتى پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا غۇرۇرۇڭ بىلەن پاكلىقىڭنى ساقلاپ ئۆلگىن! ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە دۈشمىنىڭنى زار قىل! ئۇلار سېنى خۇددى مېنى باققاندەك مەلۇم ۋاقىت باقار، لېكىن سەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالما! چۈنكى ئادەملەر قوينى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن بوردايدۇ!

سەن بۇغا ئەۋلادى، تەبىئەت ئەركىسى، زېمىننىڭ ئارزۇسى سەن! سەن مەندەك ئانىنىڭ ئوغلىسەن! ئەسلىڭنى ئەستىن چىقارما! بۇرچىڭنى ئۇنتۇما! پاك ياشاپ، پاك ئۆل! ئەلۋىدا، بالام! ئەلۋىدا!...

ئانا بۇغا بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاقتۇرۇپ دەلدۈگۈنۈپ ئارقىسىغا قاراپ ئاخىرقى قېتىم «ئەلۋىدا، بالام!» دەپ مەرەپ ئۆزىنى تىك هاڭغا تاشلىدى. بۇغا بالىسى ئانىسىغا ئېتىلىپ باقتى، لېكىن زادى ماڭالمىدى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاستىنى بىر تاش بېسىۋالغانىدى. پۇتىنى زادى سۇغۇرۇۋالالمىدى. ئاخىرى ئۇ زار ـ زار يىغلاپ ھەسرەت بىلەن نالە قىلىپ مەرىدى:

ــ ئانا!... مېنى بىللە ئەكەت، جېنىم ئانا...

بۇغا بالىسى تۇيۇقسىز ياڭرىغان كاناي ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلانغانىدى. پۇتۇن تېنى غال ـ غال تىترەيتتى. ئۇنىڭ تېخىچە ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرى كاناي ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئالدىراش كىيىنىۋاتقان ئادەملەرگە تەگسىز نەپرەت، قورقۇنچ ئىچىدە چەكچىيىپ قارىدى. ئادەملەر بىردەمنىڭ ئىچىدە كىيىنىپ ئالدىراشلىق بىلەن تالاغا قاراپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

بۇغا بالىسى چۈشىدە ئايان بولغان ئانىسىنىڭ تۇرقىنى خاتىرىسىدىن يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئاستاغىنا كۆزىنى يۇمدى، تاڭ يورۇقى ئاستا ـ ئاستا يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى...

# 30

جەڭچىلەر ئەتىگەنلىك يۇگۇرۇشتىن قايتىپ كېلىشىپ بەزىلىرى يۈز يۇيۇشقا، بەزىلىرى تام مەشكە ئوت يېقىشقا ۋە بەزىلىرى ياتاق تازىلاشقا كىرىشىپ كېتىشتى.

بۇگۈن ئىشقىيار ئەتىگەنلىك يۇگۇرۇشكە خۇددى بىرى غولىدىن ئىتتەرگەندەك كەيپسىز ھالدا قاتناشتى. ئۇنىڭغا ئادەتتە قىسقا بىلىنىدىغان يۇگۇرۇش مۇساپىسى بۈگۈن بەكمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك، ھەر كۈنى جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا يۇگۇرۇپ چىقىدىغان قارىغايزار تۆپىلىك بۈگۈن باشقىچىلا تىكلىشىپ ئېگىزلەپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇ ياتاققا قايتىپ كېلىپلا بۇگلۇكىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى ـ دە، قوللىرىنى پاختىلىق شىنېلىنىڭ يېڭىگە جەينىكىگىچە تىقىپ غولىنى قورۇپ دۇگدىيىپ يېتىۋالدى. جەڭچىلەر ئىشقىياردىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ھەيران بولغاندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.

ــ ئىشقىيار، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

ــ تۈنۈگۈن شامال تەگدى ـ دە...

ــ مە، مۇنۇ دورىنى ئىچىۋەت...

ئىشقىيار ھېچكىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي كۆزىنى يۇمغىنىچە يېتىۋەردى. خارىس ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ جۇۋىسىنى يېپىپ قويدى. كىمدۇر بىرى

ئىشقىيارغا زۇكام ئىپشى بۇيرۇتۇپ قويۇش ئۇچۇن زاپخوزنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن ئىشقىيارنىڭ پەقەتلا سۆلى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تېنى قىزىپ، چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ مەڭزىدە ساغلاملىق ۋە كۈچىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىزىللىقى يوقىلىپ، كۆزىنىڭ چۆرىسى قارىداپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

تۈنۈگۈن ئۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ياتالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى نېمىدۇر تاتىلايتتى، مېڭىسىنى كىمدۇر بىرى سىم چوتكا بىلەن چوتكىلىۋەتكەندەك ئەسەبلىرى قاقشاپ ئاغرىپ، تۈيغۇ - سېزىمى گاللىشىپ كەتتى. ئۇ تاڭغا يېقىن «دىمدام» ئۇخلىغاندەك قىلدى، لېكىن يەنە قاتتىق قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا بايىقى كۆك يالىلىق چىشى بۆرىنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. بۆرىنىڭ بىر جۈپ كۆزى چەكچەيگەنىدى. ئۇ كۆزلەردە كىشىنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان بىر خىل ۋەھىمىلىك ئوت ياناتتى، بۆرىنىڭ بېشى تۇرۇپلا بوۋىسىنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالاتتى، بوۋىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىمچىلاق پاتقۇچىلىك تۆشۈك تۇراتتى. ئۇ تۆشۈكتىن قىپقىزىل قان جىرغىپ چىقىپ بوۋاينىڭ ساقىلىنى بويلاپ ئېقىپ يەرگە تامچىلايتتى، قان تامچىلىرى يىغىلىپ ئۇلغىيىپ شارقىراپ ئېقىپ يەردىكى بىر چوشىنىكسىز تۆشۈككە قۇيۇلاتتى. گاھ بوۋىسىنىڭ ساقىلىدىن تامچىلاۋاتقان قان ئىشقىيارنىڭ

يۈزىگە چىچىلاتتى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن قاننى سۈرتمەكچى بولاتتى، لېكىن سۈرتكەنسېرى ئۇنىڭ يۈزى قانغا بويىلاتتى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىككى قولى چىلىق - چىلىق قان بولاتتى.

تۇيۇقسىز ياڭرىغان ئورنىدىن تۇرۇش سىگنالى ئىشقىيارنى قورقۇنچلۇق چۈشىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. پۈتۈن ئەزاسىنى مۇزدەك تەر باسقان، بەدىنىدە مىسقالچە كۈچ - قۇۋۋەت قالمىغان ئىشقىيار ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ كىيىندى. ئۇ شۇ دەمدە ۋۇجۇدىغا ئىچ - ئىچىدىن بىر تىترەك ئولىشىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتى. ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى كۈچ بىلەن يالىدى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇردى. ئۇ مۇشۇنداق يېتىۋەرسە ئورنىدىن قوپالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى... ئۇ تىت - تىت بولۇپ چىشىنى مەھكەم چىشلىۋالدى. ھېلىقى تىترەك بارغانسېرى كۈچىيىپ تېشىغا تېپىۋاتاتتى. ئىشقىيار كۆزىنى يېرىم - يارتا يۇمۇپ بېشىنى سالغىنىچە ياتقان بۆغا بالىسىغا قارىدى، بۆغا بالىمۇ تىترەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ساڭگىلاپ تۈكلىرى تەتۈر يېتىپ كەتكەنىدى. ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى بىرقىسما بولۇپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى - دە، بۆغا بالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. بۆغا بالىسى چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ تېپىرلاپ يۆلىقۇندى. ئىشقىيار بۆغا بالىسىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ بۆرىنى مۇشۇ بىچارە جانىۋارنى دەپلا ئېتىپ تاشلىغانىدىغۇ؟! مۇبادا بۆرىنى ئاتمىغان بولسا بۇ ئاجىز مەخلۇق ئامان قالمىغان بولار ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ كۆز ئالدىدا بىر كۈچسىز، گۇناھسىز

بىچارىنىڭ بۆرىگە يەم بولۇشىغا چىداپ تۇرالامدىكىن؟ ئۇ چاغدا يەنە قانچىلىك ئازابلىنار ئىدى ـ ھە؟ لېكىن بۆرە... ئىشقىيار ئوتتەك قىزىق ئالىقانلىرى بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. نېمىشقىدۇر بۇغا بالىسىنى سىلىغان بىلەن تەڭلا ئىشقىيارنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى. ئۇنىڭ جىسمى گويا ئۇستىدىن قارا تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ، كۆڭلىنى بىر خۇشلۇق ئىگىلىدى:

ــ مۇڭلانما، ئەزىزىم! ــ ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىغا يېنىك شاپىلاقلىدى، ــ ھەممىمىز ياخشى، مەنمۇ، سەنمۇ... ھەممىسى!... ياشاشقا رىزقىڭ بار ئىكەن. كەڭرى دۇنيا ساڭا قۇچىقىدىن جاي بېرىدۇ، ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ياشايمىز... بېشىڭنى تىك تۇت! ئەسكەرنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىسەن... غەم قىلما... بىز ئەسكەرلەردەك غەيرەتلىك بول، ئاغىنە...

ياتاقتىكى جەڭچىلەر ئىشقىيارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا شۇبھىلىك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ چەكچىيىپ قېلىشتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئىشقىيارنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلۈۋاتامدىكىن، دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى.

ــ كېلىڭلار، ئاغىنىلەر، ــ دېدى ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىتىكى جەڭچىلەرگە قاراپ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ، ــ مۇشۇ بىچارىنى ئۆز سېپىمىزگە قوشۇۋالايلى... ئادەمدىن قورقىدىغان مۇشۇ مەخلۇق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى، ئەسكەرنىڭ يۈرىكىنى بىر بىلىپ قالسۇن...

ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

جەڭچىلەر ئىشقىيارنىڭ ئىسسىتمىدىن ئەمەس، ئەكسىچە بىر ئىچكى ھاياجانىنىڭ كۈچىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ياتاقنىڭ ھاۋاسى ياش يىگىتلەرنىڭ قوۋناق كۈلكىسى بىلەن يېڭىلىنىپ ياشارغاندەك بولدى.

شۇ كۈنى چۈشتە روتا بويىچە يىغىن چاقىرىلىپ پولكنىڭ ئىيۇلدا ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە پولك نامىدىن قاتنىشىدىغان ئۇدلىنىيەنى مۇشۇ روتىدىن تەشكىللەپ ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش يەتكۈزۈلدى.

ئاخىرىدا روتا رەھبەرلىكىنىڭ بۇ ۋاقىتلىق ئۇدلىنىيەنى ھەرقايسى ۋوزۋوددىكى مۇنەۋۋەر جەڭچىلەردىن تاللاپ تەشكىللىمەكچى بولۇۋاتقانلىقى، بۇ جەڭچىلەرنى ھەرقايسى ۋوزۋود ئۆزلىرى تاللاپ مەلۇم قىلغاندىن كېيىن روتا رەھبەرلىكى تەستىقلاش ئۇسۇلى قوللىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

پولكنىڭ ئىشەنچى جەڭچىلەرنى خۇشال قىلدى. ئۇلار يىغىن مەيداندىن چىقىۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى نامزاتلار ئۈستىدە قىزغىن تالاشتى.

ئىشقىيارلارنىڭ ۋوزۋودىدىن ھەممىسى بىردەك ئىشقىيار بىلەن خارىسنى كۆرسىتىشتى. باشقا ۋوزۋودلارمۇ ئۆز نامزاتلىرىنى مەلۇم قىلىشتى، ئەمدى روتا رەھبەرلىكى بېكىتسىلا بولاتتى.

ئىشقىيارنىڭ كەيپى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. سەپداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە ئىرادە

بىغىشلىدى. كەچقۇرۇن ئىشقىيار زاپخوز بىلەن كۆرۈشۈپ زاپخوزدىن بۇغا بالىسىنىڭ يېمى ئۈچۈن ئازراق كېپەك ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. زاپخوز چۈشتە ئىشقىيارنىڭ ياتىقىغا كېلىپ بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەتە شەھەرگە كىرىدىغانلىقى، شۇ چاغدا بىرەر تاغار كېپەك ئالغاچ چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا ئۇ:

— خاتىرجەم بول، يىگىت، ئۇ ھەممىمىزگە ئوخشاشلا قەدىرلىك، بىرنېمە قىلىپ بېقىپ كېتىمىز. كۆك چۆپكە ئۇلاشتۇرۇۋالساقلا بولغىنى. شۇنىڭغىچە مەن ئۇنىڭ يېمىنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرىمەن، — دېدى.

ئىشقىيار ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتى، ئاندىن گازارمىنىڭ ئالدىدىكى قارىغايلىققا كىرىپ قارنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇق چۆپتىن بىر قولتۇق يۇلۇپ قايتىپ كىردى.

ياتاق ئىسسىق ئىدى. يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى كىتاب كۆرسە، بەزىلىرى خاتىرە يېزىپ ۋە بەزىلىرى ئائىلىلىرىگە سالام خەت يېزىپ ئولتۇراتتى. بۇغا بالىسى كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تىپتىنچ ياتاتتى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ شولىسى ئەكسلىنەتتى. بۇغا بالىسى تۇنۇگۇندىن بۇيان بىر تال گىياھمۇ چىشلىمىگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىككى بىقىنى ئولتۇرۇشۇپ ئىنچىكە بېلىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. بۇغا بالىسىنىڭ بىقىنى توختاۋسىز لىپىلداپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ئىشقىيار دالادىن يۇلۇپ كەلگەن قۇرۇق چۆپنى بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، بۇغا بالىسىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى.

بۇغا بالىسى قىمىر قىلماي بۇرۇنقى ھالىچە يېتىۋەردى. ئىشقىيار بىرتۇتام چۆپنى ئېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلىدى، لېكىن بۇغا بالىسى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئىشقىيار ئۇنى - بۇنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خېلى ھەپىلىشىپ باقتى، لېكىن بۇغا بالىسى بېشىنى تولغاپ ئېغىزىنى ئاچقىلى زادى ئۇنىمىدى. ئىشقىيار ئاخىرى ھارغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇنىڭ ياتسىرىغىنىمىدۇ ياكى پۇتى بەك ئاغرىدىمىكىن، بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئۇنىمايدىغۇ بۇ جانىۋار...— دېدى ئىشقىيار بايا چۆپنى يۇلغاندا قۇرۇق چۆپ تىلىپ قانىتىۋەتكەن بارمىقىنى سىلاپ تۇرۇپ،— ئازراق پىياز يېگۈزۈۋەتسەم ياكى تۇمشۇقىنى قىچا مېيىدا ياغلاپ باقسام بولامدىكىن...

ئىشقىيار ئات - ئۇلاغ، قوي - قوزىلار ئىشتىھاسىز بولۇپ قالغىنىدا بوۋىسىنىڭ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدى.

— ئەڭ ياخشىسى،— دېدى بىر يىگىت چاقچاق قىلىپ،— بەررە كاۋاپ قىلايلى، ئىشقىيار... شۇ چاغدا ھەممە باش ئاغرىقىدىن بىراق قۇتۇلىسەن...

بۇغا بالىسىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ كۆزىدە يىغىندەك بىر تال ئوت يالت قىلىپ ياندى.

ــ نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ قورسىقىڭ تويمايۋاتقان بولسا مېنىڭ ئۇلۇشۇمنى ساڭا بېرەي... لېكىن بۇ بىچارە ھەققىدە ئۇنداق بىمەنە گەپنى قىلغۇچى بولما! ــ دېدى ئىشقىيار ھېلىقى جەڭچى ئولتۇرغان بۇلۇڭغا يېقىنراق شارتتىدە ئۆرۈلۈپ، ــ ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، تاماقنى ئالدىمىزدىن ئاشقۇچە بېرىۋاتىدىغۇ... ئاچ قالغان چېنىمدىمۇ ئۇنداق ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ!

ــ مۇشۇ جانىۋارنىڭ ئاشۇ ھالغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېلىغا پىچاق ئۇرۇشقا قولۇڭ بارامدۇ؟ ــ دېدى يەنە بىر جەڭچى ھېلىقى جەڭچىگە ئەيىبلەش ئاھاڭىدا، ــ قارا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭنى...

ــ خۇددى تۇتقۇندىكى بەختسىزنىڭ كۆزىدەكلا...

ــ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان يېتىمەكنىڭ كۆزى دېگىنە...

جەڭچىلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن توختاپ ھەممىسىلا بۇغا بالىسىغا قاراشتى.

ــ ئەڭ ياخشىسى... ــ دېدى خارىس قولىدىكى كىتابنىڭ ۋارىقىنى قاتلىۋېتىپ، ــ بۇنى ئاشۇ ئەكەلگەن يېرىڭگە ئاپىرىۋەت، ئىشقىيار...

ــ توغرا، ئاشۇ يەردە ئانىسىنى تېپىۋالار...

ــ بۇ يەردە ئاشۇنداق ياتقان پېتى ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە... بىكار قىساسىغا قالىسەن...

ئىشقىيار بۇغا بالىسىغا ئۇزاق تىكىلدى:

ــ مەنمۇ شۇنى ئويلىغانىدىم... لېكىن ئۇ ھازىر ئاياغ بېسىپ تۇرالمايدۇ ـ دە... ئۇ مۇشۇ ھالىغا قەيەردىن

ئوزۇق تېپىپ يەيدۇ، ئانىسىغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئانىسى ئادەم ئەمەس ـ تە، بالىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە ئەكىتىدىغان، ئېنىقا يەم بولىماقتىن باشقا گەپ يوق، — ئىشقىيار بۇگلۇكىگە كېلىپ ئولتۇردى، — كۆك چىقىقۇچە پۈتىمۇ ساقىيىپ قالار، ئۇ چاغدا ئۇنى تۇتۇپ قالىمەنمۇ؟ ئەلۋەتتە قويۇۋېتىمەن. ئانىسىنى تاپسۇن، قەيەرنى خالىسا شۇ يەردە ياشىسۇن... پەقەت تېززەك ساقايسىلا بولاتتى...

— لېكىن سەن جەڭچى ـ دە، — دېدى خارىس ئورنىدىن قوپۇپ تامغا قاراپ تۇرۇپ كۆچ بىلەن كېرىلىپ، — 4 ـ ، 5 ـ ئايغىچە ئۇنى قانداق باقىسەن... ئۇنىڭ ئۇستىگە مەشىق ۋەزىپەڭ ھەممىدىن ئېغىر... — خارىس ئەسنەپ قويدى.

— بىرنېمە قىلارمەن... ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەرگە ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن... پۇتى ساقىيىپ سەل ماغدۇرىغا كېلىۋالسىلا بولدى... بۇنى ئۆزۈم ھېلىقى يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن... شۇڭغىچە بىرنەرسە يېسە بولاتتى... جىمجىتلا ئۆلۈپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.

بۇغا بالىسىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە مۇلايىمغىنا قارىشىپ تۇرغان جەڭچىلەرگە خۇددى ئۇلارنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە قاراپ مۈڭلىنىپ ئولتۇرغان ئىشقىيارغا كېلىپ توختىدى. بۇغا بالىسى گويا ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق نۇر چاچمىسى چاچرىغاندەك بولدى. بىرھازادىن

كېيىن بۇغا بالىسى ئىشقىياردىن نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ خۇددى خىيال سۈرگەندەك ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى چۆپكە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

ئىشقىيارلار كەچلىك ئۆگىنىشتىن قايتىپ كىرىپ هاڭ ـ تاڭ قالدى. بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىدىكى چۆپ كۆرۈنمەيتتى. بۇغا بالىسى بىر قولتۇق چۆپنى بىر تالمۇ قالدۇرماي پاك ـ پاكىز يەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاچلىقتىن چاپلىشىپ كەتكەن بىقىنى ئەمدىلىكتە پومپىيىپ چىققانىدى. بۇغا بالىسى يايراپ ـ يېيىلىپ بەخىرامان كۆشەپ ياتاتتى. جەڭچىلەر كىرىپ كېلىشكەندە ئۇ گويا مەمنۇن بولغاندەك قاراپ قويۇپ يېتىۋەردى. بۇغا بالىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئىشقىيارنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇغا بالىسىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى ـ دە، بۇغا بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى، دىقماق مۈڭگۈزىنى مەمنۇنىيەت بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ سىلىدى:

ــ يارايسەن، ئاغىنە! ئىشنىڭ يولى مانا شۇ ـ دە! مۇشۇنداق يەپ راۋۇرۇس ئەتلىنىۋالساڭ پۇتۇڭمۇ تېزرەك ساقىيىدۇ، ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارساڭ ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سۆيۈنۈپ كېتەر... ئۇ چاغدا ئاناڭ، سەن، مەن ۋە مېنىڭ ئاۋۇ سەپداشلىرىم ھەممىمىز قانچە خۇشال بولارمىز، تېزرەك ساقايغىن... ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرا...

ئىشقىيار بۇغا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ قىزغىن پىچىرلايتتى، بۇغا بالىسى گويا ئىشقىيارنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك قىسقا قۇيرۇقىنى شىپشىتىپ كۆڭۈللۈك مەردى.

# 31

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بوۋغا بالىسى يەمگە كىرىشىپ كەتتى. ئىشقىيار كۈنىگە ئىككى قېتىم ھەلەپ قىلىپ بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋغا بالىسى ئاشنىڭ سۆيگە ۋە گازارمىنىڭ تاماقخانىسىنىڭ ئاق نېنىغا، ئۇن تاماقلىرىغا ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدى. ياتاقداشلار ۋە باشقا ياتاقلاردىكى جەڭچىلەرمۇ تاپقىنىنى ئاياپ ئولتۇرماي ئۇنىڭغا يېگۈزۈشەتتى. بىر قېتىم ھەتتا جەڭچىلەر ئۇنىڭغا كۆپ يېگۈزۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئىچى ئارتىپمۇ قالدى. ئىشقىيار ئەمدى يېگىتلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ بېرىۋېتىپ ئۇنى ئاغرىتىپ قويۇشىدىن خەۋپسىرەيدىغان بولدى. گاھىدا زاپخوز ۋە يېتەكچىمۇ بوۋغا بالىسىنى كۆرگىلى كىرەتتى. پەقەت روتا كوماندىرى كەلمەيتتى، ئۇ ھەتتا «تازىلىق نىزامىغا ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ بوۋغا بالىسىنى ياتاقتىن يۆتكىۋېتىشنى بۇيرۇدى، لېكىن ئۇ كۈنلەردە ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. ئىشقىيار باشلىق بىرنەچچە جەڭچى ۋەكىلىنىڭ سورىشى بىلەن روتا كوماندىرى بۇ ئىشنى بىرنەچچە كۈن ئارقىغا سۈرۈشكە ماقۇل بولدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى پات ـ پات ئەسكەرتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى. كېيىن ئىشقىيار گازارمىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىچىككىنە قاشا ياساپ بوۋغا بالىسىنى شۇ يەرگە يۆتكىدى. ھازىر بوۋغا بالىسى ئاشۇ قاشادا تۇرۇۋاتاتتى. ئىشقىيار بوۋغا بالىسىنى قانچىلىك ئىمكانىيەت بولسا، شۇنچىلىك يوقلاپ تۇراتتى.

ئەتىگەنلىك يۈگۈرۈشتىن چۈشكەندە، ئۈچ ۋاق تاماق ۋاقتىدا ھەمدە كەچكى پائالىيەتتىن كېيىنكى ئىختىيارى ھەرىكەت چاغلىرىدا ئىشقىيار ۋاقتىنى بۇغا بالىسى بىللە ئۆتكۈزەتتى. ئۇنى تاتىلاپ تارايتتى، ئايىغىنى قۇرۇقدايتتى. ئۇنىڭ قىرىسلىتىپ ئوت چايناشلىرىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. گاھىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىچە مۇڭدىشىپ سىردىشاتتى... بۇغا بالىسى كۈنسېرى ئەتلىنىپ سەمرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۈكلىرى تىكلىشىپ، قاراشلىرى دادىللىشىپ قالدى. ئۇ ئادەمدىن زادىلا ئۈركۈمەيتتى. بۇ ماش رەڭ كىيىملىك جۇشقۇن ئادەملەرنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆزىگە سىڭىشىپ قالدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تەپتەكشى بويلىرى، نۇر يېغىپ ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان مەسۇم چىرايلىرى، ئۇلارنىڭ ئوخشاش قەدەم بىلەن گۈرسۈلدەپ دەسسەپ مېڭىشلىرى، جىلغا ئاسمىنىنى، تاغ يامزىلىدىكى ئورمانىنى تىترىتىپ ناخشا ئېيتىشلىرى، ئۇلارنىڭ گازارمىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ئۈچ ۋاق سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ چىنىدەك پارقىرىۋېتىشلىرى، ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئىززەت ۋە دوستلۇق بىلەن چاقىرىشلىرى، كۈنىگە ئالتە ۋاق ياڭرايدىغان سىگنال كانىيى... ئىشقىلىپ، بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر قىلغانىدى. ئۇ ئىشقىيارنى يۈزلەپ ـ يۈزلەپ جەڭچىنىڭ قاتارىدىن ئۆز قاشاسى ئىچىدە تۇرۇپ تونۇۋالاتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ ھىدىنى يىراقتىنلا سېزىۋالاتتى. ئىشقىيار بىر سەۋەب بىلەن بىرەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەي قالسا ئۇ مۇڭلىنىپ

قالاتتى، ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ياكى ھىدىنى ھىدلىغان ھامان كۆڭۈللۈك مەرىشى بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالاتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى يالايتتى، يۈزلىرىنى پۇرايتتى، ئۇنىڭ باغرىغا بېشىنى سۈۋايتتى... دېمىسىمۇ ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى بۇغا بالىسى ئۈچۈن ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى ئاقتى. گاھىدا ئۆزى يېمەي - ئىچمەي ئۇنىڭغا يېگۈزدى. ئازراق بىتاپ بولۇپ قالسا پايپېتەك بولۇپ ئۇنىڭغا تاغ چۆپلىرىنى قايىنىتىپ دورا تەييارلاپ ئىچۈردى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. مەشىق ياكى سەپەردىن قايتسا، ئالدى بىلەن بۇغا بالىسىنى يوقلىدى. بۇغا بالىسىغا دالانىڭ چۆپىنى ئەكېلىپ بېرىمەن، دەپ بارماقلىرى تىتىلدى، تىزلىرى سۈرۈلدى...

كېيىنكى كۈنلەردە ئىشقىيارنىڭ مەشىق ۋەزىپىسى بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. مۇسابىقە ۋاقتىغا يەنە ئۈچ ئايچە ۋاقىت قالغانىدى، شۇڭا ئىشقىيارلار كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك جىددەللەپ مەشىق قىلىۋاتاتتى. مەشىق ئەھۋالىدىن روتا كوماندىرى رازى ئىدى. بۇ جەڭچىلەرنى خۇشال قىلاتتى، لېكىن جەڭچىلەرمۇ قاتتىق چارچاشقا باشلىغانىدى، روتا رەھبەرلىكى جەڭچىلەرنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ تاماق، دەم ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىچە تەدبىر قوللاندى. ئۇلار جەڭچىلەرنىڭ قاتتىق چارچاشتىن يىقىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ كۈنلەردىمۇ ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى ئاۋۋالقىدەك پەرۋىش قىلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ گاھىدا كېچىلىرى ئىسسىق يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ بۇغا بالىسىنى يوقلايتتى. دالاغا مەشىققە چىقىپ كېتىشىدىن ئىلگىرى

زاپخوزغا ياكى ئاشپەزلەرگە بۇغىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلايتتى...

يەر ـ جاھان باھار پۇراپ قالدى. ھاۋا بىردىنلا ئىللىپ، تەبىئەت جانلىنىشقا باشلىدى. ئورمانلار خۇددى قاتتىق مۇزلاپ قاتقان، دەريا باھار بىلەن تاشقىنلىغاندەك قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ گۇۋۇلدىمەكتە ئىدى. قېلىن قار ئېرىپ كەڭ دالانىڭ بېتى ئېچىلدى. تاغ ـ جىرانىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئەگىز سۇيىنىڭ كۆكۈلمۈك شارقىرىشى ئاڭلىناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەر بۇ يەردە تۇپراقنى يېرىپ چىقىۋاتقان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پاكىز، يۇمران، ئۆتكۈر ئۇچلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى. قىشتىن بېرى خۇددى بىر مۆجىزە بىلەن كۆكتە ئېسىلىپ تۇرۇپ قالغان سۇر تاشتەك خىرە كۆرۈنگەن كۆكۈلسىز قۇياش ئەمدىلىكتە خۇددى يۈزىدىكى چاڭ ـ توزاننى سۈرتىۋەتكەن ئالتۇن لېگەندەك پارقىراپ كۆرۈنۈۋىدى، ھەممە يەرنى غۇچچىدە ئۈنۈپ چىققان ئوت ـ چۆپلەر قاپلاپ كەتتى. يەردىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان نازۇك چۆپلەر قۇياش نۇرىدا تىغدەك يالتىرايتتى.

بۇگۈن يەكشەنبە كۈنى بولسىمۇ ئىشقىيار سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن مۇزدەك سۇدا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تاتلىق ئۇيقۇدىكى يولداشلىرىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ سىرتقا چىقتى. گازارمىنىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. گازارمىنىڭ ئەتراپىدىكى قارىغايزارلىقتىن ئاندا ـ ساندا قۇشلارنىڭ سايرىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. تاغنىڭ ھاۋاسى كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرگەندەك سوغۇق بولسىمۇ، ساپ ۋە يېڭى

ئىدى. ئەتراپتىن دېۋىرقاينىڭ خۇش پۇرىقى كېلەتتى. ئىشقىيار ئورمان تەرەپتىن تىنىمسىز ئاڭلىنىۋاتقان تاغ تورغىيىنىڭ چۇچۇلىشىغا ھەۋەس بىلەن بىرپەس قۇلاق سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر شېرىن ئەسلىمە، بىر خۇپىيانە خۇشاللىق ئەسىر قىلغانىدى، بىر تىنىمسىز ھاياجان ئۇنى قەيەرگىدۇر ئىتتىرگەندەك، ئۇنى نېمىگىدۇر ئۇندەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا نامەلۇم بىر كەڭلىككە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرگۈسى، تۇرۇپلا ئاشۇ زىبا قېيىننى قۇچاقلىۋالغۇسى، تۇرۇپلا گازارما ئالدىدىكى ئاشۇ چىملىقتا باغرىنى بېسىپ مۇزدەك كوكاتقا مەڭزىنى يېقىپ يېتىۋالغۇسى ۋە تۇرۇپلا جاراڭلىتىپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى...

ئىشقىيار تاڭ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالدى. مۇزدەك سالقىن ھاۋا شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىۋاتقان يۈرىكىنى سۆيۈۋاتقاندەك بولدى.

ئىشقىيار يالاڭ چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى ـ دە، بىردىنلا نېمىدۇر بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ياتاققا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ بۆگلۈكىنىڭ باش تەرىپىدە تەمبۇر ئېسىقلىق ئىدى. ئىشقىيار ئىشىكتىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ ئۇزاقتىن بۇيان قولغا ئېلىنمىغىنىغا قارىماي كۆندە سۇرتۇلۇپ تۇرغاچقا ۋالىلداپ كۆز چېقىپ تۇرغان تەمبۇرنى قولىغا ئالدى ۋە قانداق ئېھتىيات بىلەن كىرگەن بولسا شۇنداق ئاۋايلاپ دەسسەپ ياتاقتىن چىقتى ـ دە، قاتتىق چۆچۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۈچ ئايدىن بېرى يانپېشىنى ئالالماي ياتقان بۇغا بالىسى شۇ تاپتا ياتاق ئالدىدا ئىشىككە قاراپ تۇراتتى. ئىشقىيار ئاخشام

ئۇنىڭغا چۆپ تاشلاپ بېرىپ ئۇچىسىنى تاتىلاپ بىرھازاغىچە ئۇنىڭ بىلەن بولغانىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا تېخى ھېچ نەرسە بايقىمىغانىدى. بۇ گويا بىر مۆجىزە ئىدى، خۇشاللىقىدا ئىشقىيارنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ بوغا بالىسىنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىغا بىر خۇشال بولغان بولسا، بۇ ھايۋان بالىسىنىڭ ئاياغ بېسىپ تۇرۇپلا ئۇدۇل ئۆزىگە شەپقەت ئاتا قىلغان مۇشۇ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى ئۇچۇن مىڭ مەرتىۋە سۆيۈنۈپ كەتتى.

«ئاھ، ئەقىللىقىم!» ئىشقىيار ھاياجان ئىچىدە بوغا بالىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى يۇراپ سۆيدى.

بوغا بالىسىمۇ ئەركىلىگەندەك ئىشقىيارغا سۈركىلىپ ئۇنىڭ يوغان قولاقلىرىنى، ئوتتەك قىزىغان مەڭزىنى ھىدلىدى. قارا خورۇمدەك يىرىك ۋە نەم كالپۇكى بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئوچۇق تۇرغان بوينىنى غىدىقلىدى. ئىشقىيارنىڭ بەدىنىگە شۇ ھامان خۇشخۇي غىدىق ئولاشتى ـ دە، چىدىيالماي قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. بوغا بالىسىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن خۇشال بولغاندەك قۇيرۇقىنى شىپىپاڭلىتىپ تىنىق كۆزلىرى بىلەن ئىشقىيارغا قىيا بېقىپ دىمىقىدا كۆڭۈللۈك مەرىدى.

— مۇبارەك بولسۇن قەدىرلىك جان! — دېدى ئىشقىيار كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ، — يۈر، ئايلىنىپ كېلىمىز، كەڭ دالا سېنى كۆرسۇن، تاغ ـ تۆپىلىكلەر سېنى كۆرسۇن، گۈل ـ گىياھ، قېيىن ـ قارىغايلار سېنى كۆرسۇن... تاڭ شامىلى سېنى تۈت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان ئاناڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزسۇن...

ئىشقىيار بۇغا بالىسىدىن ئاجراپ گازارمىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. بۇغا بالىسىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىشقىيارغا ئەگەشتى. پەقەت شۇ چاغدىلا بۇغا بالىسىنىڭ ئاقسايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بۇغا بالىسىنىڭ يانپېشىنى سىلىدى. ئۇنىڭ يانپاش سۆڭىكى سەللىمازا ساقايغانىدى، لېكىن بۇغا بالىسىنىڭ بىر پۇتى توكۇر بولۇپ سەل قىسقا ساقىيىپتۇ. دېمەك، ئىشقىيار ئۇنىڭ ئىنچىكە پاقالچىقىنىڭ سۆڭىكىنى جايىغا چۇشۇرەلمىگەنىدى.

— ۋاي بىچارە، ئاخىرى ئەيىبناق ساقىيىپسەن — دە، — دېدى ئىشقىيار چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ سول پاقالچىقىنى سىلاپ، — مېنى كەچۇرگىن... مېنىڭ قۇربىم يەتمىدى، سېنى ناكار قىلىپ قويۇپتىمەن.

بۇغا بالىسى گويا ئىشقىيارنى تەڭچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك ناكار ئايىغى بىلەن يەر تىلغاپ بېشىنى سىلكىدى ۋە ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭ گويا ئۆزىنىڭ تەلتۆكۈس ساقايغانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ ئازراق يۇگۇردى ۋە بىر ـ ئىككى تاقلاپ ئاندىن ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ئىشقىيارغا ئۆرۈلۈپ قارىدى.

— كۆڭلۇمنى ئاياۋاتامسەن، بىچارە! رەھمەت، ئەقىل ـ ھوشۇڭغا رەھمەت...

ئىشقىيار كۈلۈمسىرىگىنىچە بۇغىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار خۇددى دالاغا گۇمبە تېرىشكە ماڭغان باللاردەك بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ گازارما ئالدىدىكى چىملىققا

قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئاقساق بۇغا بىلەن ئىشقىيارغا خېلىدىن بېرى كۆز سېلىپ تۇرغان قاراۋۇل ئۇلارنى خۇشاللىقىغا ئورتاقلىقىنى ئىزهار قىلىپ كۇلۇمسىرەپ يىراقتىن بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيارغا سالام بەردى. ئىشقىيارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ هۆرمەت بىلدۈردى. ئىشقىيار يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يېنىدا ئۆزى بىلەن تەڭلىشىپ يۈگۈرۈۋاتقان بۇغا بالىسىغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى. بۇغا بالىسى ئۆسۈپ يوغانلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئەمدىرەك شاخلاۋاتاتتى. ئىشقىيار شۇ تاپتا خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي قالغانىدى. بۇغا بالىسىمۇ گويا بۇنى سەزگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيارغا قاراپ قىسقا - قىسقا مەرەپ قوياتتى.

## 32

ئۇلار گازارمىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن قېيىنزار تۆپىلىككە كۆتۈرۈلدى. ئۇلار تۆپىلىك باغرىدىكى قېيىنزارلىقنىڭ قاتارىنى ئارىلاپ يۈگۈردى. بۇغا بالىسى گاه ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، گاه ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالاتتى ۋە بىر ئوقچۇپ ئىشقىيارغا يېتىۋالاتتى، ئۇلار خېلىغىچە يۈگۈرگەندىن كېيىن تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىشتى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىنى ياش قېيىن - قارىغايلار بۆككىدە قاپلىۋالغانىدى. بۇ قېيىن - قارىغايلارنى ئىشقىيار قىسىمغا كەلگەن يىلى باهاردا ئىشقىيارلارنىڭ روتىسى

تىككەندى. تۆپىلىكنىڭ ئېرىقى تەرىپى كەڭرى يايلاق، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى قارىغايزار ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغاندى.

ئۇلار تۆپىلىككە چىقىقاندىن كېيىن ئىشقىيار تۆپىلىكنىڭ ئېرىقى لېۋىدىكى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، بۇغا بىلەن تەڭ يۈگۈرۈش ئۇنى خېلىلا ھارغۇزغانىدى، لېكىن ئۆزى بەك خۇشال ئىدى. ئۇ قولىدىكى تەمبۇرنى قىيا تاشقا يۆلەپ قويۇپ قىيا تاشتا يېنىچە ئولتۇردى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭ يېنىدىلا ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن كۆز تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

ئىشقىيار سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى روسلاپ ئولتۇرۇپ نەزىرىنى يىراققا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى چوڭقۇر ۋە سۈزۈك سۇغا چۆمۈلۈپ سۇدىن ئەمدىلا چىقىۋاتقان يالىڭاچ بەدەن قىزدەك نازاكەت ۋە بىر خىل ئۇياتچان تەبەسسۇم بىلەن يۇپقا تاڭ تۇمانى ئىچىدىن ئاستاغىنا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان ياش، بەرنا، پاكىز دۇنيا ئايان بولدى. توگەل كۆكىرىپ كەتكەن بىپايان زېمىن شۇ تاپتا كۆكۈچ نۇر دولقۇنى ئىچىدە ئاستا تەۋرىنەتتى.

سۈزۈك تاڭ ئاسمىنى، ئۇپۇقتىن تەبەسسۇم بىلەن كۆلۈمسىرەپ بالقىۋاتقان ياش ۋە پارلاق قۇياش، ئەمدىلا تۇپراق يېرىپ بۆرتۈپ چىققان يۇمران چۆپلەرنىڭ بەرگ - ياپرىقىدا يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىسىدەك سۈزۈك شەبنەم، خۇددى مەڭزىدە قان تەپچىپ تۇرغان ساغلام، تولغان، تەلەپچان ۋە تەشنا قىزلاردىن كېلىدىغان سېھىرلىك قىزلىق ھىدىغا ئوخشاش، ئەتراپتىكى ئورمان

ۋە تاغ قاپتاللىرىدىكى باھار ھاۋاسىغا تويۇنۇپ، كۆبجۈپ، قىل تومۇرلىرىدا سۇ يۈگۈرۈپ سەمرىشكە باشلىغان قارىغاي، قېيىن، ئارچا، ئېرەن، تاغ تېرىكنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇشبۇينى ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان سالقىن ۋە سېخىي تاغ شامىلى، كۆك نۇر ۋە يېشىل رەڭ قۇچىقىدا يايراپ ياتقان قامەتلىك تاغلار، كەڭرى يايلاق، قېلىن ئورمانلار، جىلغىنىڭ چوڭقۇرىدا گۈرۈلدەپ چاڭ چىقىرىپ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان تار ئېقىن ئىشقىيارنى ياشاش خۇشاللىقى بىلەن ھاياجانغا سېلىپ مەست قىلسا، ئالەمگە كۆز ئاچقاندىن بېرى يىلنىڭ مۇنداق نەۋقىران پەسلىنى، ئانا تەبىئەتنىڭ بۇ تەرزدە سۆيۈملۈك، بۇ تەرزدە تەنتەنىلىك چاغلىرىنى كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن بۇ سەبىي بۇغا بالىسىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. جىمى كۆرۈنۈشىدىن، پۈتكۈل سىياقىدىن ھايات تۇغۇندىسى جىلمىيىپ تۇرغان، ھەرىكەت ۋە سۈكۈنات ئىچىدىكى جىمى بارلىقتىن ئۈمىد پارلاپ شادلىق جەۋلان قىلىپ كۈلكە تۆكۈلۈپ، ئاجايىپ يارقىن كۆكۈچ ۋە يېشىل نۇر ئىچىدە چايقىلىپ، نۇر، پۇراق، رەڭ، ئاۋاز ھەم شەكىلنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى، بىرىكىشى ۋە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان غايەت جەزبىدار ھاياتنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىنى نامايىش قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەر تەبىئەت، شۇ تاپتا ئانا باغرىدىلا بولىدىغان ئىللىقلىق، ئانا كۆكسىدىن كېلىدىغان ئۇغۇز سۈتىنىڭ ھىدى ۋە ئانىنىڭ ھاياتبەخش تىنىقى بىلەن ئىشقىيارنىڭ جىسمىنى قۇۋۋەتلەپ روھىنى ئۆرىدىمەكتە ئىدى، تەبىئەت ھەم ئانا باغرىدىن زورلۇق، دۈشمەنلىك بىلەن ئايرىۋېتىلگەن چارىسىزلىك ۋە قورقۇنچ ئىچىدە

ئۆزىنىڭ ئۆلۈم سائىتىنى كۈتۈۋېرىپ يۈرىكى قان بولغان ئاجىز بوغا بالىسىنى، بۆرە بىلەن ئادەم ئارىلىقىدا غەنىيمەت قالغان تاسادىپىي هايات ۋە ئەركىنلىك تەمەسى، ئىستىقبال ۋە ئۈمىدنىڭ دەبدەبىسى بىلەن تىترىمەكتە ئىدى.

كۆرۈمسىزلىك كىشى قەلبىدە غەشلىك، ئۈمىدسىزلىك، ھەتتا نەپرەت ئويغاتقاندەك، گۈزەللىك ئادەمنىڭ كۆڭۈل چۈشكىگە تاتلىق ئەسلىمە، يېشىل رەڭلىك تەسەۋۋۇر، قۇياش كەبى مۇھەببەت تۇغۇپ بېرىدۇ...

ئىشقىيار تۆت يانچۇقىدىن چىرايلىق پۈكلەنگەن ئاق يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئاچتى. يىپەك ياغلىقنىڭ جىيەكلىرىگە نەپىس تور تۇتۇلۇپ، ئىككى بۇرجىكىگە قىزىل مەشۇت يىپ بىلەن ئىككى تال قىزىلگۈل، يەنە ئىككى بۇرجىكىگە بىر - بىرىگە قاراپ چاپچىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى كېيىكنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەنىدى. ياغلىقنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى قىزىلگۈللەر گويا قىپقىزىل يالقۇندەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. يىڭنە ئىزىنى بىلىندۈرمەي سىلىق ۋە سىپتا مەشۇت يىپتا ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن گۈل بەرگىلىرىدە قىزغۇچ شولا جۇلالاپ تۇراتتى. سېرىق مەشۇت يىپتا ئىشلەنگەن كېيىكلەرنىڭ بىرى مۈڭگۈزسىز، نازۇكراق كەلگەن؛ يەنە بىرى بولسا مۈڭگۈزلىرى شاخ ئايرىغان قامەتلىك كېيىك ئىدى. ئۇلار زېمىننىڭ ئىككى چېتىدىن چەكسىز ئىنتىزارلىق ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە بىر - بىرىگە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن

ئۇچقۇن چاچراپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى.

ئىشقىيار يىپەك ياغلىقنى بۇرنىغا تۇتاتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بۇرنىغا قىزىلگۈلنىڭ خۇش ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلغاندەك بولدى ـ دە، تومۇرلىرىغا بىر لەززەتلىك سېزىم تارقىلىپ كەتتى.

## 33

ئىشقىيار بىلەن گۈلنارنىڭ ئۆيلىرى يېقىن ئىدى. ئۇلار كىچىكىدىن بىر سىنىپتا ئوقۇدى. ئۇلار كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا بىر ـ بىرىگە ئامراق ئىدى. مەكتەپكە بارغۇچە، مەكتەپتىن يانغۇچە دائىم بىرگە ئىدى، تاپشۇرۇقنى بىللە ئىشلەيتتى. مەكتەپ بېغىدا ئىشلىگەنلىرىدە بىر زەمبىلنى كۆتۈرۈشەتتى. كەچقۇرۇنلىرى مەھەللىدىكى بالىلار قىرغاقلىرى جىگدە، تال بىلەن پۈركەنگەن غول ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىشىپ «ئاق تېرەك»، «ئانىكام»، «دۈم ـ دۈم»، «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندا ئۇ ئىككىسى ھەرقاچان بىر تەرەپ بولۇپ قالاتتى، مۆكۈشكەندە بىر يەرگە مۆكۈشەتتى. ئويۇننىڭ تەلىپى بويىچە «دۈم ـ دۈم، لەببەي ـ لەببەي» دەپ بىر ـ بىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە كۈچ بىلەن مۇشتلاش كېرەك بولسىمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە مۇشتلاشنىڭ ئورنىغا ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن شاپىلاق بىلەن يېنىككىنە پەپىلەپ قويۇشاتتى ـ دە، بالىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالاتتى. كېيىنچە «قارلىق»

چايلىرىدا ئىشقىيار تەمبۇر چالسا، گۈلنار ناخشا ئېيتىدىغان بولدى. گۈلنار ناخشىنى باشقىچە مۇڭ بىلەن ئېيتاتتى. ئۇنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق، بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك سۈزۈك، گۈل ياپرىقىنىڭ شۇۋىرلىشىدەك سېھىرلىك ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئوتتەك ھېسلار سورۇن ئەھلىنى سۆيۈندۈرەتتى. گاھىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىۋاتقان ئىشقىيارمۇ گۈلنارنىڭ ناخشىسىغا مەست بولۇپ، تەمبۇر چېلىشنى ئۇنتۇپ گۈلنارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا گۈلنار ئۇيالغىنىدىن ناخشىنىڭ سۆزىنى تاپالماي تەمتىرەپ قالاتتى ۋە ناخشىسىنى كەلگەن يېرىدە توختىتىپ ۋىللىدە قىزىرىپ يۈزىنى قولى بىلەن توسقىنىچە ئۆزىنى دوستلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكى يىگىت ـ قىزلار ئارىسىدا ئىككىسى ھەققىدە كۈلكە ـ چاقچاق كۆتۈرۈلەتتى. كۈلكە بېسىقا ـ بېسىقمايلا بەزى شوخ، كەپسىز يىگىتلەر ئوڭايسىزلىقتىن ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالغان ئىشقىيارنىڭ تەمبۇرىنى قولىغا ئېلىپ ئىشقىيارنىڭ قىياپىتىنى دوراپ گۈلنارغا قاراپ ئالىتاغىل توۋلاپ ناخشا باشلىۋېتەتتى:

*تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،*
*قىرغاۋۇلدەك خۇيۇڭغا،*
*مەستخۇش بولۇپ ناخشاڭغا،*
*ئەقلىم ئازدى گۈلنار قىز.*

*لېۋىڭ ئەسلى مارجاندۇر،*
*قېشىڭ جادى قىيغاندۇر،*
*ئەسلىڭ بەلكى ئىنساندۇر،*
*ھۆرلەر بىلەن تۇغقان قىز.*

باشقا يىگىتلەر بايىقى يىگىتكە قوشۇلۇپ جور بولاتتى:

*سىياھ زۇلپۇڭ ئەنبەردەك،*
*كىرپىكلىرىڭ خەنجەردەك،*
*ناخشا بىلەن يۈرەككە،*
*ئوت ـ گۈلخاننى ياققان قىز...*

بۇنداق چاغلاردا كۆپىنىڭ كۆلكىسى ۋە بەختىيارلىق ئىچىدىكى ئۈيلىش ھېسسى خىجىللىقتىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشەلمەي قىزىرىپ ـ بوزىرىشىپ ئولتۇرغان ئىشقىيار بىلەن گۈلنارنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلىغاندەك، ئۇلارنى بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بولۇپ، ئىشقىيارنىڭ بېشى كۆككە يېتەتتى، لېكىن ئۇلار شۇ چاغقىچە بىر ـ بىرىگە سۆز ئېچىشمىغانىدى. ئىشقىيار پەرىشتە سۈپەت بۇ قىزنى باشقا يىگىتلەرنىڭ ئوۋلاپ كېتىشىدىغان قورقىدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى گۈلنار كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ گۈزەللىشىپ كېتىۋاتاتتى. مۇھەببەت ۋە ۋەھىمە ئۇنى گاھ روھلاندۇرسا، گاھ ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى، چۈنكى ئىشقىيار گۈلنارنى تولىمۇ يۇقىرى ساناپتتى. چوڭ بولغانسېرى گۈلنار ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاددىي بىر سەھرا

قىزى، ئۇنىڭ كىچىكىدىن پومىداقلىشىپ بىللە ئۆسكەن بىر مەھەللىلىك ساۋاقدىشى، يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئاددىي سېستىراسى سۇپىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە ئىشقىيارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزىگە چەمبەرچاس باغلىۋالغان بىر قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ سىزىلىدىغان، تىكىلىپ قاراپ بولمايدىغان، كۆز چاقىدىغان بىر پارچە نۇر ـ ئاپتاپ بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئىشقىيار ئاخىرى تاقەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت ۋە چاپچىپ تۇرغان يىگىتلىك غۇرۇرى ئۆزىنى چىرمىۋالغان تارتىنىش ـ ئۇيىلىشلارنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ گۈلنارغا ئوچۇق سۆز تاشلاش قارارىغا كەلدى، بولمىسا ئۇ تۈگىمەس دەرد ـ ھەسرەتكە قالاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كۆڭلى چۈشكەن بىر قىز بالىغا ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈرەلمىسە ئىشقىيارنىڭ قەيىرىنى يىگىت دەيدۇ؟

قېنى بولغىنىنى كۆرۈشى كېرەك ـ تە!...

لېكىن، قانداق قىلىپ؟ گۈلنارنىڭ ئالدىنى توسىسۇنمۇ؟ ياق! گۈلنار بۇنداق قوپاللىقنى كۆتۈرىدىغان قىلىن ـ قاتتىق قىزلاردىن ئەمەس... ياكى خەت يازسۇنمۇ؟ ۋاي ئۆلەي! ئىشقىيار «كۆيدىمەي، ئۆلدىمەي» دېگەندەك تېتىقسىز خەتلەرنى قولتۇقلاپ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ شورا ئاتلاپ، بۇلاق بېشىدا پايلاپ يۈرىدىغان سۆيۈق يىگىتلەرنىڭ ئۆزىنى بىر پىچاققا ساپ قىلمايدۇ. ئەمىسە... مەشرەپلەردە «چاي» تۇتۇپ بېيىت بىلەن كۆڭلىنى بىلدۈرسۇنمۇ؟... شۇنچە كۆپنىڭ ئالدىدا، مەھەللىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ كۆزىچە چوپچوڭ بولسىمۇ يۈزى ئېچىلمىغان بىر يىگىتنىڭ:

جىنىم خىنىم، جانان خىنىم،
بىيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ، خىنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ، خىنىم،
ئاشىق مەن خۇمار، خىنىم.

دەپ بېيىت ئوقۇشى ئۆتۈپ كەتكەن شاللاقلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇق ـ جەمەت، قولۇم ـ قوشنىلار ئىشقىيارنىڭ سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۇشۇپ قولىدا بىر دەستە گۈلنى تۇتقىنىچە گۈلنارنىڭ ئالدىدا بىر پىرقىراشتا بىر تەزىم قىلىپ غىلجىڭلاپ يۈرگىنىنى كۆرسە نېمە دەپ قالار... «ۋاي ـ ۋۇي، ئوسمان چوڭنىڭ مۇنۇ نەۋرىسىنى بىر يىگىت دەپ يۈرسەك، تۇرغانلا بىر ۋايدادەي ئىكەنغۇ؟» دېيىشمەسمۇ؟ ئاتا ـ ئانىسى نومۇس قىلىپ يۈزلىرىنى توسقىنىچە مەشرەپ سورۇنىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشەر ئىگەكىمبار؟...

قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرى ئۆزاپ، دالا ـ تۈزلەر، ئېتىز ـ قىرلار يۇمشاپ ـ كۆبجۈپ سەمرىشكە باشلىدى. ئىگىلىكنىڭ جىددىي ئىش كۈنلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ئىشقىيار گاھىدا ئېتىز بېشىدا، گاھىدا ئۆيدە «دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ» ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپ يۈردى. مۇشۇ قىسقىغىنا چاغلاردا قىر ئەمگىكى بەك ئېغىر، ۋاقىت تولىمۇ قاتلاڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقىيار ئائىلە نامىغا بېرىلگەن كۆتۈرە يەرنىڭ ئاساسلىق جوڭقۇرغۇچىسى، جىمى ئىش دېگۈدەك بىر شۇنىڭغا قاراشلىق، دادىسى ئانچە ـ مۇنچە «تاغچىلىق» قىلىدۇ. بۇ بوۋىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى، «يەرگىلا چەكچىيىپ قالغان دېھقان

پەقەت قورساقلا باقالايدۇ، ئادەم دېگەنگە ئادەمدەك ياشايمەن دېسە يەنە نۇرغۇن نەرسە لازىم بولىدۇ، لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ئېتىز بېرىپ بولالمايدۇ. تاغ خەلقى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلىشىپ تۇرغۇلۇق» دېگەنىدى بوۋاي...

## 34

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ماڭلىيىغا جايلاشقان «ئۇلۇغئارت» يېزىسىدا گۈل پەسلى، ھەممە يەردىن گۈپۈلدەپ گۈل ھىدى كېلىدۇ. گۈللەپ ـ باغجانلاپ، گۈۋۈلدەپ ياتقان تۇتاش ـ تۇتاش قاراڭغۇ باغلاردا تۇرلۇك قۇشلار ۋىچىرلاپ سايرىشىپ، توپ ـ توپى بىلەن چۇرۇلدىشىپ ئۇچۇشىدۇ. غۇچچىدە گۈل ـ چېچەككە كۆمۈلگەن كەڭرى دالادا كېپىنەكلەر پىلدىرلىشىپ يۈرۈشىدۇ.

سېخىي تاڭ قۇياشى، كۆكلەم يېزىنىڭ بېتىنى زەر نۇر بىلەن يۇيماقتا. ھەممىلا يەردە ئالتۇن نۇر، يېشىل رەڭ جىلۋىسى بالقىپ تۇرىدۇ... يېزا ئاسمىنىدا، قاراڭغۇ باغلارنىڭ ئۈستىدە، ئېتىز ـ قىرلارنىڭ تۆپىسىدە، ئۆستەڭ بويىدىكى قويۇق جىگدىلىكنىڭ چۆرىسىدە ئەتىگەنلىك چايغا ئوت يېقىلغان ئوچاقنىڭ مورىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن تېزەك ئىسى ئاداققى تاڭ تۇمانىغا ئارىلىشىپ لەيلەپ يۈرەتتى.

بۇ دەل «جىگدە پۈرىقى» كۈنلىرى بولۇپ، ھەممىلا يەردە كۆزگە تاشلىنىپ چېچەكلەپ گۈۋۈلدەپ تۇرغان

جىگدىنىڭ ئالتۇن چېچەكلىرى تېخى ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان بالىلارنىڭ ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى خۇددى چاچراپ چىققان ئۇچقۇندەك چاقىدۇ. شۇ كۈنلەردە قىزلار جىگدە چېچەكىنىڭ ئالتۇندەك جۇلالىق رەڭگى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقىغا بەك سەزگۈر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزى مەيگە ھېرىس بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇرىغا يوشۇرۇپ كىشىلەرنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىدىغان خۇپىيانە سىرلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ مەيگە يېقىن كېلەلمەيدىغان ئادەمگە ئوخشاش، قىزلارمۇ جىگدە چېچىكىگە تولىمۇ ئامراق كېلىدۇ - يۇ، يەنە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ... چۈنكى يېڭى جىگدە چېچەكىنىڭ خۇش ھىدى ئۇلارنىڭ ئەزاسىنى بىھوشلاپ ئاجىزلىتىپ، كۆڭلىنىڭ ئەڭ خۇپىيانە يەرلىرىدە ئەمدىرەك بىخلىنىپ يېتىۋاتقان سىرلىق تۇيغۇلىرىنى ئۇشتۇمتۇت ئويغىتىپ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ناھايىتى ئۇياتچان قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىنلا ئۇياتلىق خىياللارنى ئويغىتىپ، ئۇنى سەبىي ۋە گۈزەل قىزلىق ئارزۇسى ھەم بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئانا بولۇش ئىستىكىگە بەند قىلىدۇ. ئويغانغاندا ئۆزلىرىنى ئىزا تارتقۇزىدىغان چۈشنىڭ قۇدرىتى بىلەن نومۇسچان قىزلارنى ۋەسۋەسە ۋە غۇلغۇيچىلىققا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزلىق ھېسسىياتى جۇشقۇنلاپ تۇرغان كۆڭۈللىرىنى گۈل باھار، يېڭى تاڭ ۋە ياشلىق ھەۋىسىنىڭ خۇشاللىقىدا ئىزتىراپ قىلىدۇ...

كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان تازا قۇياش گويا «ئۇلۇغئارت» ئاسمىنىدا چەكسىز باياۋاننىڭ لېۋىگە خۇددى بىر تال خالدەك ئورۇنلىشىپ قالغان بۇ

كىچىككىنە يېزىغا ھەيران بولغاندەك تىكىلىپ بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندى. ھەممە يەر نۇر ئىلكىدە چاراقلاپ يالتىرايتتى. پۈتۈن مەھەللە كالا تېزىكىنىڭ كۆكۈچ ئىسى بىلەن يەردىكى ياشناپ تۇرغان دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھنىڭ يېشىللىقىدىن ھاسىل بولغان لوغۇلداپ تىترەپ تۇرغان يۇپقا نەپىس يالتىراق پەردىگە ئورالغانىدى. ھويلا ـ ئارامدىكى گۈللۈكلەردىن، باغلاردىن گۇپۇلدەپ كېلىۋاتقان گۈل ھىدى، جىگدىلىكلەردىن كېلىۋاتقان جىگدە چېچىكىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى ھەمدە ئۆي ـ ئۆيدىن تارقىلىۋاتقان كۆيگەن كالا تېزىكىنىڭ، ئەتكەنچاينىڭ خۇش پۇرىقى قوشۇلۇپ گويا خىلمۇخىل ئىسىل خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەخسۇس تەييارلانغان خۇشبۇي دورىنىڭ پۇرىقىدەك كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى قوزغۇتۇپ، سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ بېشىنى قايدۇرغاندەك بولاتتى.

مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن سۇزۇك ۋە مۇڭلۇق نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا دوقمۇشتىن ياۋىداق ئاتقا سىڭار يان مىنىپ، كىگىز مالخىيىنى نوچىلارچە قىرلاپ كىيىۋالغان ياش چوپان يىگىت قومۇش نېيىنى «باياۋان» ئاھاڭىغا سوزۇپ چېلىپ چىقىپ كەلدى. قورۇ ـ جايلاردا ئىنەكلىرىنى سېغىۋاتقان خوتۇنلار چوپاننىڭ نېيىنى ئاڭلاپ سېغىشنى توختىتىپ سۈت كورىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىنەكلىرىنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتىشتى. ئەمدىلا يوتقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقان ئىشتانسىز ئوغۇل باللار چۇقۇرشۇپ بىلەن ئىنەكنىڭ ساغرىلىرىغا ساۋىشىپ ئىنەكلەرنى چوپاننىڭ پادىسىغا قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن كوچىغا ھەيدەپ

چىقىشتى. باياتىندىن بىرى ئاندا ـ ساندا ئېشەكلەرنىڭ هاڭرىشى ۋە ئىتلارنىڭ قاۋىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر خىل يېقىملىق سەھەر، جىمجىتلىقتا چۆمگەن يېزا ئىچى بىردەمنىڭ ئىچىدە مۇزىيىدىن ئايرىۋېتىلگەن ئىنەكلەرنىڭ، ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن موزايلارنىڭ ئاچچىق ـ ئاچچىق مۆرەشلىرى، «ھۆش ـ ھۆش» دەپ ئىنەك قوغلاپ يۈرگەن كىچىك باللارنىڭ، قىز ـ چوكانلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن لەرزىگە كەلدى. كالا پادىسىنىڭ ئايىغىدىن قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. ئەركەكلەرنىڭ هاي ـ ھۇيلىرى، ئاياللارنىڭ زىل، چىرقىراق ئاۋازدا باللارنى قىچقىرىشلىرى، ئىنەك، موزايلارنىڭ مۆرەشلىرىدىن ئۇركۇگەن ھەممە قورۇنىڭ ئىتلىرى تەڭلا قاۋاشقا باشلىدى. يېزىدا ھەر كۈنى بىر خىلدا داۋام قىلىۋاتقان بۇ بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ سىرتىدا قېلىشنى خالىمىغان ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ، ئۆچكە ـ قويلارنىڭ بەس ـ بەس بىلەن كىشنەشلىرى، هاڭراشلىرى، مەرەشلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاڭلىنىپ يېزىغا خاس تاڭ قىزغىنلىقىغا ئالاھىدە تەنتەنە كىرگۈزۈۋەتتى.

يېزا ئاسمىنى، بىپايان دالا، باغىباراڭ، تۈزلەڭ ـ ئوتلاقلار بىر كۈنلۈك ھايات دەبدەبىسىگە قەدەم قويۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن تىترەيتتى. بىردىنلا ھەممە يەردە ھايات شاۋقۇنلاپ كەتتى. «ئۇلۇغئارت» يېزىسىدا تۇرمۇش سىمفونىيەسى مانا شۇنداق باشلاندى.

ئۆستەڭ بويىغا قاراپ سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى يالغۇز ئاياغ يولدا رەڭدار نېپىز رومال بىلەن

چېكىلىرىنى تېڭشۇپ‌پىلىپ گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان خوتۇن - قىزلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چېلەك، بەزىلىرى سوغا - مالتاق كۆتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى بولسا قىرىن، چاناچ يۈدۈۋالغان ۋە بەزىلىرى يوغان سۇ قاپقىنى باشلىرىغا، مۈرىسىگە قوندۇرۇۋالغان ياكى ئۆشنىسىگە يۈدۈۋالغانىدى.

بۇ يالغۇز ئاياغ يولنىڭ ئىككى تەرىپى قويۇق پىچانلىق ئىدى. پىچانلىق تاڭنىڭ مەيىن شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بىنەپشە رەڭ پىچان چېچەكلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. ھەر خىل كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلىرى پىچانلىقتا پىچان چېچەكلىرىنى ئەگىپ بىر - بىرى بىلەن قوغلىشىپ يۈرەتتى. خۇددى قىزنىڭ بىر تال ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈۋالغان سۇمبۇل چېچىدەك تار ۋە ئۇزۇن كەلگەن يالغۇز ئاياغ يول قويۇق پىچانلىقنى ئارىلاپ تولغىنىپ - تولغىنىپ ئۆستەڭ بويىدىكى قويۇق جىگدىلىككە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. ۋۇجۇدىدا كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ۋە ساغلام خوتۇن - قىزلار خۇددى قاقىرلاردەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار دەسلەپىدە بىر - بىرى بىلەن ئادەت بويىچە تەزىم قىلىشىپ تىنچلىق سوراشتى. بىر - بىرىنىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئېلىشىپ بولۇشقاندىن كېيىن سەھرا ئاياللىرىغا خاس تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشتى، سۆز ئويۇنى قىلىشتى. گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قويۇق جىگدىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان غول ئۆستەڭنىڭ مۇزدەك سوغۇق ۋە سالقىن سۈيىدە يۈز - كۆزلىرىنى

يۇيۇشقاچ قەلبىدە ئۆرتەۋاتقان باھارلىق خۇمارىنى بېسىشالماي بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشتى، ئەرزىمەس ئىش ئۇچۇن جىگدىلىكنى بېشىغا كىيىپ تولغىنىپ قاقاھلاپ كۇلۇشتى ۋە قايسىبىرلىرى ئۆستەڭنىڭ تېپتىنچ ئېقىۋاتقان تىنىق سۈيىگە تىكىلگىنىچە مۆڭلىنىپ قالغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن پەرداز كۆرمىگەن، ئاپتاپ ۋە شامالدا خۇددى ناندەك قىزىرىپ پىشقان تازا، ساغلام، شەھەرلىكلەردەك ھېچ ئەرزىمىگەن ئىش ئۇچۇن ۋايىم يېمىگەچكە تېخى قورۇق يېقىن كەلمىگەن بۇدرۇق، چىڭ، بېجىرىم يۈزلىرى مۇزدەك ئۆستەڭ سۈيىدە يۇيۇلغاندىن كېيىن خۇددى پاكىز سۈرتۈلگەن مىس ئەينەكتەك يالتىراپ كېتىشكەندى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ تازا يۈرىكىدىن بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان سادا ۋە قوۋناق كۈلكە بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايى تېخىمۇ نۇرانىلىشىپ ئاپتاپتەك يالتىراپ، جىگدە دەرىخى گۈۋۈلدەپ، قىرغاقلىرىنى ياپيېشىل كوكات، چىمەن قاپلىغان بۇ قەدىمكى ئۆستەڭ بويىغا ياشاش خۇشاللىقىنى، ھايات جۇشقۇنلۇقىنى بېغىشلىماقتا ئىدى.

قىز ـ چوكانلار ئۆستەڭ بويىنى بىر دەم بېشىغا كىيىشكەندىن كېيىن چېلەك، سوغا، قاپاقلىرىغا سۇ ئېلىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قاتارلىشىپ مەھەللە ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى. تاڭ شامىلى ئۇلارنىڭ رومىلىنىڭ ئۇچلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدەتتى. ئۇلارنىڭ قاپاق، سوغىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشلىرىمۇ شۇنچە سىپايە، يەڭگىل ۋە نازاكەتلىك ئىدى. ئۇلار چېلەك، سوغا،

قاپاقلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېچ سەزمىگەندەك، يەڭگىل چامداپ خۇددى ياۋا كەكلىكلەردەك لىكىلدىشىپ يورغىلىشىپ مېڭىشاتتى.

قىزلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كېتىۋاتقان زىلۋاغىنا كەلگەن قارىقۇمچاق قىز چۆپلۈكنىڭ چېتى تەرىپىگە نەزىرىنى ئاغدۇرغاندەك قىلدى ـ دە، ئورنىدا توختاپ قالدى. دىلىغۇل بولۇپ يەنە ماڭدى، لېكىن ئۇنىڭ نازۇك ئاياغلىرىنى چىغىر يولنى پۈركەپ ياتقان پىچانلار باغلىۋالغاندەك يەنە توختاپ قالدى، ئۇنىڭ خوتەن كېپىكىنىڭ كۆزىدەك گۈزەل كۆزلىرىدە بىر بىئاراملىق ئەكس ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇرىسىدىكى قاپاقنى يەرگە ئاستاغىنا قويدى ۋە پىچانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە بىر ھاياجان ئىچىدە تەلمۈرۈپ قارىدى. قىزنىڭ قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلىرى تال بوستاندەك ئۇنىڭ نازۇك خۇش پىچىم گەۋدىسىنى يېپىپ ئەۋرىشىم بېلىدە ئويناپ تۇراتتى.

چۆپلۈكنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر يىگىت تاراسلاپ ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئات سۇغارغىلى ماڭغاندەك ئېتىنى جىگدىلىككە قاراپ چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. قىز كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن كېتىۋاتقان قىز ـ چوكانلارغا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاراپ قويدى. ئۇلار بۇ قىزنىڭ ئوغرىلىقچە ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالغانىدى. قىز ئاستا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ جىگدە بىلەن پۈركەنگەن ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يۈگۈردى. ياۋىداق ئېتىنى سۇغا قويۇۋەتكەن ھېلىقى يىگىت جىگدىلىكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. قىز يېتىپ كېلىشى ھامان بايىقى يىگىت يوشۇرۇنۇپ تۇرغان

يېرىدە كۆلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. بۇ يىگىت بەكمۇ قاۋۇل، بەستلىك ئىدى. قىز گويا بىرنەرسىنى چۈشۈرۈپ قويغاندەك كۆزى بىلەن ئەتەي ئوت - چۆپ ئىچىنى ئاختۇرۇپ تىمىسقىلاپ ئۆستەڭ قىرغىقىغا كەلدى. بايىقى بەستلىك يىگىت قىزدىن بەتتەررەك قىزىرىپ - تاتىرىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىزغا يېقىنلاشتى. قىز چۆچۈگەندەك ئۆنىگغا تىكىلدى، لېكىن ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. سۇ ئىچىۋاتقان ئات شۇنچە خالىي ۋە پىنھان جايدىمۇ يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر - بىرىدىن بۇنچە تارتىنىپ تۇرۇشقىنىغا ھەيران بولغاندەك جامدەك يوغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ بېشىنى سىلكىپ پۇشقۇرۇۋەتتى، قىزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالاتتى، يىگىتنىڭ ھەلقۇمى تىنىمسىز قىمىرلايتتى. ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. ئاخىرى قىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاپىقى قالغان يەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بوزغا چىقمىز... قىزلار بىلەن... شۇ يەردە... گۈل سەيلىسىگە...

يىگىت قىزنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى. قىزنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىدا خۇددى بىر يېقىملىق ناخشىدەك جاراڭلاپ كەتتى.

قىز سۇ قاپىقىنى مۈرىسىگە ئېلىپ پىچانلىقنى ئارىلاپ ئۆششاق چامداپ مېڭىپ كەتتى. قىزنىڭ چېكىسىنى تېڭىۋالغان رەڭدار ياغلىقى ۋە گۈللۈك نېپىز كۆڭلىكى تاڭنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا يەلپۈنەتتى. كەڭرى پىچانلىقنى ئارىلاپ، خۇددى تۇزدەك لاتاپەت بىلەن كېتىۋاتقان بۇ دىلبەر شۇ تاپتا گويا كۆك چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋلىنىپ تۇرغان يالغۇز گۈلدەك كۆرۈنۈپ

قالدى. قىز پىچانلىقنىڭ چېتىدىكى ئەتراپى جىگدە، جىغان، يانتاق، تال بىلەن بوٓكىدە قورشالغان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يىگىت تۇرغان تەرەپكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ خۇددى تۇمۇچۇق قويۇق دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كۆرۈنمەي قالغاندەك يېشىللىق قاپلىۋالغان قورۇغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. قىز كەتكەن تەرەپكە قاراپ كۆزى تالغان بايىقى يىگىت ئىرغىپ ئېتىغا مىنىپ مەھەللە ئىچىگە قاراپ ئوق ئۈزگەندەك چېپىپ كەتتى.

يىگىت ئۆز قورۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئاتنى قورۇنىڭ ئالدىدىكى تېرەككە باغلاپ قورۇغا كىردى.

قورۇنىڭ ئىچى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چاقچانغىنا گۈللۈكتە بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان خىلمۇخىل گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قورۇنىڭ ئىچىنى يېڭى ياقچان مەززىلىك ناننىڭ پۇرىقى بىر ئالغانىدى. يىگىت پاكىز سۈپۈرۈپ، شىرداق سېلىپ قويۇلغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئىشقىيارنىڭ ئاپىسى قورۇنىڭ نېرىقى چېتىدىكى بۇلۇڭغا سېلىنغان تونۇرغا نان يېقىۋاتاتتى. نان يېقىشقا ياردەملىشىشكە كىرگەن قوشنا ئاياللار بىلەكلىرىنى جەينەككە تۈرۈۋېلىپ زۇۋۇلا راسلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى چېكىسىنى گۈللۈك ياغلىقتا تېڭىۋالغانىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن خېمىر راسلىغاچ كۈلۈشۈپ قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى.

ئىشقىيارنىڭ ئاپىسى تونۇردىن بېشىنى چىقىرىپ ئىشقىيارنى كۆردى. تونۇردىكى ئوتنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ

ئاق ۋە سۇزۇك چىرايى شۇ تاپتا قوقاستەك قىزىرىپ يېلىنجاپ كەتكەندى. ئۇ چەككۈچ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان يولغۇن ياغىچىنى لېۋىگە قىستۇرۇۋالغانىدى.

— ئەمدى كېلىشكىمۇ، بالام، — دېدى يىگىتنىڭ ئانىسى لېۋىگە قىستۇرۇلغان يولغۇن ياغىچىنى ئېلىۋېتىپ ئوغلىغا كايىغاندەك قىلىپ، — نە چاغ بولدى... شۇنچە بىخەستە بولارسەنمۇ؟ ئىتتىك ناشتا قىلىپ ئېتىڭنى ئېگەرلە، — ئۇ قولىدىكى يەڭلىكنى يەنە بىر ئايالغا بېرىپ تونۇر بېشىدىن چۈشتى.

— بوۋام قېنى، ئاپا؟...

— گۈل سەيلىسىنىڭ سورۇن بېشى شۇ ۋاققىچە ئۆيدە ئولتۇرامدۇ؟ نەكەم بوزغا چىقىپ كەتكىلى... مەيدان راسلىشىۋاتقاندۇ تايىن...

گۈل سەيلىسىنىڭ دەبدەبىسى ئۇلۇشكۈنلا باشلىنىپ كەتكەندى. مەھەللىلىكلەر سەيلە تەييارلىقىدا ئالدىراش ئىدى. ئىشقىيارنىڭ بوۋىسى ھەممىدىن بەكرەك ئالدىراش ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەر يىلى بۇنداق سەيلىدە توپ بېشىلىقنى ئۈستىگە ئالاتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان بۇ تىنىمسىز بوۋاي مەھەللىنىڭ بەيگە ئوغلاقچىلىرىنى تەشكىللەش، قوشنا مەھەللىدىن كېلىدىغان چېلىشچى، بەيگىچىلەرنى كۈتۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇسسۇل، بەزمە سورۇنلىرىدا نەغمىچى، ئۇسسۇلچىلارنى تەقسىم قىلىش ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئىشقىيار ئۆز قولى بىلەن بۇ يىلقى بەيگىگە بىر تايىنى تەييارلاپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ يېقىندىن بېرى شۇ تاي بىلەن ھەپىلىشىپ بوۋىسى بىلەن بىللە بولالمىغانىدى. بۈگۈن

بوۋىسى بىلەن بوزغا بىللە چىقىشقا كىلىشكەنىدى، لېكىن ئۇ كېچىكىپ قالدى... بوۋىسى كايىپ كېتەرمىكىن ئەمدى. كايىسا كايىپ قالار... بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كايىشلار تەسىر قىلالمايدىغان كۈن ـ دە! چۈنكى بۈگۈن ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈل سەيلىسى قىلىدۇ!...

ئىشقىيار مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۈپىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە تېخى يېڭىراقلا ئېچىلىپ خۇددى «مېنى ئۈزۈۋال» دېگەندەك يېنىك تەۋرىنىپ جىلمىيىشىپ تۇرۇشقان گۈللەرگە ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۆز تاشلىدى.

ئىشقىيارنىڭ ئاپىسى سۇپىدىكى شىرداقنى سىيرىپ سۈپۈرۈۋېتىپ داستىخان سالدى. شۇ ئارىلىقتا ئىشقىيار ئاپىسىغا تۇيدۇرماي گۈللۈكتىكى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىزىلگۈللەرنىڭ ئىچىدىن بەش تال گۈلنى تاللاپ ئۈزۈپ ئالدىراپ قوينىغا سېلىۋالدى ـ دە، گويا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك سۈپىغا كېلىپ داستىخاننىڭ يېنىغا ئولتۇردى. قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان مۇھەببەت ئوتىدا ئىزتىراپ بولۇۋاتقان بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ چوڭلا ئەر بولۇپ قالغىنىغا قارىماي بىرىگە كۆيۈۋاتقىنى ئۈچۈن ئاپىسىدىن ئۇيالغانىدى. ئۇ قەلبىدىكى بۇ پاك ۋە تۇنجى مۇھەببىتىنى ھېچكىمنىڭ سېزىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

ئاپىسى تېخى يېڭىلا تونۇردىن سويۇۋېلىنغان ئىسسىق نان بىلەن ئاپقۇردا يېڭى قايماقتا راسلانغان چاي كەلتۈردى. شۇ ھامان ئىشقىيارنىڭ دىمىقىغا سۈت، ياغ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، يۇزىگە كۈنجۈت، سىيادان، پىياز

سىپىلگەن ناننىڭ مەززىلىك ھىدى كېلىپ ئۇرۇلدى. تونۇردىن يېڭىلا قومۇرۇلغان نان قىپقىزىل يالقۇندەك شولا چاچاتتى، ئۇنىڭدىن يېلىنجاپ تۇرغان ئوتنىڭ تەپتى كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق ئىشتىھانى غىدىقلاپ ئىغىزغا سېرىقسۇ كەلتۈرەتتى. ئىشقىيار ئىسسىق ناننى قولىغا ئېلىپ خۇددى ئوشتۇشقا قىيمىغاندەك ئاۋايلاپ سۇندۇردى ۋە بىر بۇردا ناننى خۇددى بوۋىسى ئۆگەنكەندەك «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ ئاغزىغا سالدى.

ئاھ!... ئۇيغۇر نىنى! ئۇيغۇر ئەمگىكىنىڭ پارلاق لەۋھەسى! ئۇيغۇرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك جەڭگىۋار تارىخىنىڭ شانلىق ئابىدىسى! ئۇيغۇرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى! مېھماندوست ئۇيغۇرنىڭ سېخىي كۆڭلى! پاكلىق ـ ھالاللىقنىڭ نىشان ـ بەلگىسى! ئوتلۇق ئانا مېھرىنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى! ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى!

ئۇيغۇر بالىسىنىڭ تىلى چىققاندا «ئانا»، «نان» دەپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چېھىر ـ چىرايى توقاچ نانغا ئوخشىتىلىدۇ. ھەرقانداق ئۇيغۇر جەڭگە ياكى سەپەرگە ئاتلانسا بەلبېغىغا نان تۈگۈۋالىدۇ. بۇ نان جەڭ ئۈستىدە ئانا ۋە ئانا يەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، جەڭچىگە مەدەت قىلىدۇ، سەپەر ئۈستىدە يولۇچىنىڭ ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەر، مۈشكۈل، رىيازەتنى يېڭىشى ئۈچۈن ئىشەنچ ۋە كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

نان مېھمان ئۈچۈن ساھىبخانىنىڭ ئوتتەك ئىسسىق مېھرىنىڭ، پاساھەتلىك، چىرايلىق سۆزىنىڭ، ئاق ۋە توغرا نىيىتىنىڭ، مېھماننىڭ كەلگىنىگە

شادلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى، مېھمانغا بىلدۈرگەن ھۆرمەتنىڭ نەمۇنىسى بولىدۇ. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلار كېلىن بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ تەربىيەلىنىشىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆلچەشتە ئۇ قىزنىڭ نان ياقالايدىغان ياكى ياقالمايدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئالىدۇ.

ئۇيغۇر ناننى بېزەپ قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. كۆرگەنلا يەرگە نان پارچىلىرىنى تاشلىغان، دەسسىگەن ئادەملەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. كىشىلەر ھەرقانداق مول زىياپەتتىمۇ داستىخانغا چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى بىر تالدىن تېرىپ ئاغزىغا سالىدۇ. بەزمە ـ سورۇنلاردا نەغمىچى ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ سورۇن ئەھلىنى رازى قىلغىنى ئۈچۈن ئادەتتە كىچىك بالىلارغا بالا ـ قازا كەلمەسلىكى ۋە كۆز تەگمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈيدۇ. بىرەر ئىش ئۈستىدە قەسەم قىلىشسا خۇددى «چىراغ تۇرۇپتۇ»، «كۈن تۇرۇپتۇ»، «يەر تۇرۇپتۇ» دېگەندەك، «نان تۇرۇپتۇ»، «نان ئۇرسۇن»، «يېگەن ناننىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن» دەپ قەسەم ئىچىشىدۇ. ناننى كۈن، زېمىن، يورۇقلۇق بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ ئۇلۇغلايدۇ. نان دەسسەپ قەسەم ئىچىش ئەڭ قورقۇنچلۇق قەسەم سانىلىدۇ. يۇرتىغا، ئۆز قوۋمىغا، ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى «تۇزكورلار»، «ئانا سۈتىگە، ئاق نان بېرىپ باققان ئانىسىغا خىيانەت قىلغان مۇناپىق» دەپ قارغىشىدۇ.

شۇنداق! ئۇيغۇر دېگەن شۇنداق خاسىيەت تاپقان

بەختىيار خەلقكى، باشقا ئەلنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىرلا قۇياشى بولسا، ئۇيغۇرنىڭ ئىككى قۇياشى بار، ئۇنىڭ بىرى ئاسماندىكى قۇياش؛ يەنە بىرى ئانىسى ياققان نان. ئاشۇ نان پۈتۈن بىر مىللەتنى باققان، ئۆستۈرگەن، زورايتىپ كۆچەيتكەن، گۈللەندۈرگەن، ئۇنى ئەسىردىن ئەسىرلەرگە مەزمۇت، بەرجەس ھالدا ساقلاپ كەلگەن.

نان ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى باغلىغۇچى، نان ئانىنىڭ يۈزى، نان ئانىنىڭ مېھنىتى. نان ئۇيغۇرنىڭ مۇھەببىتى، ناخشىسى. نان ئۇيغۇرنىڭ باغرى. ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنىڭ بەلگىسى — ئانىسى ياققان ئاشۇ ناننى مۇقەددەس بىلىش - بىلمەسلىكتە، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەد تۇزكورلۇق قىلماسلىقىدا.

شۇ تاپتا ئىشقىيارغا ناننىڭ تەمى باشقىچە مەززىلىك تېتىپ كەتتى. ئانىسى قويۇق قايماق بىلەن راسلانغان چايغا ناننى ئوشتۇپ سېلىپ، لىققىدە نان چىلانغان ئاپقۇرنى پاكىز يۇيۇلغان ياغاچ قوشۇق بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. شۇ چاغدا ئىشقىيار نان، قايماق ۋە يەنە ئاللىقانداق خۇشبۇي بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئانا ھىدىنى ھىدلىدى.

— تېپىشقا ئىشىنەلەمسەن؟ سېنى قىزارتىپ قويامدۇ؟ — دېدى ئانا قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ ھەۋەس بىلەن چاي ئىچىۋاتقان ئوغلىغا ئىچ - ئىچىدىن مەستلىكى كەلگەندەك، ئۆز بالىسىغا ئۆزىنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشىدىن قورقىدىغان ئانىلارغا خاس قورقۇنچ ئىچىدە تىكىلىپ.

— ئۇنداق بولماس دەيمەن، ئانىجان، — دېدى

ئىشقىيار ئاغزىغا لىققىدە تولدۇرۇۋالغان ناننى ئالدىراپ يۇتۇپ،— ئۈچ كۈندىن بۇيان يارتىپ، مولجالاپ يۈرمەن، ئاياغلىرى خېلى قۇۋۋەتلىك تۇرىدىغۇ...

— هارغۇزۇپ قويدۇڭمىكىن دېگۈم كېلىدۇ... «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېيىشىدۇ، سەنغۇ بىر نۆرە، بوۋاڭ قىزىرىپ قالمىسىلا شۈكۈر، كۆپىنىڭ ئىچىدە...

— ياقەي... بوۋامۇ زەن سېلىپ يۈرىدىغۇ... ئۇ تايغا ئىشەنچ قىلالمىسا ماڭا: «قوي، بولدى، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى خۇش قىلىپ يۈرمە، بۇ نېمەڭ بەيگىگە يارىمايدۇ» دەر ئىدى... هازىرغىچە ئۇنداق سۆزنى ئاڭلىمىدىمغۇ، بىكارغا ۋەھىمە يەيسىز - دە، ئانىجان... بوۋام سىزگە بىرەر نەرسە دېدىمۇ - يا... بۈگۈنلەردىن كۆڭلىگە بىرەر ئىش كەچكەن بولسا ئۇنى ئۇقمىدىم.

ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى:

— ياق... سېنى ساقلاپ كېتىپ قالدى. باشقا بىر نەرسە دېمىدى. «قورسىقىنى ياخشىلاپ تويدۇر ساقاڭنىڭ...» دېدى، پەقەت دېگىنى شۇ بولدى. ئۆزۈمچىلا دەيمىنا؟ ئۆزۈڭگە مەھكەم بول، ئۆيدە ئۇزۇن هايال بولما، دەررۇ ئاتلان... بىزمۇ ئارقاڭدىن يېتەرمىز...

يىگىت چېيىنى ئىچىپ قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ ئاتنى تاڭتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. يىگىت ئاتلىنىپ بوز تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئانا كېلىپ يىگىتنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى ۋە قوللىرىنى يېيىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ قالدى، ئاندىن قولۇم - قوشنىلار بىلەن تونۇر بېشىنى بېسىقتۇرۇپ،

ئۇلارغا نانۇشتا قىلىپ بېرىپ ھارۋا بىلەن بوزغا چىقىشقا تەرەددۇتلاندى.

# 35

ئىشقىيار ئەزاسىدىن تەر قۇيۇلۇپ، كۆكسى ئۆرىدەپ، چاپچىپ تۇرغان ئات ئۇستىدە قىيپاش ئولتۇرغىنىچە كۆزلىرىنى بەيگە پەللىسىنى ئارىغا ئېلىپ چۆرىدىشىپ تۇرغان ئالىمان ئىچىگە يۇگۇرتۇپ چىقتى. تاي ھەرھالدا ئۇنى «قىزارتىپ» قويمىدى. بىرىنچى بولالمىسىمۇ ئۇچىنچى بولدى. يەتتە يېزىدىن يىغىلغان بەيگە ئاتلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇچىنچىلىكنى ئېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەيگىگە قاتنىششى تۇنجى قېتىم ئىدى. بۇ قېتىمقى نەتىجە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئەلا نەتىجە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

كەڭرى تۇزلەڭدە ئادەم «قىم - قىم» قىلاتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە چېدىر - ساتمىلار قۇرۇلغانىدى. تىزىپ قويۇلغان ھارۋىلارنىڭ سانى يوق ئىدى.

بۇ بەيگىگە ناھىيەدىنمۇ مېھمانلار كېلىشكەنىدى. ئۇلار ئىشقىيارنى ماختاشتى. ئىشقىيار قىزاردى، ئىشقىيار كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ناھايىتى ئۇزۇن يول بېسىپ كېلىشكەن مۇشۇ كاتتا ئادەملەرنى كۆزدىكى قوغۇن سەيلىسىدە بىر تاڭ قالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ناھىيەدىن چىققان مېھمانلار ئۇنى قۇشبېشى ئېگەر بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇنىڭ قولىنى سىققاندا ئىشقىيار

ئۇلارنى كۆزلۈككە قوغۇن سەيلىسىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. رەھبەرلەر كۈلۈشتى ۋە «چوقۇم كېلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى. ئىشقىيار ئېگەرنى مەھەللىلىك قوشنىسىنىڭ هارۋىسىغا تاشلاپ بەيگە مەيدانىدىن ئايرىلدى. ئۇ توپ ئىچىدىن بوۋىسى ۋە ئاپىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇ توپنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ بوۋىسىغا سالام قىلدى. بوۋاي نەۋرىسىنى قۇچاقلىدى، ئانا ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىدى، كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆز يېشى قىلدى.

ئىشقىيار ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئېتىغا مىندى ۋە نەغمە قىلىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، چېلىشىۋاتقان، پۇت توپى، ئات توپى ئويناۋاتقان، دارۋاز، سارغايدى ئويۇنىنى كۆرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ توپلىرىنى ئارىلاپ كېتىپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئۇ توپ ئىچىدىن شۇنچە ئىزدەپمۇ ئىزدىگىنىنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ شاۋقۇن - سۈرەن دولقۇنلاۋاتقان بۇ مالىمان ئىچىدىن ئايرىلىپ ئاتنىڭ بېشىنى غول ئۆستەڭ تەرەپكە قويۇۋەتتى.

ئۇ ئۆستەڭ بويىچە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ جىگدىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى چىملىقتا بىر توپ قىزلارنىڭ تۆتقۇلاق ئىزدەپ يۈرۈشكىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقان ئادىمى دەل شۇ قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. قىزنىڭ قولىدا بىر تۇتام تۆتقۇلاق تۇراتتى.

قىزلار ياشىنىغاندا قىزلار ئۇچقۇلاق ئۇنۇپ چىققان دالاغا چىقىپ تۆتقۇلاق ئىزدىشىدۇ، تۆتقۇلاق بەخت - قۇتنىڭ بەلگىسى، ئۇلار: «كىمكى تۆتقۇلاق تېپىۋالسا شۇ

قىز ئىكاھتا بەختلىك بولىدۇ. كۆڭلىدىكى يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ، لېكىن تۈتقۇلاق بەك ئاز ئۇچرايدۇ. خۇددى ھەممىلا ئادەم بەختلىك بولۇۋەرمىگەندەك، ئۇنى تېپىۋالغانلارنىڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە پۈتۈن ئالەم ئۆزىنىڭكىدەك، ئۇنى كېلىشكەن، ئاق كۆڭۈل، باتۇر، ئىشچان يىگىت كۈتۈپ تۇرغاندەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تۈتقۇلاقنى ئۇچرىتالمىغان قىزلار مۇڭلىنىپ يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈپ يىغلىشىدۇ...

ئىشقىيار قىرلارنى يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆستەڭ قىرغىقىنى پۈركىۋالغان ئوت ـ چۆپنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر دەستە قىزىلگۈلنى قولىغا ئالدى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ تېنى دەم قىزىپ، دەم مۇزلايتتى. ئۇ نەم گۈلنى قوينىغا سېلىپ قىزلار تەرەپكە ئالاقزادىلىك ئىچىدە قارىدى، قىزلار ئۆستەڭ بويىغا سۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا گۈلنار ماڭغانىدى. گۈلنار ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ بولغۇچە ئىشقىيارنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئاخىر قىزلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئىشقىياردىن سەل تۆۋەنرەك يەردە غۇژمەكلىشىپ، بىر ـ بىرىنى نوقۇشۇپ سۇ چېچىشىپ، بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇلار ئىشقىيارنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ نېمىگە كەلگىنىنىمۇ ئاللىقاچان پەملىشىپ بولدى. گۈلنار ئۆستەڭ قىرغىقىدا بېشىنى سالغىنىچە قولىدىكى بىر تۇتام كوكاتنى سۇغا چىلاپ ئويناپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل ھودۇقۇش، ئىنتىزارلىق، ئۇيات

ئەكسلىنەتتى. قىزلار ئۇنى چۆرىدىۋېلىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

ئىشقىيار ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدى ــ دە، قوينىدىكى قىزىلگۈل دەستىسىنى قىرغاق بويلىتىپ سۇغا قويۇۋەتتى، ئاندىن ئېتىغا ئىرغىپ مىندى. گۈل قىزلار ئولتۇرغان يەرگە ئېقىپ كەلدى. گۈلنار دەررۇ گۈلنى سۇزۇۋالدى ۋە ئوتتەك قىزارغىنىچە سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارغا تىوغرىلاندى ــ دە، جاۋاب كۈتۈپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە كۆرسىتىپ گۈلنى لېۋىگە تەگكۈزدى. قىزلار شۇ ھامان كۈلۈشۈپ ــ چۇرقىرىشىپ گۈلنارنى قۇچاقلىۋېلىشتى.

ئىشقىيارنىڭ بەختتىن يۈرىكى يېرىلغاندەك سىلىپ كەتتى. ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ تاماشا بولۇۋاتقان تۈزلەڭگە قاراپ ئاتنى قويۇۋەتتى. گۈلنار كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىدىكى دەستىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆستەڭ بويىدا قالدى. قىزلارنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆستەڭ بويىدىكى جىگدىلىك گۈۋۈلدەپ كەتتى.

ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئىشقىيار گۈلنار بىلەن مۇشۇ يەردە پات ــ پات ئۇچرىشىدىغان بولدى...

## 36

ئىشقىيار قولىدىكى سىمابتەك لىغىلداپ تۇرغان يىپەك ياغلىقنى ئېھتىيات بىلەن پۇكلەپ تۆش يانچۇقىغا

سالدى، ئاندىن ھېلىقى ئۈچ بۇرجەك قاتلانغان قەغەزنى ئاچتى.

بۇ گۈلنارنىڭ سالام خېتى ئىدى. خەتنىڭ ئىچىگە بىر تال قىزىلگۈل سېلىنغانىكەن، ئىشقىيار تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن گۈلنى تۇتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بارماقلىرى گۈلنارنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا تېگىپ كەتكەندەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئىسسىق ئېقىم جۇشقۇنلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تېنى گويا ئېلېكتىر سوقۇۋەتكەندەك بىر خىل ئازابلىق جۇغۇلداش ئىچىدە تىترىدى.

ئىشقىيار ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن، يالقۇندەك قىزىللىقىدىن قالمىغان گۈلكە تىكىلىپ سېھىرلەنگەندەك ئولتۇرۇپ قالدى. قېنىق يېشىل گۈل بەرگىسىنىڭ بوغۇمىنى ئاق ماتۇقتەك يۇمشاق، قىسقا، يۇمران تۈكچىلەر قاپلىغانىدى. تۆۋەن تەرىپى سۇس ئاقۇچ، ئۇچلىرى ھال رەڭ، ئوتتۇرىسى قاندەك توق قىزىل بولۇپ، بادامسىمان تال - تال ياپراقىدا خۇددى سۆيۈشتىن قىزارغان قىزنىڭ لىۋىدەك بىر جەلپكار كۈچ ئويناپ تۇراتتى. گۈل ياپراقىنىڭ دۇخاۋىدەك يۇمشاق ۋە سىلىق يۈزىدە چېكىم - چېكىم ئالتۇن زەر ۋە تارام - تارام نازۇك ۋە نەپىس سىزىقچىلار تاۋلىناتتى. گۈل ياپراقىنىڭ تۆۋىنى خۇددى يېپىق ھالەتتىكى دۇخاۋا يەلپۈگۈچنىڭ دەستىلىكىگە ئوخشاش بارا - بارا بىر توچكىغا يىغىلغان، گۈل ياپراقىنىڭ يۈزى خۇددى بىللۇردەك يالتىراپ چاقنايتتى.

ئىشقىيار گۈلنى غودۇر - بودۇر لېۋىگە تەگكۈزدى -

دە، كۆزىنى يۇمۇپ ھۇزۇرلىنىپ كۈچ بىلەن پۇرىدى. قۇرىغان، لېكىن تېخى پۇرىقى يوقالمىغان سەھرا گۈلىنىڭ خۇش ھىدى بۇ جىمىغۇر، تارتىنچاق، تەتۈر ئۇستىخان، قامەتلىك ئەسكەر يىگىتنى مەست قىلدى.

ئىشقىيار شۇ پېتى بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ھەرقانداق ئىش قىلسا ئىنتايىن تۈجۈپىلەيدىغان قىزنىڭ قولىدا يېزىلغانلىقى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇرغان ئۇنچىدەك ئۇششاق نەپىس قۇرلارغا تەشنالىق بىلەن تىكىلدى. گۈلنارنىڭ ئوتلۇق ۋە چۈچۈك سالىمى مۇنداق باشلانغانىدى:

«مۇبارەك جامالىڭىز كۆڭلۈمگە يېقىن كۆزۈمدىن يىراق، نازاكەت بوستانىنىڭ نەۋباھارى. مالامەت گۈلشىنىنىڭ گۈل ئۇزارى، جاندىن ئەزىز، قەنتتىن لەزىز، قەلەم قاشلىق، ئالتۇن باشلىق، قوندۇز چاچلىق، ئوغۇز قامەتلىك، بۆرە شىجائەتلىك، پەزلى ـ خىسلەتلىك، كېيىك يۈرۈشلۈك، ئىپار بويلۇق، رىزۋان خۇيلۇق، قەمەر يۈزلۈك، شەمشى كۆڭۈللۈك، ياخشى ئانىنىڭ ئوغلى، ئەزىز يۇرتنىڭ گۈلى، باتۇر ـ باھادىر، ھەر ئىشقا قادىر، ئىززەتكە لايىق، ھۆرمەتكە مۇۋاپىق بولغان مەھبۇب ـ مەشۇقۇم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، دىلىمنىڭ پارىسى شىۋى قەدىردەك كېچەيۇكۈندۈز مېنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرگۈچى ئىشقىيارجانغا سېغىنىپ سالام...»

ئاندىن كېيىن گۈلنار ئاتا ـ ئانا، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامانلىقى، «ئۇلۇغئارت»تا شۇ كۈنلەردە بولۇۋتقان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە زوق ـ شوخ بىلەن يازغانىدى ــ

ئۇلۇغئارت قالتىس ئۆزگىرىپتۇ. يېزىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، يېڭى دوختۇرخانا، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، باللار باغچىسى، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپتۇ. باغلار تېخىمۇ كېڭەيتىلىپتۇ، بوزنىڭ ھەممە يېرىگە ئالا قويماي دېگۈدەك كۆچەت قويۇلۇپتۇ، ئوت ـ چۆپ تېرىلىپ يېڭى باغ بىنا قىلىنىپتۇ. ھەر يىلى نورۇز، گۈل، ماش مەشرىپى دېگەنلەر قالتىس كاتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، مەھەللىلىكلەر، بولۇپمۇ تەڭتۇش قىز ـ يىگىتلەر ئىشقىيارنى يوقسىنىدىكەن، بولۇپمۇ ئاشۇ بايرام، سەيلە مەرىكىلىرىدە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ يوقلۇقى بىلىنىدىكەن...

گۈلنار ئاخىرىدا «سىز يۇرتنىڭ پەخرى، «ئۇلۇغئارت» باللىرىنىڭ غۇرۇرى، ئارمىيەدە ياخشى ئۆگىنىپ خىزمەت كۆرسىتىپ يېزىغا مېدال تاقاپ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمىز...» دەپ يېزىپتۇ.

ئىشقىيار سۆيۈنچ ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى.

ئىشقىيار گەۋدىسىنى رۇسلاپ خەتنى تۆش يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆكۈچ تاغلاردىن ھالقىپ يىراقلارغا تىكىلگەنىدى.

ئۇشتۇمتۇت تەمبۇر تارىسىنىڭ «تىرىڭ» قىلغان ئاۋازى ئىشقىيارنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ يېنىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، بۇغا بالىسى تاشقا يۆلەكلىك تەمبۇرنىڭ تارىسىغا تۇمشۇقىنى سۇۋاۋاتاتتى.

ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ئۇچىسىنى مېھىر بىلەن سىلىدى. ئاندىن تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر كۈچلۈك خۇشاللىق،

سىغىنىش، ئارزۇ، ئوقچۇپ ـ كۆۋەجىگەن بىر سىزىم، بىر كۈچ گويا تۇغاننى بۆسۈپ يامراپ ئىقىش ئالدىدىكى سەلدەك ئۆرىدەپ تاشقىنلايتتى.

ئىشقىيار بارمىقىغا ناخۇننى كىيدۈرۈپ، تەمبۇرنىڭ تارىلىرىنى يېنىككىنە چىرتتى، شۇ ھامان ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر ھارارەت ئولىشىپ، ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغىچە تارقىغاندەك بولدى. ئىشقىيارنىڭ بارماقلىرى تەمبۇر پەدىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئىختىيارسىز يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا قۇياش خىلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئېگىز تاغلار، قارىغايلار، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلار قۇياشنىڭ زەر نۇرىغا كۆمۈلگەنىدى. نۇر بىلەن يۇيۇنغان يېشىل دۇنيا تېخىمۇ جىلۋىدار كۆرۈنەتتى. ئىشقىيارنىڭ چېلىۋاتقىنى بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن «ئەجەم» نەغمىسى ئىدى. ئۇ بۇ نەغمىنى شۇنچىلىك ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن ئورۇندايتتىكى، ئۇنىڭ ناخۇن قىسقان بارمىقى جۈپ زىل تار، جۈپ بوم تار، ئارا يەك تارنى ھەربىر چېكىپ ـ چىرتكەندە، گويا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى چېكىۋاتقاندەك ئەندىكىپ ـ ئەندىكىپ تىترەيتتى، گاھىدا ئۇنىڭ ناخۇنى تارىنى سۇۋارى سۈرۈپ ماڭغاندا ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى كاماندەك ئېگىلىپ تولغۇلۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ پەدە باسقان بارماقلىرى گاھ پەدىلەرنى تال ـ تال قىلىپ تەرسە، گاھ باش ـ بويىغا سىيرىلىپ ياناتتى. گاھىدا بۇ يوغان ۋە قوپال بارماقلار قايسىبىر بەدىنىڭ ئۈستىدە خۇددى خىيالغا چۆكۈپ قالغاندەك توختاپ قالاتتى ـ دە، ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ كېتەتتى. ئاشۇ تەمبۇردىن خۇددى جانان چىنىگە تامچە تامغاندەك

بىر خىل رىتىملىق سادا چىقسا،پەدىلەرنى باش بويى سىيرىغاندا خۇددى ئېرىق سۇيىنىڭ ئوقچۇپ ـ چولتوكلاپ ئاققىنىدەك شوخ ئاھاڭ ياڭرايتتى. ئاھاڭنىڭ ھەربىر سەكرەتمىسى، ھەربىر ئەۋجىسى بىلەن تەڭ ئىشقىيارنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھېسسىيات ئىپادىسى نامايان بولاتتى. ئاھاڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ چىرايىدا بالىلارغا خاس شوخلۇق، كەپسىزلىك ئەكس ئەتسە، گاھىدا كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلەرگە خاس جۇشقۇنلۇق، قىزغىنلىق ۋە گاھىدا بولسا بىر خىل مۇڭ ـ زارلىق، تەشنالىق ـ ئىنتىزارلىق، خىيالچانلىق ۋە مۇلايىملىق جىلۋىلىنەتتى.

ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، تەمبۇر قىللىرىدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكا جازىبىسىگە ئەسىر بولغانىدى.

ئۇ گويا ھەربىر پەدە بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك، سىردىشىۋاتقاندەك، ھەربىر پەدىدىن ياڭراۋاتقان نەپىس، پاساھەتلىك مۇزىكا تىلىنى چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنى يۈرىكىگە نەقىشلىۋالماقچى بولغاندەك، سەل مۈكچىيىپ بېشىنى تەمبۇر دەستىسىگە سىڭارىيان قىلىپ قۇلىقىنى پەدىگە يېقىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى پەدە باسقان بارماقلارنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ گاھ كۆتۈرۈلسە، گاھ مۈكچىيىپ ۋە گاھىدا ئاشۇنداق مۈكچەيگىنىچە توختاپ قالاتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى گاھ تۈرۈلسە، گاھ يېشىلەتتى، ئۇنىڭ تېخى بالىلىق كېتىپ بولالمىغان مىيىقى گاھ تەبەسسۇم بىلەن ھىمىرىلسە، گاھ ھەيران بولغاندەك سەلگىنە ئېچىلىپ قالاتتى ۋە گاھىدا قەتئىيلىك بىلەن يېپتەك تارتىلاتتى ۋە بەزىدە ئۇنىڭ

قوشۇما قاشلىرى خۇددى ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان قارلىغاچ قانىتىدەك لىكىلدەپ سەكرەيتتى.

شۇ تاپتا تەمبۇرنىڭ پولات قىللىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ جەلپكار، ئاجايىپ سۆيۈملۈك بىر دۇنيانى سۈرەتلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىردان، ئەڭ ئەزىز ئادەملەرنىڭ چىرايىنى، قەددى - سىيماسىنى تىكلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇ دۇنيا ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكان ئىدى. بۇ چەت - چۆرىلىرى، دەشت - قۇملۇق بىلەن قورشالغان، دائىم قۇم بورىنى ئۇچۇپ تۇرىدىغان يەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك ئەزىز ئىدى. ئۇنىڭ كىندىك قېنى ئۇ يەرگە تۆكۈلدى، ئاشۇ يەرنىڭ قۇمساڭ ئىسسىق قوينى ئۇنى چوڭ قىلدى، ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلدى.

بۇ زېمىن ئۇنىڭ ئەجدادى ئاچقان، ئەجدادىنى باققان، ئەجدادى قان تۆككەن، تەر تۆككەن بەك قېرى زېمىن ئىدى. شۇ دەمدە ئۇ ئاشۇ ئىسسىق زېمىننى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پەقەت ئانا قۇچىقىدىلا تاپالايدىغان ئىللىق راھەتلىك ئېقىم تارقىلىپ بۇرنىغا ئانا يەرنىڭ توپىسى پۇرىغاندەك، يۇرت ئاسمىنىنىڭ ئوتلۇق قۇياشى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ شۇ يەرنىڭ ساددا، قانائەتچان كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، ئاشۇ زېمىن بىلەن بىر تەن - بىر جان بولۇپ كەتكەن، بېشىغا چۈشكەن قارا كۈنلەرنىمۇ ناخشا بىلەن ئۆزىتىپ ئادەتلەنگەن خۇش ئاۋاز ئادەملەر يۇرتىنىڭ شامىلىدا يېرىلغان يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

... ئەنە خۇددى تۇز قانىتىدەك چىرايلىق

«ئۇلۇغئارت» يېزىسى، ئۇنىڭ باغرىدا تىنىمسىز دېڭىز ئۆركەشلىرىدەك تەۋرىنىپ گۈۋۈلدەپ ياتقان باغلار، بوستانلا، غۇچچىدە گۈل ـ چېچەككە كۆمۈلگەن كەڭرى دالا... قويۇق ۋە قېلىن توغراق، ئورمانلىرى، ئالتۇن رەڭ جىگدىلەر...

كەچكىچە ئوتلاقتا ئوتلىشىپ كەچقۇرۇن قالتىس داغدۇغا بىلەن مەھەللىگە كىرىپ كېلىدىغان بۇلۇتتەك توپ ـ توپ قوي ـ كالا پادىلىرى، ئاتتا قىيپاش ئولتۇرۇۋېلىپ قومۇش نەي چېلىپ كېلىۋاتقان چوپان يىگىت، ئاشۇ پادىچى ۋە پادىلارنى ھەر كۈنى قىيا ـ چىيا بىلەن كۈتۈۋالىدىغان تىنىمسىز شوخ مەھەللە بالىلىرى، ئۇپۇق سىزىقىغا ھارغىن باش قويغان قىپقىزىل قۇياش، ئاسماننىڭ تەڭ يېرىمىدا لاۋۇلداپ تۇرغان كەچكى شەپەق، يالغۇز ئاياغ يولدا چېكىلىرىنى رەڭدار رومال بىلەن تېڭىۋېلىپ گۈللۈك كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ ساي كەكلىكىدەك يورغىلىشىپ سۇغا كېتىۋاتقان، كالا سېغىشقا چىققان قىز ـ چوكانلار، ئۆستەڭ بويىدىن ياڭراۋاتقان كۈلكە ـ چاقچاق... قىچقىرىشلار... يىراق ـ يىراقلاردىن ئاڭلىنىدىغان، يۈرەكلەرنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئورما ناخشىلىرى، خامان «لاي ـ لاي»لىرى، رومال بىلەن چېكىسىنى تېڭىپ ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى يوغان تونۇرغا نان يېقىۋاتقان ئانىسى، ئانىسىغا خېمىر راسلاپ چەككۈچ چېكىپ بەرگەچ قىزىق پاراڭغا چۈشكەن گەپدان خوتۇنلار... سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئېرىق ياقىلاپ قۇۋۇەتلىك قوللىرىدا يوغان كەتمەننى ئوينىغۇچتەك پىرقىرىتىپ ئېچىق ئېچىپ يۈرگەن قامەتلىك ھارماس

دادىسى، ئاي نۇرىدا قىلىچ تىغىدەك يالتىرايدىغان ئۇيغۇر ئورغىقى، ئۇيغۇر كەتمىنى...

زېمىنلا بولىدىكەن، گۈل بولىدۇ... گۈل بار يەردە قىز بار، قىز بار يەردە ناخشا، كۈلكە، مۇھەببەت، ئۈمىد، ھايات بار، ئەنە توقۇلاق تېرىپ يۈرگەن ئۇلۇغ ئارت قىزلىرىنىڭ قۇۋانچ كۈلكىسى كۆك بوزنى، يېشىل دالانىڭ باغرىنى سۆيۈپ يىراقلارغا ئۇچماقتا.

ئەنە... ئىشقىيار ئوغلاق بەيگە مەيدانىدا ياكى چېلىش سورۇنلىرىدا ئالقىش قۇچۇپ قايتقاندا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ يىراقتىن مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئىشقىيارنى ئەركىلىتىپ ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە يىگىت خۇشاللىقى ئىنئام قىلىدىغان مەھبۇبىنىڭ ئايدەك رۇخسارى، باغدا، ئېتىز - قىردا، كۆكۈچ ۋادىدا، تەك ئاستىدا ياڭرىغان مۇڭلۇق، يېقىملىق ئۇيغۇر مۇقاملىرى، شوخ، مۇڭلۇق سەھرا كۈيى... ئايدىڭ كېچىلىرى تونۇر بېشىدا، خاماندىكى سامان چۇشەكتە ياكى ئۆگزىگە سېلىنغان كىگىز - پالاس ئۈستىدە راھەتلىنىپ سوزۇلۇپ يېتىپ ئاڭلايدىغان قەدىمىي رىۋايەت، ساماۋى چۆچەكلەر...

ئەگەر يىل دەريا دېيىلسە ھېيت - بايرام شۇ دەريانىڭ چاڭ چىقىرىپ كۆۋەجەپ قاينىغان قاينىمى... مۇبادا ئادەم بىلەن زېمىنىنىڭ، ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپ كەتمىسىلا مول ھوسۇلغا ئېرىشىلىش، تەبىئەتنى كۈيلەش، مۇھەببەت ۋە ئەمگەكنى ئۇلۇغلاش ھاياتنىڭ ئەڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئادەملەر ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، سەيلە - مەشرەپلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تىلەك -

ئارزۇسىنى، ئەجدادىغا رەھمەت - تەشەككۇرىنى بىلدۇرىدۇ، ئەۋلاد - ئۇرۇقىغا ياشاش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ! شۇڭا ھېيت - بايرام يىلىنىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك، ئەڭ مۇبارەك، ئەڭ چىرايلىق كۈنلىرىدۇر!

ئاھ... يۇرتنىڭ نورۇزگۇل سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسى، ھېيت - بايرام، توي - مەشرەپلىرى!... ئەنە ئاق يەكتەكنىڭ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇۋېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن بوۋىسى... بوۋىسىنى چۆرىدەپ ساما تاشلاۋاتقان يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئۇلۇغئارتلىقلار... ئۇلارنىڭ قوللىرى ھاۋانى قىلىچتەك كېسىدۇ. قىزىغان ئاياغلىرىنىڭ زەربىدىن قەدىمكى ئۇلۇغئارت يېرى تىترەيدۇ... ئۇلارنىڭ ناخشا - كۈلكىسىدىن قەدىمكى سەھرا تەۋرەيدۇ... ئۇلار بوۋاينى چۆرىدەپ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ئايلانماقتا... ئايلىنىش — تەبىئەتنىڭ چوڭقۇر ۋە بۈيۈك مەڭگە ئىگە قانۇنىيىتى. يەر شارى ئايلىنىدۇ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، جىمى پىلانىتا - سەييارىلەر ئايلىنىدۇ، ئايلىنىش ئىنسانلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى بىر ئۇلۇغ جەريان... ئۇلۇغئارتلىقلارنىڭ ئەجدادى بۇنىڭدىن 7000 يىللار ئىلگىرى ئايلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بىلگىنى ئۈچۈن بىر ئەۋلاد ئادەملەرنى يۇتۇۋېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇم ئوپىقانىدىن، ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ بۈگۈنكى ھاياتنى، بۈگۈنكى ئەۋلادنى ياراتقان، شۇڭا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى — ئۇيغۇر «ساما»سى ئايلىنىشىدىن پۈتكەن، ئايلىنىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادە قىلىدۇ، ئايلىنىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇلار بىر ئىزدا توختاپ قېلىشنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتىنى پۈتۈن

بىر مىللەتنىڭ، پۈتۈن بىر ئەۋلادنىڭ گۇمران بولۇشىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، «ئايلىنىش»نى مەزمۇن قىلغان ئۇسسۇل ـ سامالىرى ئارقىلىق ئايلىنىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۈيلەيدۇ، ئايلىنىشنىڭ قۇدرىتىنى مەدھىيەلەيدۇ. بىر ئىزدا جىم تۇرۇۋېلىپ ئوينىغان ئۇسسۇل ئۇسسۇل بولمايدۇ. قانداق يارالغان بولسا، شۇ ھالىچە بىر خىل ئۆزگەرمەي، ھەرىكەت قىلماي، ئايلانماي ئۆتىدىغان ھايات ھايات بولمايدۇ!... ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى ئايلىنىش ھەرىكىتى ئۇيغۇرنىڭ ئاشۇ يۈكسەك گۈزەللىك قارىشىنىڭ، بۈيۈك گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ھاياتقا، تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە ئىنتىلىش تىلىكىنىڭ، ئۇنى ئىپادە قىلىش سەنئىتىنىڭ مۇكەممەل شەكلى ۋە يارقىن بەلگىسى!... ئايلىنىشنىڭ بىر مەركىزى بولىدۇ، خۇددى يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانغاندەك، خۇددى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز موما ياغىچىنى ئايلىنىپ قۇتۇلۇپ قالغاندەك، بىر مەركەزنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايلىنىش بولىدۇ. خۇددى ئۇلۇغئارتىلىقلار سامادا ئۇنىڭ بوۋىسىنى دەۋر قىلىپ ئايلانغاندەك... ھازىرقى ھاياتىمىزدىكى ئۇلۇغ ئايلىنىشمۇ بىر قۇدرەتلىك مەركەز — بىر يادرونى، بىر چىرىمەس موما ياغىچىنى دەۋر قىلغاندىلا ئاندىن ھاياتىمىز مەنگە، گۈللىنىش، روناق تېپىش ئىمكانىغا ئىگە بولىدۇ... بۇ موما ياغاچ، بۇ يادرو، بۇ مەركەز مىللەتنىڭ تىلى، مىللەتنىڭ ناخشىسى، مىللەتنىڭ تارىخى، مىللەتنىڭ ئەخلاقى، مىللەتنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيىتى ھەمدە مىللەتنىڭ ئەتىسىگە ئەقىل ـ ھوشى

بار ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ بېرىۋاتقان ئۇنىڭ بوۋىسىغا ئوخشاشلار! ئاشۇنداق ئۇلۇغ بوۋىلارنىڭ پەرۋىشى ۋە تەجرىبىسىنى ئەستە تۇتمىغان، ئۆزىنىڭ مىللىتى بىلەن قۇدرەت ھېس قىلىشنى ۋە ئاشۇ مىللىتىنىڭ تىلى، تارىخىي مەدەنىيىتى بىلەن پەخىرلىنىشنى بىلمەيدىغان ئەۋلاد ئۇمىدسىز ئەۋلاد، گۇللىنەلمەيدىغان ئەۋلاد، پۈتۈن ئىنسانىنى سۆيۈش، پۈتۈن ئالەمنى، ئانا تەبىئەتنى سۆيۈش، زېمىننى سۆيۈش، ۋەتەن، مىللەت ۋە ئەلنى سۆيۈشنى بىلمەيدىغان ئەۋلادتۇر. ئاشۇ ئايلىنىشنىڭ ئۇلۇغ قىممىتىنى بىزگىچە يەتكۈزۈپ، ئايلىنىشنى بىزگە ئۆگەتكەن بوۋىلارنى دەۋر قىلىشنى، مەركەز قىلىشنى، شۇنى چۆرىدەپ ئايلىنىشنى بىلمەيدىغان ئەۋلاد ناھايىتى نىمجان، روھسىز، ئاغرىق ئەۋلادتۇر!...

... قەدىمكى كۈينىڭ ئۇدارى، رىتمى، مېلودىيەسى، كۈي تىلى، كۈي پىكرى ياش يۈرەكتە — ھايات ئۇچۇن گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ئىشقىيارنىڭ يۈرىكىدە يېڭىچە ھېس، يېڭىچە ئىنتىلىش، يېڭىچە يالقۇنلاشنى تۇغماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى قاناتلىنىپ تېخىمۇ يىراققا، تېخىمۇ يۇكسەككە قاراپ ئۇچۇۋاتاتتى.

ئىشقىيار قەددىنى سەل رۇسلىدى ـ دە، بىردىنلا ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىدىن قېتىپ قالدى. ئىشقىيارنىڭ ئالدىدا كوكات باسقان تۆپىلىكتىكى چىملىقتا بايىقى بۇغا بالىسى تەمبۇردىن ياڭرىغان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى! خېلىدىن بېرى ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، بۇغا بالىسىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئارقىسى، قاردەك يالتىراپ تۇرغان ئاق تۇك بىلەن قاپلانغان ساغلام كۆكرىكى تەپچىرەپ چىققان تەردىن ھۆللەنگەنىدى...

بۇغا بالىسى گاھ قىيغىتاتتى، گاھ ئالدى ۋە ئارقا پۇتىنى ئايرىم ـ ئايرىم جۈپلەپ ئوقچۇپ قاڭقىيتتى. گاھ ئارقىچىلاپ شوخشۇيتتى ۋە تۇرۇپلا ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلاتتى ۋە تۆت ئايىغى بىلەن خۇددى مىخلاپ قويغاندەك توختاپ قالاتتى ۋە يەنە قىيغىتىشقا باشلايتتى...

ئىشقىيار چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان مۆجىزىگە چەكچەيگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىچىكىدىن ھەر خىل ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇ قۇشلارنىڭ ناۋاسىغا ھەيران قالاتتى، ئۇ گاھىدا قۇشلارنىڭ سايرىشىنىڭ ھەر ۋاقىت بىر خىل بولۇۋەرمەيدىغانلىقىغا، بولۇپمۇ ھاۋا ئوچۇق، كۈن نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئەتراپنى يېشىللىق قاپلىغان باھار كۈنلىرى ياكى يازنىڭ يىللىق سەھەرلىرىدە قۇشلارنىڭ باشقىچە ئاھاڭ، باشقىچە زوق، باشقىچە شوخ رىتىمدا سايرايدىغانلىقىغا، يامغۇر ياغقان، بوران چىقىۋاتقان كۈنلەردە بولسا سايرىمايدىغانلىقىغا، سايرىسىمۇ بىر خىل مىسكىن، ئاجىز، يېگانە ئاھاڭدا مۇڭلىنىپ قىسقا ـ قىسقا سايراپ قويىدىغانلىقىغا، بەزىدە بالىلىرىدىن، جۈپلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇچار قۇشلارنىڭ خېلى كۈنلەرگىچە سايرىماس بولۇۋالىدىغانلىقىغا، ئېدىتى توشۇپ سايرىغان ھالەتتىمۇ تولىمۇ مۇڭلۇق قىلىپ خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك نالىلىك ئاھاڭدا سايرايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. شۇنىڭغا قاراپ قۇشلاردىمۇ خۇددى ئادەم بالىسىغا ئوخشاش ھېسسىيات بار ئىكەن ۋە خۇددى ئادەملەر

كۆلكە، ناخشا، يىغا، نالە بىلەن ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەندەك قۇشلارمۇ ھەر خىل ئاھاڭدا سايراپ ئۆزىنىڭ شادلىقى ۋە مۇڭ ـ زارىنى ئىپادە قىلىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزى باققان ئات ـ ئۇلاغلاردىمۇ، قوي ـ قوزىلاردىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھالەتنى سەزگەنىدى. بۇغا بالىسىنىڭ ھېلىقى قارلىق دالادا ئىشقىيارغا ئۇچرىغان چاغدىكى ئايانچلىق ھالىتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشى ئىشقىيارنى تېخىمۇ بەك ھەيران قالدۇرۇپ ئۇنى ئېچىنىشتىن ئەندىكتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ئىشقىيار بۇغا بالىسىدا تىل بولمىغىنى بىلەن، ئادەم باشتىن كەچۈرىدىغان ئۆلۈم قورقۇنچى ۋە ئاغرىق ئازابىنى بەكمۇ ئاشكارا ئىپادە قىلىشنى بىلىدىكەن، دەپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ ھايۋانلاردا مۇزىكىلىق سېزىم، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش، سەنئەتتىن ھوزۇر ئېلىش قۇۋۋىتىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا بۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى... ئەمدى ئۇ بىر ھايۋان بالىسىنىڭ ئىشقىيارنى ھاياجانغا سالغان قەدىمكى كۈيىنىڭ مۇزىكىلىق تىلىنى، ئۇنىڭدا ئىزھار قىلىنىۋاتقان بەدىئىي پىكىرنى خۇددى ئىشقىيار چۈشەنگەندەك چۈشەنگىنىگە، ئاشۇ مۇزىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھاياجانغا كەلگىنىچە ۋە بۇ ھاياجاننى خۇددى ئادەملەردەك ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادە قىلىشنى بىلگىنىگە ئەقلى يەتمەي تاڭ قېلىۋاتاتتى.

بۇغا بالىسى جايىدا ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشقىيارغا قارىدى. ئىشقىيار تېخىچە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ بۇتتەك قېتىپ

قالغانىدى. بۇغا بالىسى تۇرغان جايىدىن كەينىگە بۇرىلدى ـ دە، ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئاندىن تۇمشۇقىنى تەمبۇرنىڭ تارىسىغا سۈۋاپ دىمىقىدا ئۇزۇك ـ ئۇزۇك مەرىدى. ئىشقىيار شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كەلدى. بۇغا بالىسى مۇزىكىنىڭ توختاپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ ئىشقىيارنى تەمبۇرنى يەنە چېلىشقا ئۈندەۋاتاتتى.

ئىشقىيار ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا ناخۇننى تەمبۇر تارلىرىغا ئۇردى. بۇغا بالىسى ئارقىسىغا بۇرىلدى ـ دە، ئويناقلىغىنىچە چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. ئاندىن ئىشقىيارغا قاراپ يەنە كۆڭۈللۈككىنە مەرىۋېتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

تەمبۇر تارلىرى مەرغۇللىنىپ سايرىماقتا، تەمبۇر قىللىرىدىن ياڭرىغان شوخ، ئويناق، قىزغىن ئاھاڭ تۆپىلىكنىڭ تاڭ ھاۋاسىنى تىترىتىپ ئەتراپقا يېيىلدى.بۇ جۇشقۇن سادا، يېشىل تۆپىلىكتىن، پەستىكى جىمجىت جىلغا، ئوتلاق ۋە ئورماندىن ھالقىپ كۆكقۇچ تۇمان ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغلارغا يەتتى ۋە ئۇ يەردىكى قارىغاي ياپراقلىرىنىڭ، جىلغىنى ئارىلاپ ئېقىۋاتقان قەدىمكى ئېقىننىڭ، يالقۇندەك تاۋلىنىپ جىلمىيىپ تۇرغان گۈل ـ گىياھ چېچەكلىرىنىڭ، چەكسىز چىمەنلىك ۋادىدا ئانا تەبىئەتنىڭ جەننەت قۇچىقىدا ئەركىن ۋە غەمسىز ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ئۇچارقاناتلارنىڭ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئانا تەبىئەتنىڭ شەنىگە، ھۆرمىتىگە زوق ـ شوخ بىلەن ياڭرىتىۋاتقان مۇھەببەتلىك كۈيلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلغىيىپ بۇ گۈزەل ۋادىنى قۇچاقلىماقتا ئىدى.

ئىشقىيار تەمبۇرنى پۈتۈن ھەۋەس - ئىشتىياقى بىلەن مەرغۇللىتىۋەتتى، شۇ تاپتا گويا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى قايناق ھارارەت، تومۇرلىرىدىكى ساپ ۋە قىزىغان قانلار ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي تۇيغۇ ئۇنىڭ پەدە باسقان بارماقلىرى ئارقىلىق تەمبۇر تارلىرىغا قويۇلۇپ، تەمبۇر تارلىرىدا كۆۋەجەپ قايناپ شاۋقۇنلىماقتا ئىدى! تەمبۇرنىڭ يۇزى قۇياش نۇرىدا ئوتتىن يېڭىلا ئالغان تۆمۈردەك يېلىنجايتتى. ئىشقىيار شۇ تاپتا ۋۇجۇدى سىغدۇرالىغان جىمى خۇشاللىقى ۋە پۈتۈن دەرد - ھەسرىتىنى ئاشۇ تەمبۇرغا، تەمبۇر تىلى ئارقىلىق ئاشۇ بۇغا بالىسىغا تۆكۈپ بېرىۋاتاتتى.

... بۇغا بالىسى ئۇسسۇل ئويناماقتا، ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ھەربىر تال تۈكى تىترەيدۇ، ئۇنىڭ تەردىن ھۆللەنگەن يۇمران ۋە يۇمشاق، ئېقى ئاق، سېرىقى سېرىق، قوڭۇرى قوڭۇر پاكىز تۈكلىرى قۇياش نۇرىدا قامىدەك يالتىرايدۇ، ئۇنىڭ تولۇۋاتقان ساغلام ساغرىسىدا قۇياش نۇرى ئوينايدۇ.

ئۇ گاھ ئۆرىدەپ يۇلقۇنسا، گاھ پۇتلىرىنى جۈپلەپ تاقلايتتى. ئۇ ئۆرىدىگەندە بولۇتتەك ئاپپاق كۆكرىكىنى كۈچ بىلەن كېرىپ ئاھۇ كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلارغا تىكسە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ تاقلىغاندا ئەمدى شاخلاشقا باشلىغان يۇمران مۈڭگۈزلىرىنى ئۇچلاپ نارنىڭ بويىنىدەك گۈزەل بويىنىنى يەرگە سوزۇپ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن توغرىسىدا كاماندەك ئېگىلەتتى، گاھىدا تۆپىلىكنىڭ ئۇ لېۋىدىن بۇ لېۋىگە خۇددى تاغ سۇيىنىڭ ئۇقچۇشلىرىدەك گاھ ئۆرىدەپ، گاھ پەسلەپ ئوقتەك

تېز، لېكىن بىر ۋەزمىن بىلەن چاپاتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە، لېكىن قۇۋۋەتلىك ئۇزۇن ئاياغلىرى چاپقىداپ سوزۇلۇپ، تاراسلاپ چۈشكەندە چىملىقتىك تالڭ شەبنىمدە يۇيۇلۇپ پاكىزلانغان قوندۇزدەك قاپقارا چىرايلىق تۇياقلىرى قۇياش نۇرىدا خۇددى تۇن ئاسمىنىدىكى ئاققان يۇلتۇزدەك چاقناپ يالتىراپ قالاتتى...

ئىشقىيار گويا بىھوشلانغاندەك ئۆزىنى تامام ئۇنتۇپ تەمبۇرنى بارغانسېرى ئۇنلىتىپ ناۋا قىلماقتا ئىدى. شۇ تاپتا تەمبۇرنىڭ پولات تارلىرى ئۇنىڭ پەدە باسقان بارماقلىرىنىڭ گۆشىنى ئويۇۋەتكىنىنىمۇ، ناخۇن قىسقان بارمىقىنىڭ، ناخۇننىڭ پولات چەمبىرى غاجىلىپ بوغۇم بولۇپ كېسىلىپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ ھېچ سەزمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئىلھام، ھەۋەس، ئىشتىياق ئۇنى پەقەت چېلىشقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چېلىشقا ئۈندەيتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا بىر پارچە يالقۇن ئىدى...

بۇغا بالىسى گويا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئۇسسۇلىدىن، ئاجايىپ ئىقتىداردىن پەخىرلەنگەندەك، شۇ مىنۇتتا ئۆزى ھۇزۇر قىلىۋاتقان ئەركىنلىك ۋە ھايات خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرە ئېلىۋاتقان، ئىشقىيارغا تەشەككۈر ئىزھار قىلماقچى بولغاندەك يۈز - كۆزى ئوتتەك يېنىپ، بىر جۈپ چوڭ كۆزى چوڭقۇر سۆيۈنچ، زوقمەنلىك، چۈشىنىش ۋە مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇسىدا خۇمارلاشقان، ھاياجاندىن قەددى ياپراقتەك تىترەپ تەمبۇرغا چاپلىشىپ، تەمبۇر قىللىرىنى مەجنۇنلاردەك ئەسەبىي قىزغىنلىقتا سايرىتىۋاتقان

ئىشقىيارغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. ئىشقىيارمۇ بۇغىنىڭ قىياپىتىدىن، ھەربىر ھەرىكىتىدىن، فىگۇرا شەكلىدىن، ھەتتا مۈڭگۈزى، كۆزلىرى، تۇكلىرى ۋە تۇياقلىرىدىن ھەر مىنۇت تۆكۈلۈپ نامايان بولۇۋاتقان گۈزەللىككە مەپتۇن بولۇپ، بۇغا بالىسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

ئادەم بالىسى ياڭرىتىۋاتقان جۇشقۇن كۈي، ھايۋان بالىسى تەڭكەش قىلىۋاتقان گۈزەل ئۇسسۇل شۇ دەمدە يېشىل تۆپىلىكنىڭ ئۈستىنى ئەپسانىۋى گۈزەللىككە، رىۋايەت سېھىرگەرلىكىگە ئىگە بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ گۈزەللىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن تاغلار، ئورمانلار، ئوتلاق ـ چىملىقلار ئورنىدىن قوزغىلىپ ئارقىسىغا سۈرۈلدى. تەبىئەت ئانا گويا ئۆزى ياراتقان ئادەم ۋە ھايۋاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى بۈيۈك ئەسەرنىڭ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئەركىسىنىڭ، بۇ ئىككى تەقدىرداش جاننىڭ بىرلىشىشىدىن خۇشاللىنىپ بۇ ئىككى سەنئەتكارنىڭ ھايات، سۆيگۈ، تەقدىر، ئىقبال، ئىشەنچ، بۇرچ، ئەخلاق تېمىسىدىكى گىنئال سەنئەت نومۇرلىرىنى بىرلىكتە توسقۇنسىز، ئەركىن ـ ئازادە، بەھۇزۇر ئورۇندىۋېلىشىغا سەھنە راسلاپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، تىللىق بىلەن تىلسىز ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە تەقەززا، بىر ـ بىرى بىلەن تەقدىرداش، لېكىن بىر ـ بىرى بىلەن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن، قايسىبىرى زوراۋانغا، قايسىبىرى مەھكۇمغا، قايسىبىرى يوقاتقۇچىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىككى قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك چۈشىنىش ئىدى. يەر شارىدىكى

ھاياتنىڭ ئۆلى بولغان چۈشىنىش ۋە سۆيگۈ نامىغا بېغىشلانغان سەلتەنەتلىك سىمفونىيە ئىدى...

ئۇشتۇمتۇت «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەمبۇر چېرتىشتىن توختاپ قالدى. ئىشقىيارنىڭ شىددەتلىك ناخۇن سوقۇشىدىن پولات ناخۇن سۇنۇپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ئەلەم ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە بارمىقىدىكى ناخۇن سۇنۇقىغا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ قالدى. بۇغا بالىسىمۇ پەسكويغا چۈشۈپ ئىشقىيارغا ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇ زايىدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال ۋە رازى بولغاندەك ئىدى. ئۇ ئۆزۈن ئاياغلىرىنى سىلكىپ چامداپ نازاكەت بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھاۋادا ھەيۋەتلىك گۈزەل كۈينىڭ ئورۇندىلىپ بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئېپىزوتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان قالدۇق تەنھا مىسرالار، تەمبۇر تىللىرىدىن ياڭرىغان جۇشقۇن ئاھاڭنىڭ ئەڭ ئاداققى ئۈزۈكلىرى ۋىڭىلداپ قالدى...

## 37

ئىشقىيار ئەركىلىگىنىچە كېلىپ ئۈنىڭ قوللىرىنى پۇراپ، ھىدلاۋاتقان بۇغا بالىسىنى بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى. بۇغا بالىسى ئۆزىنى ھېچ قاچۇرمىدى.

— كەل ئەقىللىكىم، كەل... بۇنداقمۇ كېلىشەڭگۈ، بۇنداق كۆڭۈلچەك، بۇنداقمۇ ئەلتەك بولارسەنمۇ سەن!... مەن ئۇلۇغئارتنى، بوۋامنى، ئاتا ـ ئانامنى، گۈلنارنى سېغىنغانىدىم، بۇنى بىلىپسەن مەن ھاياتنى كۈيلىگەنىدىم، بۇنى چۈشىنىپسەن... مەن ئانا زېمىننى،

ئانا تەبىئەتنى، سۆيۈملۈك ئادەملەرنى، جىمىكى ئۇچار قانات، ھايۋاناتنى ۋە ئۇلارغا كىرەك بولغان مۇھەببەتنى، سۆيگۈنى، ئىشەنچ، ئۈمىد - جاسارەتنى، يەر شارىمىزنىڭ پارلاق ئەتىسى ئۈچۈن، يەر شارىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سائادەتلىك كەلگۈسى ئۈچۈن كىرەك بولىدىغان ئەبەدىي تىنچلىقنى، ئۇلۇغ ئەمگەكنى مەدھىيەلىگەنىدىم. يەر شارىدا يىشىللىق، ناخشا، مۇھەببەت، ئىشەنچ، دوستلۇق، چۈشىنىش، ئەرك ۋە ھۆرلۈكنىڭ ئەبەدىلئەبەد جىمى جانلىقلا ئورتاق بايلىق بولۇپ قېلىشىنى چىن دىلىمدىن تىلىگەنىدىم. بۇنىڭ تېگىگە يېتىپسەن، مەن بىلدىم، ھاياجانلاندىڭ، مېنى ئالقىشلىدىڭ، تەنتەنە قىلدىڭ، مېنىڭ يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققانىنى سەن ئۆزۈڭنىڭ گۈزەل قىياپەت سىمايىڭدا شەكىلگە ئىگە قىلدىڭ، مېنىڭ تەمبۇرۇمنىڭ پولات تارىسىدا سۆزلەنگەن مۇزىكىلىق تىلنى نەپىس ئۇسسۇل تىلىغا ئايلاندۇرۇپ جاراڭلاتتىڭ، مېنىڭ يۈرىكىمگە قايتا ئورناتتىڭ. سېنى ھايۋان بولۇپ قالغىنىڭغا ھەيرانمەن ياكى بىز ئادەملەر ھايۋانلارنى تېخىچە چۈشىنىپ بولالمىدۇقمىكىن؟! راست، بىز سىلەرنى چۈشىنىپ بولالمىدۇق، شۇڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نۇرغۇن سەۋەنلىكنى سادىر قىلدۇق... ئەمدى ئادەملەر ئەقىللىك بولۇپ قالدى... دەۋر بىلەن ئادەملەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ... كۆپ سانلىق ئادەملەر ئويغاندى. ئۆزىنىڭ خاتاسىنى تونۇپ يەتتى... سىلەرنىڭ ئەتەڭلەرمۇ بىزگە ئوخشاش بەختىلىك... سەن بۇنىڭغا ئىشەنگىن... ئادەملەر سېنى سۆيىدۇ!

ئىشقىيارنىڭ تىنىقلىرىدىن يالقۇن تەپتى كېلەتتى.

ئۇ بۇغا بالىسىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا تىنىمسىز ۋە ئالدىراپ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ دىمى قىسىلىپ، سۆزلىرى پات ـ پات ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

ــ چۈشىنىمەن، قېرىنداشىم، سېنىڭ ئاشۇ نەپەس ئۈسسۈلۈكىدىن چۈشىنىۋاتىمەن، سەن ئاناڭنى سېغىنىدىڭ، ئۆز توپ ـ قېرىنداشلىرىڭنى سېغىنىدىڭ، سېنى ئۆستۈرگەن ئانا تەبىئەتنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنى سېغىنىدىڭ... ئەمدى سەن ئازادسەن! سەنمۇ ئۆز ئەركىڭ بويىچە ياشا! ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرى باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، ئەركىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدۇ! بۇنى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر چۈشىنىشكە باشلىدى، شۇڭا دۇنيانىڭ ئەتىسى پارلاق!... مەن سېنى ئاشۇ كىچىك قاشادىن ئازاد قىلدىم، ئاناڭنى تاپقىن، ماكانىڭنى تاپقىن... مەن پەقەت سېنى «ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن» دەپ شۇنچە ئۇزۇن تۇتۇپ قالدىم... بۇنى چۈشىنەرسەن، خەير... ساڭا ئاقيول، ئامانلىق تىلەيمەن، مېنى ۋە سەن ئۇچۇن مەن بىلەن ئوخشاشلا جەبىر چەككەن ياتاقداشلىرىمنى، ئاشپەز تاغاڭنى، ئاق كۆڭۈل سىياسىي رەھبەرنى، ئىنتىزامدىن چىقىپ سېنى ياتاقتا بېقىشىمغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىجازەت قىلغان روتا كوماندىرىنى، بىزنىڭ ئىللىق ۋە سۆيۈملۈك گازارمىمىزنى، ماۋۇ تۆپىلىكنى، سەن بىلەن مېنىڭ دىل رىشتىمىنى باغلىغان بۇگۇنكى خەيرلىك تاڭنى ئۇنتۇما، قېرىنداشىم... ئەلۋىدا!...

ئىشقىيار تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تەمبۈرنى قولىغا ئالدى ـ دە، بۇغا بالىسىغا

قىيمىغاندەك ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ، قىزىق ئالىقانلىرىدا ئۇنىڭ يۇمران مۈڭگۈزىنى، چىرايلىق قاشقىسىنى، نەم ۋە سىلىق قارا تۇمشۇقىنى ئاخىرقى قېتىم سىلاپ قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن بۇغا بالىسى بىلەن ئاخىرقى رەت خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى ـ دە، جايىدا تۇرۇپ قالدى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئويناقلاپ سوڭدىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ توختاپ قالغىنىغا ھەيران بولغاندەك، سەبىي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ مەردى.

ــ ۋاي نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم دېدىمغۇ؟ نېمە؟ مېنى رەنجىيدۇ دەمسەن، ياق، بۇرادەر... سەن ئەركىنلىكنى تاپساڭ ئەكسىچە خۇشال بولىمەن... ماڭ كەتكىن... ئاناڭ كۈتۈپ تۇرىدۇ،ــ ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يولىنى داۋام قىلدى.

يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئىشقىيار ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقان «شىپىر ـ شىپىر» قىلغان تىۋىشنى ئاڭلاپ ئورنىدا توختاپ ئۆرۈلدى.

بۇغا بالىسى ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

ــ قەيەردىن ئۆگەندىڭ بۇنچە تەرسالىقنى؟ــ ئىشقىيار خۇددى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان سەپدىشىنى جىملىگەندەك كايىپ كەتتى،ــ كەت دېگەندىن كېيىن كەتمەمسەن. بەش ـ ئالتە ئايدىن بېرى ھەربىي تۇرمۇش كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق ئۇنداق يالقاۋلىق

قىلساڭ بولامدۇ؟ ــ ئىشقىيار سەل ئويلىنىۋالدى، ــ ئاڭلا، بۇرادەر، مەن ئىشقىيار سىنىڭ دوستۇڭ بولۇشتىن تاشقىرى ھەربىي ئادەممەن، ھەربىي ئادەم ئەزمىلىكنى يامان كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن خىللانغان ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرىمەن، شۇنداقمۇ؟ بۇنى بىلىسەنغۇ؟ ھە... ياخشى، بۇنى بىلىدىغان بولساڭ ئىشىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغىنى، سەن مېنىڭ باشلىقلىقىمنى ئېتىراپ قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟ ئالتە ئايدىن بېرى ھەربىي تۇرمۇشنى كۆردۈڭ، شۇنداقمۇ؟ «باشلىق» دېگەن بىزدە خۇددى ئاتىنىڭ ئورنىدىكى كىشىدۇر ياكى... نېمە دېسەم بولار؟ ئىشقىلىپ، ئاتىدىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتلىك ۋە نوپۇزلۇق، ئىشقىلىپ سەن باشلىقنىڭ قول ئاستىدىكى بىرى ئىكەنسەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ جەڭگىۋار بۇيرۇقىنى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ھەتتا ئوغلى بولساڭمۇ شەرتسىز ئىجرا قىلىشىڭ كېرەك، بۇنى بىلىسەن، ناھايىتى ياخشى... ئۇنداق بولسا، مەن زىنىت توپ روتىسى خىللانغان ئودلىنىيەنىڭ ئەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا بۇيرۇق بېرىمەن ياخشى ئاڭلا: يولداش ئىشتاتتىن تاشقىرى جەڭچى ئاقساق بۇغا، ۋۇي، خاپا بولما... ئاقساق دەپ سالدىم... يولداش بۇغا بالىسى، بۇيرۇقۇمنى قەتئىي ئىجرا قىلىڭ، ــ ئىشقىيار قەددىنى رۇسلاپ گېلىنى قىرىپ قويدى ۋە جىددىي قىلىپ، ــ ئارتقا بۇرۇل، ئاناڭنىڭ ئىسسىق قوينىغا قاراپ قەدەملەپ مارش، ــ دەپ بۇيرۇق بەردى ئىشقىيار جىددىي قىلىپ ، لېكىن بۇغا بالىسى كۆزىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋەردى.

ــ يولداش ئىشتاتتىن سىرت جەڭچى، بۇيرۇقنى

ئەجرا قىلىڭ! بولمىسا ھەربىي ئىنتىزام ئۇستاپى بويىچە جازالىنىسىز!
بۇغا بالىسى ئاچچىقى كەلگەندەك شىبغىلىلىق يەرگە «تاق» قىلىپ ئالدى ئايىغىنى ئۇردى، لېكىن تۇرغان جايىدىن يەنىلا قوزغالمىدى.
— تازىمۇ بىزەڭ شىراغۇل نېمە ئىككەنسەنغۇ ئۆزۈڭ! — ئىشقىيار كۇلۇۋەتتى، — كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرۇۋېلىپ مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ مەن دېگەن ھەربىي ئادەم، بۇرادەر، سەندىن دائىم خەۋەر ئالالمايمەن... ئەڭ ياخشىسى...
بۇغا بالىسى يەنە بايىقىدەك ئاچچىقى بىلەن يەرنى تىلغىۋەتتى.
— پاھ!... ئاچچىقىڭ كەلدىمۇ؟ ۋاي دىلى نازۇكەي... ۋاي بايقۇش! بوپتۇ، رەنجىمە، بەربىر كەتمەيدىغان ئوخشايسەن، سائىتى كەلگەن بىر كۈنى كېتەرسەن، ئەمدى سېنى بېقىش مەسىلىسى... ھەرھالدا بىر گەپ بولۇپ قالار، قېنى يۈر، كەتتۇق!
بۇغا بالىسى خۇشال بولغاندەك كۆڭۈللۈك مەرىۋەتتى. ئىشقىيار تەمبۇرنى مۈرىسىگە ئېلىپ گازارمىغا قاراپ يۈگۈردى، بۇغا بالىسىمۇ دىڭگوكلاپ سەل ئاقساپ ئارقىسىدىن چېپىپ كەتتى. ئۇلار گازارمىغا يېتىپ كەلگەندە ئەتىگەنلىك تاماقتا سىگنال چېلىنغانىدى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى قاشاغا كىرگۈزۈپ قويۇپ ياتاققا كەلدى.
شۇ كۈنى ئۇ گۈلنارغا بىر پارچە خەت يازدى. ئۇنىڭ بۈگۈن يازغانلىرى ئىلگىرىكىدىن باشقىچىرەك ئىدى...

## 38

بۇغا بالىسى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۇ جۇشقۇن، جەڭگىۋار، ئىناق ۋە كۆڭۈللۈك ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

ئۇنى ھەممىلا كىشى ياخشى كۆرەتتى. جەڭچىلەر ئۇنىڭ ئىنچىكە ئاۋازدا قىسقا - قىسقا قىلىپ يىقىملىق مەرەشلىرىگە، خۇددى تاڭ ئاسمىنىدەك بىغۇبار، روشەن كۆزلىرىنىڭ مۇلايىم قاراشلىرىغا، گاھىدا خۇددى جەڭچىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ كۆزىچە شوخلۇق قىلىپ تىنىمسىز قىيغىتىشلىرىغا ۋە بەزىدە ئۇنىڭغا ئوت - چۆپ ئەكېلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىغان جەڭچىلەرنىڭ قوللىرىنى نەم، قارا خۇرۇمدەك سىلىق ۋە پارقىراق تۇمشۇقى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندەك ھىدلاپ، غودۇر - بۇدۇر تىللىرى بىلەن سەبىيلەرچە يالاشلىرىغا بەك ھېرىس ئىدى.

بەزى جەڭچىلەر ئۇنى «ئىشتاتتىن سىرت جەڭچى» دەپ ئاتىسا، بەزىلىرى چاقچاق قىلىپ «ئىشقىيارنىڭ ئۇكىسى» دەپ چاقىراتتى. ئۇ گويا ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋار، ئەركە كەنجى بالىسىدەك ھەممىلا ئادەمنىڭ غەمخورلۇقىغا، خەيرخاھلىقىغا ئېرىشكەنىدى. ئىشقىيارنىڭ ئودلىنىيەسىدىكى يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس بولغاچقا، ئۇنى ئىشقىيارغا ئوخشاشلا قەدىرلىشەتتى، ھەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا بۇغا

بالىسىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالايتەن ئېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. بۇغا بالىسى ياتىدىغان ئېغىلنى تازىلاش، ئۇنىڭ تېگىنى قۇرۇقداش، ئۇنىڭغا ئوت ـ چۆپ تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى يىگىتلەر بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىپ ئىشلەيتتى، ئىشقىيارلارنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى ئۆزگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئايرىم مەشىق قىلاتتى. مەشىق ۋەزىپىسىمۇ باشقا ئودلىنىيەگە قارىغاندا ئېغىر ئىدى. گازارمىدا بولىدىغان ۋاقتى بەك ئاز بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مەشىقتە چىقىشتىن ئىلگىرى بۇغا بالىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تەخ قىلىپ قوياتتى، ئېغىلنى تازىلاپ ئۇنى سۇغىرىپ تويدۇرۇشاتتى. ئىشقىيار ئودلىنىيەنىڭ كۇندىلىك مەشىق پىلانىنى تۇزۇش، ئۇنى روتا باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىشلار بىلەن بەند بولۇپ، باشقىلاردىن بەكرەك ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدىن ۋەھىمە يېمەيتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭغا زادىلا ئىش ئاشۇرۇپ قويمايتتى.

كېيىنچە ئىشقىيارنىڭ ئودلىنىيەسى كۇنلەپ ـ كۇنلەپ دالادىن قايتالمىغىنىدا باشقا ئودلىنىيەنىڭ جەڭچىلىرى، ئاشپەز يىگىتلەر، ھەتتا يېتەكچىمۇ پات ـ پات بۇغا بالىسىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولۇشتى. ئەزەلدىن گازارمىدا بۇغا بالىسىنى بېقىشقا ئانچە رازى بولماي كېلىۋاتقان روتا كوماندىرىمۇ ئاندا ـ ساندا قاشانىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇ يىراقتىن بۇغا بالىسىنىڭ ئوت ـ چۆپ چايىنىشىغا ياكى كۆشەشلىرىگە خېلىغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنچىقماي كېتىپ قالاتتى. گاھىدا خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا ئۇنىڭغا بىرەر پارچە نان

تاشلاپ بېرەتتى. روتا كوماندىرى ئادەتتە ئۆزىنىڭ تازىلىقىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەچكە، بۇغا بالىسىغا زادى يېقىنلاشمايتتى. باشقا جەڭچىلەردەك ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىنى سىلىمايتتى. يېتەكچىدەك ئېغىلغا كىرىپ قىغ ۋە چىرىندىلارنى چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھېلىقىدەك بۇغا بالىسىغا ئاندا - ساندا نان پارچىلىرىنى بەرگۈسى كېلىپ قالسىمۇ ئۆزى قاشادىن يىراقتا تۇرۇپ ناننى بۇغا بالىسىغا خۇددى ئىتقا سۆڭەك بەرگەندەك تاشلاپ بېرەتتى. بۇغا بالىسى يەرگە تاشلانغان ناننى «تازا ئەمەس» دەپمۇ ياكى روتا كوماندىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغۇاتقان مۇئامىلىسىنى ھار ئېلىپمۇ، ئىشقىلىپ كۆپ ھاللاردا ئۇ تاشلاپ بەرگەن ناننى يېمەي قوياتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، بۇغا بالىسى گازارما شارائىتى يار بەرگەن ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ تۇجۇپىلەپ كۈتۈشى بىلەن بۇغا بالىسى كۈنسېرى توشۇپ تولىمەكتە ئىدى. بۇغا بالىسىنىڭ تۈكى يىپەكتەك تاۋلىناتتى. ئۇنىڭ بەك چاپسان ئۆسۈپ يەتتە تال شاخچە بولۇپ ئايرىلىشقا باشلىغان يۇمران مۈڭگۈزى خۇددى توزنىڭ تاجىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بۇغا بالىسىنىڭ كۆزىدىكى مۇڭ - زارلىق، قايغۇ، چۆچۈش، قورقۇشنىڭ ئورنىنى ئەمدى گويا خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق ئىگىلىگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى مۇلايىم ۋە دادىللىشىپ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقان ھايات ۋە ئادەملەرگە بىر خىل شادىيانە ھەيرانلىق ئىچىدە مۆلدۈرلەپ باقاتتى.

شۇ كۈنلەردە ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ھە دېمەيلا

ئۆسۈپ چوڭىيىپ ھەقىقىي يېتىلگەن بۆغا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى، شۇڭا ئۇنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، جىنى ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنى قاشا ئىچىگە سولاپ قويۇش ئارتۇقچە ئىدى.

ئىشقىيار بۆغا بالىسىنى قاشادىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ گازارمىنىڭ قورۇسىدا، ھەتتا گازارمىنىڭ ئەتراپىدا بەھۇزۇر قىيغىتىپ يۈرىدىغان بولدى.

بۆغا بالىسى كۈنسېرى ئادەملەرگە ئىچىكىپ كەتتى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن ھېيىقمايتتى. ئۇ ماش رەڭ فورما كىيگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېرىسلىكىنى بىلىۋالغاندەك ئەتىدىن كەچكىچە ئادەملەرگە سۈيۈشىپلا يۈرەتتى. بەزىدە گازارمىدا باشقا جەڭچىلەر قالمىغاندا پوستتىكى جەڭچىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ ئۇنى پۇراپ، ھىدلاپ چۆرگۈلەپ يۈرەتتى. ئۇ بارا - بارا گازارمىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە بەخىرامان كىرىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ بەزىدە ئاشپەزلەر ئودلىنىيەسىدە ئۇنى - بۇنى ھىدلاپ يۈرسە، گاھ جەڭچىلەرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالغان قايسىبىر ياتىقىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى، بەزىدە ھەتتا روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ ئۈسۈپ كىرىپ كېتەتتى. مۇبادا روتا كوماندىرى قوغلىۋەتسە خۇددى ئەتەي ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك قاناتلىرى ئوچۇق دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ دېرىزىدىن ئىشخانا ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ روتا كوماندىرىنى بىزار قىلاتتى، بەزىدە جەڭچىلەر بويسۇرە تىزىلىپ تۇرغاندا ئاستىلا كېلىپ سەپكە قېتىلىۋالاتتى. گاھىدا سەپنىڭ بېشىدا ياكى ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان جەڭچىنىڭ يېنىدا گىدىيىپ تۇرۇۋېلىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن روتا كوماندىرىنىڭ

سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان جەڭچىلەرنى پاراقىدە كۆلدۈرۈۋېتەتتى، كۆپ ھاللاردا روتا كوماندىرى بۇغا بالىسىنىڭ قىلىقىدىن تېرىكىپ ئۇنى قوغلىۋېتەتتى، بەزىدە كارى بولماي قوياتتى.

كېيىنچە بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ ئودلىنىيەسى سىرتقا مەشىققە چىققاندا ئودلىنىيەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بارىدىغان بولۇۋالدى، ئىشقىيار ئۇنى قالدۇرۇپ قويماقچى بولۇپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، ئاخىرى ئىشقىيارمۇ ھارغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەركە ـ نايناق بۇغا بالىسى ھېچ تارتىنماي سەپنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇۋېلىپ كۇنبويى ئىشقىيار بىلەن بىللە بولىدىغان بولدى، سەپتە كېتىۋېتىپ جەڭچىلەر توختىسا ئۇمۇ توختايتتى، يۈگۈرسە يۈگۈرەيتتى. مەشىق ۋاقتىدا مەشىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرەتتى ياكى چۆپلۈكنىڭ ئارىسىدا سەگىدەپ مۈگدەپ ياتاتتى. قايتىشقا چىلىنغان پۇشتەكنى ئاڭلىغان ھامان قەيەردىن بولمىسۇن چېپىپ كېلىپ يەنە سەپكە قوشۇلاتتى.

بەزى جەڭچىلەر «ئىشقىيارلار ئودلىنىيەسى» ياكى «ئالاھىدە ئودلىنىيە» دېگەننىڭ ئورنىغا چاقچاق قىلىپ «بۇغا ئودلىنىيەسى» دەيدىغان بولۇۋالدى. ئاخىرى بۇ ئىسىم مۇسابىقە ئۇچۇن ئالاھىدە تاللانغان بۇ ئودلىنىيەنىڭ غەيرىي رەسمىي نامى بولۇپ قالدى.

ئىشقىيارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئىشقىيار يىگىتلىرىنى بۇ داغدۇغىلىق كۆرەككە دېيەرلىك قىلىپ تەييارلاش ئۇچۇن ئۇيقۇنى ئازراق ئۇخلاشقا، باشقىلاردىن ئازراق دەم

ئىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھەربىيگە خاس مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى، توپچى ئەسكەر غۇرۇرى، «پولك ئوغلى»چە شەرەپ قازىنىش ئىستىكى، ياش يىگىتلەرچە بەسلىشىشتىن شادلىنىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىش سېزىمى، يېڭىشتىن كېلىدىغان ھۇزۇرغا ئىنتىلىش ھېسسى ئۇنى كېچە - كۈندۈز ئارامسىزلاندۇراتتى، قاتتىق ھاياجانغا سالاتتى...

ئىشقىيار ئەسلىدىلا بەسلىشىش بىلەن تولغان مۇھىتتا ئۆسكەن بولغاچقا، ھەرقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانسۇن، شۇ ئىشنىڭ ئۇزغۇنى بولۇشقا ئىنتىلىش ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. بەيگە - چېلىشتا بەسلىشىش، ناخشا - ئۇسسۇلدا بەسلىشىش، ئىش - ئەمگەكتە بەسلىشىشلەر ئۇنىڭدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇزغۇنلۇق روھىنى، پىداكارلىق ئېڭىنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قېتىم رەھبەرلىكنىڭ شۇنچىۋالا تەڭداش ۋە ئوتتۇرا قولدەك يىگىتلەر ئىچىدىن ئۇنى تاللاپ چىقىپ قولىغا پولكنىڭ بايرىقىنى تۇتقۇزۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا ئىشەنچ، قالتىس مەرھەمەت ئىدى. مۇبادا بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە پولك نامىغا شەرەپ لەۋھەسى كەلتۈرەلمەي قاشقا دەسسەپ قالسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىش بولاتتى، شۇڭا ئىشقىيار شۇ كۈنلەردە ئولتۇرسا - قوپسا بولغۇسى مۇسابىقىنىڭ غېمىنى يەيتتى. بەزى كېچىلىرى ئۆزىنى ماھارەت مەيدانىدا ئودلىنىيەگە باشچىلىق قىلىپ ھۈنەر كۆرسىتىۋاتقان، ھەربىي رايون رەھبەرلىرى ۋە مىڭلىغان جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان، قۇياشتەك قىپقىزىل شەرەپ لەۋھەسىنى كۆتۈرۈپ

قىسمىغا قايتقاندا پولك باشلىقلىرى، روتا كوماندىرى، سىياسىي رەھبەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى باغرىغا بېسىۋاتقان، روتىدىكى سەپداشلىرى ئۇنى يەلكىسىگە مىندۇرۇپ ئۇنىڭ شەرىپىگە «ھۇررا» قىچقىرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى چۈشەپ چىقاتتى. بەزى كۈنلىرى ئالاھىدە ئۇدلىنىيە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مۇسابىقىگە ماڭىدىغان چاغدا ماشىنا قوزغىلىپ ئۇزۇنغا بارمايلا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قولىدىكى بايراقنى تارتىۋېلىپ باشقا بىرىگە تۇتقۇزۇپ ئىشقىيارنى ماشىنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ چۈشەپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنى مۇزدەك تەر بېسىپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى ـ دە، بۆگلۆكىدە ئۇزاققىچە ئېسىگە كېلەلمەي ئولتۇرۇپ قالاتتى.

ئىشلار ھازىرغىچە ناھايىتى راۋان كېتىۋاتاتتى. تەنتەنىلىك كۆرەككە ئىشقىيارنىڭ يىگىتلىرى جەسۇرلارچە تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇيغۇسىز ۋە قاتتىق ھېرىشتىن يىگىتلەر ياداپ يېپتەك تارتىلىپ قېلىشتى، لېكىن ئۇلارنى كەلگۈسى غەلىبە خۇشاللىقى ئۇمىدلەندۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇيغىنى قىزدۇراتتى، ۋۇجۇدىدا كۈچ، ئىرادە، كۆزلىرىدە ئىشەنچ ۋە خۇشاللىق ئۇرغۇپ، بەئەينى تاشقۇرۇلغان ئاتتەك چاپچىپ تۇراتتى.

روتا رەھبەرلىرى ئىشقىيارنىڭ ئەمگىكىدىن رازى ئىدى، روتا كوماندىرى دەسلەپىدە مەشققە توپتوغرا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ كېيىنچە ئىشقىيارنىڭ ئۆزىگە قويۇۋەتتى. ئۇ ئىشقىيار ھەم ئۇنىڭ خارىستەك چىڭ كىرىچ يىگىتلىرىدىن ۋايىم يېيىش ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. يېتەكچى

ئىشقىيارنى ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن يوقلاپ تۇراتتى. يېتەكچى ئۇنىڭغا ئىچىكىپ قالغاندەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىشقىيار بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىشقىيارمۇ يېتەكچىدىن ئۆزگىچە يېڭىچە كۈچ، ئۆزگىچە رىغبەت ئالغاندەك بولۇپ روھلىنىپ كېتەتتى. ئادەتتە كۆپ سۆزلىمەيدىغان بۇ سەھرا يىگىتى نېمىشقىدۇر يېتەكچى بىلەن مۇڭداشقاندا ئىچ - باغرىدىن چىقىرىپ دەردلەشكۈسى كېلەتتى، سۆزمەن بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئەسكەرنىڭ خىيالى، جەڭچىنىڭ ئاجايىپ ئارمانلىرى، يولداشلىرى، زېمىن، تىنچلىق، ئىنسان، ئەتە توغرىسىدىكى شېرىن ئويلىرى بىلەن يېتەكچىنى سۆيۈندۈرسە، باللىقى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئايىمىقى، بوۋىسى، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرى ۋە ئاشۇ قەدىردان ئۇلۇغئارتلىق ئادەملەر توغرىسىدا قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى توقۇپ بۇ ئېغىر - بېسىق ئادەمنى بولۇشىغا كۈلدۈرەتتى. ئادەتتە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان گېپى قىممەت بۇ يىگىت بۇنداق چاغدا بىردىنلا كىشىگە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان چەت - ياقىلىق شوخ يېزا بالىسىدەك ئەينى سۆپىتى بىلەن كۆرۈنەتتى. يېتەكچى بولسا ئۇنىڭغا ۋەتەن ۋە دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى، ئەتىسى توغرىسىدا، بىر ئادەمنىڭ بۇرچى، يولى، ئىقبالى ئۇستىدە سۆزلەپ بۇ يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا يېپيېڭى بىر دۇنيانى سۈرەتلەپ بېرىپ ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

ئىشقىيار گۈلنارغا يازغان خېتىدە: «بوۋامدىنلا قالسا، شۇ چاغقىچە مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك، كۆپنى كۆرگەن، ماڭا ئانامدەكلا ئىسسىق

كۆرۈنمىدىغان بىردىنبىر ئادەم بىزنىڭ مۇشۇ يېتەكچى» دەپ يازغانىدى.

ئىشقىيار مانا مۇشۇ چاڭقورۇنچىلىق كۆنلەردىمۇ بۇغا بالىسىنى بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقارمىدى. ئىش ئۈستىدە ئۇنىڭدىن دىگەندەك خەۋەر ئالالمىسىمۇ، كىچىككىنىلا ئارا بولسا ۋاقتىنى بۇغا بالىسى بىلەن ئۆتكۈزدى، بولۇپمۇ كەچلىك تاماق بىلەن ئۇخلاشقا سىگنال چېلىنغۇچە ئارىلىقتا ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدە مۇبادا پارتىيە دەرسى بولۇپلا قالمىسا ئۇ ئادەتتىكى توپ ئويناپدىغان، كىنو ـ تېلېۋىزور كۆرىدىغان، دۇتار ـ تەمبۇر چېلىشىپ گۇپپاڭ سوقۇشىدىغان ئىختىيارىي ھەرىكەتنى تەرك قىلغانىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بۇغا بالىسىنى ئارقىسىغا سېلىپ ھېلىقى تۆپىلىككە چىقاتتى. ئۇ يەردە كۈننىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىپ بېرەتتى. ھېلىقى كۈندىن بۇيان بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ تەمبۇرىغا خوپمۇ ئۆگىنىپ قالغانىدى. بەزىدە ئۇلار تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى ئېقىن بويىغا چۈشەتتى. ئىشقىيار سۇنىڭ تېيىز يېرىدە بۇغا بالىسىنى يۇياتتى، ئۆزى پۇتىنى مۇزدەك تاغ سۈيىگە چىلاپ قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇغا بالىسى بىلەن گاھ ئۈنلۈك، گاھ ئۈنسىز مۇڭدىشاتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن، ئۇتۇقلىرىدىن سۆزلەپ بېرەتتى ياكى بولمىسا بوۋىسىغا، ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇلۇغئارتقا بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلاتتى ۋە گاھىدا ھەتتا يېتەكچىگىمۇ بىلدۈرمىگەن ئەڭ خۇپىيانە سىرلىرىدىن، قەلبىنىڭ چوڭقۇرىغا پۈتۈلگەن دىلرەباسىنىڭ

خاتىرىلىرىدىن ھېكايە قىلىپ بېرەتتى، بۇغا بالىسىمۇ خۇددى بۇ ئاق كۆڭۈل ئىنسان بالىسىنىڭ تىلىنى، دىلىنى چۈشەنگەندەك گاھ ئۇنىڭ تەمبۇرىغا تەڭكەش قىلىپ قىيغىتىپ جەۋلان قىلىپ، گاھ ئۇنىڭ قوللىرىنى، بوينىنى يۇراپ - ھىدلاپ، گاھ ئۇنىڭ قۇچىقىغا تۇمشۇقىنى تىقىپ ئەركىلەپ، ئۇنىڭ مۇڭىغا ئورتاق بولۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

ئاشۇنداق چاغلار ئىشقىيار ئۈچۈن بەك لەززەتلىك ۋە مەنىلىك ئىدى — ئىشقىيارنىڭ بىر كۈنلۈك ئېغىر مەشىقەتتىن چارچىغان - تالجىققان جىسمى ۋە روھى مانا مۇشۇنداق چاغدا تەلتۆكۈس ئارامچىلىق تاپاتتى.

غەربكە باش قويۇۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدىن يالقۇنىدەك قىزىرىپ جۇلالاپ كەتكەن بىپايان زېمىن، نۇر بىلەن چايقالغان ئېگىز تاغلار، كۆپكۆك قارىغايلار، يېشىل چىمىلىقلار، كۈمۈش رەڭ تاغ سۈيى ئۇنىڭغا ئانا تەبىئەتنىڭ ھاياتقا، ئىنسان بالىسىغا بېرىدىغان تەڭدىشى يوق مېھىر - ساخاۋىتىنى ھېس قىلىش خۇشاللىقىنى بەخش ئەتسە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مىڭ خىل قىلىق چىقىرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغان بۇغا بالىسى ئىشقىيارغا ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا تامامەن تىكلىگىلى بولىدىغان ۋە ھېلىمۇ تىكلەنگەن سۆيۈنچ ۋە ئىشەنچ ئاساسىدىكى مۇستەھكەم دوستلۇق ئالاقىسىنىڭ ئىنسانغا بېرەلەيدىغان چەكسىز شاد - خۇراملىقى ھەمدە مۇشۇ گۈزەل مۇناسىۋەت تۈپەيلى ئادەم بالىسى ئۆز ۋۇجۇدىدا پاكلىق، رەھىمدىللىك، گۇناھسىزلىق، ئېپتىخارلىق، قەلب ساغلاملىقى ۋە

تەبىئىيلىكنى بىردىنلا بايقاپ قېلىشتىن كېلىدىغان روھىي ئازادىلىك ۋە مەنىۋى ئەمىنلىك ئاتا قىلاتتى.

ئىشقىيار بۇ يەردە ئەتراپتىكى ھەربىر تۇپ گىياھ، ھەربىر تال تاشتىن كۆزنگە چېلىقمايدىغان ئەڭ ئەرزىمەس رەڭ ـ شولا ۋە ئىنتايىن كىچىك، ئىنتايىن نازۇك، شەپىسىز قىمىرلاشتىنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر كۈچ، بىر ئۈمىد، بىر روھىي توقلۇققا ئېرىشكەندەك بولسا، بۇغا بالىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسىدا ئۇنىڭ ئەقىل، ساداقەت، دوستلۇق نۇرى پارلاپ تۇرغان، تازا، تىنىق، روشەن شەھلا كۆزلىرىدە بىر كۈچنىڭ سىمۋولى، بىر جۇشقۇن ھاياتنىڭ بايرىقى، بىر پاك، قىممەتلىك ۋە ئەزىزجاننىڭ غۇرۇرى سۈپىتىدە سۈرەتلىنىپ تۇرغان، گويا شاھنىڭ تاجىدەك ھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇرغان ئاشۇ سىماب رەڭ تۈكلۈك شاخ مۈڭگۈزلىرىدە، خۇددى قاشتېشىدەك يالتىراپ تۇرغان سۈزۈك، سىلىق، نەپىس تۇياقلىرىدا ۋە بۇغا بالىسىنىڭ تېنىدىكى دۇخاۋىدەك سىلىق، پارقىراق تۈكلىرىدە نامايىش قىلىپ تۇرغان تەڭدىشى يوق گۈزەللىكتىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس زوق، ھۇزۇر ئالغاندەك بولاتتى.

ئۇ گاھىدا ئالدىغا ئويناقلاپ تۇرغان بۇغا بالىسىنىڭ پۈتكۈل ئەزاسىغا مەپتۇنلۇق ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇپ، مۇبادا مۇشۇ بۇغا بالىسىنىڭ شۇ گۈزەل ئەزالىرىدىن بىرەر يارتىسى كەمچىل بولۇپ قالسا، خۇددى بۇيرۇتۇپ ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇمدەك كېلىشىملىك يارالغان بۇ ھايۋان بالىسىنىڭ قامىتىدىكى ئاشۇ گۈزەللىككە قانچىلىك چوڭ نۇقسان يېتەر ئىدىكىن، ئۇنىڭ ئۇچۇن

قانچىلىك چوڭ پاجىئە ۋە يوقىتىش بولار ئىدىكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتى.

قېرىنداش ئودلىنىيەدە شاكىر دەيدىغان بىر جەڭچى بولۇپ، ئۆزى شاللاقراق بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەتخۇي، ئالىقات مىجەزى بىلەن ھەر دائىم باشقىلارنىڭ جىنىغا تېگىپ يۈرەتتى. ئاشۇ يىگىت بۇغا بالىسىنى كۆرگەنلا يەردە ئەتەي ئۈركۈتۈپ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئۇنى سۈرۈپ ـ قوغلاپ ئارام بەرمەيتتى. بۇغا بالىسى ئاشۇنداق چاغدا چۆچۈپ ئالاقزادە بولۇپ، جېنىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى. ئۇ يىگىتنى يىراقتىن كۆرسىلا بۇغا بالىسىنىڭ كىچىككىنە قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ، كۆزىنىڭ ئېقى يوغىناپ چەكچىيىپ كېتەتتى ۋە ئۇ يىگىتتىن قېچىپ ئىشقىيارنى ھىمات قىلغاندەك ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىۋالاتتى. ئىشقىيار بۇ يىگىتنى بۇنداق ئەخمەقلىكىنى توختىتىشقا ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلالمىدى، لېكىن بۇ يىگىتنىڭ ئالاڭلىقى چىشىغا چىققىلى تۇردى. ئۇ بىر كۈنى ئىشقىيارنىڭ يېنىدا جىم تۇرغان بۇغا بالىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ بۇغا بالىسىنى يۇلقۇشلاپ، ئارقىچىلاپ سۆرەشكە باشلىدى. ئەسلى تەبىئىتىدىن بەكمۇ سىۋىل كەلگەن بۇغا بالىسى قورققىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ چاپچىپ ـ ئۆرىدەپ يۇلقۇنۇپ كەتتى، بىر كەمدە ھېلىقى يىگىت بۇغا بالىسىنىڭ ئارقا پۇتىغا چىرماقداپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى ـ دە، قۇيرۇقىنى قويۇۋېتىپ «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ مويگۇزىدىن قامالىلىۋالدى، ئاندىن ھېچ

ئەيمەنمەي بۇغىنىڭ دۇمبىسىگە مىنىۋالدى. بۇغا بالىسى قىينالغىنىدىن پۇشۇلداپ ئىڭراپ كەتتى. جەڭچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ئىشقىيار دەسلەپتە ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالغاندەك قىلدى، ئاخىرىدا چىدىيالماي ئوقتەك ئېتىلىپ بارغىنىچە ھېلىقى جەڭچىنىڭ گەجگىسىدىن خۇددى بۇركۇت چۇجىنى قامالىغاندەك قاماللاپ ئۇلاقتۇرۇۋەتتى. يىگىت ئالاڭلاپ بىرىپ يەرگە گۇپپىدە يىقىلدى. بۇغا بالىسى ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ كەتتى ۋە خۇددى ئىشقىيارغا شىكايەت قىلغاندەك ئۇنىڭغا تەلمۇرگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئىشقىيار شۇ چاغدا بۇغا بالىسىنىڭ بوينىدا پاخپىيىپ تۇرۇپ تۇرغان بىرتۇتام تۈككە كۆزى چۈشتى، ئۇ بۇغىنىڭ بوينىنى سىيپىۋىدى، بىرمۇنچە تۈك ئۇنىڭ قولىغا چىقتى، ئىشقىيار قولىدىكى تۈككە قاراپ چەكچىيىپ بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن تۈكنى مەھكەم سىقىملىغىنىچە ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىغا باردى، ئۇ يىگىت يىقىلغان يېرىدىن ئىنجىقلىغىنىچە ئۆمىلەپ قوپۇۋاتاتتى. ئىشقىيار ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ يۇلقۇپ تارتتى، ئىشقىيارنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەيتتى، ئۇ غەزەپتىن چوغدەك يېلىنجاپ كەتكەن ۋە قىپقىزىل قان تىقىلغان كۆزلىرى بىلەن ھېلىقى يىگىتنىڭ كۆزىگە پىچاقتەك قادالدى. ئىشقىيارنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان بايىقى شەھەرلىك يىگىت قورققىنىدىن بەزگەكتەك تىترىگىنىچە ئارقىسىغا شوخشۇپ چېكىندى:

ــ مۇتتەھەم... لۈكچەك... ــ دېدى ئىشقىيار

غەزەپلىنىپ، يىرىلغۇدەك ھالەتتە ھېلىقى يىگىتنى قىستاپ، — سەن... سەن ئادەممۇ نېمە؟ كەل، مېنىڭ تۈكۈمنى يۇلغىن... مېنى يىقىتىپ ماڭا مىنگىن... ئادەم تۈسىنى يوقاتقان ئەخمەق...

بىر پالاكەت يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى، ئىشقىيار بايىقى يىگىتنى ئۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، بايا ئىشقىيار بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان جەڭچىلەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشىپ ئىشقىيارنى ئاران توسۇپ قالدى.

— ئىككىنچىلەپ بۇغا بالىسىغا يېقىنلىشىدىغان بولساڭ بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، ئىتنىڭ بالىسى! — دەۋەتتى ئىشقىيار ئاخىرىدا ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇپ شۇ چاغدا سىياسىي رەھبەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغانىدى. ھېلىقى يىگىتنى يېتەكچى ئىشقىياردىنمۇ بەتتەررەك قىزارتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى جەڭچى بۇغا بالىسىغا يېقىن يولىمايدىغان، ئىشقىيارنى كۆرسە يىراقتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى.

ئىشقىيار قولىدىكى ھېلىقى بىر تۇتام تۈككە قارىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، پۈتۈن ئەزاسىنى تىترەك باساتتى. بۇغا بالىسىنىڭ تۈكى يۇلۇنغان يېرىگە قايتا تۈك چىقىپ تەكشىلىنىپ قالغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئىشقىيار بۇ ئىشنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ھەر قېتىم بۇغا بالىسىنىڭ ئاشۇ يېرىگە كۆزى چۈشكەندە گويا ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ يۈردى ...

روتىدىكى جەڭچىلەر شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىشقىيارنىڭ بۇغا بالىسىنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشتى ...

## 39

ياز كۈنلىرىدە تاغ ئاخشىمى بەك سالقىن بولىدۇ. نەم ۋە سوغۇق شامال كىشىنىڭ غولىنى قورۇپ شۈركۈندۈرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي روتا كوماندىرى ئىشخانا دېرىزىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى تالادەكلا سوغۇق ئىدى، چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. كەنتىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە يېتەكچى بىلەن روتا كوماندىرى بىر - بىرىگە روبىرو قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ يەردە خېلىدىن بېرى ئاشۇ تەرزدە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشقانىدى. ئىككى ئادەمنىڭ ئاغزى ۋە بۇرنىدىن بەس - بەس بىلەن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسى بۇ كىچىك خانىغا پاتماي ئوچۇق تۇرغان دېرىزە تەرەپكە تۇرۇم - تۇرۇم بولۇپ سۇرۇلمەكتە ئىدى. ئىككىسىلا خىيالچان كۆرۈنەتتى.

روتا كوماندىرى تاماكىسىنى لېۋىگە قىستۇرۇۋالغانىدى، ئۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ تورۇسقا قاراپ سىگار يان ئولتۇراتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات - پات يېتەكچىگە قاراپ قوياتتى. يېتەكچى جەيىنىكىنى كەنتىرگە تىرىگىنىچە ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان قويۇن دەپتىرىگە تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلگەن، ئۆزى

چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى، ئۇ تاماكىسىنى كۆچ بىلەن شورايىتتى.

بۇگۇن پولكتىن يېتەكچىنى ھەربىي رايونغا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشنى ھەربىي قىسىملاردىن باشلاش» توغرىسىدىكى قارارى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىرىشقا ئۇقتۇرۇش قىلىغانىدى.

شۇ كۈنلەردە روتىنىڭ ئىشلىرى بەك ئالدىراش ئىدى. يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي رايون بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئودلىنىيە مۇشۇ روتىدىن چىقىرىلماقچى ئىدى. بۇ تولىمۇ مۇھىم بىر ۋەزىپە بولۇپ، بۇ قېتىمقى ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتنىشىدىغان ئودلىنىيەنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتۈن پولكنىڭ شان - شەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇڭا پولك رەھبەرلىرى بۇ ئودلىنىيەنىڭ كۈندىلىك مەشىق ئەھۋالىغا، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان جەڭچىلەرنىڭ كەسپىي، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەييارلىقىغا، ئۇلارنىڭ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. پات ئارىدا پولك كوماندىرى روتىغا كېلىپ بۇ ئودلىنىيەنىڭ پۈتۈن مەشىق جەريانىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل پارتىيەگە كاندىدات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدىغان جەڭچىلەرنىڭ ئىسىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پولك پارتكومىغا يوللىنىشى كېرەك

ئىدى. يىپتەكچى شۇ كۈنلەردە دەل شۇ جەڭچىلەرنىڭ تىپىك ماتېرىيالىنى تەييارلاۋاتاتتى. مۇبادا يىپتەكچى ئۆگىنىشكە كېتىپ قالسا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان روتا كوماندىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالاتتى. ئادەتتە روتا كوماندىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكىلىق ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلارغا ئانچە قول تىقماي ئۆزىنى چەتكە تارتىپ يۈرەتتى. يىپتەكچى روتا كوماندىرىنىڭ «روتىنى كەسپىي جەھەتتە پۇتۇن پولكنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ پولكنىڭ تەقدىرلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك» دېگەن كۆزقارىشىنى مەلۇم جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك قاراش دەپ ھېسابلايتتى. روتا كوماندىرىنىڭ جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىغا، روتىنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋى خىزمىتىگە سەل قارايدىغان، روتىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە سىياسىي ئىدىيەۋى خىزمەتنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدىغان، يەنە كېلىپ روتىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئىشلىرىنى تۇتۇشتا پەقەت «يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش»نى مەقسەت قىلىپ، ئەمەلىي جەڭ تەلىپىگە سەل قاراپ، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان خاھىشىغا قوشۇلمايتتى. يىپتەكچى روتا كوماندىرى بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىپ ئۇنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىلىدىكى يۇقىرىقى نۇقسانلارنى يولداشلارچە كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. لېكىن روتا كوماندىرى ئاغزىدا «ھە» دېگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتاتتى. يىپتەكچى مۇشۇ مەسىلىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، كۆپ

قېتىم پارتىيە تۇرمۇشى يىغىنلىرىدا «روتا قۇرۇلۇشىدا سىياسىي ئىدىيەۋى خىزمەتنىڭ رولى ۋە روتا قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتەكچى روتا كوماندىرىنىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان شەخسىي قىزغىنلىقىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان، ئىشلارغا ئالدىراپ ۋە قاراملارچە باھا بېرىدىغان ئىستىلىنى ياقتۇرمايتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل بىيۇروكراتلىق بولۇپ، ئىش يۈزىدە ئىنتايىن كۆڭۈلسىز نەتىجىلەرگە سەۋەبكار ئىدى.

بۇ قېتىم مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ چىقارغان قارارى قىسىملاردا پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىگە نىسبەتەن گويا كېرەك ۋاقىتتا ياغقان يامغۇر گۈل ـ گىياھقا يېڭى كۈچ ئاتا قىلغاندەك تەسىر كۆرسەتتى. روتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا يېڭىچە بۇرىلىش بولىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

لېكىن، روتىنىڭ خىزمەتلىرى ھەل قىلغۇچ پەيتكە كىرگەن مۇشۇ كۈندە يېتەكچى ئۆزىنىڭ روتىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى دېگەندەك خوپ كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئاۋىن روتا كوماندىرى بىرنەچچە ئايدىن بېرى بالنىستىتا داۋالىنىۋاتاتتى. ھەممە ئىشلار دېگۈدەك بىرلا روتا كوماندىرىغا قاراشلىق بولۇپ قالاتتى، لېكىن ئامال يوق ـ دە!

يېتەكچى ئاخىرى خاتىرىدىن بېشىنى كۆتۈردى:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ روتا كوماندىرىغا قاراپ، — مەن بۈگۈن كېچە ۋە ئەتە كۈندۈزى

ھازىر يېزىلىۋاتقان ئىككى جەڭچىنىڭ ــ ئىشقىيار بىلەن ۋاسىلنىڭ تېپىك ماتېرىيالىنى يېزىپ پۈتكۈزۈۋېتەي، ئەتە كەچقۇرۇن ياچېيكىنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ يوللىۋېتەيلى. ئۆلگۈرۈپ قالسا ئۆگۈنلۈككە مەن ماڭغاندا پولكقا ئۆزۈم ئالغاچ كېتەرمەن.

ــ ياچېيكا يىغىنىدا ئاللىقاچان قارىلىپ بولغانغۇ؟ مېنىڭچە... ــ دېدى روتا كوماندىرى قىياپىتىنى بۇزماي.

ــ ياق... شۇنداقتىمۇ يولداشلار بىرەر قۇر ئاڭلاپ باقسا ياخشى بولاتتى...

ــ ئۇمۇ بولىدۇ! ــ دېدى روتا كوماندىرى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ، ــ شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئەۋەتىدىغانلارنىڭ ماتېرىيالىمۇ تەييار بولغان، بىراقلا ئالغاچ كېتىڭ.

ــ بولىدۇ، ئۇلارنى قاچانراق يولغا سالىدىكەنمىز؟

ــ پولكنىڭ ئۇقتۇرۇشىچە، ئاۋۋال ماتېرىيالىنى يوللىساق، تەستىق چۈشكەندىن كېيىنلا ئەۋەتىپ بېرىدىكەنمىز. بىزنىڭ روتىدىن شوپۇرلۇققا ئەۋەتىلىدىغان باللاردىن ئىشقىيار بىلەن ۋاسىل دېگەن جەڭچى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىنى ئاۋۋال يوللاپ تەستىقلىتىۋەرسەك، مۇسابىقە تۈگىشى ھامانلا ماڭدۇرساقمۇ كېچىكمەيمىز.

ــ بۇ ھەقتە پولكنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

ــ خەۋىرى بار، پولك ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىشقىيارنىڭ ماتېرىيالىنى تېزرەك ماڭدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېفون بېرىپتۇ.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

ــ بىزنىڭ كۈچتۈڭگۈرگە كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە ئۇلارنىڭ...ــ يېتەكچى ئورنىدىن تۇردى، ــ ياخشى جەڭچى، ئۇستا مەرگەن، ئۆزى قىزغىن، غەيرىتى بار، غايىسى بار، ئېيىق پالۋاندەك قامىتى ۋە قامەتكە لايىق كۈچىمۇ بار دەڭ...

ئۇلار كۈلۈشۈپ مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىشتى. ئۇلار ئىشقىيارنى بىردەم ماختاشقاندىن كېيىن سۆھبەت تېمىسىنى يۆتكىدى.

بۇ چاغدا ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا ياز قاراڭغۇسىغا چۆممەكتە ئىدى. يىراقتىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

# 40

يېتەكچى ھەربىي رايونغا ئۆگىنىشكە كېتىپ ئىككىنچى ھەپتىسى پولك كوماندىرى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئالاھىدە ئودلىنىيەنىڭ مەشىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن روتىغا كەلدى. پولكنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پولك كوماندىرىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە كېلىشكەنىدى. ئەتىسى ئىشقىيارلارنىڭ ئودلىنىيەسى مۇسابىقە تۈرلىرى بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى. پولك رەھبەرلىرى مەشىق ئەھۋالىدىن بەك رازى بولدى. دېمىسىمۇ، ماھارەت

كۆرسىتىش كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندالغانىدى. ئىشقىيارنىڭ ئاققۇزغان تەرى بوشقا كەتمىدى، يىگىتلەر خۇددى شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا تۇرغاندەك باھادىرلىق كۆرسەتتى.

ماھارەت كۆرسىتىشنى پۈتۈن روتىدىكى جەڭچىلەر كۆردى. ئۇلارمۇ ئىشقىيارلار ئودلىنىيەنىڭ نەتىجىسىدىن روھلىنىپ كەتتى. ئۇلار سەپداشلىرىنىڭ بۇ قېتىم پولكنىڭ نامىغا شۆھرەت قوشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن روتا بويىچە يىغىلىش بولدى. پولك كوماندىرى قايتماقچى بولدى. ئۇ روتىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى جەڭچىلەر بىلەن رەسمىي يوسۇندا يۈز كۆرۈشۈشنى لايىق تاپتى.

پەسىلنىڭ تازا تولغان كۈنلىرى ئىدى. گازارمىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار، قارىغايلار، ئوت ـ چۆپلەر يازنىڭ خاسىيىتىدىن تويۇنۇپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. گازارمىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا بويىسېرى سەپ تارتىشقان، روھىي شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قۇرداش ياش جەڭچىلەر شۇ تاپتا خۇددى ئاشۇ تويۇنغان تەبىئەتتەك ھەيۋەتلىك، بەرجەس ۋە جۇشقۇن كۆرۈنەتتى.

دەسلەپتە روتا كوماندىرى پولك كوماندىرىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ پولك كوماندىرىنىڭ بىرقانچە قېتىم ھەربىي رايون ۋە ئارمىيە بويىچە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى، قوماندانلىق سەنئىتى ۋە ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە پۈتۈن ھەربىي رايوندا نامى بار ئىقتىدارلىق كوماندىر ئىكەنلىكىنى،

گەرچە يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكى ناچارلىشىپ قالغان بولسىمۇ، كېسەل بىلەن قەيسەرلەرچە ئېلىشىپ پولكىنىڭ خىزمەتلىرىگە قالتىس ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئاخىرىدا: «پولك كوماندىرىنىڭ ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنلىكى روتىمىزغا قىلىنغان ئىنتايىن چوڭ غەمخورلۇق، پولكىنىڭ ھەربىر ئېغىز كۆرسەتمىسى روتىمىزنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن قىبىلىنامە» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن جەڭچىلەردىن: «پولك كوماندىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىزمۇ؟» دەپ سورىدى. جەڭچىلەر بىر ئېغىزدىن «چوقۇم ئاقلايمىز!» دەپ شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن جاۋاب بېرىشتى. جەڭچىلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تاغ جىلغىسىنى تىترىتىۋەتتى. تاغ ئارىسىدا جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار ساداسى خېلى ئۇزاققىچە ئەكس سادا بولۇپ ياڭراپ تۇردى.

روتا كوماندىرىنىڭ سۆزىدىن كېيىن پولك كوماندىرى سۆز ئالدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، ۋىجىكرەك ياداڭغۇ ئادەم ئىدى. ئۇ سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ چېچەن ۋە ئەقىللىكلىكى چىقىپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى بىلەن چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ، قامىتىدىن كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچىلەرگە ھەۋەسكە كەلگەندەك بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن جەڭچىلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئالدىرىماي سۆزىنى باشلىدى.

پولك كوماندىرى سۆزلەرنى ئالدىرىماي دانىمۇدانە قىلىپ سۆزلەيتتى. جۈملىلەرنى ھەربىرىلەرگە خاس قىسقا ـ قىسقا تۈزەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى

چۈشىنىشلىك، ئىپتىق ئىدى. سوپەت ۋە ئوخشىتىشلارنى ئىشلەتكەندە ئالدىدا ئولتۇرغان جەڭچىنىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭ قولىدىكى قورالىدىن قىزىق - قىزىق مىساللارنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش يېنىك ۋە يېقىملىق ئىدى. روتا كوماندىرىنىڭ ماختاشلىرى ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقى ئىپتىق ئىدى. جەڭچىلەر بايا روتا كوماندىرى سۆزلەۋاتقاندا پولك كوماندىرىنىڭ كۆڭلى بەك پاراكەندە ئادەمگە ئوخشاش جايىدا تۇرالماي پولكنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ قولىنى ئاچچىقى بىلەن سىلكىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇشقانىدى... پولك كوماندىرى دەسلەپتە ئىشقىيارنىڭ ئودلىنىيەسىنى ماختىدى. ئۇلارنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىلىك يۇقىرى سەۋىيەنى ياراتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئىشقىيارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئىشقىيارلارنىڭ ئودلىنىيەسىگە ۋە ئىشقىيارغا تەشەككۈر ئېيتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ رەسمىي مۇسابىقىدە پولك ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى. ئاخىرىدا روتىنىڭ قۇرۇلۇشى، سىياسىي ئىدىيەۋى خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، چاۋاك - ئالقىش ئىچىدە سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى.

روتا كوماندىرى جەڭچىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە ئۆز سەپلىرىنى رۇسلىشىپ قېتىپ تۇرۇشتى. پولك كوماندىرى ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭچىلەرنىڭ قولىنى

سەپىنىڭ ئاخىرىدىن باش بويىغا قاراپ قىسىپ ماڭدى. ئۇ قايسىبىر جەڭچىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ قوياتتى ۋە قايسىبىر جەڭچىگە چاقچاق قىلاتتى، كىملەرنىڭدۇر مۇرىسىنى قىسىپ قوياتتى. كىشىلەرنىڭ كۆكرىكىگە يېنىك مۇشتلاپ قوياتتى. قارىغاندا، ئۇ شۇ تاپتا ھەتتا كوماندىرلاردەك ئۆزىنىڭ جەڭچىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىۋاتاتتى. ئۇ سەپنىڭ بېشىغا كېلىپ ئىشقىيارنىڭ قولىنى ئۇزاققىچە سىقتى ۋە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى، ياخشى تىلەكلەر تىلىدى. روتا كوماندىرى تونۇگۇنلا ئىشقىيارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بولغىنىغا قارىماي ھازىر يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ئىشقىيار ھەم خۇشاللانسا، ھەم ئوڭايسىزلىناتتى، ئۇنىڭ يۈزى باللاردەك قىزىرىپ، داردىيىپ تۇرغان قوللىرىنى يىغىشتۇرالماي قالدى.

پولك كوماندىرى ئاخىرىدا جىددىي قىلىپ:

— بىز خەنزۇلاردا «ئەسكەر يىللاپ بېقىلىدۇ، بىردەملا ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن بىر ئىدىيوم بار، كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىدىغان سائەتكە يەنە بىر ئايلا ۋاقىت قالدى. مۇشۇ بىر ئاي ۋاقىت... — پولك كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. «خوپ» دېيىشكە ھازىرلىنىپ تۇرغان ئىشقىيار پولك كوماندىرىنىڭ ئۇنىڭ يان تەرىپىگە چەكچىيىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى بۇرىدى. پولك كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ يېنىدا مۈڭگۈزلىرىنى چوخچايتىپ گىدىيىپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ

قالغانىدى. قاچاندۇر پەيدا بولۇپ سەپنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان بوغا بالىسى ھېچ تەپ تارتماي پولك كوماندىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ھەيران بولغاندەك قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن پولك كوماندىرى ئاغزىنى ئاچقىنىچە بوغا بالىسىغا قاراپ قىمىرلىماي تۇراتتى. پولك كوماندىرى بوغا بالىسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ مۇشۇ بىر ئاي ۋاقىت بەكمۇ ھالقىلىق، شۇڭا يەنىمۇ تىرىشىڭلار... ـــ دېدى.

روتا كوماندىرى سەپنى تارقىتىۋەتتى. پولك كوماندىرى يەنە بوغا بالىسىغا تىكىلدى. پولك كوماندىرىنىڭ بوغا بالىسىغا قىزىقىپ قالغىنىنى بايقىغان روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى كەتمەسلىككە ئىشارەت قىلدى. بوغا بالىسىمۇ ئورنىدا جىم تۇرۇۋەردى. بوغا بالىسىنىڭ شاخلاپ كەتكەن يۇمران قوڭۇر تۈكلۈك مۈڭگۈزى قۇياش نۇرىدا خۇددى مۇز چوكىسىدەك چاقنايتتى. ئۇنىڭ بوينى ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن ۋە گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ خۇددى ھېلىلا ياش تۆكۈپ، ئەمدى بولسا كۈلۈۋاتقان قىزنىڭ كۆزىدەك سەل نەملەنگەن، قارىسى يېنىپ تۇرغان چوغدەك، ئېقى ئەمدى ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تاڭدىكى ئۈپۈقتەك سۈزۈك چاكسىز خۇمار كۆزلىرىدە بىر روشەن ۋە ئىسسىق نۇر، بىر جەلپكار يالقۇن بالقىيتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ، يېيىلىپ تۇرغان قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە كەچكى قۇياشنىڭ زەر نۇرلىرى ئوينايتتى. بوغا بالىسى كىشىنىڭ كۆزىگە سىنىماقچى بولۇۋاتقاندەك سەبىيلەرچە

تىكىلىپ قارايتتى. شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاسقىلىپ، ئۆزى ھېچ چۈشىنىكسىزلا ھودۇقۇپ كېتەتتى. بۇغا بالىسىنىڭ چىڭ ۋە تولۇق دۈمبىسى، يۇپيۇمىلاق ساغرىسى، كۆچلۈك ۋە ئۇزۇن پاقالچاقلىرى مەخمەلدەك سىلىق ئىدى. چىرايلىق تۇياقلىرى قوندۇزدەك قارا ۋە يالتىراق ئىدى.

بۇغا بالىسى ئەتراپتىكى ئادەملەردىن ھېچ خەۋپسىرىمەي بوينىنى تىك تۇتۇپ، چىرايلىق مۈڭگۈزىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، كېلىشكەن ۋە كۈچلۈك ئاياغلىرى بىلەن مەغرۇر يەر بېسىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىدا بىر خىل ئۆزىگە ئىشىنىش، قانائەت، بەھۇزۇرلۇق ۋە بەختىيارلىق نامايىش قىلىپ تۇرسا، ئۇنىڭ خۇددى مەرمەر تاشتىن نەپىسكىنە يونۇپ ياسالغاندەك كېلىشكەن قامەت يوسۇنىدا بىر خىل تەڭداشسىز سېھرىي گۈزەللىك جەۋلان قىلىپ تۇراتتى.

پولك كوماندىرى خۇددى تۆرەپ قالغان ئادەم بىردىنلا ئېسىنى تاپقاندەك چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى ۋە گويا «بۇ زادى نېمە گەپ؟» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن روتا كوماندىرىغا باقتى.

— قىشتا بىزنىڭ يىگىتلەر دالادا بەل - پۇتلىرى چۈل - چۈل بولۇپ، چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياتقان يېرىدىن تېپىۋېلىشقانىكەن، مۇشۇ ئىشقىيار سۇنۇقلىرىنى تېڭىپ ساقايتىپ بېقىپ چوڭ قىلدى...— روتا كوماندىرى ئالدىراپ چۈشەندۈردى، پولك كوماندىرىنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، نېمىدۇر بىر نەرسىنى

ئەسلىگەندەك خىياللىنىپ قالدى ۋە تۇيۇقسىز ئىشقىياردىن سوراپ قالدى:

ــ سىلەرگە قەيەردىرەك ئۇچرىغانىدى؟ قاچان؟

ــ ئورمانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دالادا، ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدا، يولداش پولك كوماندىرى.

ــ تاشيولنىڭ ئاستىدىكى جىرادىمۇ؟

ــ دەل شۇ يەردە، يولداش پولك كوماندىرى.

ھەممەيلەن پولك كوماندىرىنىڭ بۇنچە ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتكىنىدىن ۋە بۇغا بالىسىنىڭ ئىشقىيارلارغا ئۇچرىغان يېرىنىمۇ بىلىدىغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي قالدى.

ــ ئەسلىدە شۇ كۈنى ماڭا بىر بۇغا بالىسى ئۇچرىغان.

پولك كوماندىرى بۇغا بالىسىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

پولك كوماندىرى كۆزئالدىدا تۇرغان بۇغىنىڭ ھېلىقى ماشىنا سوقۇۋېتىپ يارغا چۈشۈپ كەتكەن بۇغا بالىسى ئىكەنلىكىگە گاھ ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەيۋاتاتتى.

ئىشقىيار دەل شۇ كۈنى پولك كوماندىرىنىڭ روتىغا كەلگەنلىكىنى ئەسلەپ قالدى. ئەسلىدە بۇغا بالىسى ئاۋۋال پولك كوماندىرىغا يولۇققانىكەن ـ دە، لېكىن قەيەردە؟ قانداق قىلىپ؟ نېمىشقا...

ــ ئۆزى تازا تۇللەپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى كېسىۋالسا قالتىس دورا بولىدۇ ـ دە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ قېنى ناھايىتى قۇۋۋەتلىك... ــ باياتىن بېرى ھە دېسىلا بۇرنىنىڭ ئۇستىگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كۆزئەينىكىنى

كۆتۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پولك كوماندىرىنىڭ ھېلىقى سۆزىدىن كېيىن دەررۇ سۆز قاتتى، — ھە راست، سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە ...

پولك كوماندىرى ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قولىنى سىلكىدى:

— بولدى، بىز ماڭايلى.

لېكىن، كوماندىر كۆزىنى بۇغىدىن زادى ئۈزەلمەيۋاتاتتى.

پولك كوماندىرى شۇ چاغقىچە ھەقىقىي بۇغىنى بۇنچە يېقىندىن كۆرۈپ باقمىغان ۋە بۇغا دېگەنىنىڭ بۇ قەدەر كېلىشكەن ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ بۇغىغا يېقىنلاشتى ۋە بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىگە دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن ئىختىيارسىز:

— راست، ئالىي سورتلۇق، ساپ قاندىن ئىكەن بۇ جانىۋار... — دەۋەتتى ھەۋەس بىلەن.

شۇ چاغدا پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى روتا كوماندىرىنى چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ جېكىلىدى. روتا كوماندىرى ئۇزۇلدۇرمەي باش لىڭشىتىپ كەتتى. ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ قوللىرىنى تىنىمسىز ئىشقىلاپ - ئۇۋۇلاپ بىر جايدا تۇرالمىغانلىقىدىن ئۇنىڭ بىردىنلا بىر چۈشىنىكسىز ھاياجان بىلەن چۇلغىنىپ قالغانلىقىنى پەملىگەندەك بولدى، لېكىن تېگىگە يېتەلمىدى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى تۇرۇپلا غەش بولۇپ قالدى.

## 41

شۇ كۈنى ئاخشىمى روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى تۈيۇقسىز چاقىرىپ قالدى، ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە روتا كوماندىرى ئادىتى بويىچە ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىغىنىچە پۇتلىرىنى دارداىتىپ تورۇسقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ لېۋىگە قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن شوراپ قوياتتى.

روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىشقىيار سەل قورۇنغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

روتا كوماندىرى ئۈنچىقمىدى. ئۇ ھەربىي چاپىنىنى سېلىۋەتكەنىدى. پاكىز يۇيۇلغان ھاۋا رەڭ نېپىز كۆڭلەك كىيىۋالغان روتا كوماندىرى شۇ تاپتا خۇددى تۇغۇتىدا ياخشى كۈتۈلگەن ياش جۇۋاندەك تولغان ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، سەل قىزغۇچ ئاق كەلگەن يۇمىلاق يۈزى چىراغ نۇرىدا ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تېخى ئوتتۇز نەچچە ياشلاردا بولۇشىغا قارىماي ۋاقىتسىز سەمرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاپپاق گۆشلۈك بوينى قاتلاق - قاتلاق بولۇپ تۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل ئوچۇق قالغان مەيدىسى، چىڭ ۋە كۈچلۈك بىلەكلىرى، ھەتتا تىرناقلىرى كۆڭۈل قويۇپ ئېلىنغان بودرۇقنا بارماقلىرىنىڭ دومبىسىنى قويۇق بودور تۈكلەر

قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ تىنىدىن، پارقىراپ تۇرغان قويۇق چاچلىرىدىن خۇددى ھازىرلا مۇنچىدىن چىققان ئادەملەردە بولىدىغان سالقىن نەم ھاۋا ۋە بىر خىل خۇش پۇراق كېلەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلىدىغان، بىغەم، تۇرمۇشتا ئىنتايىن رەتلىك، جېنىنى بەك ئاياپدىغان ساغلام ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىشقىيار خېلى ئۇزاققىچە روتا كوماندىرىغا سەپسېلىپ ئولتۇردى. ئىشقىيار ئۇشتۇمتۇت ئاپىسىغا دائىم نان راسلىشىپ بەرگىلى كىرىدىغان ئاينىسا دېگەن قوشنا ئايالنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى.

روتا كوماندىرىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى شۇ غەيۋەتچى، سۆزمەن ئايالغا ئوخشايتتى، لېكىن قەيىرى ئوخشايدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالمىدى. روتا كوماندىرى گەۋدىسىنى ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى. ئىشقىيار: «خىيالىمنى روتا كوماندىرى بىلىپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى. «ئۆزۈم بىلمەي ئاغزىمدىن بىرەر سۆز چىقىپ كەتمىگەندۇ؟...»

روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا قاراپ ئۈن چىقارماي كۈلدى. ئىشقىيار تېخىمۇ خەپسىرەپ قالدى، ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— خۇش، ئۇكا! — روتا كوماندىرىنىڭ ئۇنى «ئۇكا» دېيىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى.

ئىشقىيار ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.

— چېكىپ قويامسەن؟ — روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا

تاماكا قۇتىسى بىلەن چىرايلىق كېسىلگەن گېزىت قەغىزىنى ئۇزاتتى.

— رەھمەت، چەكمەيمەن، يولداش روتا كوماندىرى... — ئېشقىيار ئالدىراپ ئۆزرە بىلدۈردى.

— ئادەتتىمۇ چەكمەمسەن؟

— ياق... روتا كوماندىرى بەك ئاز... يولداش روتا كوماندىرى.

روتا كوماندىرى ئارتۇق زورلىمىدى.

— گەپ مۇنداق، ئۇكا! — دېدى روتا كوماندىرى قولىدىكى تاماكا قۇتىسى بىلەن قەغەزنى كەنتىر ئۈستىگە قويۇپ، — پولك كوماندىرى سىلەردىن رازى بولدى. مەنمۇ سەندىن كۆپ رازى بولدۇم، دېمەك، سېنى ئالاھىدە ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى قىلىپ تاللاپ خاتالاشمىغانىكەنمەن... دېگەن يېرىمدىن چىقىۋاتىسەن. بۇ قېتىم ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ياخشى نەتىجە يارىتالىساڭلار بىزنىڭ روتىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسىلەر، سەن ئۆزۈڭمۇ پولك بويىچە، ھەتتا ھەربىي رايون بويىچە تونۇلۇپ بىراقلا مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىپ قالىسەن، ھا... ھا... ھا... — روتا كوماندىرى كۈلدى، — مۇبادا شۇنداق بولۇپ يۇقىرىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ قالساڭ قالتىس ئىش بولىدۇ، ئىستىقبال دېگەن مانا شۇ! كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە قايتساڭمۇ، چوڭ شەھەرلەرگە، پۇلنى جىق بېرىدىغان مەئىشەتتى ياخشى ئىدارىلەرگە ئورۇنلىشالايسەن... بىرنەچچە يىلغا قالمايلا كۆكلەپ ئادەم بولۇپ قالىسەن. ئاددىي سەھرا بالىسىدىن بىراقلا

مەدەنىي شەھەرلىككە ئايلىنىسەن، ئۇ چاغدا... ھە... ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— كەسىپ ئالماشتۇرۇشنى ھازىرچە ئويلىمىدىم، مۇبادا تەشكىل شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قالسا ئۆز يېزامغا — ئاشۇ سەھراغا كېتىمەن، يولداش روتا كوماندىرى، — ئىشقىيار كۆلۈپ سۆز قاتتى.

— نېمە، يېزىغا؟ ئاشۇ تەكلىماكانغا؟ ئاشۇ قۇملۇق - دەشتكىما؟ — روتا كوماندىرى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سورىدى.

ئىشقىيار ساددىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، يولداش روتا كوماندىرى، ئاشۇ ئۇلۇغئارتقا! ئاشۇ يېزامغا...

— ئۇ يەردە نېمە بار ساڭا؟ نېمە ئىش قىلىسەن ئۇ يەرگە بېرىپ؟

— ئاتا - ئانا، ئەل - مەھەللە شۇ يەردە تۇرسا، «ئات ئېغىلىنى تاپىدۇ» دېگەندەك، ئۆزۈمنىڭ ئانا ماكانىمنى تاپمايمەنمۇ... ھەر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى ئۆزىگە ياخشى، ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتى ئۇ يەرلەر، يولداش روتا كوماندىرى مەكتەپ، دوختۇرخانا، كىنوخانا سېلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ...، ھە راست، يېقىندا ئۇ يەردىن بىر چوڭ نېفىتلىك تېپىلىپتىمىش، قالتىس چوڭ دەيدۇ. راست شۇنداق بولۇپ قالسا، پاھ... — ئىشقىيارنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، — بىزنىڭ ئۇلۇغئارت پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بىر يەر بولۇپ قالىدۇ تېخى...

روتا كوماندىرى ئۇنچىقمىدى. شۇ تاپتا ئۇ كۆڭلىدە:

‹توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ› دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە، داڭگال تاتىلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر توخۇغا قانداقتۇر ئوردا ـ قەسىر، چارىباغنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرگەن ئۆزۈم ئەخمەق ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ تاماكىنى كۈچ بىلەن شوراپ ئىسسىنى تورۇسقا پۈۋلىدى:

— دېگىنىڭمۇ بىر ھېسابتا توغرا، ھازىر يېزىلارمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى، يېزىلارمۇ سەندەك مەدەنىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن، جاھان كۆرگەن يىگىتلەرگە موھتاج. ھازىر ھەممە يەردە رەھبەرلىكنى ياشلاشتۇرۇش كېرەك دەۋاتىمدۇ؟ كىم بىلىدۇ، بىر بىپلا يېزا باشلىقى ياكى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بولۇپ قالامسەن تېخى...

ئىشقىيار كۈلۈۋەتتى.

— ياقەي... يەر تېرىيمەن... ياكى بولمىسا نېفىتلىكتە ئىشچى بولىمەن. پۇل تاپقاندا يېزىدا ئۇن زاۋۇتى، ماشىنا ـ تىراكتور رېمونتخانىسى ئاچىمەن، باي بولغاندا يېزىغا بالىلار يەسلىسى، مەكتەپ، قېرىلار ئۆيى قۇرۇپ بېرىمەن... ئۇ يەرلەرنىمۇ پىلانلاپ قويدۇم، بىر كەڭرى بوزلۇق بار. ئادەم تىكسە ئادەم ئۈنىدىغان ياخشى يەر، شۇ يەرنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرە ئېلىپ كۆچەت تىكىمەن، تاكى قۇملۇققىچە ئورمان قىلىۋېتىمەن، باغ قىلىمەن، ئاشۇ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، قېرىلار ئۆيىنى ئاشۇ باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا سالدۇرىمەن، — ئۆزىنىڭ بەك كۆپ سۆزلىۋەتكىنىنى بىردىنلا يادىغا كەچكەندەك ئىشقىيار سۆزدىن توختاپ روتا كوماندىرىغا ئەيىبكارلارچە قاراپ قويدى. ئۇ يۇرتىنىڭ گېپى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ قەيەردە ئولتۇرغىنىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— قېنى، سۆزلەۋەرگىن، قۇلىقىم سەندە...
ئىشقىيار ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى:
— سۆزلەپ بولدۇم، ئەمدى ئۆزىڭىز سۆزلەڭ، يولداش روتا كوماندىرى.
روتا كوماندىرى قىز بالىدەك ئۇياتچان بۇ يىگىتكە مەستلىكى كەلگەندەك بىردەم ئۇنچىقماي قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.
— خوش... ئۇنداق بولسا مەن سۆزلەي... — روتا كوماندىرى ئورۇندۇقنى ئالدىغىراق سۈرۈپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى، — سىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىپادەڭ ۋە كۈچلۈك تەلىپىڭگە ئاساسەن پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرىلىشىپ كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا كۆرسىتىپ پولك پارتكومىغا يوللىۋەتتۇق...
بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى. ئۇ گويا روتا كوماندىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالماي قالماي دېگەندەك ئالدىغا ئىنتىلىپ روتا كوماندىرىغا تەلپۈندى.
— سىياسىي رەھبەر بىلەن ئىككىمىز ساڭا تونۇشتۇرغۇچى بولدۇق... پولك پارتكومى تەستىقلىسىلا ساڭا ئۇقتۇرىمىز، بۇنى هازىرچە قەتئىي مەخپىي تۇتقىن، ئۇنىڭدىن باشقا، سىنى شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق، مۇشابىقىدىن قايتىپ كەلگەن هامان پولكقا ماڭىسەن، پولك ماشىنا ئەترىتى ئاللىقاچان تىزىملىكنىڭ ئەڭ بېشىغا سىنىڭ ئىسمىڭنى پۈتۈپ قويىدى. بۇنىمۇ هازىرچە باشقىلار ئۇقماي تۇرسۇن.
— خوپ، يولداش روتا كوماندىرى! — ئىشقىيار هاياجاندىن قىزىرىپ كەتتى.

— ئالدىرىما! يەنە بىر مۇھىم ئىش بار. سېنى بۈگۈن پەقەت شۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتتىم.

— ھەرقانداق ۋەزىپىگە جېنىم بىلەن تەييارمەن، يولداش روتا كوماندىرى، — دېدى ئىشقىيار قەتئىي قىلىپ.

— مەنمۇ سېنىڭ بۇ ئىشتا ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشۇڭغا ئىشىنىمەن، — روتا كوماندىرى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى، — پولك كوماندىرى ئۆزۈندىن بۆيان كېسەل بولۇپ يۈرىدۇ. ئۆزى قالتىس ياخشى ئادەم، قابىل قوماندان، بۈگۈن سېنى ئالاھىدە ماختاپ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئۇ ئادەم ئاسانلىقچە كىشىلەرنى، بولۇپمۇ سەندەك ئاددىي جەڭچىلەرنى ماختاپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس، لېكىن ئۇ بۈگۈن ساڭا ئالاھىدە ھىممەت كۆرسىتىۋەتتى، بۇ سېنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىڭ ئۈچۈن بەك پايدىلىق، ئەمدى ئاشۇ ئادەم ساڭا بىر ئىشتا موھتاج بولۇۋاتىدۇ...

ئىشقىيار چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى.

— «زېرىكىپ قېلىپ چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇشقا چاقىرغان ئوخشايدۇ» دەۋاتامسەن مېنى! سەن بىلەن جىددىي سۆزلىشىۋاتىمەن، — روتا كوماندىرى سەل قىزىشقاندەك بولدى، — گېپىمگە ياخشى قۇلاق سال، پولك كوماندىرىغا سېنىڭ بۇغاڭ كېرەك بولۇپ قالدى، بەكمۇ زۆرۈر.

— نېمە؟ بۇغا؟ — ئىشقىيار ھەيران بولۇپ سورىدى.

— شۇنداق، سېنىڭ بۇغاڭنىڭ مۆڭگۈزى بىلەن چۆۋىچى ئۇنىڭ كېسەللىگە دورا ئىكەن، دوختۇرلار

بۇيرۇپتۇ، بۇنداق يىڭى مۇڭگۈز ۋە يىڭى چىشۇچىنى تاپالماي يۇرگەنىكەن، شۇڭا...

ئىشقىيار تىن تارتالماي ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقانىدى. ئۇنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ بىر نۇقتىغا تىكىلدى.

— بۇ گەپكە، ئاشۇ بۇغىنىڭ مۇڭگۈزىنى كېسىش... — دېدى ئىشقىيار بىرھازادىن كېيىن تەسلىكتە.

— مۇڭگۈزىنى كېسىشلا ئەمەس، بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ چىشۇچىنى ئېلىش...

— نېمە؟ — ئىشقىيار ئورنىدىن ئۇقچۇپ تۇرۇپ كەتتى، — بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ بۇ... بۇ... — ئىشقىيار جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى ئۆمىسلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

— قىزىشما! ئولتۇر ئورنۇڭدا! — روتا كوماندىرى كەسكىن بۇيرۇق قىلدى. ئىشقىيار جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ هازىر سەن ئاپاڭنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ئەمەس، بىر جەڭچىسەن! بۇنداقمۇ ئۆزىنى تۇتالمىغان بارمۇ؟

ئىشقىيار هېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ، قانسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

— توغرا، سەن بۇغا بالىسىنى ساقايتىپ مۇشۇ هالغا كەلتۈرگىچە كۆپ جاپا چەكتىڭ، ئەڭ مۇهىمى سەن ئۇنىڭغا بەك ئىچىكىپ كەتتىڭ، ئۇمۇ ساڭا شۇنداق ئېجىل بولۇپ كەتتى، — روتا كوماندىرى تاماكا ئوراشقا

باشلىدى، ــ شۇنداق بولغاچقا ساڭا دەماللىققا ئېغىر كېلىدۇ، لېكىن ئىنقىلابىي قوشۇندىكىلەر بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. بۇ ئارمىيەمىزدىكى ھەربىر جەڭچىنىڭ بۇرچى، كوممۇنىست بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر ئىنقىلابچى ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى شەرت ۋە ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، پولك كوماندىرىمۇ ئارمىيەمىزنىڭ بىر جەڭچىسى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر قوماندان. بۇنداق ئادەملەرنى ئاسراش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش سېنىڭ بۇرچۇڭ ئەمەسمۇ؟ سەن ياخشىراق ئويلان، يەڭگىللىك قىلما! ئەسلىدە سەن بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ سەن ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىش، بىر خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى ئەمەسمۇ؟!

ــ لېكىن... بۇ...ــ ئىشقىيارنىڭ دېمى كېسىلگەندەك بولدى.

روتا كوماندىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى سېلىپ ئۇنىڭ غولىغا يەڭگىل پەپىلىدى:

ــ بۈگۈن شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، قايتىپ ئارام ئال، ئەتىگىچە ياخشى ئويلان، ئەڭ ياخشىسى، بۈگۈنى ئەتە ئۆزۈڭ ئۆلتۇرگىن، ئاڭلىسام سېنى بۇنداق ئىشلاردا قولى ناھايىتىمۇ ئەپچىل دەيدۇ.

ئىشقىيار نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

ــ بولدى، مەن چارچاپ كەتتىم. بارغىن، ئەتە مېنىڭ

دېگىنىمدەك قىلغىن، خەير، كەتسەڭ بولىدۇ.
روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا گەپ قىلىش پۇرسىتى بەرمەي ئۇنى قوغلىغاندەك غولىدىن تۇرتتى.
ئىشقىيار خۇددى ئۇستىنى يوغان بىر تاش بېسىۋالغاندەك ھاسىراپ تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىياپىتى تولىمۇ ئايانچلىق ئىدى.
روتا كوماندىرى خۇددى ياردار بولغاندەك پۇتلىرىنى سۆرەپ، قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئىشقىيارنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالغاچ تاماكىسىنى كۈچ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تارتتى ۋە ئاچچىقىدا تاماكا قالدۇقىنى يەرگە كۈچ بىلەن ئاتتى.
ئىشقىيار ئىشخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل قاشاغا كەلدى. گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىراغ نۇرى قاشانى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. قۇرۇق چۆپنىڭ ئۈستىدە كۆشەپ ياتقان بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ياتقان يېرىدىن ئوقچۇپ قوپۇپ قاشادىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا بۇغا بالىسىنىڭ كۆزى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئىشقىيار تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ باش - كۆزىنى، دۈمبىسىنى ھالسىزغىنا سىلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابتىن ئۆرتىنىپ ۋۇجۇدىنى بىر نامەلۇم قورقۇنچلۇق تىترەك قوچىماقتا ئىدى. «ئۇلار بۇغا بالىسىنى، مۇشۇ گۇناھسىز، بىچارە ھايۋاننى ئۆلتۈرمەكچى، يەنە كېلىپ تېخى ئۆزۈمگە، ماڭا ئۆلتۈرگۈزمەكچى؟! دەھشەت! چىن مەنىسى بىلەن دەھشەت! ئادەم دېگەن بىزمۇ؟ بىز ئادەممۇ؟...» ئىشقىيار

ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى. شۇ تاپتا ئۇ پۈت ـ قولىنىڭ ئۇچىغىچە مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ كاسىلدايتتى. ئۇ بۇغا بالىسىنى قۇچاقلىۋالدى، ئۇنىڭ تىترىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىغا يۈزىنى سىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش بۇغا بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى ھۆل قىلدى.

ئىشقىيار بىرھازاغىچە ئۆكسۈپ يىغلىغاندىن كېيىن ئىچى سەل بوشىغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ئۇ بۇغا بالىسىنى قاشاغا كىرگۈزۈۋېتىپ خۇددى مەست ئادەمدەك غالداڭلاپ پۇتىنى سۆرەپ ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە ئارتۇق تۇرۇپ قېلىشقا ئىنتىزام يول قويمايتتى. ئۇ ئارقىسىغا پات ـ پات ئۆرۈلۈپ قارايتتى. بۇغا بالىسى گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك ئۇنىڭغا مۆڭلىنىپ قاراپ تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ئىشقىيارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى.

ئۇ ياتاققا كىرىپ چىراغنى ياقمايلا كىيىمى بىلەن بۇگلۇككە ئۆزىنى تاشلىدى. يولداشلىرى ئاللىقاچان ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرھازاغىچە ئاۋازىنى چىقىرىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ ئېسەدەپ ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يوتقانغا كىردى ـ دە، ئادەتتىكىدەك بويىنىغا ئېسىلغان بۆرە ئوشۇقىنى مۇزدەك ئالىقانلىرى بىلەن مەھكەم سىقىملىۋالدى. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ ئالىقانلىرى ئوتتەك ئىسسىپ كەتكەندەك بولدى...

## 42

... كىروران شەھىرى تاكى نىيەدىن تارتىپ لوپنور كۆلىگىچە سوزۇلغان چەكسىز كىرورانىيە ۋادىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ، گاھى يەرلىرىدە شىردەك نەرە تارتىپ، قاپقارا تۇتەك چىقىرىپ قايناپ - شاۋقۇنلاپ، گاھى يەرلىرىدە قامچىدەك تولغىنىپ، يىلاندەك سويلاپ ئوقچۇپ ئۆركەشلەپ، گاھى يەرلىرىدە ئۇنسىز - نىداسىز يامراپ يېيىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا خۇددى بىر ئۆمۈر جەبىر چېكىپ كۇنلەرنىڭ بىرىدە جىمجىتلا ئۆلۈپ قالغان مېھنەتلىك، لېكىن مىننەتسىز جاپاكەش ئاندەك تىپتىنچ، شاۋقۇن - سۈرەنسىز، ئۈن - تىۋىشسىزلا چەكسىز قۇم ئۇپقانىغا سىڭىپ يەنە قۇم ئاستىدىن سىرغىپ چىقىپ لوپنور كۆلىگە كېلىپ قۇيۇلىدىغان بۈيۈك ئۇيغۇر دەرياسى «تەڭرىم»نىڭ ساھىلىدىكى بىر - بىرى بىلەن داڭ - ئاتاق بازىرىدا جانبازلىق قىلىشىپ، شۆھرەت تاجى ئۈچۈن ئەسىرلەردىن بېرى تىنىمسىز بەسلىشىۋاتقان پۇتكۇل جاھان سورۇنلىرىدا، زېمىنىنىڭ جىمىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، ئوخشاشمىغان ئېرىق، ئوخشاشمىغان قوۋم، ئوخشاشمىغان قەبىلە، ئوخشاشمىغان ئۇرۇق كىشىلىرىنىڭ ئاغزىدا ئالىي ھۆرمەت - ئىھتىرام، چېكى يوق ھەۋەس - قىزغىنلىق بىلەن نامى يادلىنىدىغان شەھىرى ئارىيان، شەھىرى ئارغان، شەھىرى تېكىس، شەھىرى بەربەر، شەھىرى كېتمەك،

شەھىرى قىزىل، مىران، ئابدال، شامشان، قاراقۇرجىن دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەتلەنگەن. سېپىل ــ قورغان، ئوردا ــ قەسىر، كېمىر ــ چېدىرلىرى ئاسمان بىلەن يۈكسەكلىك، گۈلزار ــ ئاركىملىرى، كوچا ــ رەستىلىرى، مەھەللە ــ باغچىلىرى، باغباراڭلىرى كۈن بىلەن جۇلا ــ نۇر، ئاي بىلەن ھۆسن ــ جامال تالىشىپ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھون شەھەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

تاڭ سەھەر ۋاقتى. ۋادىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان سالقىن شامال كوچا ــ رەستىلەردىكى گۈللۈك ــ پارنىكلارنىڭ چۆرىسىدىكى دەل ــ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى يېنىك ئوينىتاتتى، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ــ كىشىلەرنىڭ ھويلا ــ ئاراملىرىدا، ئېگىز تۇرا، قەلئەلەرنىڭ، ھەيۋەتلىك خان ئوردىسىنىڭ ئىچى ــ تېشىدا قاپقاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇرغان دەل ــ دەرەخلەردىن، يامغۇردىن كېيىنكى رەڭدار بۇلۇتتەك تاۋلىنىپ تەۋرىنىپ تۇرغان توپ ــ توپ گۈل بوستاندىكى گۈل ــ چېچەكلەردىن نەمخۇش سالقىن ھاۋا، كىشىنىڭ دىمىقىنى غىدىقلايدىغان خۇشبۇي گۈل ھىدى كېلەتتى. دەرەخزارلىقتا، گۈللۈكلەردە خىلمۇخىل قۇشلار تاڭ خۇشاللىقىدا ھەۋەس بىلەن ناۋا قىلىشاتتى...

شەھەرنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئەتراپى دەل ــ دەرەخلەرگە پۈركەنگەن كىچىككىنە بىر تەنھا قورۇنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ قورۇدىن تولىمۇ بەستلىك كەلگەن، تېرىسى ئاق، ئورا كۆز، بۇرنى تار ۋە قاڭشارلىق، سوزۇق، يۇمىلاق يۈزلۈك، قوڭۇر بۇدۇر چاچلىق قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر كىشى

ئېگەرلەنگەن، ساغرىسىغا رەڭدار يۇڭ يوپۇق يېپىلىپ، بويىنىغا مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان، قاشقىسىغا ئاپپاق قۇش پېيى قادالغان، پاقالچاقلىرى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، كۆكرەكلىرى كەڭ كەلگەن هون ئېتىنى يېتىلەپ ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. بۇ ئات ساپ پەرغانە نەسلىدىن ئىدى. ئاتنىڭ ساغرىسىغا يۇڭ يوپۇقىا ۋە ئاتنىڭ كۆكرىكىگە تارتىلغان كۆن قالقانغا بىردىن بۆرىنىڭ باش رەسىمى چۇشۇرۇلگەنىدى. بۇ كىشى قىسقا ساقال ـ بۇرۇت قويۇۋالغان بولۇپ، بېشىغا ئۇچلۇق قۇيما كىگىز بۆك، ئۇچىسىغا يۇڭدىن توقۇلغان سىپتا چەكمەن، پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرغان قونچىغا رەڭدار پەۋاز تۇتۇلۇپ گۈل نەقىش ئىشلەنگەن تاسما پۆپۈك قوندۇرۇلغان، تۇمشۇقى ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان قىزىل كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. بۇ كىشىنىڭ چوڭ ـ چوڭ قوڭۇر كۆزلىرىنىڭ ئېقى ئۇيقۇسىزلىقتىن تال ـ تال قانلىق يىپچىلار بىلەن تورلانغانىدى. ئۇنىڭ شوڭقارنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىر خىل تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئوت بولۇپ يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۇزۇك ئاق چىرايىدىن بىر خىل هودۇقۇش، ساراسىمە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كىشى ئىشىكتىن چىقىپ شەپەق نۇرى بىلەن خۇددى قىزىل سىياھ تۆكۈۋەتكەندەك رەڭلىنىپ تۇرغان چۆل تەرەپكە تىكىلىپ ئۇنچىقماي تۇرۇپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىكتە زىبا ۋە ئېگىزرەك كەلگەن ياشقىنا بىر هون ئايالى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا كۆن غىلىپىنىڭ ئۇچى تەرىپىگە ئەر كىشىنىڭ ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئىشلەنگەندەك نەقىشلەر ئىشلىنىپ، غىلاپنىڭ

يۇقىرىسىغا بۆرىنىڭ باش رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، بىر ئەگرى قىلىچ، ئۆتكۈر تۆمۈر ئۈچلىرى يالتىراپ تۇرغان بىر دەستە باشاق سىپلىنغان كۆندىن تىكىلگەن باشاقدان ۋە ساداق تۇراتتى.

بۇ ئايال ئۇن يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردا بولۇپ، قويۇق ۋە ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى يامراپ كېلىۋاتقان ئېقىندەك ئۇنىڭ نازۇك گەۋدىسىگە يېيىلغان، كەكلىك قاشلىق، تار ۋە ئېگىز قاڭشىرى ساقىپ چۈشكەندەك تۈپتۈز كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېخى بايلا گۈل ئۈپىسى سۈرگەن سۈزۈك يۈزى، نېپىز لەۋلىرى قىزىلغا مايىلراق ھال رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئايال ئۈچىسىغا ئويما ياقىلىق گۈللۈك تەتىللادىن ئۇزۇن ۋە كەڭرى كۆڭلەك، پۇتىغا بەكمۇ نەپىس ئىشلەنگەن ئېگىز پاشنىلىق، قايرىما تۇمشۇق قىزىل كۆن ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئويما ياقىسىدىن تولغان كۆكسىگە تارتىۋالغان بېغىرداق، ئاپپاق ۋە نازۇك بويىنىغا ئىنچىكە مىس زەنجىر بىلەن ئېسىلىپ يالىڭاچ كۆكرىكىگە تاشلىنىپ جۇلالاپ تۇرغان رەڭلىك قاشتېشى زۇننار غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەركەك ھوننىڭ ئۆتۈكىدىكى ۋە ھون ئايالنىڭ كىيىم - كېچەكىدىكى رەڭدار نەقىشلەرنىڭ مۇشۇ زىبا ئايالنىڭ قولىدىن چىققانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى: ئۇ ئايالنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل ئەندىشە ۋە پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئەركەك چۆل تەرەپكە قاراپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە چوڭقۇر بىر تىنىدى - دە، ئۇزەڭگىگە پۇتىنىمۇ سالماستىن بىر ئوقچۇپلا ئاتقا مىندى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئايال ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن تېز - تېز چامداپ ئەركەكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە

قولىدىكى قىلىچ بىلەن ئوقيانى ئەركەككە ئۇزاتتى.
ئەركەك تاسما پوتىنى بىلىگە باغلاپ ئوقيا بىلەن باشاقدانىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالدى، ئاندىن ئايالغا قاراپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دېدى. ئايال دەررۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى ۋە هايال ئۆتمەي بىر باغلام كەندىر قەغىزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەركەككە ئۇزاتتى. ئەركەك قەغەز ئورامىنى قوينىغا سالدى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ شەهەر مەركىزىگە قاراپ ئالدىراشلىق ئىچىدە چىقىپ كەتتى.
هېلىقى ياش هون ئايالى ئېرى كەتكەن تەرەپكە كېيىكنىڭ كۆزىدەك تىنىق ۋە گۈزەل كۆزلىرىنى تىكىپ تەشۋىش ئىچىدە قاراپ قالدى.

## 43

كىرۇران شەهىرىدە هايات قايناپ كەتكەندى. كوچا ـ رەستىلەرگە ئادەملەر سىغىشمايتتى. رەستىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چېدىر شەكلىدە سېلىنغان كېمىر ئىمارەتلەرگە كىرىپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ يەردە ياغاچچىلىق، يۈڭ توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، مىسكەرچىلىك، كۆنچىلىك، تۆمۈرچىلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، پوروخ، قورال ـ ياراغ، زەرگەرچىلىك ئۇستىخانىلىرى جايلاشقان بولۇپ، چۆلدىن كەلگەن هونلار بىلەن شەهەر هونلىرىنىڭ بۇيۇم ئايرىۋاشلاش سودىسى قىزىپ كەتكەندى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە هونلار توپ ـ توپ بولۇپ چالغۇ سازلار بىلەن

نەغمە قىلىپ، ياش ـ قېرىلار، ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇلغا چۈشكەندى. ناغرا، دۇمباق، راۋاب، كاناي، نەي، باربىت، بالىمان، قالۇن، چاڭ، جۇپتاشنىڭ ساداسى شەھەر ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سالاتتى. نەغمە ـ ناۋا ئىچىدە ھون يىگىتلىرىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازدا ئېيتىۋاتقان:

*سۇ گى تى رەيگان*
*بۇكۇ تۇرا غان...*[1]

دېگەن داڭلىق ھون ناخشىسى ئېنىق ئاڭلىناتتى. بەزى يەرلەردە ھونلار ئاتلىق چەۋگەن توپى، «ئاق ئۇستىخان»، سارغايدى، دارۋازلىق، ئات ماھارىتى، چېلىش، جانبازلىق، سېرك ئويۇنلىرىنى ئوينىسا، گاھ يەرلەردە ئوقيا ئېتىش، پىچاق ئېتىش، قىڭراقبازلىق قىلىشاتتى. «قوچقار ئويۇنى»، «ياغاچ پۇت»، «ئەجدىھا ئۇسسۇلى»مۇ ئوينىلىۋاتاتتى.

ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۇچىسىغا خام تېرە ياكى ئۆسۈملۈك غولىدىن توقۇلغان يامغۇرلۇق يېپىنىۋالغان، پۇتلىرىغا چۆپتىن توقۇلغان ياكى ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان سەندەل كەش كىيىۋالغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ چۆل شامىلىدا قارىداپ كۆيۈپ، جۇدەپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان كىشىلەر تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنتايىن ۋىجىك، پاكار، قارا سېرىق، كۆزلىرى كىچىك، ياپما قاپاق، بۇرنى پەس، ساڭگۇل چىش ۋە بەزىلىرى رەڭگى قوڭۇر، دورداي

---

① مەنىسى: قوشۇن چىقتى يولغا، پوگو چۈشتى قولغا...

كالپۇك، بۇجغۇر چاچ ۋە بەزىلىرى بولسا قىزىل چاچ، پىروزا كۆز ئىرقلاردىن ئىدى. ئۇلار يىللاپ يول يۈرۈپ ئاجايىپ مۇشەققەتلەر بىلەن هون ئېلىغا كېلىشكەن يات ئەلنىڭ كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى هون شەھەرلىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ هونلارنىڭ كۆڭ ئۆتكۈزۈش يولىنى ئۆگىنىۋېلىپ ئۆز قوۋمىنى ئىپتىدائىيلىق ۋە جاھىلىيەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سەيياھلار، يىراق ئەلنىڭ ئەلچىلىرى، ئاجىز ئەلنىڭ سۇلھىچىلىرى، جاھانكەزدىلەر بولسا، گاھىلىرى ئۆز ئېلىگە خىيانەت قىلىپ قۇدرەتلىك هونلاردىن پاناھ تىلەپ كەلگەن ئاسىيلار، كارۋان توسقۇچى قاراقچىلار، جېنىدىن تويغان باسمىچىلار ۋە بەزىلىرى هون ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇچۇر ئوغرىلاشقا كەلگەن دۈشمەن ئەلنىڭ ئايغاقچىلىرى ۋە خاس ئوردا جاسۇسلىرى ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە سەددىچىن سىپىلىنىڭ ئىچكىرىسىدىن، مىسسۇپوتامىيە ـ داماسكودىن، ھىندى ۋادىسىدىن، تىبەتتىن كەلگەن ساكشىنلار، چىنلىقلار، گىرېكلار، ئەرەبلەر، ھىندىلار، ناباتالار، تۇبۇتلەر، تۇڭگۇسلار، پارسلار، سىلاۋيانلار بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ يەردىكى مەمۇرچىلىق، بايلىق ـ بىسات، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئەقىل ـ پاراسەتكە قاراپ ھاڭۋېقىپ قايناق بازارنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىشسا، گاھىلىرى توپىنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ چالا ـبۇلا ئۆگىنىۋالغان ھون تىلى بىلەن كىشىلەرنى گەپكە سېلىپ ئاسماقچىلاپ يۈرەتتى...

ھېلىقى ئاتلىق ئەركەك شەھەرنىڭ قىستاڭچىلىقىدا

خېلىغىچە ھەلەك تارتقاندىن كېيىن مىڭبىر بالادا ھەيۋەتلىك ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ياساۋۇل ـ قاراۋۇللارغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ياساۋۇللار دەررۇ ئىچكىرىگە خەۋەر قىلىشتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىدىن سالاپەتلىك بىر ھون ئاقساقىلى چىقىپ ھېلىقى ئاتلىق ھوننى ئېھتىرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ھون ئاقساقىلى بايىقى ئاتلىق ھوننى ئۇزىتىپ چىقتى:

ــ خاقانغا يەنە يەتكۈزگىن، ــ دېدى ھېلىقى ئاتلىق ھون بايىقى ھون ئاقساقىلىغا قاراپ، ــ ھاۋادىن تۇپا ـ چاڭ ھىدى كېلىۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولدى... بۇ كېلىۋاتقان مۇدھىش بالانىڭ بەلگىسى، «جەڭ ھارۋىسى ياسايمىز» دەپ «تەڭرىم» دەرياسى قىرغاقلىرىدا يۈز مىڭلىغان ئادەم قىرىق ـ ئەللىك يىللاپ توغراق دەرىخى كېسىپ ئۇ يەردىكى ئورمانلارنى قۇرۇتۇۋەتكەنلىكىمىزنىڭ، ئۇ يەردىكى ئۇچارلىقلار ۋە تىنارلىقلارنى تەزدۇرۇۋەتكەنلىكىمىزنىڭ ئاقىۋىتى. خاقانغا يەنە ئەسكەرتكىنكى، مەن ئېلىمىزگە كېلىۋاتقان توپاننى يۈرىكىم بىلەن سېزىپ ئەمەس، كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم ئۈچۈن خاقاننىڭ ئالدىغا كەلدىم. مەن مۇشۇ ۋەجى بىلەن ئون يىلدىن بېرى ھەر كۈنى كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىن خاقاننى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ئون يىل ئىلگىرى ئورمانلارنى كېسىش توختىغان بولسا بىز بۈگۈنگە قالماس ئىدۇق. ئەمدى كېچىكتۇق، مەن ئوتتۇز كۈندىن بېرى يۇلتۇز كۆزەتتىم، يەرنى تىڭشىدىم، ھاۋانى ھىدلىدىم. ئوتتۇز كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى خاقانغا ئەلنى دەررۇ كۆچۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت بەردىم. بۆلۈنۈپ

كۆچمىگەن يوللارنى خەرىتىگە چۈشۈردۈم، لېكىن ياش خاقان گۆدەكلىك قىلدى، مېنى ئۇلاقتۇرۇۋەتتى، سەن مويسىپىتسەن، سەن كۆپنى كۆرگەن، خاقانغا گەپ قىل. مۇشۇ تاپتىلا ئەل كۆچسۇن. مانا خەرىتە، — ئۇ قوينىدىن ھېلىقى كەندىر قەغىزى ئورامىنى چىقاردى، — ھەربىر ئايماق باشقا - باشقا يول بىلەن يۆتكەلسۇن، ھېچنېمىگە قارىمىسۇن، مۇبادا خاقان يەنىلا ئۇنىمىسا سەن ئەلگە يارلىق چۈشۈرگىن... قانچىلىك تېز بولسا شۇنچە ياخشى، قانچە كۆپ ئادەم كۆچسە شۇنچىلىك كۆچسۇن.

ئاتلىق كەلگەن ھون بايىقى مويسىپىتكە خەرىتىنى ئۇزاتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا كۆز قىرىدا قاراپ قويدى، لېكىن خەرىتىنى قولىغا ئالمىدى ۋە:

— ئەي ئاق ھون، سەن ئاقىلسەن، سەن مۇنەججىمسەن، لېكىن خاقانىنىڭ شۇ تاپتا بەش يۈز مىڭ كىشىلىك پىيادە، توت يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن يىراقتا دۈشمەن ئەلنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىشقا ھازىرلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن... مۇبادا ئەلنى كۆچۈرۈپ چېچىۋەتسەك ئۇرۇشنى كىم قىلىدۇ؟ سېنىڭدەك بىر قورقۇنچاق ھوننىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ بۈيۈك ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرايلىمۇ؟ دۈشمەن ئەلنىڭ نەيزىسى ئالدىدا تىزلىنايلىمۇ؟ بارغىن، قىلىچىڭنى بىلە! ئوقيارىڭنى راسلا! مۇنەججىملەر يۇلتۇزغا قاراپ زەپەر كۈنىنى بەلگىلەپ بەرگەن ھامان ئاتلىنىمىز، سېنىڭ مەسلىھەتىڭنى زەپەر قۇچقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاندىن خاقانغا يەنە يەتكۈزەرمەن...

ئاتلىق ھون قولىدىكى خەرىتىنى قوينىغا تىقىشقا

مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ئىتتىغا مىندى ۋە بوۋايغا قاراپ:

— خەير! خاقان ئۆزىگىمۇ قىلدى، ئەلگىمۇ قىلدى! — دېدى - دە، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ چىپىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ھاۋا بىردىنلا بۇزۇلۇپ شەھەرنىڭ ئاسمىنىنى توپا - چاڭ قاپلاپ كۈننى كۆرگىلى بولماي قالدى. ئادەملەر پېتىراپ ئۆيلىرىگە قېچىشتى، يېرىم كېچىگە يېقىن بىردىنلا دەھشەتلىك بوران چىقىپ يەر - زېمىن غۇلاپ چۈشىدىغاندەك «گۈلدۈر - تاراق» بولۇپ كەتتى. ئادەملەر دەھشەت ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ تەڭرىگە چوقۇنۇپ يىغا - زار قىلىشتى.

شۇ ئاخشىمى شەھەردىكى خاقان ئوردىسىدا كاتتا بەزمە بولدى. بەزمە ئۇزاق داۋام قىلدى، بەزمىدىن كېيىن ياش خاقان يۇمشاق چۈشكىدە يېتىپ كەلگۈسىدىكى مۇشەققەتلىك سەپەر، دەھشەتلىك ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭ شەۋكىتىنى نامايان قىلىدىغان بۈيۈك غەلىبىلەر ئۈستىدە خىيالغا چۆمۈپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

سىرتتا قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. ھۇجرىدىكى شام تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قالدى. خاقان مۇلازىملىرىنى چاقىردى، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، غەزەپلەنگەن خاقان قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ ئىشىككە ئېتىلدى. ئۇ شۇ پەيلىدە بىر - ئىككى بەگباش مۇلازىمنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولدى، لېكىن ئىشىك سىرتتىن تاقالغاندەك قىلاتتى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشىكنى ئىتتەردى. ئىشىك ئېچىلمىدى. ياش خاقان ئوردىدىكى ئۆگەي ئىنىسىنىڭ ئۇنىڭدىن خانلىقنى تارتىۋېلىش قەستىدە

سامان تېگىدىن سۇ قويۇپ ئۆزىگە قارشى زەھەرلىك پىتنە تەييارلاپ يۈرگىنىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە پەيت ساقلاپ مۇشۇ قېتىمقى يۈرۈشتە يىغىشتۇرۇۋېتمەكچى نىيەت قىلغانىدى، لېكىن... ئۇ يېڭىلىشىپتۇ، مەككار ئىنىسى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قول سالپتۇ. ئۇنى مۇشۇ ھۇجرىغا قاماپ قويۇپ خاقانغا سادىق سانغۇنلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن خاقاننى بىراقلا ئۇجۇقتۇرماقچى بوپتۇ...

غەزەپلەنگەن خاقان ياۋايى ھايۋاندەك ھۆركىرەپ ئىشىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەپتى. ئىشىك قىمىر قىلمايتتى، ئاخىرى ئۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئىشىككە زەرب بىلەن چاپتى، ئىشىك پارچىلىنىپ كەتتى. شۇ ھامان قانداقتۇر بىر مۇدھىش نەرسە ئۆيىنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. خاقان كۈچ بىلەن قىلىچلىدى، لېكىن ئۇنىڭ قىلىچى يۇمشاق بىرنەرسىگە پاتقاندەك قىلدى، لېكىن ئۇ نەرسە خاقاننى قىستاپ كېلىۋەردى. ئۇ يۇمشاق نەرسە دەسلەپتە خاقاننىڭ ئاياغلىرىغا ياماشتى، خاقان ئارقىسىغا چېكىندى، ئەمما بايىقى مۇدھىش نەرسە باستۇرۇپ كېلىۋەردى. خاقان جېنىنىڭ بارىچە قىلىچ ئۇرغاچ ئارقىغا چېكىندى. ئاخىرى چۇشەككە تاقاشتى. خاقان بوگلۇك ئۈستىگە چىقىۋالدى. مىنۇت ئۆتمەي ھېلىقى مۇدھىش مەخلۇق بوگلۇككە يامىشىپ چىقتى. خاقان تامغا قىستالدى، ئەمدى قاچالمايتتى، ئۇ مۇدھىش مەخلۇق خاقاننى تامغا قىستىغىنىچە خاقاننىڭ تىزىغا، ئاندىن كىندىكىگە ياماشتى، خاقان تىركىشىپ باقتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆكرىكىنى ئىنتايىن ئېغىر ۋە يۇمشاق بىرنەرسە قۇدرەت بىلەن باسماقتا ئىدى. خاقان تامغا

يۆلەنگىنىچە قىمىر قىلالمىدى. ئۇنىڭ نەپىسى سىقىلىپ دېمى بوغۇلدى. خاقان مۇدھىش قورقۇنچ ئىچىدە ۋارقىرىۋەتتى. ئەمدى بايىقى نەرسە ئۇنىڭ گېلىنى بوغماقتا ئىدى. خاقانىنىڭ بۇرنىغا ئاچچىق توپا ھىدى كېلىپ ئۇرۇلدى، خاقانىنىڭ كۆزى چاچراپ پۇلتىيىپ چىقتى. ئاغزى - بۇرنىغا قۇم تولدى. ئۇنىڭ ئېتىلىپ چىققان كۆز ئالمىسىنىڭ ئورنىغا يۇمشاق، سوغۇق چۆل قۇمى تىقىلدى. ئۆزىنىڭ شىجائەت، جاسارىتى بىلەن ئاسىيا زېمىنىنى تىترەتكەن ياش جەڭگىۋار ھون خاقانىنىڭ بېشى «ھايت - ھۇيت» دېگۈچە قۇم ئاستىدا قالدى.

... ئاتلىق ھون خاقان ھۇزۇرىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياش ۋە گۈزەل بىكەسى ئېرىنىڭ پەرىشان چىرايىغا قاراپلا ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندى. گۆدەك ۋە تەلۋە خاقان ئىلگىرىكىدەكلا بۇ ھون ئالىمىنىڭ نەسىھەتلىرىنى بىر تىيىنغا چىقارغانىدى. ھون ئالىمى ئاتتىن چۈشۈپ قوشنا - قولۇملىرىنى چاقىردى ۋە ئۇلارنى كېلىۋاتقان خەۋپتىن، خاقانىنىڭ ھۇزۇرىدا ئېرىشكەن جاۋابتىن خەۋەرلەندۈردى. ئادەملەر قايغۇغا چۆمدى. دېگەندەكلا، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭلا دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلدى. ئادەملەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت بىر ئاق بۇغا پەيدا بولدى. ئۇ ئۇدۇل ھون ئالىمىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوچۇقچىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قادالغان ناھايىتى ئېگىز ۋە مەھكەم مومىنى تۇمشۇقى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ موما دالادا دۈشمەن كۆرۈنسە خەۋەر ئەلمى چىقىرىش ئۈچۈن قادالغانىدى.

هون ئالىمى بۇغىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى. ئۇ ئادەملەرنى بالىۋاقىسىنى ھەم مىنىشكە يارايدىغان ئات ـ تۆگە بىلەن ئاتمىش كۈنگە يەتكۈدەك سۇ ۋە ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ ئوچۇقچىلىقتىكى موما يېنىغا يىغىلىشقا بۇيرۇدى. ئادەملەر ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈردى. هون ئالىمى ئادەملەرنى بۇغىنىڭ ئارقىسىغا سەپ قىلىپ تىزدى، ئاندىن ئوزۇق ۋە سۇ ئارتىلغان ئات، تۆگە، قېچىرلارنىڭ بېشىدىكى چۇلۇۋۇرنى ئادەملەرگە تۇتقۇزدى. ئادەملەرنى ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئات، بۇغىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ قالماسلىققا جېكىلىدى. هون ئالىمى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ھەم ياش بىكەسى ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ ئورنىغا قولىغا چىققان كىتاب ـ مەكتۇپنى ئېلىپلا سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭ يىگىرمە يىللاپ يازغان كىتابلىرىنى ئېلىۋېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بۇ كىتابلارغا ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يولى، هون ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ چىن، ئەڭ تەپسىلىي تارىخى، «تەڭرىم» دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاجايىپ مۆجىزاتلار، سېھىر ـ ھېكمەتلەرنىڭ سىرى ھەققىدە دەلىللىك ئىزاھلار، چۈشەندۈرۈشلەر ۋە ئۇنىڭ يىگىرمە يىللىق يۈرەك قېنى، جاھاننىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ توپلىغان ئىلىم ـ بىلىمى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ جىمى ساھەسى بويىچە سەرپ قىلغان يۈرەك قېنى پۈتۈلگەندى. ئالىم ئۇلارنى ئامالسىز تاشلاپ چىقتى.

بوران بىلەن تەڭ چۆل تەرەپتىن قۇم كەلكۈنى بېسىپ كەلدى. ئالىم ئون يىلدىن بېرى ئۇرۇش ئېھتىياجى

ئۇچۇن پاتمان ـ پاتمانلاپ ئورمانلىنىڭ نابۇت بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان ياش خاقانىنىڭ ئاتىسىنى، كېيىنكى يىللاردا ياش خاقانىنى دەل مۇشۇ بالادىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەندى. ئۇ «تەڭرىم» دەرياسى بويىدىكى ئوتلاق ئورمانغا زىيانكەشلىك قىلىنسا ئاخىرى بىر كۈنى «تەڭرىم» دەرياسىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلگەندى، لېكىن...

ئاق بۇغا مومىنى ئايلىنىپ چۆرگۈلەشكە باشلىدى. ئات، تۆگە ۋە ئادەملەر بۇغىنىڭ ئارقىسىدىن بۇغىنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ مومىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان قۇم ئېقىنى ئالدىغا ئۇچرىغاننى يۇتۇپ يالماپ كەلمەكتە ئىدى، شۇڭا بىردەممۇ توختاپ قېلىشقا بولمايتتى. ئۇلار چۆرگۈلەۋەردى، تىنىمسىز چۆرگۈلەۋەردى، يەر ئورنى ئېگىزلەۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئېگىزلەۋەردى. ئۇلار شۇ تەرزدە تاڭ ئاتقۇچە چۆرگۈلىدى. ئاخىرى بوران بېسىقتى، قۇم كەلكۈنىمۇ ئېقىشتىن توختاپ جاھان ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلدى. شۇ چاغدا ئۇلار شۇنى كۆردىكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چېكىنگە كۆز يەتمەس پايانسىز قۇملۇق دەشت سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھون ئالىمى ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كېچىدە مومىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ جېنىنى ساقلاپ قالغان نەچچە ئون تۈتۈن ھونلاردىن باشقا ئەتراپتا نە بىر تۈپ دەرەخ، نە بىر ئېگىز ئۆي، نە بىرەر جانلىق كۆرۈنمەيتتى. بۇ گۈللەنگەن ئاۋات گۈزەل شەھەرنىڭ سېپىل ـ قەلئەلىرى، ئوردا ـ سارايلىرى، باغباراڭلىرى، گۈلزار مەھەللىلىرى، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم، بىھېساب چارۋا، ئات ـ ئۇلاغ، بايلىق ـ

بىسات قوۇمنىڭ تېگىدە قالغانىدى. تەڭدىشى يوق يوكسەك «تەڭرىم» دەرياسى مەدەنىيىتىنى، بويۇك ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ شانۇشەۋكىتىنى، شۆھرەتلىك ئۇلۇغ ئارىيان – ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇقەددەس ئابىدىسىنى، يەر شارى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سېھرىي مەخپىيىتىنى، ئادەملەرنىڭ كۆرەڭلىكى، مەنپەئەتپەرەسلىكى، شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىكى توپەيلى بىر كېچىدىلا دەھشەتلىك قۇم كەلكۈنى شەپقەتسىزلىك بىلەن جىمجىتلا يۇتۇۋەتتى...

پۇتكۇل كىرورانىيە ۋادىسى چەكسىز دەشت سەھراغا، قۇم ئوپقانىغا ئايلىنىپ تىرىك قالغان ھونلارنىڭ يۈرەكلىرى قايغۇ ۋە ئازابتىن ئۆرتىنىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىغا تىرىك پېتى كۆمۈلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ، باغرىنى قۇمغا يېقىپ زار – زار يىغلاشتى. ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى سۆيمىگەن ئەقىلسىزلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنۈشتى. ھە دېسە توغراق – ئورمانلارنى نابۇت قىلىشقا بۇيرۇغان كالتە پەم خاقانلىرىنى قارغاشتى. قۇم ئاستىدا قالغان جىمى مەۋجۇدات ئۈچۈن قايغۇ بىلدۈرۈپ، ھون ئادىتى بويىچە چېكىلىرىنى خەنجەر بىلەن تىلىپ قان ئاققۇزۇپ، ھازا ئېچىپ ماتەم بىلدۈرۈشتى، ئۇلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قاتارلىشىپ ئۇزۇن سەپ بولۇپ ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان مۇقەددەس شەھەرنى دەۋر قىلىپ قىرىق كۈن يىغا – زار بىلەن ئايلاندى. قىرىق بىرىنچى كۈنى دېگەندە ئۆزلىرىگە باشچى سايلاپ سۇ ۋە ھاياتلىق ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ بەختسىزلەر توپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئات

ئۈستىدە بىر بوۋاي مۈكچىيىپ مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى. بۇ تېخى ئەمدىلا قىرىق ياشقا ئۇلاشقان بايىقى ھون ئالىمى ئىدى. ئۇ مۇشۇ قىرىق كۈن ئىچىدە ئازاب ۋە ئۆرتىنىشتىن سەكسەن ياشلىق بوۋاي ھالىغا كېلىپ قالغانىدى...

ئۇلار يول يۈرۈشتى، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈشتى. ئاچ - زېرىنلىق، چاڭقاش - تەشنالىق ئۇلارنى توختىتالمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇساپىر ھونلار ئۆز قېرىنداشلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان ۋادىغا يېقىن بىر ئېقىن بويىغا كېلىپ توختاشتى.

ئۇلار شاخ - شۇمبىلاردىن كەپە - ساتما قۇرۇپ، ئىپتىدائىي ھايات شەكلىدە ئۆز تۇرمۇشىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بارا - بارا ئاۋۇپ چوڭ بىر قوۋمغا ئايلاندى، ئۆستەڭ قازدى، تاغدىن سۇ باشلىدى، بىنەم ئاچتى، دوپپىدەك بىكار يەر بولسىمۇ كۆچەت تىكتى، ئوت - چۆپ تەردى، ئاستا - ئاستا بۇ يەرگە ھايۋانات - ئۇچار قۇشلارمۇ كېلىپ ماكانلاشتى، باغلار، ئېكىنزارلار پەيدا بولدى.

ئۇلار بۇ يەرگە «ئۇلۇغئارت» دەپ ئات قويۇشتى...

## 44

ئىشقىيار كۆز يۇمماي تاڭنى ئاتقۇزدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا مەشىققە چىقمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئاسمان بۇلۇتلۇق، تاغنىڭ ھاۋاسى خۇددى كەچ

كۆزنىڭ ھاۋاسىدەك سوغۇق ئىدى. غور - غور تاغ شامىلى سوقۇپ تۇراتتى.
گازارما قورۇسىدا قاراۋۇلدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.
ئىشقىيار قاشادىن بېشىنى چىقىرىپ ئىشقىيارنىڭ ياتىقى تەرەپكە بويۇنداپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئۇدۇل گازارمىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى.
ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى بىلەن ھېچ كارى بولماي كېتىۋاتقان ئىشقىيارنى كۆرگەن بۇغا بالىسى قاشادىن چاپچىپ چىقىپ ئىشقىيارنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ ماڭدى.
ئىشقىيار بۇغا بالىسىغا پەرىشانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ مېڭىۋەردى. شۇ تاپتا ئۇ بۇغا بالىسىغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ چىدىمايۋاتاتتى.
تاغ چوققىلىرىنى قاپقارا ئېغىر بۇلۇتلار باسقانىدى. ئورمانلىقتا كېلىدىغان قۇشلارنىڭ ناۋاسىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئورمانلىقتا، پەستىكى جىلغىدا ئاخىرقى تاڭ قاراڭغۇلۇقى سۆرىلىپ يۈرەتتى. گاھىدا يىراقتىن ھۇۋقۇشنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. يەر نەم ۋە سوغۇق ئىدى. كوكاتلار ھۆللۈك ۋە سوغۇقتىن شۇمشەيگەندەك كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. ھاۋادىن يامغۇرنىڭ نەم ۋە مۇزدەك سالقىن ھىدى كېلەتتى.
ئىشقىيار جىلغىدىكى ئېقىن بويىغا كەلدى. ئۇ يۈزىنى مۇزدەك تاغ سۈيىدە نېرى - بېرىلا يۇيۇپ، ھەر دائىم ئۆزى ئولتۇرۇپ تەمبۇر چالىدىغان بايىقى قورام تاشقا كېلىپ ئولتۇردى. قورام تاشنىڭ تەڭ يارتىسى سۇغا

چىلىشىپ تۇراتتى. بۇغا بالىسى تاغ سۈيىدىن ئىچمەكچى بولۇپ سۇغا بويىنىنى سوزدى، لېكىن نېمىشقىدۇر سۇ ئىچمىدى. ئۇ سۇنىڭ رەڭگىنى ياقتۇرمىغاندەك سۇغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان ئالدى پۇتىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇششاق بۇژغۇن كۆپۈكلەر يىغىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ، قارامتۇل كۆك تاغلارنىڭ سۈرىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇگۈن ئۇنچە نۇرلۇق، ئۇنچە روشەن كۆرۈنمەيتتى.

ئىشقىيار ئوقتەك ئىتتىك ئېقىۋاتقان ئېقىن سۈيىگە تىكىلىپ ئۇنچىقماي ئولتۇراتتى. قىرىق - ئەللىك مېتىرچە كېلىدىغان بۇ ئېقىن ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، لېكىن يامغۇر يېغىپ سەل كەلگەندە ئېقىندىن ھەرقانداق ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغ ئۆتەلمەيتتى. بايقىماي كىرىپ قالغان ھەرقانداق جانلىقنى يۇتۇۋېتەتتى. سەل تاشمىغان كۈنلىرى ئۇ قاتقا كېچىپ ئۆتكىلى بولاتتى، لېكىن بەك تېز ئاقىدىغان بولغاچقا، ئازراقلا دەلدۈگۈنۈپ كەتسە سۇ ئېقىتىپ كېتەتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ ئېقىندىن بەزىدە قوي - قوزىنىڭ ئۆلۈكلىرى ئېقىپ كېلىپ قالاتتى. بۇ ماللار سۇ ئىچكىلى كەلگەندە ياكى مال قورۇلىرى كۆچۈرۈلگەندە سۇ ئېقىتىپ كەتكەن ئاجىز، ئورۇق ماللار ئىدى. ئادەتتە لوغۇلداپ تۇرغان كۆك نۇردەك تاۋلىنىپ ئاقىدىغان تىنىق ۋە زىلال سۇ بۈگۈن ئاسماندىكى قارامتۇل بۇلۇت كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغاچقىمۇ ياكى باش تەرەپتە كېچىچە يامغۇر ياغقاچقىمۇ كۆل رەڭ تۈس ئالغانىدى. ئادەتتە سۇ ئاستىدا ئاپئاشكارا

كۆرۈنىدىغان يۇمىلاق ئاق چىپار، كۆك تاشلار ھازىر كۆرۈنمەيتتى. ئېقىن سۇيى شۇ تاپتا تۇرۇپلا پەيلى بۇزۇلغاندەك كۆرۈمسىز ۋە غەزەپلىك كۆرۈنەتتى. ئىشقىيار سىماب رەڭ تاغ سۈيىنىڭ كۆۋەجەپ ئۇقچۇپ ئېقىشلىرىغا، گاھ ئۆرىدەپ تۇرمەل ئېتىشلىرىغا، گاھ يەرلەردە خۇددى باشنىڭ چۆرگۈلىمىچىدەك قايىنام چىقىرىپ شىددەت بىلەن پىرقىراشلىرىغا كۆز تىكىپ ئولتۇردى. ئەتراپ گويا تاشلاندۇق خارابىدەك تىمتاس ئىدى. ئاندا ـ ساندا چۇكۇلداپ قويىدىغان، بەئەينى يېتىم بالىدەك قايسىبىر تەنھا قۇشنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، قۇشلارنىڭ كۆندىكىدەك زوق ـ شوخ بىلەن سايراشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. بۈگۈن تاغ ھاۋاسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن تەڭ قۇشلارنىڭمۇ پەيزى ئۇچقانىدى. قارلىغاچلارنىڭ دەريا بېتىگە شۇڭغۇپ، سۇ يۈزىگە قاناتلىرىنى چىلاپ ئۇچۇشلىرىدىن قارىغاندا، بۈگۈن بىر پاساتلىق قارا يامغۇر قۇيۇلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئىشقىيار سۇدىن كۆزىنى ئۈزۈپ نەزىرىنى يىراقلارغا ئاغدۇردى. جاھان خىلىلا يورۇپ قالغانىدى. بايىدىن بېرى قايسىبىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا تېنەپ يۈرگەن ئاداققى قاراڭغۇلۇق ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا ئۆن ـ تىۋىشسىز ئېرىپ كېتىۋاتاتتى، تاغ قاپتىلىدىكى لەمپىسىمان بەلكەسىملەردە، ئورمان ۋە ئېقىن بويلىرىدىكى چاتقاللاردا، چوڭ قورام تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا، ئۇنىڭ تۆرەپ قالغان يېگانە كۆل رەڭ كۆلەڭگىلىرى گويا يورۇۋاتقان تاڭدا تەلتۆكۈس ئېرىپ كېتىشتىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۈگۈلۈپ قېلىشقانىدى.

ئىشقىيار غۇر ـ غۇر تاغ شامىلىدىن

مۆزلىغاچقىمىكىن، تۈكلىرى تەتۈر يېتىپ، پاقالچاقلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتقان بۇغا بالىسىغا يۈرىكى تىلىنغاندەك بولۇپ قويدى، بۇغا بالىسى بۇگۈن باشقىچىلا مۇڭلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا خۇددى جېنى ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك بىر ئىزدا بىردەممۇ تىنچ تۇرماي گاھ چاپچىپ، گاھ سەكرەپ، گاھ يۈگۈرۈپ ئىشقىيارنىڭ مۇشتاق ۋە مەپتۇن كۆڭلىنى مەۋجلەتتىپ، ھېرىس كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىۋېتەتتى، لېكىن بۇگۈن بۇغا بالىسى خۇددى بىر كېچىدىلا ئاغرىق تەگكەندەك شۇمشىيىپ دۇگدەرەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن يۈرەكنى ئەزگۈدەك بىر خىل بىچارىلىك ۋە غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ پۈتۈن شاشلىق ـ شوخلۇقىنى يادىدىن چىقىرىپ، خۇددى ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان يېتىمەكتەك، ئىشقىيارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە خۇددى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ باشپاناھلىق تىلەپ زارلاۋاتقاندەك غېرىبسىنىپ مىسكىن قارايتتى.

مۇشۇ بىچارىنىڭ ئاشۇ يۇلتۇزدەك چىرايلىق، بوۋاقنىڭكىدەك سەبىي كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، بوغۇزىغا پىچاق ئۇرۇشقا قولى بارىدىغان مەخلۇقنى «ئادەم» دەپ ئاتاش ئادىللىق، لىللالىق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ نېمىسى ئادەم؟ ئۇنىڭ ئادەملىكى زادى قەيەردە؟... ئىشقىيار ئاخشامدىن بۇيان مۇشۇ خىيال ئىچىدە پۈچىلىنىپ خۇددى كۆيگەن قىلدەك تولغىنىپ چىققانىدى. دەل مۇشۇ قىينىلىش، روھىي ئازاب، قەلب ئىزتىراپلىقى ئۇنى بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بىردىنلا تىنچلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ

مۇشۇ جىمجىت ئېقىن بويىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گويا ئۆزىنى قىيىنىغان، ئۆزىنى ئازابلاپ دىلىنى ئۆرتىگەن ھەممىگە بىردىنلا جاۋاب تاپقاندەك ئۇنىڭ تىنىمسىز بىئارام كۆڭلى بىراقلا تەسكىن تاپتى. بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئاشۇ تاغ، ئاشۇ ئورمان، ئاشۇ ئېقىن، ئاشۇ ئوتلاق، ئاشۇ تاشلىق يەر... ھەممىسىلا ئۆزى كۇندە كۆرۈپ تۇرغان، ئۆزى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، ھېچ ئۆزگىچىلىكى يوق بىر خىلدىكى مەۋجۇتلۇق ئىدى، لېكىن بۇگۈن بۇ يەردە قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ، قانداقتۇر بىر تىلسىمچە قۇدرەت، قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز ئۆزگىرىش زاھىر بولغاندەك ئىدى. تېخى بايىلا ياتاقتىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ غولىنى غايەت زور ۋە ئېغىر بىر قارا تاش بېسىپ تۇرغان، رەھىمسىز كۆزگە كۆرۈنمەس بىر مۇدھىش قول ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە چاڭگال سېلىپ قاماپ مۇجۇۋالغانىدى. بىر تېگى يوق ۋەھىمە، بىر دەھشەتلىك قورقۇنچ ھەم تىركىشىشنىڭ ئاچچىق ئازابى خۇددى گۆشخور ۋەھشىي قۇشتەك ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ چۆرگىلەپ ئۇنىڭ جېنىنى سەدىپارە قىلىپ يۈرىكىنى ئاسقىتۇرغانىدى.

ئىشقىيار مۇشۇ ئېقىننىڭ قىرغىقىغا كېلىپ مۇزدەك تاغ سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇپ، باغرىنى ئېقىن سۈيىگە چىلاپ ياتقان قورام تاشقا كېلىپ ئولتۇرغان ۋە خۇددى بىر پاساتلىق دەھشەتلىك جەڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى جەڭ مەيداندا بولىدىغان قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقتەك بىر خىل ۋەھىملىك، سىرلىق، تىمتاسلىقتا ياتقان ئاشۇ زېمىنغا خۇددى بۇغا بالىسى ئۆزىگە تەلمۈرگەندەك

مۇڭلىنىپ تەلمۈرۈپ نەزەر سېلىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ، ئاشۇ سۈكۈت قۇچىقىدا بىھوشلىنىپ، سۈكۈت ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدى.

شۇنداق! ئۇ شۇ تاپتا ئاشۇ بۇژغۇنلاپ ئوقچۇپ - يۇلقۇنۇپ ئېقىۋاتقان «بۆرەتولا» ئېقىنىنىڭ تامچىسىغا، ئاشۇ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك تىپتىنچ بوي سوزۇپ تۇرغان قارىغاينىڭ ياپراقلىرىغا، شەبنەمدە ھۆللىنىشىپ بىر پەرىشانلىق ئىچىدە شۈمشىيىپ تۇرغان گۈل - گىياھنىڭ بەرگىسىگە، بىپايان زېمىنغا يۈزلىنىپ زېمىن ئۈستىدە سادىر بولۇۋاتقان ھەممىگە ئۇلۇغۋار قىياپەتتە داھىيانە نەزىرىنى سېلىپ تەپەككۇر قىلىپ تۇرغان ئاشۇ تۆمۈرتاي چوققىسىنىڭ بىر بۆلىكىگە، ئاشۇ چىغ - چاتقال ئارىسىنى پاناھلاپ، زېمىننى باغاشلاپ ياتقان قورام تاشلارنىڭ بىر چېقىندىسىغا، ئاشۇ قارامتۇل ئوي - دوڭغۇل، ساي - جاڭگال، نەم، شورتاڭ، تىڭ - بوزلاق چېكى يوق زېمىنىنىڭ بىر پارچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ يەرنىڭ — گويا ئۆلۈم جىمىلىقىغا ئەسىر بولغاندەك كۆرۈنگەن بۇ خىلۋەت جىرانىڭ ئۇنداق ئىمتاس ۋە جانسىز، سۈكۈتتە ئەمەس، ئەكسىچە بىر تىنىمسىز ھەرىكەت، بىر قۇدرەتلىك شاۋقۇن، بىر تەۋرىمەس قانۇنىيەت، بىر بۇزۇلماس تەرتىپ، بىر توختىماس رىتىم، قاينام - تاشقىنلىق پائالىيەت ئىچىدە ياشاپ ياتقانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ جىسمى شۇ تاپتا قۇم سېغىزغا، تاش - تۇپراققا، قەترە تامچىغا، ئوت - خەسكە، يەل - ھاۋاغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ دەمدە پەقەت بىرلا ئۆزى سېزىپ

ئولتۇرغان ئاشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق، شاۋقۇن ـ سۈرەن
ئىچىدە يەرنىڭ، ئاتا تاغنىڭ، زېمىن يارالغاندىن بېرى
زېمىن ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرگەن گۈزەللىك بىلەن
قەبىھلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، يۈكسەكلىك بىلەن
پەسكەشلىك، رەزىللىك بىلەن پاكلىق، شۇملۇق بىلەن
سەمىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈلمەي ۋە تىنىمسىز
داۋام قىلغان ئېلىشىشلىرى، كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى،
شەجەرە بىلەن خائىنلىق، ئەقىدە بىلەن ئاسىيلىق،
ئىشەنچ بىلەن خىيانەتنىڭ نەتىجىلىرى، ئاتا روھى بىلەن
يىمىرىلىشنىڭ سائادىتى ۋە پاجىئەسى ھەم گۈللىنىش
بىلەن گۇمراھلىقنىڭ، ئېتىقاد ـ ئۇنغۇن روھى بىلەن
يىمىرىلىشنىڭ سائادىتى ۋە پاجىئەسى ھەم گۈللىنىش
بىلەن گۇمران بولۇشنىڭ، بەخت ۋە ھالاكەتنىڭ كېلىش
يولى ۋە سەۋەبىيەتلىرى ھەققىدىكى بۈيۈك رىۋايەتلىرىنى
ئېيتىق ئاڭلىدى. ئېقىن سۇنىڭ ئوقچۇشلىرىدا، قارىغاي
ياپراقلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرىدا، گۈل ـ گىياھنىڭ
شىلدىرلاشلىرىدا زاھىر بولغان ئاشۇ تەبىئەتنىڭ بىر
پارچىسى بولغان ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانىي
بۇرچ، ئىنسانىي ئەقىدە، ئىنسانىي سۆيگۈ، ھايات
ئېتىقادى ۋە ياشاش ئەخلاقى ئۇچۇن ئازاب تارتىشنىڭ،
خورلىنىشنىڭ، ئەجداد ـ ئۇنغۇننىڭ شانۇ شەۋكىتىنى
قوغداش، ئەجداد ـ ئۇنغۇننىڭ روھىنى كۆلدۈرۈش ۋە
ياشارتىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئايانماي
قۇربان قىلىشنىڭ سائادىتى ۋە خۇشاللىقى ھەققىدىكى
ئەزگۈ كۈي ۋە گۈزەل ناخشىلىرىغا مەپتۇن بولدى... شۇ
دەمدە ئانا يەر ئۇنىڭغا ئىرادە ـ كۈچ؛ ئاتا تاغ ئۇنىڭغا
يۆلەك ۋە ھىممات، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ

گىياھ، ئىپتىمن سۈيى ئۇنىڭغا بىپىسەاب خۇشاللىق بىرىۋاتاتتى. ئانا تەبىئەت شۇ تاپتا ئۇنىڭغا زوررور بولغان ھەممە نەرسىنى ھەسسىلەپ ئىنئام قىلغانىدى.

ئىشقىيار ۋاقىت ئۇقۇمىنى تامامەن ئەستىن چىقارغانىدى. ئىشقىيار ئىپتىمن سۈيىنىڭ شاۋقۇنىغا، يەرنىڭ تىنىقىغا، دەل ـ دەرەخ، تاغۇ تاشنىڭ تەسىرلىك نىداسىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئەتكە، زېمىندىكى ھەممە بارلىققا بېغىشلانغان بىر ئۇلۇغ سۆيگۈ، بىر مۇقەددەس ھاياجان تاشقىنلايتتى. بۇ تاشقىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىككىلىنىش، ئارىسالدىلىق ۋە ھەممە بىئاراملىق ھەم روھىي ئازابنى توگەل سۈپۈرۈپ ئېقىتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىرادە، ئىشەنچ، مەنىۋى توقلۇق، يېڭىلمەس بىر كۈچ كېلىپ ئىگىلىدى.

ئىشقىيارنىڭ كۆزى يىراقتا ـــ كۈل رەڭ بولۇت قېتىدا قىزغۇچ ئاق كۆرۈنۈۋاتقان ئۇپۇققا تىكىلدى. ئۇنىڭ بايا مۇزلاپ توخۇ ئەت بولۇپ كەتكەن يۈزى يالقۇندەك يېلىنجاپ كەتتى، ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك كۆكرىكى كۈچ بىلەن ئۆرىدەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقنىغاندەك بولدى، ئۇ مۇشتۇمىنى كۈچ بىلەن تۈردى، ئۇنىڭ بارماق سۆڭەكلىرى قاراسلاپ كەتتى. ئۇ قېلىن ۋە يىرىك لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئورنىدىن دەس تۇردى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ــ يۈر، بۇرادەر، سېنىڭ قورسىقىڭنى ئاخىرقى قېتىم ياخشىلاپ تويدۇرۇپ قوياي، ئاندىن... ــ ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭغا ئەركىلىگەندەك قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ مەرەپ قويدى.

ئىشقىيار ئىتقىن قىرغىنقىدىن بىر قوچاق چۆپ يۇلدى، بۇغا بالىسى قولدا تەربىيەلەنگەچكە ھازىرچە ئۆزى ئوتلاشقا كۆنمىگەنىدى. ئوتلىغاندەك قىلسىمۇ خۇددى ئاپىسى تاماق بەرمىسە ئىسسىق باسمايدىغان ئەركە بالىدەك ئۇنىڭغا ھىساب بولمايتتى، شۇڭا ئىشقىيار ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۆز قولى بىلەن چۆپ بېرەتتى.

بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ ئارقىسىدىن دىڭگوكلاپ يۇگۇردى. بۇ چاغدا گازارما تەرەپتە ئەتىگەنلىك تاماققا سىگنال چېلىنغانىدى.

ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى قاشاغا كىرگۈزۈپ ئالدىغا چۆپ سېلىپ بەردى ـ دە، تاماقخانىغا ماڭدى. بۇغا بالىسى ئىشتىياقى بىلەن چۆپكە كىرىشىپ كەتتى.

## 45

ئىشقىيار كەتكەندىن كېيىن بۇغا بالىسى چۆپ چايناشتىن توختاپ قالدى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئىشتىھاسى بىردىنلا كېسىلگەنىدى. ئۇ چۆپتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيار كەتكەن تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدى.

گازارمىنىڭ ئىچىدە دەرۋازىدىكى پوستتىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئىشقىيار ئادەتتە بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىدىكى بىر قولتۇق چۆپنى يەپ بولغۇچە ئۇنىڭ قاراسلىتىپ چۆپ چايناشلىرىغا، كۆڭۈللۈك پۇشقۇرۇشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. گاھىدا «ھازىر يېگەن چۆپ ئۇنىڭغا ئەت

بولۇپ قونۇۋاتامدۇ، يوق» دېگەندەك يوغان ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، ساغرىسىنى سىلاپ مۇجۇپ ـ مۇجۇپ قويىۋاتتى. بۇغا بالىسىنىڭ قانداق چۆپنى كۆڭۈللۈك ۋە ئىشتىھا بىلەن يەيدىغانلىقىنى، قانداق چۆپنى ئۇنچە زوق بىلەن يېمەيدىغانلىقىنى ۋە قانداق چۆپنى زادىلا يېمەيدىغانلىقىنى كۆزىتەتتى. كېيىنكى قېتىمدا ئالاھىدە ھېلىقىدەك يېيىشلىك چۆپلەرنى يۇلۇپ كېلەتتى.

لېكىن، بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى، چۆپنى تاشلاپ بېرىپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. بۇغا بالىسى بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدى، شۇڭا ئۇ بىرقىسما بولۇپ قالدى. بۇغا بالىسى گازارما قورۇسىغا بىرھازاغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قاشانىڭ ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇ بىر بىسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشقىيارلارنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى ـ دە، ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ ياتاققا كىردى، ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئىشقىيارنىڭ بۈگۈلۈكىگە بېرىپ ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى ھىدلىدى، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتاقتىن چىقتى. ئاشۇ مېڭىشىچە كورپۇس بويلاپ ياتاقلارنى تىنتىپ ماڭدى. ياتاقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئادەم يوق ئىدى، ئۇ يەنە ماڭدى، ئاخىرىدا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كىمنىڭدۇر ئۇنلۇك سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئۇ ئۆينىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قارىدى.

— ۋەي، ۋەي، ۋەي! كىمسىز؟ ھە، تەشكىلات

بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمۇ؟ قانداق، ياخشى تۇرامسىز؟ مەنمۇ ناھايىتى ياخشى... ھە!

ئۆي ئىچىدە كىمدۇر بىرى قۇلىقىغا بىر نەرسىنى يېقىپ ئۇنلۇك سۆزلەۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئۇ ئادەمنىڭ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىغا قۇلاق سالدى.

— نېمە؟ ھېلىقى بۇغا مۈڭگۈزىنى قاچان ئەۋەتىپ بېرىسىز دېدىڭىزمۇ؟

— ۋەي، بۆلۈم باشلىقى، سىز تامامەن خاتىرجەم بولۇڭ! نېمە دېدىڭىز؟ ۋەي، قاراڭ دەيمەن، مەنچۇ پولك كوماندىرىغا ئۇ بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىنىلا ئەمەس، ئاشۇ بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ چىۋىچىنىمۇ ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. نېمە دېدىڭىز؟ قالتىس كاتتا دورا بولمايزە... خەنزۇلار بۇنى بىلمەيدۇ، سىزنىڭ بىلمەيدىغىنىڭىزدىن ئەجەبلەنمەيمەن، بولۇپمۇ پوك كوماندىرىدەك خوتۇنىدىن قېچىپ يۈرىدىغان... ھى... ھى... «مەن قۇۋۋەت دورىسى دەپ ئاڭلىغان، لېكىن زادى نېمىگە پايدا قىلىشىنى بىلمەيمەن» دېدىڭىزمۇ؟ ھېلىقىغا راست گەپ، چىنپۇتمىسىڭىز سىزمۇ ئازراق ئىستېمال قىلىپ بېقىڭ بولمىسا، ھا... ھا... ھا... لېكىن دەررۇ لى يەڭگىنى چاقىرتمىسىڭىز چاتاق بولىدۇ... ھى... ھى... ھى... ۋەي... ھاراققا چىلايسىز دەيمەن، ھاراققا. ھە... ۋەي چاتاق يوق! «ئاغرىپ ئۆلدى» ياكى بولمىسا «زەمبىرەك ئاپتوموبىلى سوقۇۋېتىپتۇ» دەۋېرىمىز! ۋەي، پولك كوماندىرىنىڭ خەۋىرى يوقتۇ؟ ھە... ھازىرچە ئۇقتۇرمايلى، بولمىسا نېزىقاپ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرگىلى قويماسلىقى مۇمكىن... ھە... شۇنداق، بىلمەي تۇرسۇن، تەييار قىلغاندا مېنى

«بىر يەردىن تاپقانىكەن» دەپلا ئاپىرىپ بەرمەمسىز! ھە، شۇنداق! بۇگۇن ئۆلتۇرسە ئەتىلا ماڭدۇرۇپ بېرىمەن... پۇتۇنلەي خاتىرجەم بولۇڭ دەيمەن... مېنىڭ قاچان لەۋزىمدە تۇرمىغان يېرىم بار، ئۇنچىلىك ئىشنى بېجىرەلمىسەك بولامدۇ! چاقچاق قىلماڭ... باتالىيون كوماندىرىغا كۆرسىتىمەن دەمسىز؟ رەھمەت، بۇرادەر ئەزىز، ئىشقىلىپ سىزنىڭ كېپىكىز ئۆتىدۇ... نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ ھېلىغۇ باتالىيون ئىكەن، پۇتۇن ـ سۇرۇك پولكنى تاپشۇرۇپ بېرىڭە ماڭا، پىرقىرىۋېتىمىز دەڭا! ھە؟... بولىدىلا، دەسلەپتە «ئالىمەن» دەپ قويۇپتىكەنمەن، شۇڭا بالاغا قالدىم ئەمەسمۇ، ئەسلىي بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ «شالاقشىپ» كەتكەن نېمە ئىكەندۇق ياكى سىزگىلا تاشلاپ بېرەيمۇ ـ يا؟ ئۇنى بەربىر ئالمايمەن، ھازىر ھېلىقىسى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە... ھا... ھا... ھا... خەنزۇ بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئالدىنقىسىمۇ خەنزۇ ئىدى، ئۇنىڭغا ئەجەبلەنمىگەنىدىڭىزغۇ؟...ــ ھېلىقى ئادەم دېرىزىدىن بويۇنداپ قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ قالدى،ــ مانا... ھېلىقى بۇغا ئىككىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دېرىزىدىن قاراپ تۇرىدۇ... ھازىرلا ئۆلتۇرگۇزىمەن، چاقىرغىلى كەتتى. ئەتە ئەتىگەندىلا مۇڭگۇزى بىلەن چىۋىچىنى پولك كوماندىرىغا، گۆشىنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. كۆڭلىگىز يەتكەنلەر بىلەن بۆلۇشۇپ يەسىز... بولىدۇ... بولىدۇ... ئەلۋەتتە مەخپىي بولىدۇ ـ دە! «سىزنى پولكنىڭ سىرتىغا چاقىرىپ ئاندىن بەرگىن» دەپ تاپىلاپ قويىمەن... چاتاق يوق دەيمەن... ماقۇل ئەمىسە... خەيرخوش...

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشقىيار پەيدا بولدى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا بويۇنداپ قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

«بۇغا بالىسىنى باغلىۋېلىشتىمۇ نېمە؟» ئۇ يىراقتىن كۆزلىرىنى قىسىپ بۇغا بالىسىنىڭ بوينىغا سەپسالدى، لېكىن بۇغا بالىسىنىڭ بېشى بوش تۇراتتى. ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ يەۋاتقان چۆپنى تاشلاپ قويۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولغىنىنى چۈشىنەلمەي قالدى، ئۇ ئالدىراپ ئىشخانىغا كىردى.

ــ يولداش روتا كوماندىرى، مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز، مەن كەلدىم،ــ دېدى ئىشقىيار تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئەمدىلا قويۇپ تۇرغان روتا كوماندىرىغا چاس بېرىپ.

ــ ھە! قېنى، كەل ئولتۇر.

ئىشقىيار قولىنى چۈشۈرۈپ ئۆرە تۇرۇۋەردى.

ــ يەنە ئاخشامقى گەپ، قانداق، ئويلاندىڭمۇ؟ قارا، ئاۋۇ بۇغاچمۇ بىز نىيەت قىلغان خاسىيەتلىك ئىشقا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇپ ئىشىككە ئۆزى كەپتۇ. قېنى ئولتۇر، نېمە قىلغان بىلەنمۇ ھەربىي تەربىيە كۆرگەن بۇغا ـ دە، قارا، ھايۋان بولسىمۇ ھەربىينىڭ بىرىنچى بۇرچى ئۆزىنى پىدا قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ... قېنى، ئولتۇر دەيمەن...

ئىشقىيار دېرىزىدىن بوينىنى سوزۇپ ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ قالغان بۇغا بالىسىغا قاراپ قويۇپ

كەنتىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

روتا كوماندىرى ئاخشام ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا كېلىپ جايلىشىپ موخوركا ئوراشقا باشلىدى.

ئىشقىيار گاھ دېرىزىدىكى بوغا بالىسىغا قارىسا، گاھ ئىشخانا تېمىغا سۇۋارى چاپلىنىپ كەتكەن ھەر خىل مەشغۇلات نەتىجىسى ۋە مەشق پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى كۆرسىتىلگەن گىرافىكلارغا قارايتتى. گاھ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن، گاھ ئۆكچىسى بىلەن خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە بىلىنەر - بىلىنمەس، لېكىن تىنىمسىز تاقىلدىتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ تاقەتسىزلىك، دەككە - دۈككە، بىئاراملىق ئىچىدە قالغانىدى.

روتا كوماندىرى موخوركىسىنى ئوراپ تۈگاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىشقىيارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى:

— قانداق، ئويلاندىڭمۇ؟

ئىشقىيار ئۇدۇلىدىكى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلگىنىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

— زۇۋان سۈرمەيسەنغۇ، ئويلاندىڭمۇ دەۋاتىمەن، — روتا كوماندىرى تەكرارلىدى.

ئىشقىيار روتا كوماندىرىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ يەنە ھېلىقى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلدى:

— ئويلاندىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى «غاراڭ - غۇرۇڭ» چىقىپ كەتتى. ئىشقىيار قورۇنغاندەك قىلىپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ يەنە جىم بولدى.

— دېمەك، رازى بوپسەن - دە، ئەسلىدىلا شۇنداق

بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئۇنداقتا... — روتا كوماندىرى ئىككىلىنگەندەك جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ دېدى، — ھازىر بولمىغۇدەك، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى گازارمىدا، بۇ ئىشنى ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتسىمۇ ئانچە قاملىشىپ كەتمەس. بۈگۈن كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە، بۇغا بالىسىنى گازارمىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانغا ئاچىقىپ شۇ يەردە ئاستىلا يىغىشتۇرۇپ تاغارغا تىقىپ مۇشۇ يەرگە غىپپىدە ئەكىرىپ بەرمەمسەن ـ ھە! سېنىڭچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟...

ئىشقىيار خۇددى روتا كوماندىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا قادىلىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تەلەتى سۈرۈنلىشىپ كەتكەنىدى.

— بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ باشقىچىلا «گالدى ـ گۇلدۇك» كۆرۈنىسەنغۇ، ئىشقىيار؟ — دېدى روتا كوماندىرى ئاچچىقى بىلەن.

ئىشقىيار دېرىزىدىن كۆزىنى يۆتكەپ يەرگە قارىۋالدى.

— مە... مە... مەن بۇنداق قىلالمايمەن، يولداش روتا كوماندىرى... — دېدى ئۇ تەسلىكتە خۇددى خىرقىراۋاتقاندەك.

— نېمە، نېمە، نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن ئۆزۈڭ؟ — روتا كوماندىرىنىڭ تەرى بىردىنلا تۈرۈلدى، ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچ بىلەن تارتىۋەتتى، — «باشقىلار بىلمىسۇن» دېسەم، باشقىلار كۆرسە «روتا كوماندىرىغا خۇشامەت قىلىپ يۈرىدۇ، دەپ قالامدىكىن» دەپ

خەۋپسىرەپ قېلىۋاتىسەن ـ ھە! بولمىسا، ئاشپەزلەردىن بىرنى ھەمراھ قىلىۋال، سەن ئۇ يەردە يىغۇشتۇرۇۋېتىپ بىلمىگەن كىشى بولۇپ قايتىپ كەل، بۇ يەرگە ئەكىلىشكە ھېلىقى ئاشپەزنى بۇيرۇۋەت، بولامدۇ؟ قانداق؟ مۇشۇنداق قىلساق بولار؟...

ئىشقىيار يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇ نېگىرلارنىڭكىدەك قېلىن دورداي كالپۇكىنى خۇددى يىغلىۋېتىشتىن قورقىۋاتقاندەك مەھكەم چىشلىۋالغانىدى. ئۇ بىرھازاغىچە ئاشۇ تەرزدە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە خىرقىراپ تەسلىكتە جاۋاپ بەردى:

ــ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن... ھەم باشقىلارغىمۇ...

روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى چۇشكۇچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

ــ نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە، ــ روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئىشقىيار كۆزىنى يەردىن ئۈزۈپ روتا كوماندىرىغا تىكىلدى:

ــ شۇنداق! بوغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، يولداش روتا كوماندىرى... ھەم ئۇنى ھېچكىمنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە يول قويالمايمەن، ــ دېدى ئۇ خاتىرجەم ئاھاڭدا.

روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئىشقىيارنىڭ بۇنداق دېيىشىنى زىنھار ئويلىمىغانىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن شېرىن خىياللىرى سۇغا چىلاشقانىدى. ئۇ مۇشۇ بوغا بالىسىنىڭ مۇڭگۈزى ۋە چىۋىچى بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ كۆڭلىنى، ئۇنىڭ گۆشى بىلەن پولك

تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىدەك پولك كوماندىرىغا، ھەتتا پولك پارتكومىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىرنەچچە باشلىقنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن پىلان ـ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يوللىرىنى راسلىماقچى بولۇۋاتاتتى. تۇنۇگۇن بۇغا بالىسىنىڭ مۇڭگۈزىگە پولك كوماندىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغىنىنى، لېكىن بىر رەھبىرىي خادىم سالاھىيىتى بىلەن ئېغىزدىن چىقىرالماي كېتىپ قالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغان پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمۇ «پۇرسەتنى چىڭ تۇت، ۋاقىدە گېپىنى ئۇر» دېگەنىدى روتىدىن قايتىدىغان چاغدا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، ھەتتا ھېلىراق مۇشۇ ئىشنى سۆيلەپ تېلېفونمۇ بەرگەنىدى. پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ بۇنچە شاپاشلاپ كېتىشىدە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە سوقۇۋاتقان چوتى بار ئىكەنلىكىنى روتا كوماندىرى پەملەپ قالغانىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مۇبادا پولك كوماندىرى بۇ قېتىم ئانچە نېزىقىمايلا بۇ يەمنى چىشلەپ سالسا روتا كوماندىرىنىڭ قارمىقى پولك كوماندىرىنىڭ نەق ئۆپكىسىدىن ئىلىنىۋالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا...

لېكىن ئەمدىچۇ؟ مۇنۇ قويىنىڭ قوزىسىدىن ياۋاش كۆرۈنىدىغان بوغقۇش ئۆمىسىلا قىلىق چىقىرىپ، تىلىنى چاينايدىغۇ؟ توۋا، ئۇنىڭدىن بۇنداق گەپ چىقار، دەپ زادى ئويلىمىغانىدىغۇ؟ ئۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن قارا باسارمۇ؟ ياق! ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ! كىم ئىكەن ئۇ شۇنچە!

ئۆلتۈرمەسمىش ھەم ئۆلتۈرگۈزمەسمىش! ھۇ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان قارا ئۆپكە! ئۆزىنىڭ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ پەيلىقۇش گالۋاڭ! ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلسا قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايدىكىنە؟...

لېكىن، ھازىرچە ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلىشقىمۇ بولمايتتى، چۈنكى بۇ ئىشنى چىرايلىقچە «بۇسىنى چىقارماي» بىرتەرەپ قىلمىسا ھەممە جەھەتتىن ئۆزىگە پايدىسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە سۆز - چۆچەككە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

روتا كوماندىرى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا بېسىۋېتىپ يەنە تاماكا ئوراشقا كىرىشتى. ئىشخانا ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. شۇ تاپتا بۇغا بالىسى ۋە ئىككى ئادەم بىر - بىرىنى ئۇنسىز كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن بۇ كۆڭۈلسىز جىملىقنى روتا كوماندىرى بۇزدى:

— قارا، ئىشقىيار، مەن سېنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بۇغا بالىسى سېنىڭ قولۇڭغا تولىمۇ كىچىك چۈشكەن، سەن ئالتە - يەتتە ئايدىن بۇيان خۇددى بىر تۇغقان ھەمشىرەڭنى، قېرىندىشىڭنى باققاندەك باقتىڭ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەجىر قىلدىڭ... بۇنى جىمى ئادەم بىلىدۇ. ئەسلىدە گازارمىدا بىر جەڭچىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىچە بىر ھايۋاننى بېقىپ يۈرۈشىگە ھەربىي ئىنتىزام قەتئىي يول قويمايدۇ، لېكىن سەن مېنىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغاچقا ھەم سەن بۇ بۇغا بالىسى ئۈچۈن ئەسل - ۋەسلىڭ

بىلەن جان پىدالىق قىلىۋاتقان بولغاچقا، مەن سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاياپ ھازىرغىچە بۇ توغرىدا بىرنەرسە دېمىدىم، ھەتتا ئۇنى ياتاقتا بېقىشىڭغىمۇ سۈكۈت قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا بۇ توغرۇلۇق بەزى جەڭچىلەر ئۇستۇڭدىن شىكايەت قىلىشىپمۇ كېلىشكەندى. بۇ ئىشتا ئۇلار ھەقلىق ئىدى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالمىدىم. ئەمدى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇغا بالىسى بىر چىرايلىق چوڭ بولدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قىيمايۋاتىسەن. بۇ ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئادەملەر ئۇچۇن تاماكا چېكىشنى تاشلىۋېتىشمۇ ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ، بولمىسا، ئادەملەر ئۇنىڭ زىيىنىنى بىلىشىدۇ، نېمە ئۇچۇن؟ پەقەت ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قېلىشقان. تاماكا چەكمىسە خۇددى ئۆزىنىڭ بىرەر ئەزاسى كەمتۈك بولۇپ قالغاندەك سېزىشىدۇ، ھازىر سەن بۇغا بالىسىغىمۇ خۇددى مەن تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغاندەك ئۆگىنىپ قالغىنىڭ ئۇچۇنلا ئۇنىڭغا تارتىشىۋاتىسەن، خالاس! — روتا كوماندىرى تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شوراپ ئىسىنى يۇۋۇلىدى ۋە «مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭغا قانداقراق تەسىر قىلىۋاتىدىكىن؟» دېگەندەك ئاشۇ تۇرۇم — تۇرۇم ئىس ئارىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىپ ئىشقىيارنى كۆزەتتى. ئىشقىيار يەرگە باققىنىچە قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. بۇغا بالىسىمۇ ئۆي ئىچىگە چەكچىيىپ قومۇشنىڭ ياپرىقىدەك نېپىز ۋە ئۇچلۇق قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ «پەرت» قىلىپ قېچىشقا تەييار تۇرغاندەك بىر سەزگۈرلۈك ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

— لېكىن، شۇ تاپتا سەن بالىلىق قىلىۋاتىسەن،

ئىشقىيار، ــ روتا كوماندىرى سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ خۇددى مۇشۇككە ئامراق بالا مۇشۇكنى يوقىلىپ كەتسە بۇرنىنى چۈۋۈپ يىغلىغاندەك خەقنىڭ قىلىۋاتىسەن، سەن بولساڭ چوپچوڭلا بىر ئادەم، خۇددى ئەتىدىن كەچكىچە ئاسماندىكى كەپتىرىگە قاراپ تاماشا قىلىپ يۈرىدىغان ئىش ياقماس كەپتەرۋازدەك ئەتىدىن كەچكىچە بۇغىنىڭ ئارقىسىدىن قاتراپ ھۇزۇرلىنىپ كۆڭلۈڭنى خۇش ئېتىپ يۈرسەڭ بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋە ئەڭ مۇھىمى، سەن بىر ھەربىيسەن، بىر جەڭچىسەن! جەڭچى دېگەن قەيەردىكى غىلجىڭ خوتۇنلاردەك ئۇنداق ھېسسىياتچان بولسا بولمايدۇ. بۇ ئىرادىسىزلىكنىڭ بەلگىسى. ئۇنداق ئىرادىسىزلىك، غىلجىڭلىق ھەربىي ئادەمگە ياراشمايدۇ... مەن سېنىڭ بۇنداق قىلىۋېرىشىڭگە ئەمدى يول قويمايمەن، بىر ھەربىي ئادەم بىر ھايۋان بالىسى ئۈچۈن بۇنداق سۆيۈملۈك قىلغىلى تۇرسا ئۇنى قانداقمۇ ياخشى ھەربىي، ياخشى جەڭچى دېگىلى بولسۇن، بۇنداق ئادەملەر جەڭ مەيدانىدا قاننى كۆرە ـ كۆرمەستىن ھوشىدىن كېتىدۇ. شۇ تاپتا ساڭا فىرونتتا بېرىشقا بۇيرۇق بېرىلسە ئاشۇ بۇغاڭغا تارتىشىپ ئولتۇرامسەن؟ بۇنداق جەڭچى بىزگە كېرەك ئەمەس. جەڭچى دېگەن ۋاقتى كەلسە قىلىچ بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى چېپىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. مانا مۇشۇنداق ئادەمدىن ھەقىقىي جەڭچى چىقىدۇ! بىزگە دەل ئاشۇنداق ھەربىي كېرەك! ئىككىنچىدىن، بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر ــ سېنىڭ بىر قوماندانىڭ شۇ تاپتا مۇشۇ بۇغىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغىنىدا سېنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇشۇڭغا

ھەققىڭ بارمۇ؟ جەڭچىنىڭ بۇرچى — ئىنقىلاب ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قۇربان قىلىش! شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، بۇغىغا موھتاج بولۇۋاتقان ئادەم ئادەتتىكى ئادەم بولماستىن، سېنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانىڭ! ئاشۇنداق بىر ئادەم ئۈچۈن ھېچنېمەڭنى ئايىماسلىقىڭ كېرەك، يىگىت!..

روتا كوماندىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەنسەن؟ ئەمدى سېنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈڭ بىلەرسەن ئەمدى، — روتا كوماندىرى ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ كۆكرىكىنى كېرىپ قويدى، تاماكا ئۇنىڭ لېۋىگە قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

ئىشقىيار بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى، ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالىدى ۋە تەسلىكتە دېدى:

— گېپىڭىزنى چۈشىنىپ ئولتۇرىمەن، يولداش روتا كوماندىرى، سىز مۇشۇ بۇغا بالىسىنى مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە ماڭا نۇرغۇن كەڭچىلىك قىلدىڭىز، ياردەم بەردىڭىز، سىز ماڭا شۇنچىلىك شارائىت يارىتىپ بەرگەچكە ۋە سەپداشلىرىم تۇشمۇتۇشتىن ياردەم قولىنى سۇنغاچقا يېرىم جان بولۇپ قالغان بۇغا بالىسى بۈگۈنكى مۇشۇ ھالغا كەلدى، — ئىشقىيار دېرىزىدە بويىۇنداپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا قاراپ قويدى، — مەن ۋە مېنىڭ سەپداشلىرىم ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر جاننى

قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق... بۇنىڭدا سىزنىڭمۇ ئەلۋەتتە تېگىشلىك ھەسسىڭىز بار، مەن بۇنىڭغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئوقۇيمەن، سىزنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىڭىزگە ئاپىرىن! ئەمدى بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويمايمەن. نېمىشقا دېگەندە بۇغا بالىسىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش تەبىئەتنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە پايدىسىلا باركى، ھېچ زىيىنى يوق، ئۇنىڭ خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش ياشاش ھەققى بار. كىشىگە ھېچ زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدىغان، تەبىئەت ۋە ئادەملەرگە بىز ھېس قىلالايدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان شەكىللەر ئارقىلىق خىزمەت قىلىدىغان گۇناھسىز ھايۋاننى بىھۇدە ئۆلتۈرۈش مېنىڭچە بەكمۇ يولسىزلىق، رەھىمسىزلىك بولىدۇ، ــ ئىشقىيار دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسماننىڭ پارچىسىغا تىكىلدى، ــ بىزنىڭ يۇرتتا قىشلىقى قوغۇن ساقلاش توغرا كەلسە قوغۇننى گەمىگە تىزىپ ساقلايمىز. بىز تەرەپتە قىش كۈنلىرى بەك سوغۇق بولىدۇ، سوغۇقتا قوغۇن ئۈششۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىز ئادەتتە گەمىگە تىزىقلىق قوغۇنلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىپ قوي باغلاپ قويىمىز. ھاۋانىڭ رايىغا قاراپ گاھىدا بىرەر قوي، مۇبادا سوغۇق قاتتىقراق بولسا ئىككى قوي، ئەگەردە سوغۇق بەك كۈچىيىپ كەتسە ئۈچ قوي باغلايمىز. شۇنىڭ بىلەن قوغۇن شۇنچە قاتتىق سوغۇقتىمۇ مۇزلىماي ئېتىزدىن ئۈزگەن پېتىچە ساقلىنىدۇ. قارىماققا، قوينىڭ بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق گەمىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ،

لېكىن بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيادىكى ئادەم، سۇ، تۇپراق، دەل ـ دەرەخ، ئۇچارقانات، جان ـ جانىۋارلار بىز چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، بىز كۆرۈپ ھېس قىلالمايدىغان ھالەتتە بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدىكەن. ئەنە ئاشۇ قويمۇ قوغۇنغا ئۆز ئىسسىقلىقىدىن باشقا يەنە نېمىلەرنىدۇر بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قوغۇن ئېتىزدا تۇرغاندەك ساغلام تۇرىدىكەن، مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارمىيەگە كەلگەندىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ بىلىمسىزلىكىمنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم، مەن ئاخىرقى ھېسابتا بوۋامنىڭ دېگەنلىرىنىڭ تامامەن ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇدىيەت بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغانىكەن. ھايۋان، سۇ، تۇپراق، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇشلار ئادەملەرگە خۇددى ھېلىقى قويلار قوغۇنغا تەسىر كۆرسەتكەندەك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن. مۇبادا ئۇلارنىڭ بىرەرى يوقالسا ئۇ چاغدا باشقا مەۋجۇدىيەتمۇ، ئەلۋەتتە ئادەملەرمۇ ھالاك بولىدىكەن، شۇڭا بىزنىڭ پۈتكۈل مەشغۇلات ـ پائالىيىتىمىز، بىزنىڭ غايە ـ نىشانىمىز خۇددى بوۋام ئېيتقاندەك ئادەم، ھاۋا، سۇ، تۇپراق، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قانات، جان ـ جانىۋارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىملىقى، ئۇنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. قاچانكى ئادەملەر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بىر گۈزەل ئەخلاق، بىر ئالىيجاناب

پەزىلەت، بىر يوكسەك ئالى ئەتراپىغا ئويۇشۇپ، ئانا تەبىئەت ئۇچۇن مۇشۇ بارلىقلارنىڭ تەبىئىتىنى، مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئۇچۇن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەر توكسە، ئادەملەر ئىچىدىكى ھەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇشۇ بارلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە، تەكپۇكلۇقىغا، مەۋجۇتلۇقىغا تەھلىكە سالىدىغان زىيانكەشلىكنى يوقىتالىسا ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا جەننەتنىڭ ئۆزى بولغان بولاتتى،ــ ئىشقىيار نەزىرىنى دېرىزىدىن يۆتكەپ روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى،ــ مەن دەل مۇشۇ ئالى بىلەن تەربىيەلەنگەن ۋە ئاشۇ ئالىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر كىشى بولغىنىم ئۇچۇن بۇغا بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم. ئەمدى ئويلاپ بېقىڭ، يولداش روتا كوماندىرى، مەن بۇغا بالىسىنى نېمە ئۇچۇن ئۆلتۈرگۇدەكمەن ۋە نېمىشقا ھېچ سەۋەبسىزلا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قاراپ تۇرغۇدەكمەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۇنى تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئۇنى قويۇۋېتىمەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركى بويىچە ياشاشقا ھەقلىق... مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ قالالايمەن. تەبىئەتكە، ئەجدادلىرىمنىڭ روھىغا، ئاتا ـ بوۋامغا يۈز كېلەلەيمەن. كەچۈرۈڭ، يولداش روتا كوماندىرى، سىز بايا تاماكىنى مىسالغا ئالدىڭىز، مەن سىزنىڭ بۇنداق سېلىشتۇرغىنىڭىزنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. تاماكا ــ ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، ئۇ ھاياتنى يوقاتقۇچى، ئۆلۈمنىڭ ئانىسى، لېكىن مۇنۇ بۇغا بالىسىچۇ؟ ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دوستى، ئانا تەبىئەتنىڭ بالىسى، ئۇ ھاياتقا گۈزەللىك، دوستلۇق بېرىدۇ، ئىنسانىيەت موھتاج بولۇۋاتقان يەنە ئالىقاناداق

قىممەتلىك نەرسىنى بېغىشلايدۇ. مۇشۇنداق بىباھا ھايۋاننى، ئىنسانىيەتنىڭ دوستىنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈش مېنىڭچە بەكمۇ شەپقەتسىزلىك، ھېچ بولمىغاندا نادانلىق بولسا كېرەك!

روتا كوماندىرى خۇشياقمىغاندەك بويىنىنى تولغاپ ئاغزىنى قىيسايتتى:

— ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئېڭى، ئاگرار ئىگىلىك ئىدىيەسى، يەنىمۇ چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىپ بەرسەم نوقۇل ئوتتۇرا ئەسىر، ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ تەبىئەتكە ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنۇشى!

ئىشقىيار چوڭقۇر تىنىۋېتىپ قەددىنى رۇسلىدى، ئاندىن ئۆزىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قىيا بېقىپ ئولتۇرغان روتا كوماندىرىغا تىكىلدى:

— يولداش روتا كوماندىرى، نېمىچە ئاڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، پەقەت ئىنسانىي ئاڭ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. مېنىڭ بۆغا بالىسىدىن قىيماسلىقىم قانداقتۇر كەپتەر ئۇچۇرتۇپ ۋاقتىنى چاغ قىلىدىغان بىكار تەلەپىنىڭ كەپتەر خۇمارىغا ياكى قانداقتۇر ئاسلان بىلەن ئوينىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان سەبىي بالىنىڭ ئاسلانغا خۇشتارلىقىغا ئوخشاش ئاددىي ئىش ئەمەس، تاماكا خۇمارى سەۋەبىدىن تاماكىنى تاشلىيالماي يۈرگەن بەڭگىنىڭ تاماكىغا تارتىنىشىغا تېخىمۇ ئوخشاشمايدۇ. مەن شۇ تاپتا ئۇنى خۇددى سىز ۋە ماڭا ئوخشاش ھاياتنى سۆيىدىغان، ياشاشقا تەلپۈنىدىغان، ھاياتقا، تەبىئەتكە، ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان بىر جان سۈپىتىدە تونۇۋاتقىنىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى

بىر ئىنسانىي ئەخلاق دەپ ھېسابلىغىنىم ئۈچۈن مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئورۇنداشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن...

— قالتىس سۆزمەن بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ئىشقىيار؟ كۆتۈر ئۇنداق پاخپاق گەپ، قۇرۇق سەپسەتىلىرىڭنى! باياتىن بىرى گەپ قىلمىسام ئەجەب ئەدەپسىنا سەن؟ قەيەردىن ئۆگەندىڭ بۇنداق ئەخمەقلىقنى؟ — روتا كوماندىرى تاقەت قىلالماي ئىشقىيارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاچچىقىدىن ئۇنىڭ بۇرۇن كۆمۈرچىكى لىپىلداپ ئاپپاق بۇدرۇق يۈزىگە قىپقىزىل قان تېپىپ چىققاندى.

ئىشقىيار ئۇشتۇمتۇت تىلىنى چىشلىۋالغاندەك ئۇجۇقۇپ جىم بولۇپ قالدى.

— سەن ماڭا تەبىئەتشۇناسلىقتىن دەرس ئۆتەي دەۋاتامسەن؟ رەھمەت ساڭا! مېنىڭ ئۇلارنى ئاڭلاشقا زوقۇم يوق! — روتا كوماندىرى ئاچچىقىدا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ «غاچ - غاچ» دەسسەپ بېرىپ ئورۇندۇققا جاققىدە ئولتۇردى، ئاندىن ئۆزىگە خاتىرجەم ھالدا تىكىلىپ تۇرغان ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، سەن 80 - يىللاردىكى بىر ياشسەن! يەنە كېلىپ بىر جەڭگىۋار ئارمىيەنىڭ جەڭچىسىسەن! ئەتىگەندىن بۇيان ئۆزۈڭچە بىرنېمىلەرنى دەپلا كەتتىڭ، لېكىن ماركسىزملىق دۇنيا قاراش جەڭچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىنقىلابىي قوشۇندىكىلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش دېگەنلەرنى ئېغىزىڭغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭ! قەيەردىكى دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى كونا مۇقامنى تولاپ يۈرىسەن. سېنىڭ كاللاڭ

خۇراپاتلىق بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. سېنىڭدە ئازراقمۇ سىياسىي ئاڭ، زامانىۋى دۇنيا قاراش دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. سېنىڭ قەيسىرىڭنى 80 ـ يىللاردىكى بىر ياش، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ بىر جەڭچىسى دېگىلى بولىدۇ؟ قېنى، ئۆزۈڭ دەپ باقە؟... بۇنىڭ مەمەدانلىقىنى قارا؟

ئىشقىيار بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى:

ــ «مېنىڭ بىلەن سۆز تالاشتى» دەپ ئويلاپ قالماڭ، يولداش روتا كوماندىرى. مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن، ئىش ئۈستىدىكى ھەرقانداق بۇيرۇقىڭىزنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇندايمەن. بۇ مېنىڭ جەڭچىلىك بۇرچۇم... لېكىن...

ــ ئۇنداقتا نېمە دەپ يەنە بويۇنتاۋلۇق قىلىسەن؟ يەنە نېمە «لېكىن»؟... ــ ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

ــ لېكىن، روتا كوماندىرى، سىزنىڭ بايىقى قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن. كىچىكىمدىن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم بولۇش، جەمئىيىتىمىزنى سۆيۈش، كۆپچىلىكنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش دېگەنلەر مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولۇمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ غايەم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ماڭا ئۇستازلىرىم مۇشۇنداق ئۆگەتكەن، مەن بۇ غايەمگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ قالىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بوۋامنىڭ تەربىيەسىنى ئالدىم، بوۋام ماڭا ھاياتنى، ئىنسانلارنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈشنى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، مەنپەئەتىنى ئالىي بىلىشنى، شەخسىيەتسىز، توغرا، ئادىل بولۇشنى،

تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە يالقۇنلۇق سۆيگۈ، ئوتلۇق مېھىر ـ مۇھەببەت باغلاشنى ئۆگەتتى. بوۋامنىڭ بۇ تەربىيەسى مېنىڭ قان ـ قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن. مەن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىنى، ئەۋلادىمىزنىڭ بەخت ـ ئىقبالىنى جېنىمدىن ئەلا بىلىمەن. ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئەتىسى ئۈچۈن، كېيىنكىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزۈمنى بېغىشلاش مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق. مانا بۇلار مېنىڭ ئەجدادلىرىمنىڭ، ئاتا ـ بوۋامنىڭ مەندىن كۈتمىدىغان ئۈمىدى. بۇلار مېنىڭ ئەقىدەم! مەن بېشىمغا قىلىچ توغرىلانسىمۇ بۇ ئەقىدىدىن ۋاز كەچمەيمەن! شۇڭا مەن بۇغا مەسلىسىدە...

ــ بولدى، بولدى! سېنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭ، ئەجدادلىرىڭ كىم شۇنچە؟ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيامۇ؟ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ نەۋرىسىمۇ يا سەن! ياكى بولمىسا قايسىبىر ئالىم، ئۆلىمانىڭ ئۇرۇقىمۇسەن؟ ــ روتا كوماندىرى ئاچچىقى بىلەن قولىنى سىلكىدى، ــ قەيەردىكى روھ ـ ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ يۈرگىچە، ئەڭ ياخشىسى سېنى تەربىيەلەپ ئادەم قىلىمىۋاتقان، شۇنچە ئوتتۇرا قولدەك يىگىتلەرنى ئىچىدىن تاللاپ ھەربىي رايوندىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئالاھىدە ئودلىنىيەگە مەسئۇل قىلغان، قىسىمغا كېلە ـ كەلمەيلا ئارمىيەدىن قاچقان گۇناھىڭنى ھېسابقا ئالماي، پارتىيەگە كىرگۈزۈپ قويماقچى بولۇۋاتقان، ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقان باشلىقىڭنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىشنى ئۆگەن! سېنى پولك بويىچە تونۇتۇپ، تېخنىكا

ئۆگىتىپ پارتىيەگە كىرگۈزۈپ «كېيىن يەرلىككە قايتىسىمۇ ئوبدانراق كۈنىنى ئالسۇن» دەۋاتقان ئادەمنىڭ دېگىنىنى قىل! «ئەجدادىم، پەجدادىم» دەپ قۇرۇق ئۇستىخاننى شۇمىگىنىڭ بىلەن ئۇ روھ ـ ئەرۋاھلار ساڭا ھېچنېمە قىلىپ بەرمەيدۇ!

ئۇشتۇمتۇت ئىشقىيارنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، قان تىقىلىشقا باشلىغان كۆزلىرى بىلەن روتا كوماندىرىنىڭ غەزەپتىن ئالاڭلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكەندەك قادالدى:

— نېمە... نېمە... نېمە دەۋاتىسىز، يولداش روتا كوماندىرى؟... — ئىشقىيار كالىدەك پۇشۇلداپ ھاسىرايتتى. غەزەپتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتكەندى، — سىز مېنىڭ روتا كوماندىرىم بولسىڭىزمۇ مېنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ مىللىتىنى، مېنىڭ ئەجدادىمنى ھاقارەت قىلىشقا ھەققىڭىز يوق! سىزنىڭ ئەجدادىڭىز يوقمۇ؟ سىزنىڭ تومۇرىڭىزدا بوۋىڭىزنىڭ قېنى ئاقمامدۇ؟ سىز ئۇيغۇر ئەمەسمۇ... سىز، ياق، يولداش روتا كوماندىرى، ھەممە كىشىنىڭ، ھايات ياشاپ تۇرغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەجدادى بولغان، بوۋىسى بولغان، ئەدناسى ئاۋۇ تامغا چاپلىشىپ تۇرغان سۈۋەرەكنىڭمۇ ئەجدادى بار، مېنىڭ ئەجدادىم ئەۋلىيامۇ ئەمەس، پادىشاھمۇ ئەمەس، دېھقان، پەقەتلا ئۇيغۇر دېھقىنى. دەل ئاشۇ ئەجدادلىرىم بۈگۈنكى ئۇلۇغئارتىنى، مېنىڭ سۆيۈملۈك يېزامنى بىنا قىلغان، ئاشۇ ئەجدادلىرىمىز بىزنى تاپقان، بېقىپ ئۆستۈرگەن، بىزنى ساقلاپ قالغان! بىزنىڭ ھالاك بولماي، يوقىلىپ كەتمەي، ئۇرۇقىمىز قۇرۇپ كەتمەي، مۇشۇنداق ياشاپ كېلىشىمىز ئاشۇ

ئەجدادلارنىڭ شاراپىتىدىن بولغان، لېكىن شۇ كۈندە بەزى ئادەملەر ئەجدادىنى يادىدىن چىقىرىشتى، ئەجدادىنىڭ روھىنى دەپسەندە قىلىشىدىغان، تۇغقان ئانىسىنى تونۇمىغاندەك ئۆزىنىڭ مىللىتىنى تونۇمايدىغان، ئەجدادىنىڭ ئۈمىد ـ ئىرادىسىنى خورلايدىغان بولۇۋالدى، ئېيتىپ بېقىڭا، يولداش روتا كوماندىرى... ئاشۇ ئاتا ـ بوۋىسىنى بىلمەيدىغان، ئاتا تەربىيەسىنى ئالمىغان، ئەجداد روھىغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى نېمە دەپ ئاتاش كېرەك؟ ئۇلار ئادەممۇ؟ ياق... ياق! ئۇلار ئادەم ئەمەس، يانغىن، يۇقىدىغان قورقۇنچلۇق كېسەل، غەلىتە تۇغۇلۇپ قالغان ئىككى باشلىق غەيرىي مەخلۇق... ھاياتنىڭ، تەبىئەتنىڭ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دۈشمىنى... كىچىك باللار قورقىدىغان قارا چۈش!

— بولدى، بەس! — روتا كوماندىرى كەنتىرگە «پاق» قىلىپ ئۇردى، ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، كۆكىرىپ كەتكەنىدى، — نېمە ئۆزۈڭنى بىلمەي ھەددىڭدىن ئاشىسەن؟! سەن شۇ تاپتا كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ — ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى، — نېمە «كۈچۈكۈم، كۈچۈم...» دېسە... — ئۇ قولىدىكى تاماكىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى، — سەن ھەربىيمۇ نېمىسەن؟ مەن بۇغىنىڭ گېپىنى قىلسام سەن قەيەردىكى تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى قىلىپ ئەركىلىگىلى تۇردۇڭغۇ؟! مەن سەندىن ئىلتىماس قىلىۋاتمايمەن، بىلىپ قوي، تەلەپ قىلىۋاتىمەن!

ئىشقىيار غۇرتىدە قىلىپ بىرنەرسىنى يۇتۇۋەتكەندەك قىلدى. ئۇنىڭ چوقماقتەك ئۇچلۇق ۋە

يوغان ھەلقۇمى تەسلىكتە قىمىرلايتتى، ئۇنىڭ كۆزى روتا كوماندىرىغا مەھكەم قادالغانىدى.

— مەن ھەربىيمەن، يولداش روتا كوماندىرى، لېكىن... لېكىن مەن يەنە ئادەممەن!... — ئىشقىيار سۆزلەرنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن تەسلىكتە چىقاردى، — ھەربىي بۇيرۇقنى ھەرقانداق زامان، ماكاندا سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى باش ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندايمەن، لېكىن شۇ تاپتا مەن بۇغا مەسىلىسىدە تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىسىز بىر ئىش ئۈستىدە سىزنىڭ بۇيرۇق ۋە تەلىپىڭىزدىن كۆرە، ۋىجدانىمنىڭ ئازابىغا، ئىنسانىي بۇرچۇمنىڭ دەۋرىگە، ئەجدادىم قالدۇرغان ئەخلاقىي پەزىلىتىمنىڭ خىتابىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇرمەن ھەم سىزنىڭ مەندىن بۇغا مۈڭگۈزىنى كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش، ھەتتا تېخى ئاشۇ بىگۇناھ بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ھەققىڭىز بارلىقىغا گۇمان قىلىمەن، يولداش روتا كوماندىرى، چۈنكى سىز مېنى دۈشمەن سېپىگە ئاتاكىغا ئۆتۈشۈمگە، دۈشمەن پىلىموتىنى كۆكرىكىم بىلەن توسۇشۇمغا بۇيرۇق قىلالايسىز، كۈندىلىك ھەربىي تۇرمۇشتا مېنىڭ ئىنتىزامنى تولۇق ئىجرا قىلىشىمنى تەلەپ قىلالايسىز، مۇبادا ئۇرۇشتا قورقۇنچاقلىق قىلسام جازالايسىز، ھەتتا بىر پاي ئوق بىلەن ئېتىۋېتەلەيسىز، بۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز، بۇنى مۇتلەق ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن يولداش روتا كوماندىرى، سىز ماڭا «قېنى، ئىشقىيار، ماڭا دورا بولۇپ قالدى، قۇلىقىڭنى كېسىپ بەرگىن!»، ياكى بولمىسا، «كەل، ماڭا لازىم بولۇپ قالدى، بۇرنۇڭنى كېسىۋالاي!»،

ياكى بولمىسا «پالانچى باشلىقنىڭ خۇسۇسىي ئېھتىياجى ئۈچۈن سىنى بوغۇزلىۋېتەي!» دېيەلمەيسىز! ياكى مېنى بىراۋنىڭ قولىقىنى كېسىۋېلىپ ياكى بوغۇزلىۋېتىپ ئۇنىڭ قولىقى ۋە گۆشىنى سىزگە ئەكېلىپ بېرىشىمگە بۇيرۇق قىلالمايسىز. مەن سىزنىڭ بۇ ھوقۇقىڭىزنى ئېتىراپ قىلالمايمەن، يولداش روتا كوماندىرى!... شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋۇ بوغا بالىسى ئۈستىدە پەقەت: «بولدى، ئىشقىيار، بۇ ھەربىي ئورۇن، مال دوختۇرخانا ئەمەس، ئورمانغا ئاپىرىپ قويۇۋەت!» دېگەندىن باشقا بۇيرۇق ۋە تەلىپىڭىزنى مەن ھوقۇق دائىرىڭىزدىن ھالقىپ كېتىش دەپ چۈشىنىمەن، يولداش روتا كوماندىرى... مېنى كەچۈرۈڭ!

روتا كوماندىرى خۇددى ئىشقىيارنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ غەزەپ ۋە تەشۋىشتە قىسىلغان كۆزلىرى ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە قارىيالماي ئىشقىيارنىڭ كۆكرىكىدىكى تۈگمىگە كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى يىپ كاللىكىدەك تۈرۈلۈپ چىگىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ قىزلارنىڭ لېۋىدەك نېپىز ۋە قىزىل ياغلىشاڭغۇ كالپۇكى ئەمدىلىكتە تاتىرىپ قانسىزلىغانىدى. ئۇنىڭ كەنتىر ئۈستىگە قويۇلغان ئاپپاق، بۇدرۇق، لېكىن يۇڭلۇق بارماقلىرى تىترىمەكتە ئىدى. ئىشخانا ئىچىدە كىشىنىڭ كۆڭلىنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغان جىملىق باشلاندى. روتا كوماندىرىنىڭ قولىدىكى سائەت شۇ تاپتا گويا روتا كوماندىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تىترەشتىن، ئۇنىڭ مۇۋاپىق جاۋاب ئىزدەپ قىينىلىشلىرىدىن، ئۇنىڭ

كۆڭلىگە پۈكۈۋاتقان خۇسۇمەتلىرىدىن ئىشقىيارغا خەۋەر بېرىۋاتقاندەك گاھىدا روتا كوماندىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىپ، پۈتۈن ئىقتىدارى بىلەن چېكىلىۋاتقاندەك ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئىشقىيار ئەتىگەن ئېقىن بويىدا بۇ كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەنىدى، شۇڭا شۇ تاپتا ئۇ بۆغا بالىسى ھەققىدە روتا كوماندىرىنىڭ ئاخىرى بىر دانا قارار چىقىرىپ ئۆزىنى بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تىلەپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ شۇ قەدەر خاپا بولغىنىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كوممۇنىستنىڭ، بۇ رەھبەرنىڭ ئاشۇ ئاچچىقىنى ئەقىل بىلەن كونترول قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇبادا شۇنداقلا بولۇپ قالسا ئىشقىيار خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى كوماندىرنىڭ قۇچىقىغا تاشلاشقا تەييار ئىدى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ سۆرۈنلەشكەن سوغۇق چىرايىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

— سېنىڭ بوۋاڭ ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئورنىنى ئوخشاش، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ قىممىتىنى ئوخشاش دەپ ئۆگەتكىنى ئۈچۈن بۆغا بالىسى مەسىلىسىدە مۇشۇنداق تەرسالىق قىلامسەن، ئىشقىيار؟ — روتا كوماندىرى سەل بېسىقىغا چۈشكەندەك سوغۇق تەلەپپۇزدا سورىدى. ئىشقىيار ئۈنچىقمىدى، ئەمدى ئۇ روتا كوماندىرى بىلەن تەرگىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى.

— ئۇنداقتا سېنىمۇ ھايۋان دېسەك بولۇۋېرىدىكەن ـ دە! — روتا كوماندىرى قوغۇشۇندەك كۈل رەڭ سوغۇق

ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە قادىلىپ زەھەرلىك ھىجايدى.

— ياق، يولداش روتا كوماندىرى، جىمى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۇلۇغى، ھۆرمەتلىكى ئادەم. ئىنسانسىز، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىسىز نە يەر شارىنىڭ، نە ھايۋاننىڭ، نە گۈلنىڭ، نە بۇلبۇلنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. مەن ھەرگىزمۇ ئاشۇ مەۋجۇدىيەتلەرنى تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل كەشپىياتى بولغان ئادەمدىن ئۈستۈن قويماقچى ئەمەسمەن. ئىجاد ـ ئىختىرا قىلىشنى بىلىدىغان ئىدراكىي ئادەم تەبىئەتنىڭ شاھ تاجى، مېنىڭ بۇۋام ئاشۇنداق دەيدۇ، لېكىن مېنىڭ دېگىنىم ئاشۇ تەبىئەت دۇنياسىنى — يەر، سۇ، گۈل ـ گىياھ، ھايۋان، ئۇچارقاناتنى ئۆزىنىڭ دوستى دەپ بىلىشى لازىم دېگەنلىك بۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟! — ئىشقىيار سۆزىنى تۈگىتىپ جىم بولدى.

— پاھ!... ئەسلىدە ئەسكەر بولماي، مۇنبەرگە چىقىپ خەققە پەلسەپە ئۆگىتىدىغان يەرنى تاپساڭ بولاتتىكەن! — روتا كوماندىرى ئاشكارا زاڭلىق قىلىپ كۈلدى، ئاندىن كۆرەڭلەرچە دىمىقىنى قاقتى.

ئىشقىيارنىڭ خۇددى ئاتىنىڭ چىشىدەك ھەم چوڭ، ھەم زىچ مەھكەم چىشلىرى ئۇنىڭ ئاستىنقى كالپۇكىغا پاتتى، ئېزىق چىشىنىڭ كىرىشىشىدىن ئۇنىڭ جاغ سۆڭەكلىرى ھېلىلا «قارس» قىلىپ سۇنىدىغاندەك تومپىيىپ چىقتى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ

بىردەم قادىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

— مۇبادا ئاشۇ بۇغاڭنى...

— كەچۈرۈڭ، يولداش روتا كوماندىرى، ئۇ مېنىڭ بۇغام ئەمەس، تەبىئەتنىڭ بۇغىسى، — ئىشقىيار ئالدىراپ سۆز قاتتى.

— گېپىمنى ئاڭلا! — روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى، — ئاشۇ بۇغاڭنى ئۆز قولۇم بوغۇزلىۋەتسەم ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟

ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىگە لەپپىدە قارىدى. ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىدە هېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىنى كۆردى. روتا كوماندىرى ئىشقىياردىن جاۋاب كۈتۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە پىچاقتەك قادالغانىدى.

— ئۇ بۇغا يەنە كېلىپ دۆلەتنىڭ بۇغىسى، نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان قىممەتلىك هايۋان. مۇبادا ئۇنى مېنىڭ توسقىنىمغا قارىماي ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ئۇستىڭىزدىن سوتقا شىكايەت قىلىمەن، يولداش روتا كوماندىرى، — دېدى ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ ئەلەم ۋە غەزەپتىن قىسىلغان كۆزىگە خاتىرجەملىك بىلەن تىكىلىپ كەسكىن هالدا.

روتا كوماندىرىنىڭ يۈزى چىڭقىلىپ، كۆزى قىنىدىن چاچراپ چىقىدىغاندەك پۇلتىيىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چېكە تومۇرىنىڭ شىددەت بىلەن لوقۇلدىشى ئىشقىيارغا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. روتا كوماندىرى خۇددى ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ،

ئىشقىيارغا قادالغىنىچە بىرھازا ئۇلتۇرغاندىن كېيىن خىرقىراپ تۇرۇپ:

— سەن چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن، ئىشقىيار! چىن گېپىڭمۇ بۇ؟ — دېدى.

ئىشقىيار ئىستىھزا ئارىلاش ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— بىز چوڭلارغا بۇنداق چاقچاق قىلمايمىز، مەن بىر سەھرالىق، چاقچاق قىلىشنى بىلمەيمەن، يولداش روتا كوماندىرى، بۇ مېنىڭ راست سۆزۈم!

روتا كوماندىرى بارماقلىرى بىلەن كەنتىرنى تىقىرلىتىپ چېكىپ خىيال سۈرگەندەك ئولتۇرۇپ قالدى، ئەمدى ئۇ سەل پەسكويىغا چۈشكەندەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇڭلۇق بارماقلىرىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىچە سورىدى:

— سەن بۇنىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشىسەن؟

ئىشقىيار ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا:

— ھېچنېمىگە! مەن ھېچنېمىگە ئېرىشمەكچى ئەمەس، يولداش روتا كوماندىرى، مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ۋىجدانەن تەسكىن تاپىمەن. پەقەت شۇ! — دېدى.

روتا كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا سەتلىشىپ كەتكەندى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالىڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن كۈچلۈك تەھلىكە چىقىپ تۇراتتى.

ئىشقىيار ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە روتا كوماندىرىدىن سورىدى:

— مەن چۈشىنەلمىدىم، يولداش روتا كوماندىرى.

روتا كوماندىرى ئورنىدىن تۇردى:
— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى.
ئىشقىيار ئۇنچىقماي بىر خىل مەجھۇللۇق ئىچىدە روتا كوماندىرىنىڭ چىرايىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ قالدى.
روتا كوماندىرى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، بىردىنلا مۇلايىملىقنى قىلىپ:
— ئۇنداقتا قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ، يولداش ئىشقىيار، رەھمەت ساڭا! — دېدى.
شۇ چاغدا ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىدە بىر مۇدھىش ئۇچقۇننىڭ يالتىرىغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئاسقىپ كەتتى.
— رەھمەت... يولداش روتا كوماندىرى، — دېدى ئىشقىيار بىئاراملىق ئىچىدە قەددىنى رۇسلاپ. ئۇ روتا كوماندىرىغا چاس بېرىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.
— توختا! — روتا كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت بۇيرۇق بەردى. ئىشىككە قاراپ ماڭغان ئىشقىيارئورنىدا چىپپىدە تۇرۇپ قالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلدى.
— سەن بېرىپ خارىسنى چاقىرىۋەت، دەرھال يېتىپ كەلسۇن.
— خوپ!
ئىشقىيار يەنە چاس بېرىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىشقىيار ئىشىكتىن چىقىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى. شۇ چاغدا باياتىن بېرى دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسى ئاستا مېڭىپ ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ قولتۇقىغا تىقىپ

تىپتىنچ تۇرۇپ قالدى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بوينىنى مېھىر بىلەن سىلىدى. ئىشقىيار قەدىمنى توختاتتى. ئۇ شۇ تاپتا گاڭگىراپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ روتا كوماندىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبەتنىڭ بۇنداق نەتىجىسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. زادى نېمە گەپ بۇ؟ ئىشقىيار خاتا قىلدىمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن روتا كوماندىرىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىدى؟ ئۆزى سەھرا بالىسى بولغاچقا، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى روتا كوماندىرىغا لايىقىدا چۈشەندۈرەلمىدىمىكىن؟ ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەكمىكىن - ھە؟ ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇغا بالىسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. توغرا، ئىشقىيار ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ روتا كوماندىرىنى رەنجىتىپ قويدى. گەپ - سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتەلمىدى تايىن. ئۇ يېقىندىن بۇيان ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىن، مەغرۇرلىنىپ قالدىمىكىن؟ شۇڭا رەھبەرلىكنىڭ ئالدىدىمۇ كۆرەڭلىك قىلىپ قويدىمىكىن، كۆرسىتىۋەتكەن قايسى خىزمەتلىرىگە مەغرۇرلىنىسەن؟ يەنە كېلىپ ھەممە كىشى تەپ تارتىدىغان روتا كوماندىرىنىڭ ئالدىدا خۇددى تەڭتۇش ئاغىنەڭ بىلەن بەسلەشكەندەك قىزىرىپ، بوزىرىپ كۆپۈپ كەتكىنىڭنى قارا! ئەي ئىشقىيار! ئەي ئىشقىيار! بوۋاڭنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلالايتتىڭمۇ؟ ئۇلۇغئارتتىكى ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭدىن چوڭ قايسىبىرىنىڭ ئالدىدا بۇنچە غوۋغا قىلىپ باققانىدىڭ؟ سەن ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ بوۋاڭ ئۆگەتكەندەك «گەپ دېگەننى قىلىشنىڭمۇ يولى بولىدۇ» ئەمەسمۇ؟!

ئىشقىيار ئىشخانا تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ ئىشخانا ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. روتا كوماندىرى ئىشخانىدا كىم بىلەندۇ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاھاڭىدا قاتتىق غەزەپلەنگىنى چىقىپ تۇراتتى.

— ھە! شۇنداق! ئۇنىماي قويىدى، ھەتتا تېخى «غوۋغا كۆتۈرىمەن، سوتقا بارىمەن» دەيدۇ، قاراڭ، ھەسسىنەي! ئادەم دېگەننىمۇ ئىشىنەلمىدىغان! ھېلىمۇ ياخشى پولك كوماندىرىغا ئۇقتۇرمىغانىكەنسىز، بولمىغان بولسا مېنىڭ ۋە سىزنىڭ يۈزىڭىزنى سىيرىۋېتەر ئىكەن ئۇ بوڭقۇش! خۇددى «ئانىسىنى بوغۇزلايمەن» دېگەندەك چىرقىراپ كېتىۋاتامدۇ؟ ۋەي، بولۇم باشلىقى، پولك كوماندىرىغا بۇ قېتىم قىلالمىساق يەنە نۆۋەتتە كېلىپ قالار، ئەڭ بولمىغاندا ئۆزۈم ئورمانغا چىقىپ بىرەر - يېرىمنى ئېتىپلا شۇ يەردە يىغۇشتۇرۇپ، مۈڭگۈزى بىلەن چۇۋىچىنى ئېلىۋېلىپ ئۆلۈكىنى كۆمۈۋېتىپ كېلىۋېرىمەن، شۇ چاغدا غىپپىدە سۈڭگۈتۈپ بېرەرمىز! نېمە؟ ئەمدىچۇ قاراڭ، ئۆتكەندە روتىمىزدىن پارتىيە كاندىداتلىقىغا كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ماتېرىيالى ئىچىدە «ئىشقىيار» ئىسىملىك ماتېرىيالنى پولك پارتكومىنىڭ مۇزاكىرىسىگە يوللىماي بۇگۇنلا قايتۇرۇۋېتىڭ! ھەئە، شۇنىڭ ماتېرىيالى! ئىدىيەۋى ئېڭى بۇ دەرىجىدە تۆۋەن، قالاق ئادەمنىڭ پارتىيەگە كىرىش سالاھىيىتى يوق! ھە، دەرھال ياندۇرۇۋېتىڭ! يەنە بىر ئىش، ئۇنىڭ بۇ يىلقى ھەربىي رايوندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئالاھىدە ئودلىنىيەنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدۇق! نېمە؟ ئۇنىڭ

ئورنىغا «خارىس» ئىسىملىك جەگچىنى ئويلىشىۋاتىمەن! نىمە؟ ئۆلگۈرىدۇ! ئۇمۇ يامان ئەمەس، ھە، ئۇنى ئەتىلا مۇقىملاشتۇرۇپ يوللاپ بېرىمەن، تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىگە ھازىرلا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، ئىشقىيارنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرىۋەتسۇن، توختاڭ، يەنە بىر گەپ، سىز شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە پولك ئاپتوموبىل ئەترىتى شوپۇرلۇق كۇرسىغا روتىمىزدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىدىكى «ئىشقىيار» دېگەننىڭ ئورنىغا باشقا جەگچىنى ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىمىزنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ! نىمە؟ ھازىرچە «شاكىر» دېگەن جەگچىنى، ھە، شۇنىڭ ئىسمىنى تىزىملىتىپ قويۇڭ، ئىنتىزامدا ناچار، باشقىلارنىڭ پىكرى كۆپ ئىكەن دېمەمسىز! ھە، بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، مۇشۇ ئۈچ ئىشنى بۈگۈنلا بېجىرىۋېتەرسىز، قېنى، غوجا ئاكىسىغا چاقچاق قىلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن ئۇ تېجىمەل! خەير...

ئىشقىيار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا گويا ئۇنىڭ بېشىغا كىمدۇر بىرى تۇيۇقسىز بازغان بىلەن ئۇرۇۋەتكەندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى پىررىدە قېيىپ تۇرغان جايىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن دۈپۈلدەيتتى، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، ئەسەبلىرى قاقشاپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن، ئالىقانلىرىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى. خۇددى بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرى كۆيۈپ ئېچىشىپ ئۆرتىنىپ كەتتى. بىر چاغدا بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ

يېنىغا بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان بوينىنى ھىدلىدى، تۇمشۇقى بىلەن ئىشقىيارنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندەپ - تۇرتۇپ ئايانچلىق مەرىدى، لېكىن ئىشقىيار بۇلارنى سەزمىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەيتتى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى مۇزلاپ كەتتى. ئىشقىيار شۇ ھالەتتە بىرھازاغىچە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ياتاققا قاراپ ماڭدى، بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى، ئىشقىيار دەلدۇگۇنۇپ كىرىپ كەلگەندە ياتاقتىكى جەڭچىلەر ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ھودۇقۇپ قېلىشتى. شۇ تاپتا ئىشقىيارنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ يۈزىدەك تاتىرىپ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەلدۇگۇنۇپ تۇرۇپ: «خارىس، سېنى روتا كوماندىرى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپلا ئۆزىنى بۇگلۇككە تاشلىۋەتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ چۈشكى ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە قارايتتى. خارىس ئىشخانىغا چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى. شۇ چاغدىلا جەڭچىلەر ھەممىنى چۈشىنىشتى.

ئىشقىيار شۇ ياتقىنىچە ئۆلۈكتەك قىمىر قىلماي ياتتى. چۈشلۈك تاماقنىمۇ يېمىدى. خارىس ئۇنىڭغا تاماق ئەكىردى، كىملەردۇر چاي دەملەپ كەلدى، لېكىن ئىشقىيار قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق ئىدى، لېكىن ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۈن - تىنسىز ياتقىنى ياتقانىدى.

ئىشقىيار كەچقۇرۇن ئورنىدىن ئاران تەسلىكتە تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ھاۋا ئەتىگەندىن بۇيان گاھ بۇزۇلۇپ، گاھ يېرىم - يارتا ئېچىلىپ تۇرغاندى. تاغنىڭ سوغۇق شاملى ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. ئۇشتۇمتۇت بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى، بايا ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ قەيەردە قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇيىگەندەك بولدى. ئۇ قاشا تەرەپكە قارىدى. قاشا بوش تۇراتتى. گازارمىنىڭ قورۇسىدىمۇ بۇغىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، ئىشقىيار بىردىنلا خەۋپسىرەپ قالدى، ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاياغلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ گازارما دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن بۇغا بالىسىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. قاراۋۇل بىر سائەت ئىلگىرى بۇغا بالىسىنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ ئېقىن تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىشقىيار ئېغىر - ئېغىر دەسسەپ دەرۋازىدىن چىقىپ ئېقىن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پوستتىكى جەڭچى ئىشقىيارنىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئۇ بايا ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇنى «ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە» دەپ شۈبھىلىنىپ قالغاندى.

ئىشقىيار ئېقىن بويىغا بارىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھەسرەتتىن قېتىپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئالاقلاپ قارايتتى، بۇغا بالىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇ چاغدا قۇياش ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندى. غەرب تەرەپتە تۇرۇلۇپ قالغان بۇلۇتلارنىڭ

قېتىمدا قىپقىزىل قۇياش خۇددى بۇ كۆڭۈلسىز زېمىن بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك پارقىراپ تۇراتتى.

ئىشقىيار كۆزىنى قۇياشقا تىكىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئاسماننىڭ غەربىدە ئوق تېگىپ يىقىلىپ ياتقان غايەت زور كۆل رەڭ بۆرىنى كۆردى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىكى ناھايىتى چوڭ يۇپيۇمىلاق يارا ئېغىزىدىن قىپقىزىل قان بۇلدۇقلاۋاتاتتى. بۆرىنىڭ غايەت زور كۆل رەڭ تېنى ئوق تېشىپ كىرگەن تۆشۈكتىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان بىلەن بويالماقتا ئىدى. ئاسماندىكى بۇ ئۆلۈۋاتقان كۆل رەڭ بۆرە زېمىنغا، ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە ھاياتىنىڭ ئاداققى بەلگىسى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ روھىنى ئالاقزادە قىلىدىغان سوغۇق ئۇچقۇن چاچرىتىپ غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ ياتاتتى...

ئىشقىيار مۇزلاپ كەتكەن قولىنى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كۆكرىكىدە ئىسسىقلىق تۇرغان بۆرە ئوشۇقىنى مەھكەم سىقىمىلىۋالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى بۆرە ئوشۇقىمۇ مۇزدەك ئىدى...

## 46

ئىشقىيار ئېقىن بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا ئايىغىنى يېشىپ كۆتۈرۈۋالدى، ئاندىن شىمىنىڭ پۇچقىنىنى تۈرۈۋېتىپ ئېقىنغا كېچىپ ئۇ قاتقا ماڭدى. سۇ ئىنتايىن سوغۇق ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنى سەزمەيتتى. ئۇ سۇ ئىچىدە دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزى

ئاسماننىڭ كۆنپېتىش تەرىپىدە كۆرۈنۈۋاتقان، كۆل رەڭ تېنى، يارا ئىېغىزىدىن چاچرىغان قاندىن قىزىپ ـ قانسىراپ ياتقان ھېلىقى كۆل رەڭ بۆرىدە ئىدى. ئۇنىڭ مۇزلىغان پۇتىنىڭ بارماقلىرى سۇ ئاستىدىكى كىچىك تاشلارغا ئۇرۇلاتتى. ئۇششاق، قىرلىق تاشلار ئۇنىڭ ئايىغىغا پاتاتتى، ئۇنىڭ تاپان ۋە ئۆكچىسىنى غاجايتتى، لېكىن پۇتىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭغا بىلىنمەيتتى. ئۇ مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ قارشى قىرغاق تامان كېتىۋاتاتتى.

ئۇ نېرىقى قىرغاققا ئۇلاشتى ـ دە، سۇدىن چىقىپ ھۆل كوكاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايىغىنى كىيدى، ئاندىن يەنە ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئېقىننىڭ بۇ تەرىپى قېيىنزارلىق ئىدى. قېيىنزارلىقنىڭ بىر تەرىپى خېلىلا ئىگىز تاغقا، يەنە بىر تەرىپى گۈل ـ چېچەك قاپلاپ كەتكەن تۈزلەڭ ئوتلاقنى كېسىپ ئاقىدىغان ھېلىقى ئېقىنغا تۇتاشقانىدى. قېيىنزارلىقنىڭ بىر ئۇچى تاكى قارا تېكە يايلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولغا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بۇ تاشيول يۇلتۇز تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار بىلەن ئىلى ۋادىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چېگرا تەرەپكە سوزۇلۇپ كىرىپ كېتەتتى. گازارمىدىن چىقىپ ئېقىننى بويلاپ يىگىرمە ئوتتۇز كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىنلا ئېقىننىڭ تاشيول ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكىگە بارغىلى بولاتتى. ئادەتتە گازارمىنىڭ پولك ۋە جەنۇب ـ شىمالىدىكى ئادەم بار رايونلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىسى ئاشۇ تاشيول كۆۋرۈكى ئارقىلىق بولاتتى. ئىشقىيار قېيىنزارلىقنى ئارىلاپ مېڭىۋەردى، ئۇنىڭ مېڭىشىدە شۇ تاپتا بىر ئېنىق نىشان يوق ئىدى، ئىشقىلىپ، ئۇ مېڭىشىنىلا،

گازارمىدا ئۇخلاشقا سىگنال بېرىلگىچە مېڭىۋېرىشنىلا خالايتتى. توغرا، ئۇ يەنە بۇغا بالىسىنىڭ دېرىكىنى قىلماقچى، بۇغا بالىسى نېمىشقىدۇر ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كەتكەندى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئىدى. ئادەتتە بۇغا بالىسى ئۆزى تەنها گازارمىنىڭ سىرتىغا زادىلا چىقمايتتى. ئىشقىيار بىرقانچە قېتىم ئورمانغا قارىتىپ ھەيدىۋەتكەن بولسىمۇ ماڭغىلى ئۇنىماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گازارمىغا يېنىپ كىرىۋالغان بۇغا بالىسى ئەكسىچە بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت جىمجىتلا يوقىلىپ كەتكەندى. ئۆزىلا كېتىپ قالدىمۇ؟ ئەگەر بۇغا بالىسى راستتىنلا كېتىپ قالغان بولسا بۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى، چۈنكى ئىشقىيار ئۆزىنىڭ بۇغا بالىسى ئالدىدىكى ئەخلاقىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغانىدى. بۇغا بالىسىمۇ ئەمدى مۇستەقىل ياشىيالىغۇدەك ھالغا كەلگەنىدى، لېكىن بۇغا بالىسى نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بۈگۈن، روتا كوماندىرى بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز تالىشىشتىن كېيىنلا توساتتىن كېتىپ قالدى؟ نېمىندۇر تۇيۇپ قالدىمۇ؟ ياكى...

ئىشقىيارنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ۋەھىمىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ قېيىنزارلىقنىڭ ئىچىدە ھەربىر تۈپ قېيىننىڭ تۈۋىنى دېگۈدەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئاختۇرۇپ تىنىتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقىندىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى. ئەتراپقا گۆگۈم قاراڭغۇلۇقى يېيىلدى، ئەتىگەندىن بۇيان كۈچسىز سوقۇپ تۇرغان غۇر - غۇر شامال ئەمدىلىكتە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بورانغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاسمان بېتىدىكى

بۇلۇتلار تۇرمەل ـ تۇرمەل بولۇپ، شامال يۆنىلىشىدە سۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاسماننىڭ ئوچۇق يېرى قالماي ھەممىلا يېرىنى قاپقارا بۇلۇت قاپلىۋالدى. قېيىنزارلىق بوراندا ۋەھىمىلىك گۇرۇلدەيتتى. تېخى ھېلىراقتا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان گۇلدۇرماما بارا ـ بارا يېقىنلاپ كەلدى. بىركەمدە ئىشقىيارنىڭ باش ئۈستىدىلا چېقىلغان چېقىلىپ، ئاسمان گويا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك گۇلدۇرلەپ، تاغۇتاشلار سىلكىنگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئىشقىيار قېيىنزارلىقنىڭ ئارىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. قامچىدەك تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان قاتتىق يامغۇردىن ئىشقىيار كۆزىنى ئاچالماي قالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى سۇزمە بولۇپ كەتتى. ئىشقىيار تىمىسقىلاپ يۈرۈپ چوڭراق بىر تۈپ قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پاناھلاندى، لېكىن قېيىن دەرىخى قاتتىق بوران بىلەن چاپقىداپ كېلىپ ئۇرۇلۇۋاتقان قارا يامغۇردا دال بولالمىدى، ئىشقىيار گاھ ئۇ قارىغاينىڭ ئاستىغا، گاھ بۇ قېيىنىنىڭ تۈۋىگە چاپلىشىپ باقاتتى. يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، گويا ھېلىلا ئاشۇ تاغ ۋە ئورمانىنى يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپازدا شارقىراپ قۇيۇلماقتا ئىدى. ئىشقىيار ئاخىرى كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا قايتتى، لېكىن ئۇ ئۇزۇنغا ماڭالمىدى. تاغ يامىزلىدىن سەل قۇيۇلۇۋاتاتتى. بايا ئۇنىڭ بېسىپ كەلگەن يولىدىكى ئوت ـ چۆپ، ھەتتا كىچىككىرەك قورام تاشلار سەلنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. ئىشقىيار ھەربىر قەدەمدە بىرەر تۈپ قېيىنغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ، بىر قەدەم ـ بىر

قەدەمدىن ئېقىن بويىغا قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئەگەر ئىشقىيار تايىنىۋالىدىغان ئاشۇ قارىغاي ـ قېيىنلار بولمىغىنىدا، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سەل ئۇنى ئېقىتىپ كېتىپ ئۇدۇل ئېقىن ئىچىگە دومىلىتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشقىيار گاھ يىقىلىپ، گاھ قوپۇپ، مىڭبىر بالادا يولىنى داۋام قىلدى. پۈتۈن جىلغا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئىشقىيار كۆزىنى تەسلىكتە ئېچىپ ئالدىغا قارىدى، لېكىن ھېچ نەرسىنى پەرق قىلالمىدى. ئۇ نىشاننى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ قېيىنزارلىق ئىچىدە مۈدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ مېڭىۋەردى. بىركەمدە ئىشقىيار ئۆزىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان يەردىن كېلىۋاتقان غول سۈنىڭ شارقىرىشىنى ئاڭلاپ قالدى، دېمەك، ئۇ ئېقىنغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئىشقىيار چاقماق يورۇقىدا ئېقىنغا سەپسالدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. ئېقىندا سەل تېشىپ كەتكەنىدى. تار ئېقىن بىر دەھشەتلىك ياۋايى كۈچ بىلەن گۈركىرەپ ئېقىۋاتاتتى. بۇ ھالدا ئېقىنغا يېقىن كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا قۇتراپ كەتكەن بۇ تىزگىنسىز قارا قىيانىنىڭ ساندۇقتەك تاشلارنىمۇ ئېقىتىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئىشقىيار بىر قارىغاي غولىغا يېپىشقىنىچە دەھشەتلىك شاۋقۇن سېلىپ ئۇقتەك ئىتتىك ئېقىۋاتقان ئېقىنغا قۇلاق سېلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا گازارما تەرەپتىن سىگنال ئاۋازى ياڭرىدى. گۈلدۈرمامىنىڭ دەھشەتلىك گۈلدۈرلىشى، قاتتىق بوراننىڭ ھۇۋلىشى، قارا يامغۇرنىڭ شارىلدىشى،

ئىقىندا تۇرۇلۇپ گۈركىرەپ ئىقىۋاتقان قارا قىيانىڭ شارقىرىشى ۋە قارىغاي - قېيىنلارنىڭ گۇۋۇلدىشىدىن قۇلىقى پۈتۈپ، باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىشقىيار ئۆزىنىڭ جەڭچىنىڭ تۇيغۇنلۇقى بىلەن جىمى جاھاننى ئۆكتۈرۈۋەتكۈدەك دەھشەتلىك «گۈلدۈر - تاراق» ئىچىدە سۆيۈملۈك ۋە يېقىملىق ھەربىي كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئىلغا قىلىۋالدى. بۇ گازارمىدا ئۇخلاشقا چېلىنغان سىگنال ئىدى.

ئىشقىيار دەررۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ ھېلىقى قارىغايدىن خۇددى پۇرژىنا تېپىۋەتكەندەك ئاجراپ قاڭقىدى - دە، كاناي ئاۋازى ياڭرىغان تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى، لېكىن ئۇ ئايىغى ئاستىدىكى يېيىلىپ، يامراپ ئىقىنغا قاراپ ئىقىۋاتقان سەل سۈيىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن خۇددى كېسىلگەن يوغان دەرەخ ئۆرۈلگەندەك غۇلاپ چۈشتى. ھېلىمۇ تەلىيىگە ئۇنىڭ ئالدىنى يوغان بىر قورام تاش توسۇپ ياتقانىدى. ئىشقىيار تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ دومىلاپ بېرىپ ھېلىقى قورام تاشقا توسۇلۇپ قالدى، ئۇ پاتقاق ئارىلاش ئىقىۋاتقان سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ ھېلىقى قورام تاشقا تىرەجەپ ئاران ئۆرە بولۇۋالدى. ئىشقىيار چاقماق يورۇقىدا قاپقارا تۇتەكتەك تۇرۇلۇپ - تاشقىنلاپ ئىقىۋاتقان ئىقىننى تېخىمۇ ئېنىق كۆردى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ ئىقىنىنىڭ قىرغىقىدىلا تۇراتتى، ئۇ سوزۇپ چېلىنىۋاتقان سىگنال ئاۋازىغا دېمىنى ئىچىگە تارتقىنىچە قۇلىقىنى تىكتى.

ئىشقىيار تىت - تىتلىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ بىر جەڭچى، شۇ تاپتا ھەربىي كاناي ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. جەڭچى ئۈچۈن ھەربىي كانايىنىڭ ئاۋازى ئەڭ مۇقەددەس

چاقىرىق. ئۇ جەڭچىنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدا زىممىسىگە ئالغان يۈكسەك بۇرچىنىڭ ساداسى، جەڭچىنىڭ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس تۇپراقنىڭ پاكلىقى ھەم ئاق سۈت بەرگەن ئانىسىنىڭ نومۇس - ئىپپىتىنىڭ بىغۇبارلىقى ئالدىدىكى ئوغۇللۇق ۋىجدانىنىڭ جاراڭلىق خىتابى!

ئاشۇ تۇپراق ۋە ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىغا باغلىغان ئىشەنچى تۈپەيلى ئاشۇ ئوغۇلنىڭ بويىنىغا ئارتىلغان پەرزەنتلەرچە قەرزدارلىقنىڭ دەۋىتى!

ئىشقىيار شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە گازارمىدا ھازىر بولۇشى شەرت، چۈنكى ئۇنى ھەربىي كاناي چاقىرىۋاتىدۇ! لېكىن!...

ئىشقىيار كۆز ئالدىدا خۇددى چالا ئوق يەپ غەزەپكە كەلگەن ھايۋاندەك نەرە تارتىپ، ھۆركىرەپ ئېقىۋاتقان قاپقارا ئېقىنغا تىكىلدى. ئېقىنغا يېقىن بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇبادا شۇ تاپتا ئىشقىيارنىڭ ئايىغىنىڭ ئۇچى ئاشۇ سۇغا تېگىپلا كەتسە قارا سۇ ئۇنى «ھاپ» قىلىپ يۇتۇۋېتىپ ئاپىرىپ قايسىبىر تاشقا ئۇراتتى.

«ئاھ، تەلۋە قىيان! ئەجەب قىلدىڭغۇ!...»

ئىشقىيار يىغلىغاندەك بوزلىۋەتتى. ئۆزىنىڭ قانىتى بولماي قالغىنىغا نالە قىلىپ كەتتى، لېكىن بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئامال يوق ئىدى.

يامغۇر توختاشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئەدەۋاتاتتى. يامغۇر توختىمىسا ئېقىندىكى تاشقىن يانماي مۇشۇ تەرزدە ئېقىۋېرەتتى، ئۇ چاغدا مۇشۇ قورام تاشقا چاپلاشقىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى، لېكىن ئىشقىيار ئۇنداق قىلالمايتتى، مەيلى

نىمىلا بولمىسۇن، دەررۇ گازارمىغا قايتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن قانداق قىلىپ؟

ئىشقىيار ئەلەملىك «ئاھ» تارتىپ ئۆزى قۇچاقلاپ يېپىشىپ تۇرغان ھۆل ۋە مۇزدەك قورام تاشقا پېشانىسىنى ياقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرى خۇددى كەكرە يەۋالغاندەك ئېچىشىۋاتاتتى.

يامغۇر ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا خۇددى ئۇستىدىن قىيان باسقاندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ئاخىرى تاشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ۋەھىمىلىك شارقىراۋاتقان ئېقىنغا ئەلەم بىلەن نەزەر تاشلىدى ـ دە، ئورنىدىن تىرەجەپ تۇرۇپ ئارقىسىغا ـــ بايا ئۆزى دومىلاپ يىقىلغان قىيىنزار تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرى تاشقىنىنىڭ يېنىشىنى كۈتمەستىن قىيىنزارلىقنىڭ ئىچى بىلەن ئېقىننىڭ باش تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ تاشيولغا چىقىپ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئېقىندىن ئۆتۈپ كېچىلەپ بولسىمۇ گازارمىغا قايتىش قارارىغا كەلگەنىدى. «بۇغا بالىسىنىڭ ئەھۋالى ئەتىگىچە مەلۇم بولار» دەپ ئويلىدى ئىشقىيار قىيا تاشنىڭ قىرغاقلىرىغا دەسسەپ، قىيىنىنىڭ پۇتاقلىرىغا ئېسىلغىنىچە تۆپىلىككە يامىشىپ چىقىۋېتىپ.

ئورماننىڭ ئىچى بىلەن ماڭماق ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى. مۇناپىقنىڭ كۆڭلىدەك قاپقارا زۇلمەت كېچىدە قويۇق ئورماننى ئارىلاپ مېڭىش بەك مۇشەققەتلىك ئىدى. ئىشقىيار شۇ تاپتا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى.ئۇ خۇددى كۆزىنى تېڭىپ قويغان ئاتتەك پەقەت سېزىمىگىلا تايىنىپ مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ

كېتىۋاتاتتى. ئۈستىدىن چېلەك بىلەن شارقىرىتىپ تۆككەندەك يامغۇر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئېقىنىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ ئېقىن بويلاپ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قېيىن ـ قارىغاي غوللىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ يول تېپىپ ماڭاتتى، يەر چىلىق ـ چىلىق پاتقاق ئىدى، گاھىدا تېيىلىپ يىقىلىپ كېتەتتى، گاھىدا سەنتۈرۈلۈپ قارىغاي چوماقلىرىغا ئۈسسۈۋالاتتى. قېيىننىڭ پۈتاقلىرىغا تىزىنى ئۇرۇۋالاتتى، دەرەخنىڭ پولات سىمدەك ئۇچلۇق ۋە ئۆتكۈر شاخلىرى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى، بىلەك، تىزلىرىنى جىجاپ تىلىۋېتەتتى. ئۇ شۇ تاپتا يۈز ـ كۆزى ۋە پۇت ـ قوللىرىنىڭ جىجالغان، تىتىلغان يېرىدىن ئېقىۋاتقان قان بىلەن باش ـ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر سۈيىنى پەرق قىلالمايتتى. شىمىنىڭ پۇچقاقلىرى، چاپىنىنىڭ يەڭ ۋە پەشلىرى يىرتىلىپ، پارچىلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنغىنىچە قالاتتى. ئىشقىيار كاكار قادالغان شەپكىسىنى دەرەخ شاخلىرى ئىلىۋېلىپ يىرتىۋېتىشىدىن، بولۇپمۇ قايسىبىر شاخقا ئىلىنىشىپ قالسا ياكى يەرگە چۈشۈپ كەتسە تاپالماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قوينىغا سېلىۋالدى.

ئۇ مانا مۇشۇ تەرزدە يىگىرمە ـ ئوتتۇز كىلومېتىر يولنى بېسىشى لازىم ئىدى. گاھىدا قېلىن ۋە قويۇق چاتقال توپلىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپ ئاندىن ئېقىن بويىغا ياندىشىپ كېلىۋالاتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئۇ مۆلچەردىكىدىن بەش ـ ئون كىلومېتىر يولنى ئارتۇق باساتتى.

تاغ يېرىلىپ غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندەك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيتتى. يامغۇرلۇق بوراننىڭ تورىدىن ئاللىقانداق دەرەخنىڭ غولى قاراسلاپ سۇنسا، يىلتىزى چىرىپ قۇرۇغان قايسىبىر قېرى قارىغاي غۇلاپ چۈشەتتى. دەرەخ ياپراقلىرىغا ئوقتا تۇتۇۋاتقاندەك تاراسلاپ تېگىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى كىشىنىڭ كۆڭلىگە نامەلۇم ئەندىشە ۋە پەرىشانلىقنى سالاتتى.

ئىشقىيار بۇنداق ئەنسىز كېچىنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەن ھايۋانمۇ بۇنداق كېچىدە ئوۋغا چىقماس ئىدى، لېكىن بىزنىڭ ئىشقىيار خۇددى ئوزۇق ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئاچ ھايۋاندەك بۇ قەدىمكى ئورمان ئىچىدە تەرسالارچە توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تىت ـ تىتلىق، خاۋاتىرلىنىش، ئەلەم، خورلۇق، ئۇۋاللىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى خوراتماقتا ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بىر ئادەم، بىر جەڭچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىن باشقا، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماس، ھېچنېمىنى سەزمەس ئىدى. ئۇ ئادەم سۈپىتىدە ھەقىقەت ئالدىدا دېلىغۇل بولماي، ئىككىلەنمەي، غەرەزسىز ۋە قورقۇمسىز ھالدا تىك تۇرالىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەخلاقىدىن، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن رازى ئىدى. ئەقىل، ئەخلاق ۋە ئىرادە ــ مانا مۇشۇ ئۈچ نەرسە «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئومۇرتقىسى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ لەۋھەسى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇلۇغ ئارت ئالدىدا، بوۋىسى ئالدىدا ۋە يەنە سىياسىي يېتەكچىدەك، خارىستەك ئۇنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئالدىدا ئۇنىڭ تەڭقىس بولىدىغان، ئۇيات ھېس

قىلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. جەڭچى سۈپىتىدە ئۇ شۇ تاپتا سەپتىن ئايرىلىپ قەيەرلەردىدۇر تېنەپ يۈرگىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جەڭچىلىك ۋىجدانى ئالدىدا ئازابلىنىپ پۇچىلىناتتى. ئۇ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالدى؟ ئۇ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئويلاپ قالدى. ئىشقىيارنىڭ خىيالى يەنە شۇ ئادەملەرگە كۆچتى. ئاھ، ئادەملەر! بەختلىك ۋە بەختسىز ئادەملەر!... بىر ئەقىدە، بىر ئەخلاقنى بايراق قىلغان، قەلب دۇنياسى مۆكەممەل، تولۇق ئادەملەر ھاياتنى «بېرىش»، «تەقدىم ئېتىش» مەنىسىدە چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئەڭ بەختىيار ئادەملەر! ئۇلار ھاياتقا ــ تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئەجدادقا، ئەۋلادقا پەقەت بېرىدۇ، پەقەت تەقدىم ئېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بايرىقى سۆيگۈ! ئۇلۇغ سۆيگۈ! ئۇلار ئاشۇ سۆيگۈنى بېرىدۇ! دۇنيادىكى جىمى خۇشاللىق سۆيگۈنى تەقدىم ئېتىش، خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ! ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بەختىيار ئادەملەر، ئۇلار سۆيگۈ ئارقىلىق سۆيگۈگە ئېرىشىدىغان ئەقىللىك ئادەملەر! بېرىشتىن، تەقدىم ئېتىشتىن كېلىدىغان خۇشاللىقتىن مەھرۇم ئادەملەر بولسا خۇدا ھېچنېمىدىن ئېيتمىغان ئەڭ بەختسىز ئادەملەر! ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمنى ــ يولداشلىرى، ئىشداشلىرى، باشلىقلىرى، قول ئاستىدىكىلىرى، باللۋاقىسى، قولۇم ـ قوشنىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى، پۇشت ـ قېرىندىشى، ھەتتا ئۆزى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق بىكارچى ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە يوشۇرۇن خەۋپ ساناپ ئەتىدىن كەچكىچە ئولتۇرسا ـ قوپسا بىر خىل ئۆچ ئېلىش، دۈشمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، شۈبھە، گۇمان، ئىچى

قارىلىقتەك ياۋا تۈيغۇلارغا چىرمىلىپ، ئۆزىدىن ئۆزى ئۆرتەپ ئۆز جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ نەپسى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى، ئۆزىنىڭ ھەۋەس ـ ئىشتىياقىدىن باشقا ھەممە ئادەم ۋە ھەممە بارلىقىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، جىمى بارلىقنىڭ ياشاش ۋە گۈللەش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدۇ، تەھلىكە سالىدۇ! ئۇلار بىلەن نېرۋىسى كاردىن چىققان، ئەقلى ئاغرىق، ساراڭلارنىڭ ھېچ پەرقى يوق، بۇ ئادەملەر ساپساق ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدۇ، ساغلام ئادەملەردەك سۆزلەيدۇ، ساغلام ئادەملەردەك كىيىنىدۇ، ساغلام ئادەملەردەك ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچكىم «ساراڭ» دېمەيدۇ، ئۇلار ھەتتا ناھايىتى نۇرغۇن ساغلام ئادەملەرنى باشقۇرىدۇ... ئۆزىنىڭ ساراڭلىقىنى يېقىملىق سۆزلەر، چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن نىقابلاشنى بىلىدۇ... ئۇلارنىڭ روھىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھەربىر ئادەم ئۆز قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارنى جورۇش، ئاشۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن ھەتتا ۋاقتى كەلسە ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن كېچىش، پۈتۈن ئەقلىنى، پۈتۈن ئىقتىدارىنى، پۈتۈن مەنپەئەتىنى، پۈتۈن ئارزۇ ـ ھەۋىسىنى، پۈتۈن سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگە بېغىشلاشنىڭ يەر شارى جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ھەربىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولماس تەبىئىي بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئىنسانىيلىقنى، بۈيۈك ھايات مىزانىنى ئېتىراپ

قىلمايدۇ! «ئاشۇ ئىنسانىيلىقنى بىزگە كىم ئۆگەتكەن؟ ئاشۇ ھايات مىزانىنى بىزگە كىم تۈزۈپ بەرگەن؟ كىم ئىكەن ئۇلار شۇنچە؟ ئۇلار ئۆزلىرىچە شۇنداق ياشاپتىكەن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، مەن ئۇلاردىن باشقىچە ياشايمەن. مەن بىر كۈن ھايات بولسام بۇ دۇنيا مېنىڭكى، جىمى نەرسە ماڭا تەئەللۇق، كۈچۈم ۋە ئىختىيارىمنىڭ ئىگىسى ئۆزۈم، ئارزۇ ۋە ئەركىمنىڭ غوجىسى ئۆزۈم، ئۆزۈم ۋە پەقەت ئۆزۈم! ئۆزۈم خۇدا، ئۆزۈم قەھرىمان، ئۆزۈم بارلىق!» دەيدۇ. ئۇلار ئەسلىنى — ئەجدادىنى، ئەجدادىنىڭ قانلىق ساۋاق بەدىلىگە كەلگەن نەسىھەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەنلەر، ئەجداد تەربىيەسى كۆرمىگەن، ئەجدادىنى تونۇمايدىغان، ئەجدادىغا ئاسىيلىق قىلغانلار... شۇڭا ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، كۆزى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەيدۇ! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياكى قايسىبىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان نەپسانىيىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەي ئەبلەخلىق قىلالايدۇ. ئەجدادىنى تونۇمايدىغان ئادەمدە ئۇيات بولمايدۇ، ئۇياتسىز ئادەمدە رەھىم، مېھىر - شەپقەت بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار تەپ تارتماي ھاياتنى بۇزىدۇ، ئۆزىگە توسالغۇ بولغان ئادەملەرگە گاھ ئاشكارا، گاھ خۇپىيانە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئۆزى موھتاج ئادەملەرگە نومۇسسىزلارچە خۇشامەت قىلىدۇ، ئۆزىگە كېرەك بولسا يەر - زېمىن، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئۇچارقانات، جان - جانىۋارلارنى شەپقەتسىزلەرچە ۋەيران قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، قىرغىن قىلىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھالاك قىلىدىغان ۋەھشىيلەر! ئۇلاردا

ئەخلاق دېگەن ئۇقۇم بولمايدۇ. نېمىنىڭ ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تونۇمايدىغان «نومۇس» تۇيغۇسى يوق ۋەھشىي ئادەملەردىن قۇياشمۇ قورقىدۇ... ئۇلار بېرىدىغان ــ تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئەجدادىغا، ئەۋلادىغا بېرەلەيدىغان سۆيگۈگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى «زورلۇقچە ئېلىش» يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئەجداد ـ ئەۋلادىغا، قىسقىسى، ھاياتقا ھېچ قىزارماستىن ئۇياتسىزلىق، ئەبلەخلىق، مۇناپىقلىق، نامەردلىك قىلالايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالالايدىغىنى، ئېرىشىدىغىنى پەقەت نەپرەت بولىدۇ، ئۇلار نەپرەت ئارقىلىق نەپرەتكە ئېرىشىدۇ، نەپرەت بىلەن نەپرەتنى ئايرىۋاشلايدۇ.

ئىشقىيار بوۋىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن چۈشەندۈرۈپ كەلگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بۈگۈن بىر كۈننىڭ ئىچىدە تولۇق كۆرگەندەك، چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بۈگۈن يەنە ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان نېمىلەرگىدۇر ئېرىشتى... ئادەملەر سۆيگۈ ئارقىلىق ئانا تەبىئەتنىڭ مىجەزىنى تەتقىق قىلالىسا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مىجەزىنى ــ تەبىئەتنى تەتقىق قىلىشى لازىم. ئادەملەر جەمئىيەتتىكى نەپرەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىشى، ئادەملەر ئىچىدىكى ھايات زىيانكەشلىرىنى يوق قىلىشى، ئىنسانىيەت ئىچىگە سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ مېۋىلىتىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئادەملەر ئانا تەبىئەتنىڭ مىجەزىنى ئۇنۇملۇك تەتقىق قىلىپ، تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي ۋە ئۆز پەرزەنتى سۈپىتىدە تەبىئەت ئاتا قىلغان بەخت ـ سائادەتتىن

بەھەرىمەن بولالايدۇ، تەبىئەتنىڭ ھەممىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ئىشقىيار قاراڭغۇ ئورمان ئىچىدە تەسلىكتە يول تېپىپ كېتىۋاتاتتى. يامغۇر بىر خىلدا شارقىراپ قۇيۇلۇۋاتاتتى، بوران سەل پەسەيگەندەك قىلدى. پات ـ پات ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلاتتى. كۈچلۈك چاقماق نۇرى قويۇق ۋە قاراڭغۇ ئورماننىڭ ئىچىدە گويا يۇقىرىدىن چېقىلىپ چۈشكەن ئەينەك پارچىسىدەك كۆكۈچ يالتىراپ شۇ زامانلا غايىب بولاتتى. چاقماق چېقىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئورماننىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇ ۋە تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كېتەتتى.

ئىشقىيار يامغۇر سۈيىگە چىلىشىپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا سوغۇقتىن يۈرىكى مۇزلاپ، تومۇردىكى قانلىرىمۇ خۇددى قاتتىق سوغۇقتا مۇز تۇتقان ئېرىق سۈيىدەك توڭلاپ قېلىشقا باشلىغاندەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلدايتتى، ھارغىنلىق، ئاچلىق ئۇنىڭ مادارىنى قۇرۇتقانىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تاشلىۋەتسە خۇددى ئوق تەگكەن قۇشتەك پوككىدە تۇرغان جايىغىلا يىقىلاتتى، لېكىن ئۇ چىشىنى مەھكەم چىشلەپ كۈچ بىلەن ئاياغ بېسىپ كېتىۋاتاتتى. بىرھازادىن كېيىن يامغۇر سەل سېلىككەندەك بولدى. ئورمانمۇ بارا ـ بارا شالاڭلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئورمان شالاڭلاشقانسېرى ئىشقىيارنىڭ ئالدى تەرىپىدە كۆل رەڭ يورۇقلۇق زاھىر بولدى. ئىشقىيارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قۇم ـ شېغىل غىچىرلايتتى. ئەمدى سازلىق ـ پاتقاق يەر تۈگەپ، ئۇ شېغىللىق يەرگە ئۆلاشقانىدى. كېچىدىن بىرى ئۇنىڭغا كۆپ جەبىر سالغان قويۇق چاتقاللىقلار ئەمدى

كۆرۈنمەيتتى، دېمەك، ئورمان تۈگەپ ئىشقىيار ئورماننى خۇددى قىلىچ كەسكەندەك قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن تاغقا ئاز قالغانىدى. تاشيول دەل ئاشۇ تاغنىڭ باغرىنى يۆگەپ ئۆتەتتى.

ئىشقىيار ئۆز ئەتراپىنى خىرە - شىرە پەرق قىلالىدى. گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېچىدىن بۇيان يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇۋاتقان قارىغاي - قېيىنلار ئۆزىنىڭ بىر خىل نازاكەتلىك تۇرقى بىلەن ئۇنىڭغا غەمكىن قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. كېچىدىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى كۆرەلمىگەچ بىر خىل بىچارىلەرچە يېگانىلىق سېزىمى ئۇنى يېغىۋاتقان يامغۇردىن بەتتەررەك ئازابلىغانىدى. ئەمدى ئۇ سېزىم لەپپىدىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئادەملەر توي ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئىشقىيار خۇددى سەپەردە ھاردۇق يېتىپ ئاران كېتىۋاتقاندا ئۆز ئوقۇرىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ جان كىرىپ قالغان ئاتتەك غەيرەتلىنىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن روھلۇق يۈرۈپ كەتتى. دېمەك، ئەمدى ئۇنىڭغا مېڭىش ئاسان ئىدى. ئاشۇ تاشيولغا يېتىۋالسىلا ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ گازارمىغا ئويغىنىشقا سىگنال چېلىنىشتىن ئىلگىرى يېتىۋالاتتى.

لېكىن، ئۇ بەك ھارغانىدى. بۇ گىگانت يىگىتنى شۇ تاپتا بولۇپمۇ ئاچلىق بەك قىيناۋاتاتتى. ئىشقىيار ئۈلۈشكۈن كەچتىن بۇيان ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ تاماقخانىغا بارغان بولسىمۇ كۆڭلى غەشلىكتىن گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەي قايتىپ چىققانىدى، ئۇ ئادەتتە بىر ئولتۇرۇشىدا ئىككى

ئادەمنىڭ تامىقىنى يەيدىغان بولغاچقا، ئاچلىقتا زادىلا چىدىيالمايتتى. لېكىن، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئۇ ئاچلىق ھېس قىلمىغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىچىنى ئاچلىق ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن غاجاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەيتتى. ئۇنىڭ قەدىمى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى، لېكىن ئۇ توختاپ قالماي مېڭىۋەردى، ئاخىرى ئۇ ئورمانلىقتىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى تاغنىڭ بېلىدە قارا تاسمىدەك يۆگىلىپ ياتقان تاشيولغا چۈشتى. تاشيولدا ئىلى تەرەپتىن كەلگەن ئاپتوموبىللار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئۆتۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

ئىشقىيار پەسلىكتە تۇراتتى. ئۇ تاشيولغا يامىشىپ چىققۇدەك جاي ئىزدەپ تاغنىڭ تۆۋىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئاللىقاچان تاڭ ئاتقانىكەن، لېكىن ئاسمان بۇلۇتلۇق ۋە ئورماننىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، ئىشقىيار قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. سائىتى بۇراقسىز بولغاچقا، ئاخشاملا توختاپ قالغان چېغى. جىلغىنىڭ ئىچىدە كۆكۈچ تۇمان لەيلەپ تۇراتتى. تۆمۈرتاي چوققىسىمۇ تۇمان ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغانىدى.

ئىشقىيار يامغۇرنىڭ قاچان توختاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سۇ قويۇلۇپ تۇرغاچقا، ئۇ يامغۇرنى سەزمەس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. تاغنىڭ سوغۇق نەم شامىلى سوقۇپ تۇراتتى. ئاچچىق سوغۇق ئۇنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئىشقىيار ئورماندىن چىققاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتى.

ئىشقىيار تاغ باغرىغا قاراپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تارغىنا بىر كېسىك تۇراتتى، ئاشۇ كېسىك بىلەن تاشيولغا چىققىلى بولاتتى.

ئىشقىيار يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. كۆزى ۋە بۇرنىدىن سۇ قۇيۇلۇشقا باشلىدى، بېشى خۇددى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر قورقۇنچلۇق تىترەك ئولاشتى، ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ئاخىرى ھېلىقى كېسىككە ئۆلاشتى. كېچىدىن بۇيان بۇ كېسىكتىن يامغۇر سۇيى ئاققاچقا، يەر غىلتاڭ ۋە پاتقاق ئىدى. ئىشقىيار يان تەرىپىدىكى قىياغا تايىنىپ ئۆمىلەپ دېگەندەك يۇقىرىغا قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. ئۇ گاھىدا تېيىلىپ يىقىلاتتى. بۇنداق چاغدا يىقىلغان يېرىدىن ئۈچ ـ تۆت مېتىر پەسكە سىيرىلىپ كېتەتتى. ئورنىدىن تىرەجەپ قوپۇپ باش ـ كۆزلىرىدىكى پاتقاقنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە يامىشاتتى. ئۇنىڭ تىزى، جەينىكى سۈرۈلۈپ قاناپ كەتتى، لېكىن ئىشقىيار جان ـ جەھلى بىلەن يولىنى داۋام قىلىۋەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئادەم كۆرمەيدىغان كېسىكتە يىقىلىپ قېلىپ قوپالماي قېلىشىدىن قورقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەنلىك مەشىققە ئۈلگۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئىشقىيار ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقاندەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئاخىرى تاشيولنىڭ قىرغىقىغا يامىشىپ چىقتى،

لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ پۈتۈن مادارى قۇرۇغانىدى.

ئۇ كېسەكتىن يامىشىپ چىقىپ يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ ئەينەكتەك پارقىراپ كەتكەن قارىماي ياتقۇزۇلغان يول بىلەن بىرەر يۈز مېتىر ماڭمايلا ئاياغ بېسىپ تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلىپ جالاقلاپ تىترەپ، بېشى قېيىپ، گەجگىسى تارتىشىپ قالدى. ئىچىدىن ھەر نەپەستە گويا بىر پارچە ئوت چىقىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئاخىرى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ بىر قورام تاشقا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە، بېشىنى سىڭار يان قىلىپ چېكىسىنى مۇزدەك سوغۇق ھۆل تاشقا تىرەپ كۆزىنى ئاستا يۇمدى، ھۆل تاشنىڭ سالقىنى سەل ئارام بەرگەندەك قىلدى.

## 47

پايانسىز كەتكەن قارلىق دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا غايەت زور بىر كۆل رەڭ چىشى بۆرە سوزۇلۇپ ياتاتتى، بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىكى ئوق تېشىپ كىرگەن تۆشۈكتىن بۇلدۇقلاپ قان ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. بۆرىنىڭ كۆزى فوسفوردەك يايپېشىل نۇر چاچرىتىپ يالتىرايتتى. بۆرىنىڭ كۆل رەڭ تېنى يارا ئېغىرىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قانغا مىلەنگەنىدى.

دالادا ئىشقىيار پەيدا بولدى. ئۇ يېرىم جان بولۇپ قالغان بۇغا بالىسىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئالاقزادىلىك،

ساراسىمە، ھودۇقۇش، قورقۇنچ، تەڭقىسلىق چىقىپ تۇراتتى. بۇغا بالىسىنىڭ كۆزىدىنمۇ ئىشقىيارنىڭ كۆزىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ئاشۇ خىل تۇيغۇنىڭ بەلگىلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇغا بالىسى دەم ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە بىچارىلەرچە چەكچەيسە، دەم يەردە قانسىراپ ياتقان بۆرىگە ئەنسىز قارايتتى. ئىشقىيارنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە قىساس ئوتلىرى بىلەن يانغان ئاشۇ ياردا بۆرىگە قورقۇمسىراپ قارايتتى... ئۇ ئاخىرى بۆرىگە يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، بۆرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى، ئاندىن بۆرىگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بۆرىگە نېمىلەرنىدۇر كۆيۈپ ـ پىشىپ ئۇزاققىچە چۈشەندۈردى. نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە ئىزاھ ۋە ئېنىقلىما بېرىشكە تىرىشتى. بۆرە ئاستا ـ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيارغا قارىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قىساس ۋە نەپرەت ئەمەس، ئەكسىچە بىر خىل خەيرخاھلىق، مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوق تەگكەن يارىسىنى تىلى بىلەن يالىۋىدى، قان شۇ ھامان توختاپ قالدى. بۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئانا بۆرە ئىشقىيارغا نېمىنىدۇر ئىما قىلدى ـ دە، مېڭىپ كەتتى. ئىشقىيار قۇچىقىدىكى بۇغا بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غايەت زور بىر ئاق رەڭلىك پىرامىدا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. پىرامىدا شەبنەمدىنمۇ سۈزۈك كەلگەن خىرۇستال خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، پارلاق قۇياش

نۇرى ئاستىدا مەرمەردەك چاقناپ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. كۈمۈشتەك جۇلالاپ، تارام ـ تارام نۇر چاقنىتىپ تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ پىرامىدا تۆمۈرتاي چوققىسىدىن نەچچە ئون باراۋەر ئېگىز ئىدى. ئانا بۆرە يەنە ئىشقىيارغا ئىما قىلىپ پىرامىدانىڭ خىرۇستال پەلەمپىيىگە قەدەم قويدى. ئىشقىيارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېتىۋەردى. ئۇلار پىرامىدانىڭ مىليونلاپ پەلەمپىيىنى دەسسەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ئاخىرقى باسقۇچىنى بېسىپ بولۇۋىدى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا ئايان بولدى، ئىشقىيار كۆز ئالدىدىكى بۇ كارامەتلىك دۇنياغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى.

بۇ يەردە قۇياش شۇنچە پارلاق، شۇنچە گۈزەل ئىدى. يەر ـ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرى ياپيېشىل دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەنىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە كۆپكۆك زىلال سۇ ئويناقلاپ ئاقاتتى. ھەممە يەردە قۇشلارنىڭ ناۋاسى ياڭرايتتى...

ئىشقىيار جەننەتتەك كۆرۈنگەن بۇ دۇنياغا مەپتۇن ـ مەھلىيا بولۇپ تۇرغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئىشقىيارلار تۇرغان يەرگە يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. ئىشقىيار سەپسېلىپ قارىۋىدى، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن يېتەكچى ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارقىدىكىلەر بولسا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇلۇغئارتىكى ئاغىنە ـ ئۆڭگە، ئاشنا ـ ھەمشىرىلىرى ئىكەن. يەنە روتىدىكى خارىس، ۋاسىل، مۇھەممەت، ئابدۇللا، رەسۇل دېگەن جەڭچىلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئادەملەر قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ

يۈگۈرگىنىچە ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى -دە، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ بوۋىسى ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى، ئاندىن كېيىن روتا يېتەكچىسى كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. گۈلنار ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قۇچاق گۈل تۆكتى، ئاندىن كېيىن باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا توپنىڭ ئىچىدىن روتا كوماندىرى كەلدى. ئۇ غۇلىچىنى يوغان ئېچىپ ئىشقىيارنى قۇچاقلىدى، لېكىن بويى پاكار بولغاچقا، پەقەت ئىشقىيارنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىيالىدى، ئىشقىيار سەپسېلىپ قارىۋىدى، روتا كوماندىرى پۇتۇنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. نېمىسى بىلەندۇ ئۆزىگە ئوخشىسا، يەنە نېمىسى بىلەندۇ ئوخشاشماي تۇراتتى، ئادەملەر ئىشقىيار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئانا بۆرە ۋە بۆغا بالىسىنىڭ باش - كۆزىنى مېھىر بىلەن سىلاشتى، ئىشقىيار بۆغا بالىسىنى يەرگە قويۇپ قويۇۋىدى، بۆغا بالىسى ئۇدۇل ھېلىقى بۆرىنىڭ قېشىغا باردى. بۆرىمۇ خۇددى بۆغا بالىسىنى ئەركىلەتكەندەك قۇيرۇقىنى مۇلايىملىق بىلەن شىپىپاڭلاتتى ۋە بۆغا بالىسىنىڭ شىكەستلەنگەن پۇتىنى مېھرى بىلەن يالىدى. بىر چاغدا بىر توپ ئۇچار قۇش، ھايۋانات ھەيۋەت بىلەن سەپ تارتىپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيادىكى جىمى ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ خىلى بار ئىدى. ھايۋانلار ئويناقلىشىپ، ئۇچار قۇشلار قاتارلىشىپ پەس ئۇچۇشقانىدى. ئۇلار بۆرە بىلەن بۆغا بالىسىنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانىكەن. مېھمان ۋە ساھىبخانا

جانىۋارلار بىر ـ بىرىنى ھىدلىشىپ، پۇرىشىپ كۆرۈشتى، خۇشاللىقىدىن قىيغىتىپ چىپىشتى.

بوۋىسى ئىشقىيارنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆز ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاجايىپ كاتتا قەسىر ـ ساراي، بىنا ـ مۇنارلارنى كۆرسەتتى، ئۇ يەردىن ناخشا ۋە مۇزىكا ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى.

ــ دوختۇرخانا، مەكتەپ، تەتقىقات مەركەزلىرى، ئېلېكترون سانائىتى ئىشخانىلىرى، قۇياش ئېنېرگىيەسى مۇئەسسەسەلىرى، پىلانېتالار ئارا ئۇچىدىغان ئايرو ـ راكېتا پورتلىرى، سىناق مەيدانلىرى، باللار باغچىلىرى... ــ دېدى بوۋاي ئىنتايىن گۈزەل سېلىنغان ھەرخىل كۆركەم بىنالارنى كۆرسىتىپ، ــ مۇشۇلارنى بىز قۇردۇق، سېنىڭ سەپداشلىرىڭ، ئاشنا ـ ھەمشىرىلىرىڭ قۇردى. بۇ يەردە ھەممە ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى كېلىشىملىك، ساز تەڭشەلگەن، شۇڭا يەر ـ زېمىنىنىڭ مىجەزى، تەبىئىتىمۇ ناھايىتى ساغلام، قارا، ئادەملەر گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار بىر ـ بىرى بىلەن خۇددى مېھمانىدەك ياشايدۇ... ــ دېدى ئاخىرىدا.

يېتەكچى ئوسمان بوۋاينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ۋە:

ــ بۇ يەردە مەرتىۋە، ھوقۇق، پۇل، كۈچ، زورلۇق، كەمسىتىش دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت ئۇنۇملۇك ئەمگەك، ئېسىل ئەخلاق، ھاياتنىڭ گۈللىنىشى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان يۈكسەك پەن ـ تېخنىكا، مۇۋەپپەقىيەت، سۆيگۈ، ناخشا، تەڭلىك ـ باراۋەرلىك بار.

ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن مەرتىۋە، ھوقۇق، پۇل، كۈچ ئارقىلىق ئەمەس، ناخشا ئارقىلىق مۇناسىۋەت قىلىدۇ. بىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ــ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار، ھاۋا، سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئىنساننىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ ئىدراكى ھەم ئادەملەرنىڭ ئۆزۈكسىز تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش ئىستىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچان مۇناسىۋەت، ھەرگىزمۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەتكە يۆلىنىۋېلىش، تەبىئەت سەۋىيەسىدىن سىلجىيالماسلىقتەك پاسسىپ مۇناسىۋەت ئەمەس!ــ دېدى يېتەكچى ئىشقىيارنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ كۈلۈمسىرەپ ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى. ئۇ ھەسەل يېگەن بالىدەك ئاغزىنى تامشىتىپ تامىقىنى چەكتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بارچە ئاۋازى بىلەن توۋلىغۇسى، يۈرەكتىن چىقىرىپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تىلىكىنى بوۋىسىغا بىلدۈردى. بوۋىسى خۇشاللىق بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى. بۇ ناخشا ئۇلۇغئارتىلىقلار ئېيتىدىغان، ئىشقىيار بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن ناھايىتى قەدىمكى ناخشا ئىدى، لېكىن بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى يېڭىلىنىپتۇ. بۇ ناخشىنى ھەممىلا ئادەم بىلىدىكەن. خۇشال ۋە غەمسىز ئادەملەر زوق ـ ئىشتىياق بىلەن ئومۇمىي خور بولۇپ جورلاشتى. ئۇچار قۇشلار ناۋاسى بىلەن، ھايۋانلار ئۈنسۈللىرى بىلەن، دەل ـ دەرەخلەر خۇشال چاۋاكلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشتى، پۈتۈن زېمىن ناخشا ۋە خۇشاللىقتىن گۈۋۈلدەپ كەتتى...

## 48

تاشيولدا بىر ھەربىي جىپ ئۆچقاندەك كېلىۋاتاتتى. ئۇ جىپ ئىشقىيارلارنىڭ روتىسى ئورۇنلاشقان گازارما تەرەپتىن چىقىپ كەلگەنىدى. ھەربىي جىپ ئىشقىيار ئولتۇرغان تاشنىڭ تۇۋىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر يىراقلىققا بارا ـ بارماي ئۇشتۇمتۇت جىددىي تورموز بىلەن توختىدى ـ دە، جىپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر جەڭچى سەكرەپ چۈشۈپ ئىشقىيار ئولتۇرغان قورام تاشنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن جىپ تەرەپكە قول ئىشارىتى قىلدى، جىپتىن ھەربىي شوپۇر ۋە يەنە بىر جەڭچى سەكرەپ چۈشتى.

— دەل ئۆزى شۇ قارا، يېتىپ كەتكىنىنى! يىراققا قاچالماپتۇ ـ دە! — دېدى شوپۇرغا قاراپ بايىقى جەڭچى. ئۇلار ئىشقىيارنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولاشتى. بۇ چاغدا ئىشقىيارنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ يېرىم بىھوش ھالدا ياتاتتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئىشقىيار! — دېدى بايىقى ئاخىرىدا جىپتىن چۈشكەن يىگىت سوغۇق تەلەپپۇزدا. ئىشقىيار كالپۇكىنى قىمىرلاتقاندەك قىلدى ـ يۇ، يەنە يېتىۋەردى.

— ھەي، ئورنۇڭدىن تۇر دەيمەن! — دېدى بايىقى جەڭچى تەكرارلاپ، — ساڭا يۇمشاق چۈشەك راسلاپ قويۇشتى، شۇ يەردە راسا تاتلىق ئۇخلايسەن، بۇرادەر...

ئىشقىيار قىمىرلىمىدى.

— ۋوي، ئاغرىپ ـ تارتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، — دېدى دەسلەپتە ئىشقىيارنى كۆرگەن يىگىت بىلەن شوپۇر تەڭلا ئىشقىيارغا ئېگىشىپ سىنچىلاپ قاراپ.

— گازارمىغا بارغاندا روتا كوماندىرى سەگىتىپ قويىدۇ! — دېدى بايىقى جەڭچى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ. ئۇ ئىشقىيارنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، — ۋوي، تۇر دەيمەن! چۈشۈڭدىكى بىرەر قىزغا قىيمايۋاتامسەن نېمە؟

ئىشقىيار تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئەتراپىدا ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشقان جەڭچىلەرگە ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتى:

— سىلەر؟ شاكىر؟... سائەت نەچچە بولدى؟ — ئىشقىيار ئالاقزادە بولۇپ سورىدى.

— ئۇرۇمچى ۋاقتى ئىككى بولدى! ئۇيقۇڭ قانغاندۇ؟ — شاكىر يولداشلىرىغا كۆزىنى قىسىپ قويىدى، ئاندىن زاڭلىق قىلغاندەك دېدى، — كەچۈر، ئاغىنە، تاتلىق چۈشۈڭنى بۇزۇۋەتتۇق! قانداق قىلىمىز، بۇيرۇق ـ دە؟!

شاكىر دېگىنى دائىم بۇغا بالىسىنى ئانىي تاپىدىغىنى ئۈچۈن بىر چاغلاردا ئىشقىياردىن دەككىسىنى يېگەن يىگىت ئىدى.

ئىشقىيار «سائەت ئىككى بولدى...» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغاندەك ئاچچىق ئىڭرىۋەتتى. دېمەك، ئۇ بۇ يەردە تۆت ـ بەش سائەتتىن بۇيان يېتىپتۇ.

— تۇر، ئاغىنە، ماشىنىغا چىق! — دېدى يەنە بىر

جەگچى ئىشقىيارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك مەيۈس قاراپ، ــ مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

ئىشقىيار ئۈنچىقماي ئاستا قولىنى تاشقا تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى، بايىقى جەگچى دەررۇ ئۇنى يۆلەپ ماشىنا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

ئىشقىيارنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، باش ـ كۆزلىرى پاتقاق چاچراپ مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. بايىقى جەگچى قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئىشقىيارغا ئۇزاتتى. ئىشقىيار ھەم ھەيرانلىق، ھەم بىر دەككە ـ دۇككە ئىچىدە يولداشلىرىغا قاراپ قويۇپ يۈزىنى سۈرتتى.

ئىشقىيارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە ئىدى. ئۇنى شۇ تاپتا بىر قازا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز ئېغىپ كەتتى. ئۇلار جىپقا چىقىشتى. ئىشقىيار جىپقا چىقىۋېتىپ پەسكە ــ كېچىدىن بېرى ئۆزى مېڭىپ كەلگەن قېيىنزار جىلغىغا كۆزىنى يۈگۈرتتى.جىلغا كۆكۈلسىز، ئاسمان بۇلۇتلۇق ئىدى. كۈن بۇلۇت ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيتتى. مانا كۈن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئىشقىيار ئاسماندا ئۇق تېگىپ يىقىلىپ ياتقان غايەت زور كۆل رەڭ بۆرىنى كۆردى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىكى ناھايىتى چوڭ، يۇپيۇمىلاق يارا ئېغىزىدىن قىپقىزىل قان بىلەن بويالماقتا ئىدى. ئاسماندىكى بۇ كۆل رەڭ بۆرە زېمىنغا، ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە، ھاياتنىڭ ئاداققى بەلگىسى ئۆچۈرۈلۈۋاتقان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ روھىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان سوغۇق ئۇچقۇن چاچرىتىپ غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ ياتاتتى...

ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمىلىك تىترەك باستى. ئۇ چوڭقۇر تىنىپ كۆزىنى يۇمدى. جىپ ئارقىسىغا بۇرىلىپ قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېزلىكتە كېتىپ قالدى.

## 49

بۇغا بالىسى ئىشخانىدا سادىر بولغان ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. روتا كوماندىرىنىڭ ئىشقىيارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ئۇرغان تېلېفونىدا دېگەنلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئۇ ئەسلىدە بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن، زادىلا كۈتمىگەنىدى. ئۇ خاتالىشىپتۇ. ئۇنى تەقدىر ئالداپتۇ، بۇرۇن ئۇنىڭغا خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئارامى ۋە سۆيگۈ بەخش ئاتا قىلغان مۇشۇ گازارمىدا، مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەمدى ئۇنى ئۆلۈم، دەھشەتلىك ئۆلۈم كۈتمەكتە! ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى، شۇنىڭ ھېسابىغا كىملەرنىدۇر خۇشال قىلماقچى. ئاھ، ياۋۇز ئادەملەر، ۋەھشىي ئادەملەر! ئۆز ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۆلپەتلىك قىسمەت ئەمدى ئۇنىڭ تۇياق ئىزلىرىنى پايلاپ ئۇنىڭغا ئۇن ـ تىنسىز يېقىنلاشماقتا. ھېلىقى چۈشىدە ئانىسى ئۇنىڭغا راست ئېيتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشى ئەسلىدە مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىكەن. ئانىسى:

«ئۇلار قويىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن بورداپدۇ!» دېگەندى. راست شۇنداق ئىكەن. ئانىسى خاتالاشماپتۇ! ئەمدى يەنە نېمىنى كۈتىدۇ؟ روتا كوماندىرىنىڭ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى چۈشەپ گېلىغا پىچاق ئۇرۇشىنىمۇ؟ ياق! مۇمكىن ئەمەس! ھازىر تېخى بالدۇر! ئۇ ھەممىگە ئۈلگۈردى! قېچىش كېرەك! شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ھېچ تەخىر قىلماي قېچىش كېرەك! ئۇ ئانا ماكانىنى تاپىدۇ! ئانا تەبىئەتنى تاپىدۇ! ئانىسى ئېيتقاندەك، ئۇ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى، تەبىئەتنىڭ ئەزاسى، تەبىئەتنىڭ پارچىسى، ئۇ تەبىئەت ئۈچۈن ياشايدۇ، تەبىئەت ئۇنىڭغا كېرەك بولغان ھەممە نەرسىنى بېرىدۇ... لېكىن... ئۇنىڭ ئانا ماكانى قەيەردە؟ ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟...

ئىشقىيار ياتاققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بۇغا بالىسى گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ قاشاغا باردى، لېكىن قاشاغا كىرمىدى، ئۇ بۇ يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشقىيارنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ياتاق تەرەپنى، ئاشۇ ئادەملەر بار ئۆينى تارتاتتى. ئۇ ياتاق ئالدىغا كەلدى. ئىشىك مەھكەم يېپىق ئىدى. ئۇ مەرىدى، تۇمشۇقى بىلەن ئىشىكنى ئىتتەردى، لېكىن ھېچكىم ئاچمىدى. ئىشقىيارمۇ چىقمىدى. بۇغا بالىسى بۇ يەردىمۇ بىرھازاغىچە تۇردى. ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ياتاققا قاراپ ئىگىرىغاندەك مەرىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاجايىپ كۈنلىرى، ئۇزۇن تۈنلىرى ئۆتكەنىدى. ئۇ بۇ يەردە ئادەملەر بىلەن تونۇشقانىدى...

بۇغا بالىسى گازارمىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى،

گازارمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىشقىيارنىڭ ياتىقىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ يەنە بىر مەرىدى ـ دە، ئۆزى ئىشقىيار بىلەن مېڭىپ ئۆگەنگەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئېقىن تەرەپكە قاراپ دىڭگوسلاپ چېپىپ كەتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككە ئىدى. ئۇ ھەممە نەرسىگە ــ چوقچىيىپ تۇرغان تاشقا، چاتقال تۈپلىرىگە، قۇچاق يەتكۈسىز قارىغايغا بىر ۋەھىمە ئىچىدە خەۋپسىرەپ چۆچۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز گازارمىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ دائىم بۇ يەرگە پەقەت ئىشقىيار بىلەن بىللە كېلەتتى، ئۇ چاغدا ئۇ ھېچنېمىدىن خەۋپسىرىمەيتتى. ئەمدى بولسا يەككە ـ يېگانە، ئىلگىرى ئۆزى كۆرۈپ ئۆگەنگەن چۆپلۈك، ئورمانلىق، ئېگىز تاغ، قىيا تاش ھەممىسىلا ئۇنىڭغا يوچۇن، ناتونۇش، ھەتتا خەۋپلىك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا ھايات كېرەك! ھاياتتىنمۇ، ئەركىنلىكتىنمۇ، ئەركى بىلەن ياشاپ ئەجلى بىلەن ئۆلۈشتىنمۇ قىممەترەك، ئەزىزرەك يەنە نېمە بار؟ قورقۇش، ۋەھىمە، جاپا ـ مۇشەققەت ھېسابىغا ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ، مەيلى، مېڭىش كېرەك! ئالغا قاراپ مېڭىش كېرەك! ۋاقتى كەلسە ئانا تەبىئەت ئۇنىڭغا باشپاناھ بولىدۇ، ئۇ ئۆز نەسلىدىن بولغان بۆغا توپلىرىنى تېپىۋالسا تېخىمۇ ياخشى، ئۇلار ئۇنىڭغا ــ بۇنداق گۈزەل، مۇلايىم بۆغا بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنى ئاچىدۇ، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتىدۇ! توغرا، بۆغىلارنى تېپىش كېرەك، ئۇلارنى چوقۇم تېپىش كېرەك! لېكىن ئۇلار قەيەردىكىن، ئۇلارنى قاچان ۋە قانداق قىلىپ تاپسا بولىدىكىن؟

بۇغا بالىسى ئېقىن بويىغا ــ دائىم ئىشقىيار بىلەن كېلىدىغان «بۆرەتولا» ئېقىنى بويىغا كەلدى. ئۇ ھەر دائىم ئىشقىيار ئولتۇرىدىغان ھېلىقى قورام تاشنى ھىدلىدى. ئىشقىيار مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ئۇنى ئەركىلەتكەتتى، ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. ئاھ، ئۇ چاغلار نېمىدېگەن بەختلىك چاغلار ئىدى ـ ھە! ئۇ چاغدا ئۇ قايغۇرۇشنى، يالغۇزلۇقنى، قورقۇشنى بىلمەيتتى. ئەمدى ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى. ئۇ كۆنلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسە يىراقتا، ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقتا قالدى...

بۇغا بالىسى قورام تاشنى ئاخىرقى رەت پۇراپ ھىدلىغاندىن كېيىن ئېقىن بويلاپ يىراقتا گۈرۈلدەپ قارىيىپ تۇرغان ئورمان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ ئېقىننىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشنى ئويلىدى، لېكىن ئۆتۈشتىن قورقتى، چۈنكى ئېقىن سۈيى ئىتتىك ئىدى، ئۇنى ئېقىتىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئېقىننىڭ بۇ قېتى بىلەن ئورمانغا قاراپ ماڭدى. يول بولمىسىمۇ، ئېقىن بويىدىن يىراقلاشمىدى. نېمىشقىدۇر ئېقىن سۈيىنىڭ شارقىرىشى ئۇنى خاتىرجەم قىلاتتى. ئاشۇ شارقىراپ ئاقىدىغان كونا ئېقىن ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك قوۋناق سائەتلەرنى ۋە ئادەمنىڭ سۆيۈملۈكلۈكىنى ھەم ئاشۇ ئىشقىيارنى ئەسلىتىپ ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك بولاتتى. ئالدى تەرەپتىن تاغ شامىلى سوقۇۋاتاتتى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار بارغانسېرى قويۇقلىشىپ پەسلەشكە باشلىدى، ئۇ

تەبىئىي بۇغا سېرىمى بىلەن بۇنىڭ قاتتىق يامغۇردىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، يامغۇر قۇيۇۋەتكىچە پاناھلايدىغان بىرەر جاينى تېپىش ئۈچۈن ئورمان تەرەپكە قاراپ دىگگوسلاپ چېپىپ كەتتى.

ئۇ خېلى يۈگۈرگەندىن كېيىن قېيىنزار ئورمانغا يەتتى. ئورماننىڭ ئىچى قويۇق چاتقاللىق ئىدى. ئۇ ئاشۇ چاتقاللىق ئىچىنى بىرھازا تىنتىغاندىن كېيىن قېلىن چاتقال توپىنىڭ ئارىسىدىن يامغۇردىن پاناھلىنىشقا ئورۇن تاپتى. ھازىرچە بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالغۇدەك يىرتقۇچ ھايۋانىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر يوچۇن ھىد ـ بەلگە چېلىقمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر قۇيۇۋەتتى. بۇ بۇغا بالىسىنىڭ ئادەم قولىغا چۈشكەندىن بېرى ئورماندا ئۆتكۈزگەن تۇنجى كېچىسى ئىدى. ھەر قېتىم باش ئۈستىدە چاقماق چېقىلغاندا بۇغا بالىسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. گۈلدۈرمامىنىڭ كۈچلۈك ساداسىدىن ئۇنى بىر ۋەھىمىلىك قورقۇنچ كېلىپ باساتتى. قاتتىق يامغۇر بولغاچقا، بۇغا بالىسى ئىلاجسىز يەنە ياتاتتى. شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر سۈيىدە بۇغا بالىسى لەيلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايلىق، پارقىراق تۈكلىرى ھۆل بولۇپ چاپلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا بۇ چىرايلىق بۇغا بالىسى خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاسلاندەك ئايانچلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە بولغىنىدا بۇغا بالىسى ئاشۇ ئادەملەر بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىغان بولار ئىدى، لېكىن ئادەملەر ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭغا يول قويۇشمىدى. ئۇنىڭ ئەركى ۋە ھاياتىغا چاڭگال

سالماقچى بولۇشتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۆلۈمدىن، ئەجەلسىز قۇربانلىقتىن، سوغۇق ۋە ھۆل بولسىمۇ ھايات ياخشى ئىدى. ئاچ ـ توق قالسىمۇ ئازادلىق ـ ئەرك ئەلا ئىدى، شۇڭا ئەمدى بۇغا بالىسى تەبىئەت دۇنياسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىدە بۇغىلارغا خاس چەبدەسلىك، ھوشيارلىق، باتۇرلۇق، ئىقتىدارنى چېنىقتۇرۇپ، بۇ كەڭ تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆز خان ـ ئۆز بەگ بولۇپ ياشايدۇ... ئۇ ھېچكىمگە بېقىنمايدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە تەلمۈرمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق ئانا تەبىئەتكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئۇلۇشىنى ھەدىيە قىلىدۇ. ئانا زېمىن، ئانا تەبىئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەرز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، ئۇ بۇلارنى قىلالايدۇ، ئۇ ھەممىنى قىلالايدۇ، بۇ يەردە ئۇ ئانىسى ئۈمىد قىلغىنىدەك، ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك يېڭى ھايات سەھىپىسىنى يارىتىدۇ! ئۇ چاغدا ئانا روھى، ئانا تەبىئەت ئۇنى ئالقىشلايدۇ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ...

بۇغا بالىسى قاتتىق يامغۇرلۇق كېچىدە ئورمان ئىچىدىكى قويۇق چاتقال ئارىسىدا كۆشەپ يېتىپ ئاشۇ تۈگىمەس تاتلىق خىيال، چىرايلىق ئۈمىدلەر بىلەن يالغۇزلۇقنى، قاراڭغۇلۇق ھەم ۋەھىمىلىك كېچىدىن كېلىۋاتقان قورقۇنچنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ غەشلىككە تولغان مىسكىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان ھالدا تاڭنى ئاران تەستە ئاتقۇزدى.

تاڭ بىلەن تەڭ يامغۇرمۇ توختىدى، ئورماننىڭ ئىچى سوقۇۋاتقان غۇر ـ غۇر شامالدىن ئاستا ـ ئاستا قۇرىدى. ھەر خىل قۇشلار، تۈرلۈك ھاشاراتلار ئۆز ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھايات

ھەلەكچىلىكلىرىنى باشلىۋەتتى. ئانا تەبىئەت ۋە ھايات شەنىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاشۇ جان - جانىۋارلارنىڭ چۇقانلىرى ئورمانلىق ئىچىگە قالتىس ھەيۋەت ۋە قاينام - تاشقىنلىق بەخش ئەتكەنىدى.

بوغا بالىسى ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ قويۇق چاتقاللىق ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى، ئۇ ئالدى - ئارقا ئاياغلىرىنى ئۇزارتىپ تازا كېرىلىۋالغاندىن كېيىن ئورماننىڭ يورۇقلۇق شوخلىۋاتقان شالاڭراق يېرىنى كۆزلەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

ئەتراپتىن تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە تاتلىق چۆپلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى كېلەتتى. بوغا بالىسى سوقۇۋاتقان شامالغا قارشى يۆنىلىشتە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئورمان ئىچىدىكى بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ يەردە ھەر خىل گۈللەر غۇچچىدە ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بوغا بالىسى ئاشۇ قويۇق ۋە ئېگىز ئۆسكەن گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇ شۇ ھامان گۈللەرگە پۇركەندى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇنى مەست قىلدى. ئۇ گۈللەرنىڭ ئۇچىدىن ئۈزۈپ يەپ بىرھازاغىچە گۈللۈكنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى. بۇ يەردە ئۇ يەيدىغان تاتلىق چۆپلەر ناھايىتى مول ئىدى، ئۇ تويغۇچە ئوتلىدى. كەچقۇرۇن ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئاپتاپقا قاقلىنىپ راھەتلىنىپ ئېغىناپ ياتتى. قورسىقى ئاچقاندەك قىلىۋىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بايىقى گۈللۈككە كىردى، شۇنداق قىلىپ بوغا بالىسى بۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاھتا ماكانلاشتى...

بوغا بالىسى ئورمانغا قايتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى بىر چۈش كۆردى.

چەكسىز كەتكەن قارلىق دالا. بۇغا بالىسى بىر ئېگىز چوققىدىن ئاشۇ كەڭرى كەتكەن قارلىق دالاغا قاراپ تۇرىدۇ. دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم مۇدۇرۇپ - يىقىلىپ ئاشۇ چوققا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، بايىقى ئادەم بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ئۇ بۇغا بالىسى تۇرغان چوققىغا بەكمۇ قىيىندا يامىشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئادەم — ئىشقىيار ئىدى. ئىشقىيارنىڭ قولىدا بۇغا بالىسى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان بىر تۇتام يېشىل چۆپ تۇراتتى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ بۇغا بالىسىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىغا قاراپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ نېمە دەۋاتىدىكىن؟ بۇغا بالىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كەتكىنى ئۈچۈن بۇغا بالىسىنى ئەيىبلەپ جىملەۋاتامدىكىن ياكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى ئىزهار قىلىۋاتامدىكىن؟ ياكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان دەرد - ھەسرىتىنى، مۇڭ - زارىنى بايان قىلىۋاتامدىكىن؟ بۇغا بالىسى ئىشقىيارغا شۇبھە بىلەن تىكىلگىنىچە جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى. ئۇ ئادەملەردىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىشقىيار گەرچە سۆيۈملۈك بولىسىمۇ ئادەم - دە، ئۇ شۇ تاپتا ئىشقىياردىنمۇ خاۋاتىرلىنىۋاتاتتى. ئۇ ھازىر ئىشقىلىپ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋپسىرەيتتى.

ئىشقىيار بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، ئۇ قايغۇلۇق كۆزلىرىنى بۇغا بالىسىغا تىكىپ قولىدىكى چۆپنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىچە كېلىۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئارقىسىغا شوخشۇپ يارنىڭ لېۋىگە بېرىپ قالدى.

ئىشقىيار يىقىنلاپ كېلىۋەردى. ئاخىرىدا ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى. شۇ چاغدا بۇغا بالىسى بىر ئوقچۇپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئىشقىيار ئۆز سالمىقى بىلەن دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ يارنىڭ قىرغىقىدىن يارغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسى ئېچىنىشلىق بوزلىۋەتتى. ئۇ ئىشىنىدىغان، ئۇ سۆيىدىغان ئىشقىيار پۇلاڭشىغىنىچە چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى ھېلىقى بىرتۇتام چۆپنى پۇتۇن كۈچى بىلەن چوققىغا ئاتتى. چۆپ بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىغا چۈشتى، ئۇ ھاڭدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپمۇ بۇغا بالىسىنىڭ ئاشۇ چۆپنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يادىدىن چىقارمىغانىدى. بۇغا بالىسى ئايانچلىق ئاۋازدا بوزلىۋەتتى ـ دە، ئويغىنىپ كەتتى. بۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەھەل ئىدى. بۇغا بالىسى قېلىن چاتقالنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. ئورماننىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا يۇلتۇزلار غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. گاھىدا كىملەردۇر شىۋىرلاپ سۆزلىشىۋاتقاندەك، قارىغاي، قېيىنلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ يەڭگىل شىلدىرلىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

بۇغا بالىسىنىڭ يۈرىكى ۋەھىمىدىن دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى ئانىسىنى چۈشەپ قالغان كېچىدەك قايغۇغا تولدى. شۇ كېچىسىمۇ ئۇ ئانىسىنى چوڭقۇر يارغا سەكرىگەن ھالدا چۈشەپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدىغا بىر ئاغرىق كىرگەندەك بولدى...

ئىشقىيارغا نېمە بولدىكىن؟ سالامەتمىدۇ ياكى بىرەر بالا ـ قازاغا يولۇققانمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئىشقىيار بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى؟ ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ قالغىنىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق ئويلاپ قالدىكىن؟ ئۇنى ئىزدىگەندىمۇ؟ يوقسىنغانمىدۇ؟ سېغىنغانمىدۇ؟...

بۇغا بالىسى ئورمانغا كەلگەندىن كېيىن تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشتى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا تەبىئەت ئۇنى ئەلۋەك سۇ، ساپ ھاۋا، خۇش پۇراق چۆپ، خەۋپسىز ماكان بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان ئورماننىڭ قۇچىقىدا ئەركىن، بەھۇزۇر، بەخىرامان قىيغىتىپ غەمسىز ياشىدى، لېكىن... لېكىن ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ نېمىكىن ـ ھە؟

ئۇ ئۇزاق ئويلىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە كەملىك قىلىۋاتقان نەرسىنى چۈشىنىپ كەتتى. ئۇ ـــ ئادەملەر ئىدى. ئادەملەر ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى، ئۇنىڭ جاراھىتىنى ساقايتتى، ئۇنى بوگۈنكىدەك گۈزەل ۋە ساغلام قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق ۋاقتىدىن بۇيان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاپ كەلدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ قايغۇسىنى، خۇشاللىقىنى، كۈلكىسىنى، يىغىسىنى ئاڭلىدى، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر پاك، نەقەدەر ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوتلۇق مېھرىنىڭ تەپتى ئۇنىڭ يېتىم، ئاجىز، مىسكىن قەلبىنى ئىللىتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتەك قىزىق ئالىقانلىرى ئۇنىڭ ئاجىز، نىمجان تېنىگە قۇۋۋەت بېغىشلىدى، ئۇلار ئۇنى ئۆز بالىسىدەك، ئۆز قېرىندىشىدەك، ئۆز

دوستىدەك كۆردى. چۆپنىڭ ئۇچىنى يېگۈزدى، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچۈردى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇردى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۆيگۈ تاشقىنلاپ تۇرغان بىر ئەزىم دەريا ئىكەن، ئۇلارنىڭ قەلبى لاۋۇلداپ تۇرغان سۆيگۈ گۈلخانى ئىكەن، ئادەملەر سۆيۈشنى، چىن دىلىدىن سۆيۈشنى بىلىدىكەن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئاشۇ سۆيگۈنى بەردى... لېكىن ئۆزىچۇ؟ ئادەملەرگە نېمە بەردى؟ ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن ئىشقىيارنىڭ ئۇيقۇسىز تۈنلىرى، جاپالىق كۈنلىرى ئۈچۈن ئۇ نېمە بىلەن جاۋاب بەردى؟ ھەتتا ئۇلار بىلەن خوشلاشمايلا خۇددى چۈجە ئوغرىلىغان تۈلكىدەك قۇيرۇقىنى قىسىپ غىپپىدە قېچىپ كەتتى! ئۇلار ئۇنى نېمە دېيىشكەندۇ؟

«قاراڭلار، بۇغا دېگىنىڭ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاپاسىز، نامەرد بىر ھايۋان ئىكەنغۇ!» دېيىشتىمىكىن! ئاھ... بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك؟ ئۇ بۇغا ئەۋلادىغا، بۇغا ئەۋلادىنىڭ شەنىگە ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ ئۆزىگە ئوخشاش گۈزەل، كېلىشكەن پەزىلەتلىك بۇغىغا خورلۇق ئەمەسمۇ؟

ئىشقىيار باشقىلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئۇيالدىكىن؟ ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىزارتىش ھېسابىغا، ئۇنىڭ بىغۇبار، پاك كۆڭلىنى ئەلەم بىلەن ئۆرتەش ھېسابىغا ئېرىشكەن ئەركىنلىكىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن! ئۇ بۇ يەردە ئەركىنلىكىنى تاپتى، لېكىن بۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم ئىشقىياردەك ئەركىلەتمەيدۇ، ئۇنىڭ سەپداشلىرىدەك ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلمايدۇ. ئىشقىياردەك ئۇنىڭ ئۇچىسىنى مېھرى بىلەن

سىلىمايدۇ. ئۇنىڭغا سۆيۈنچ ۋە ئامراقلىق بىلەن باقمايدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى، ئارمانلىرىنى، سىرلىرىنى، مۇڭلىرىنى تۆكمەيدۇ، ئۇنىڭغا مۇڭلۇق ئاھاڭدا تەمبۇر چېلىپ بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللىرىنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ... ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھېچكىم ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلمايدۇ، چىن قەلبىدىن ماختىمايدۇ...

دۇنيادا تەنھالىقتىن بەتتەر ئازاب بولمايدۇ، تەنھالىق جىمىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ مەنبەسى، مانا ھازىر ئۇ ئەنە شۇ تەنھالىقنىڭ قۇچىقىدا ئەركىنلىككە ئېرىشتى. بۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدىكى ئەركىنلىك، زېرىكىش، بىزىرىش ئىچىدىكى ئەركىنلىكنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەنىدىغۇ؟ ئۇنىڭغا ھېچكىم دەخلى قىلمايتتىغۇ؟ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەركىنلىك، ئادەملەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ھايات ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەركىنلىك ۋە گۈزەل ھايات ئىكەن. ئادەملەر ئۇ يەردە ئۇنىڭغا كېرەك بولغان ھەممىنى ئارتۇقى بىلەن بەرگەنىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە سۆيگۈسىنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كېرەك ئۇنىڭغا؟ بۇ يەردە سۆيگۈ تاپالىدىمۇ؟ قېنى، ئادەملەرنىڭ سۆيگۈسى؟ قېنى، ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتى؟

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەنمۇ گەپمۇ؟ دەررۇ قايتىش كېرەك! ئاشۇ گازارمىغا، ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىغا، ئالەمچە سۆيگۈ ھەم

مۇھەببەتنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئىچىگە، ئىشقىيارنىڭ يېنىغا قايتىش كېرەك!

لېكىن... لېكىن... لېكىن... ھېلىقى روتا كوماندىرچۇ؟ بۇغا بالىسى ئاشۇ روتا كوماندىرىنىڭ ئىشقىيار بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنى ئاڭلىدىغۇ، ئۇنىڭ نىيىتى مەلۇمغۇ؟ كېرەك يوق! ئۇ يەردە ھەقىقەت بار، روتا كوماندىرى پەقەت بىر ئادەم، ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى بولسا كۆپچىلىك، ئۇلار ھەرگىزمۇ روتا كوماندىرىغا يول قويمايدۇ، يەنە تېخى روتا كوماندىرىنى چۆچۈتىدىغان يەنە بىر چوڭى ــ «دۆلەت» دېگەن ئەڭ چوڭ ئاقساقىلى بار ئىكەنغۇ؟ ئىشقىيار «بۇغا بالىسى دۆلەتنىڭ» دېدىغۇ؟ «دۆلەتكە ئۇستىمىزدىن ئەرز قىلىمەن» دېۋىدى، روتا كوماندىرى ئۇجۇقۇپ كەتتىغۇ؟ دېمەك، ئۇ «دۆلەت» دېگەن ئەڭ چوڭىدىن قورقىدىكەن، يەنە كېلىپ مەن «دۆلەت»نىڭ بۇغىسى ئىكەنمەن؟ مەن قانداقسىغا ئۇ دۆلەت ئىسمىلىك ئادەمنىڭ بۇغىسى بولۇپ قالدىمكىن؟ مەن ياكى ئۇنى كۆرمىسەم؟ ئۇ قانداقراق ئادەمكىن؟ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن يوغان، ھەممىسىدىن كۈچلۈك بولسا كېرەك؟ مەن قەيەردە يۈرۈپ ئۇنىڭ بولۇپ قالدىمكىن؟ ئۇ مېنى چوقۇم تونۇيدىغان ئوخشايدۇ؟ مېنى قاچاندۇر بىر چاغدا كۆرگەن بولسا كېرەك. شۇ چاغدا ئۇ مېنى روتا كوماندىرنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان دەپتىرىگە يېزىپ قويغانىكەن ـ دە؟! دېمەك، مېنى ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى قوغداپ قالىدۇ. زادى بولمىغىنىدا «دۆلەت» دېگەن ئادەم ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كىم ئىكەن مېنىڭ بىگۇناھ

گۈزەل بۇغامنى ئۆلتۈرىدىغان!» دەپ يوغان ئاۋازدا غەزەپ بىلەن بىر ۋارقىرايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن روتا كوماندىرى غىپپىدە قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىدۇ! تېخى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئۆزىنىڭ نامەردلىكى ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سورىشى مۇمكىن! مۇبادا زادىلا بولمىغىنىدا ئىشقىيارنى خورلۇقتىن، تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدۇ! ئەزىز جاندىنمۇ كېچەلەيدۇ، چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭغا «بىز ئانا تەبىئەت ۋە ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يارالغان، ۋاقتى كەلسە ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئايانماسلىقىمىز لازىم» دېگەنىدىغۇ؟ مەيلى! ياشاشنىڭ مەقسىتى چۆپ يەپ، سۇ ئىچىپ، قىيغىتىپ ئويناش ئەمەس! مېنىڭ زىممەمدە ئەنە شۇنداق بۇرچ بار ئىكەن، لازىم تاپقاندا بۇرچنى ئادا قىلىش كېرەك! بۇغا ئەۋلادىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان ئۇلۇغ روھىنى، گۈزەل پەزىلىتىنى، مەرد ـ مەردانىلىكىنى نامايان قىلىشى كېرەك، بۇ چاغدا ئەجدادى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھى شادلىنىدۇ، ئىشقىيار ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، ئىشقىيارنىڭ يولداشلىرى ماڭا بارىكاللا ئوقۇشىدۇ! لېكىن «دۆلەت» دېگەن ئادەم نېمە دەر ئىكىن ـ ھە؟ مەيلىلا! ياكى ئۇ بولار، ياكى بۇ بولار، ياكى بولمىسا ئۇمۇ بولماي، بۇمۇ بولماي، ھېچقايسىسى بولماس. ئىشقىلىپ، ھازىر ئەڭ مۇھىمى دەررۇ ئادەملەرنى تېپىش، گازارمىغا قايتىش، ئىشقىيارنى قايغۇ ـ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش!

بۇغا بالىسى ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ كەتتى ۋە تاڭنىڭ ئېتىشىنىمۇ كۈتمەستىن گازارما تەرەپكە قاراپ چاپتى.

## 50

ئىشقىيار گازارمىغا قايتىپ كېلىپ تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن روتىدا ئومۇمىي يىغىلىش بولدى. يىغىلىشتا روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ ئارمىيەگە قاتناشقاندىن كېيىن ئىككى قېتىم ئارمىيەدىن قېچىپ ئارمىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئارمىيە ئىنتىزام ئۇستاۋىنىڭ 20 ـ ۋە 21 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ئىشقىيارغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش ئودلىنىيەسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ئېلان قىلدى. ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىغا بۇ قارار گويا بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەم ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ تۇيۇقسىز خەندەككە ئىتتىرىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى. ئىشقىيار گازارمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ گازارمىغا ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن ھەم ئۆزىنىڭ گازارمىغا قايتىپ كېلىش يولىدا ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئارمىيەدىن قاچماقچى ئەمەسلىكىنى كۆيۈپ ـ پىشىپ ئىزاھلىغانىدى. روتا كوماندىرىنىڭ ئالدىدا ھەم ۋوزۋودتا ئۆزىنى تەكشۈرگەندە

ئۆزىچە ئاخىرى روتا كوماندىرىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشمەنغۇ، دەپمۇ ئويلىغانىدى. لېكىن...

يىغلىش تارقالدى. بۈگۈن قىسىم سەنئەت ئۆمىكى گازارمىدا ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويىدىغانلىقى ئۈچۈن تاماق ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق بېرىلدى. ئىشقىيارنىڭ كېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئۇ تاماقخانىدىن ھەممىدىن ئىلگىرى قايتىپ چىقىپ گازارما دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا يىقىلىپ ياتقان قارىغاي غولىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يىراقىقا تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆمدى.

كۈن ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتاتتى. ئاسماننىڭ غەربىي تەرىپى، چوقچىيىپ تۇرغان تۆمۈرتاي چوققىسى، ھېلىقى قېيىنزار، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھقا پۈركەنگەن ئېگىز تۆپىلىك شۇ تاپتا يېنىۋاتقان تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئاسماندىكى كەچكى شەپەقنىڭ شولىسىدا خۇددى ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

تاغ ھاۋاسى خېلىلا سالقىن بولسىمۇ ئىشقىيار خۇددى چەكسىز باياۋاندا پىژغىرىم ئىسسىقتا قالغان ئادەمدەك تىنچىق ھېس قىلاتتى، ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك كۆكرىكى خۇددى ئۈستىدىن ئېغىر تاش بېسىۋاتقاندەك قىسىلاتتى، ئىشقىيارغا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك ئۇنىڭ چوڭ ـ چوڭ تىنغۇسى كېلەتتى، ھەربىر تىنغاندا تىنىقلىرىدىن ئوت چاچرىغاندەك بولاتتى...

ئىشقىيار ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ فوراژكىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆزلىرى ياشاڭغىراپ قالغاندەك سوغۇق پارقىرايتتى. ئىشقىيار جەينىكىنى تىزىغا

قويۇپ، ئىككىنى تىرەپ كۆزىنى ئاسماننىڭ ئاشۇ گۈلخاندەك يېلىنجاپ تۇرغان يېرىگە تىكتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا ئاشۇ گۈلخاننىڭ چوغىغا قاقلانغاندەك كۆيۈپ ئېچىشىۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت يىراقتا بىر توچكا پەيدا بولدى. ئۇ توچكا بارا - بارا يېقىنلاۋاتاتتى. ئىشقىيار كۆزلىرىنى قىسىپ يىراقتا قىمىرلاۋاتقان ئاشۇ توچكىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىكىلدى.

ئىشقىيار بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ھېلىقى توچكا كېلىۋاتقان تۆپىلىككە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ قويۇق چۆپلۈكتە مۈدۈرۈپ - چوقۇراتتى، ئۇنىڭ يوغان بەستى مۈكچىيىپ، ئۇزۇن پاقالچاقلىرى پۈكۈلگەنىدى. ئالدىدىن كېلىۋاتقان شامال ئۇنىڭ فوراژكىسىنىڭ ئاستىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان چاچلىرىنى يەلپۈپ ئۇچۇراتتى، ئۇ كۆزلىرىنى ئالدىغا تىككىنىچە لىۋىنى مەھكەم چىشلەپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى.

ئىشقىيار يۈگۈرمەكتە، خۇددى ئۆزى دىگەندەك ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلغان بىر قورساق قېرىندىشىنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگەن ئۆسمۈر بالىدەك بىر تاقەتسىزلىك ئىچىدە يۈگۈرمەكتە ئىدى.

ئىشقىيار يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت جايىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىقتىن چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتىن ئوماق ۋە گۈزەل بۇغا بالىسى ئۇنىڭغا قاراپ ئويناقلاپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى، ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئازاب ۋە قايغۇدىن گىرتەيگەن كۆزلىرى

چاقناپ، تاتارغان، سولغۇن چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى.

«شۇ! راستتىنلا ئاشۇ بۇغا بالىسى!...» ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدى بىر شېرىن جىغىلداش ئىچىدە سىلكىندى، ئۇ غۇلىچىنى كەڭ يايغىنىچە بۇغا بالىسىغا قاراپ يۈگۈردى. خۇددى سۆيۈملۈك قەدىردانىنى يوقىتىپ قويۇپ قايتا تېپىۋالغان ئاشىقتەك خۇشاللىق ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە يۈگۈردى...

تاماقتىن قايتىپ چىققان بىر توپ جەڭچىلەر گازارما ئالدىدىكى چۆپلۈكتە ئىشقىيارنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كەتكەن بۇغا بالىسىنى باغرىغا بېسىپ تىزلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. شۇ تاپتا بۇغا بىلەن ئادەم گويا بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى...

توپنىڭ ئارقىسىدا بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىرھازا ئاشۇنداق چەكچىيىپ تۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىنىدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بېشىنى سالغىنىچە قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىپ قالدى.

جەڭچىلەر گاھ ھېلىقى ئادەمگە، گاھ بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىغا مەڭزىنى يېقىپ تىزلىنىپ تۇرغان ئىشقىيارغا ئۇنچىقماي قاراپ تۇرۇشاتتى...

1987 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

瘸腿的小鹿:穆罕默德·巴格拉西作品 : 维吾尔文 / 穆罕默德·巴格拉西著 .--乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2016.3
(维吾尔当代名家名作)
ISBN 978-7-5515-7268-2

Ⅰ.①瘸… Ⅱ.①穆… Ⅲ.①长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2016)第 038113 号

策　　划:**伊力哈尔江·沙迪克**
责任编辑:**伊力哈尔江·沙迪克**
责任校对:**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计:**木拉丁·阿比提**
技术编辑:**买买提艾力·力提甫**

当代维吾尔名家名作　穆罕默德·巴格拉西作品集
**瘸腿的小鹿** (维吾尔文)

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编:830012)
E-mail: xjyashlar@126.com
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 新 华 印 刷 厂 印 刷
880×1230 毫米　32 开本　13.75 印张
2016 年 3 月第 1 版　2016 年 3 月第 1 次印刷
印数:1 — 2000

ISBN 978-7-5515-7268-2　定价:41.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换